ئالىي مەكتەپلەر، ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ۋە كەسپىي
مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى مەخسۇس كۇرس دەرسلىكلىرى

- پەلسەپە
- شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى
- هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى
- ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى
- يېزىقچىلىق بىلىملىرى
- جۇڭگو هازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى
- چەت ئەل ئەدەبىياتى (ياۋروپا - ئامېرىكا قىسمى)
- ئومۇمىي لوگىكا
- ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى
- ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى
- ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى
- جۇڭگو بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىيات تارىخى

ISBN 7-228-06543-3

ISBN 7 - 228 - 06543 - 3
I·2416(民文) 定价:27.50 元

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئالىي مەكتەپلەر، ئوزلۇكسىز ئوگەنگۇچىلەر ۋە
كەسپىي مەكتەپلەر ئۇچۇن دەرسلىك

# ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى

باش تۈزگۈچى: ھەسەنجان سادىق
ھەسەنجان سادىق
تۈزگۈچىلەر: تۇرسۇن قۇربان
مېھرىبان ئەبەيدۇللا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

文学理论基础/艾山江主编. 一乌鲁木齐：新疆人民出版社，2001. 8
ISBN 7－228－06543－3

Ⅰ. 文…　Ⅱ. 艾…　Ⅲ. 文学理论－基本知识－维吾尔语(中国少数民族语言)　Ⅳ. 10
中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 045037 号

责任编辑：迪力沙提 · 苏里坦，孜来哈
责任校对：孜来哈
封面设计：艾克伯尔 · 萨里

# 文学理论基础(维吾尔文)

艾山江 · 沙地克　　主编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码：830001)
新疆新华书店发行
新疆卫生厅职大印刷厂印刷
850×1168 毫米　32 开本　17.5 印张　2 插页
2001 年 7 月第 1 版　　2005 年 1 月第 2 次印刷
印数：1—3000

ISBN7－228－06543－3/I. 2416　定价：27. 50 元

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىش ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن بۇ دەرسلىكنى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ، سىفەن خاراكتېرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ، رادىئو - تېلېۋىزىيە مەكتەپلىرىنىڭ بىر تۇتاش دەرسلىكى قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى بۇ دەرسلىك ھازىرغىچە تۈزۈلگەن «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىل نەشرى)، «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» (شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى)، «ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى» (يى چۈن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل نەشرى) «ئومۇمىي ئېستېتىكا» (ئا. مۇھەممەتئىمىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل نەشرى) قاتارلىق مەخسۇس ئەسەرلەر ھەم يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلان قىلىنغان ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلاردىن ئىجادىي پايدىلىنىش ۋە ئاپتورلارنىڭ ئوقۇتۇش، تەتقىقات جەريانىدا توپلىغان تەجرىبىلىرىنى سىڭدۈرۈش ئاساسىدا تۈزۈپ چىقىلدى.

مەزكۇر كىتاب مۇقەددىمە ۋە 12 بابتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇ مۇقەددىمە، ئەدەبىيات ۋە تۇرمۇش، ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە رولى، بەدىئىي تەپەككۇر ۋە بەدىئىي تىپ، ئەدەبىيات - تىل سەنئىتى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەك-

لى، ئەدەبىياتنىڭ ژانىر ـ تۈرلىرى، ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريا-
نى، ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، ئەدەبىي ئۇسلۇب ۋە
ئەدەبىي ئېقىم، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ۋارىسلىق ۋە يېڭىلاش،
ئەدەبىي زوق ۋە ئەدەبىي تەنقىد قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان. دەرسلىكتە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر ئاساسىي قائى-
دىلەرنى سىستېمىلىق ۋە ئىلمىي شەرھلەپ بېرىشكە، شۇنداقلا
كىتابنى تەلەپ بويىچە ئىخچام، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك قىلىپ
تۈزۈشكە تىرىشتۇق.

بۇ دەرسلىكنى ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ
ئىمتىھان بەرگۈچىلەر، چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى، رادىئو ـ
تېلېۋىزىيە ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» ئوقۇ-
تۇشىدا بىر تۇتاش ئىشلىتىدىغان دەرسلىك قىلىشقا بولىدۇ.
دەرسلىكنى تۈزۈشكە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئى-
نىستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى ھەسەنجان سادىق (مۇقەددىمە، 1 ـ،
2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ، 12 ـ بابلار)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى تۇرسۇن قۇربان (7 ـ،
8 ـ، 9 ـ، 10 ـ، 11 ـ بابلار)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولو-
گىيە ئىنىستىتۇتىنىڭ لېكتورى مېھرىبان ئەبەيدۇللا (6 ـ باب)
قاتارلىقلار قاتناشتى. ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە
ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىشنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك
قىلىش ئۈچۈن، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋە كەسپداشلارنىڭ قىم-
مەتلىك پىكىرلىرىنى سەمىمىي قوبۇل قىلىمىز.

تۈزگۈچىلەردىن

2001 ـ يىلى 4 ـ ئاي

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........ 1

1. ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىق ........ 1

2. «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» دەرسىنىڭ خاراكتېرى ........ 3

3. «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» دەرسىنى ئۆگىنىشنىڭ مەقسىتى ۋە تەلىپى ........ 7

4. «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» دەرسىنى ئۆگىنىشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى ........ 9

I باب ئەدەبىيات ۋە تۇرمۇش ........ 1

§ 1. ئەدەبىيات ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە فورمىلىرىنىڭ بىرى ........ 1

1. ئەدەبىيات ۋە ئاڭ ........ 1

2. ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىيلىقى ........ 5

3. ئەدەبىياتنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئورنى ۋە ئۇستقۇرۇلمىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ........ 6

§ 2. ئەدەبىيات — ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ پائالىيەتچان ئىنكاسى ........ 16

1. «قايتا گەۋدىلەندۈرۈش» قارىشى ........ 17

2. «ئىپادىلەش» قارىشى ........ 19

3. «پائالىيەتچان ئىنكاس» قارىشى ……………… 22
§3. ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى ۋە خاھىشچانلىقى …… 24
1. ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى ۋە خاھىشچانلىقى ……… 24
2. ئەدەبىياتتىكى ئىنسان تەبىئىتى ۋە خەلقچىللىق … 31
§4. ئەدەبىياتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى … 38
1. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ……… 38
2. ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى — تۇرمۇش …………… 47
3. ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى …………………… 52
II باب ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە رولى …… 59
§1. ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى …………………… 59
1. ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدە ئوبيېكتى ۋە گۈزەللىك خۇسۇ-
سىيىتى ……………………………………… 59
2. ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى ………… 65
§2. ئەدەبىياتنىڭ رولى …………………………… 78
1. ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك رولى ………………… 80
2. ئەدەبىياتنىڭ بىلىش رولى …………………… 84
3. ئەدەبىياتنىڭ تەربىيىۋى رولى ………………… 87
III باب بەدىئىي تەپەككۇر ۋە بەدىئىي تىپ……… 90
§1. بەدىئىي تەپەككۇر …………………………… 90
1. بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ خۇسۇسىيىتى ………… 90
2. بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن مەنتىقىي تەپەككۇرنىڭ
ئىجادىيەتتىكى رولى ………………………… 94
§2. بەدىئىي تىپ ………………………………… 97
1. بەدىئىي تىپ ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ……… 97
2. تىپىكلەشتۇرۇش …………………………… 105

www.uyghurkitap.com

IV باب ئەدەبىيات تىل سەنئىتى …………………… 113

§ 1 . ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى — تىل … 113

1 . ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى — تىل …… 113

2 . تىل سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى …………… 119

§ 2 . ئەدەبىي ئەسەر تىلى ……………………… 123

1 . ئەدەبىي ئەسەر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى …… 123

2 . ئاپتور تىلى ۋە پېرسوناژ تىلى ……………… 128

3 . تىلنى ئۆگىنىش ۋە بېيىتىش ………………… 130

V باب ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى … 134

§ 1 . ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ………………… 134

1 . ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە چۈشەنچە … 134

2 . ئەدەبىي ئەسەر مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللار ……………………………………… 137

§ 2 . ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلى ………………… 157

1 . ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلى ھەققىدە چۈشەنچە … 157

2 . ئەدەبىي ئەسەر شەكلىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللار ……………………………………… 159

3 . ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىنىڭ مۇناسىۋىتى ……………………………………… 166

VI باب ئەدەبىياتنىڭ ژانىر - تۈرلىرى ………… 174

§ 1 . شېئىر ……………………………………… 175

1 . شېئىرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ………………… 176

2 . شېئىرنىڭ تۈرلىرى ………………………… 178

§ 2 . پروزا ……………………………………… 188

1 . پروزىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ………………… 188

2. پروزىنىڭ تۈرلىرى ........................ 190
3 § . تىياتىر ...................................... 195
1. تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ............. 195
2. تىياتىرنىڭ تۈرلىرى ......................... 198
4 § . نەسىر ................................... 203
1. نەسىرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ..................... 203
2. نەسىرنىڭ تۈرلىرى ............................ 204
5 § . كىنو ..................................... 207
1. كىنو سەنئىتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ............... 207
2. كىنو سىنارىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرى... 209
VII باب ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانى ............. 212
1 § . ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ زۆرۈر شەرتلىرى ...... 214
1. ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئۇنىڭ سۇبيېكتى بىلەن
ئوبيېكتى ...................................... 214
2. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ زۆرۈر شەرتلىرى ......... 218
3. يۇقىرى مەدەنىيەت – سەنئەت تەربىيىلىنىشى بىلەن
يېتىلگەن بەدىئىي ماھارەت بولۇش.................. 230
2 § . ئىجادىيەت جەريانى .......................... 236
1. خام ماتېرىيال توپلاش ......................... 237
2. بەدىئىي پىكىر يۇرگۇزۇش ...................... 243
3. بەدىئىي ئىجادىيەت ۋە ئىلھام ................... 248
VIII باب ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ...... 258
1 § . ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ
مۇھىملىقى ..................................... 260
1. مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ مەنىسى ................. 260

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


2 . مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتى··· 265
§ 2 . ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ مۇھىم
بەلگىلىرى ········································ 272
1 . ئومۇمىي چۈشەنچە ···························· 272
2 . ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ مەزمۇن
بەلگىلىرى ········································ 276
3 . ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەن-
دۈرىدىغان ئاساسىي شەكىل بەلگىلىرى ············ 290
§ 3 . مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسى ۋە مىللەتلەر ئەدەبى-
ياتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى ························ 300
1 . مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇش ····················· 301
2 . مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسى ···················· 303
3 . ھەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى······ 306
IX باب ئەدەبىي ئۇسلۇب ۋە ئەدەبىي ئېقىم ······ 316
§ 1 . ئەدەبىي ئۇسلۇب ······························· 317
1 . ئەدەبىي ئۇسلۇب ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە ··· 317
2 . ئەدەبىي ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتى-
دىغان ئاساسىي ئامىللار ························ 323
3 . ئەدەبىي ئۇسلۇبنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى··· 329
4 . ئەدەبىي ئۇسلۇبنىڭ ئىپادىلىنىشى ················ 335
§ 2 . ئەدەبىي ئېقىم ································ 339
1 . ئەدەبىي ئېقىم ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە ······ 340
2 . ئەدەبىي ئېقىمنىڭ شەكىللىنىشى ················ 344
3 . ئەدەبىي ئېقىمنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى··· 347
4 . ئەدەبىي ئېقىمنىڭ رولى ۋە تارىخىي چەكلىمىسى··· 350

X باب ئىجادىيەت ئۇسۇلى ........................ 354
1 § . ئىجادىيەت ئۇسۇلى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە... 356
1 . ئىجادىيەت ئۇسۇلى دېگەن نېمە؟ ................ 356
2 . دۇنيا قاراش بىلەن ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ مۇنا-
سىۋىتى ........................................ 359
3 . ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى ...... 362
2 § . ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ تۈرلىرى ............. 364
1 . رېئالىزم ........................................ 366
2 . رومانتىزم .................................... 373
3 § . ئىككى خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە
كېڭىيىشى ........................................ 378
1 . ناتۇرالىزم .................................... 379
2 . مودېرنىزم .................................... 381
3 . سوتسىيالىستىك رېئالىزم .................. 386
XI باب ئەدەبىي ۋارىسلىق، ئەدەبىي يېڭىلاش،
ئىجاد قىلىش .................................... 392
1 § . ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ۋارىس-
چانلىقى .......................................... 393
1 . ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش — ئەدەبىيات
تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى .............. 393
2 . ۋارىسلىق قىلىشنىڭ پرىنسىپى ................ 398
2 § . تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ مەزمۇنلىرى... 402
1 . يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ..................... 406
2 . روشەن خەلقچىللىق ............................ 407
3 . پىشقان بەدىئىي ماھارەت ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى... 410

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

3 § . يېڭىلاش ۋە ئىجاد قىلىش ..................... 413
1 . ۋارىسلىق قىلىشنىڭ مەقسىتى ................. 413
2 . ھازىرقى زامان غەرب پروزىچىلىقىدىكى يېڭىلاش
ۋە ئىجاد قىلىش ................................ 417
XII باب ئەدەبىي زوق ۋە ئەدەبىي تەنقىد ............ 425
1 § . ئەدەبىي زوق .............................. 425
1 . ئەدەبىي زوقنىڭ خاراكتېرى ۋە ئەھمىيىتى ... 425
2 . ئەدەبىي زوقنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى ...... 441
3 . ئەدەبىي زوقتىكى پەرق ۋە ئومۇملۇق .......... 456
2 § . ئەدەبىي تەنقىد ............................. 468
1 . ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرى ۋە رولى ........ 468
2 . ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى ..................... 478
3 . ئەدەبىي تەنقىدنىڭ پرىنسىپى، ئۇسۇلى ۋە تەنقىد-
چىنىڭ تەربىيىلىنىشى ............................ 488

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

## 1. ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىق

ئەدەبىيات ئەرەبچە «ئەدەب» دېگەن ئۇقۇمدىن كەلگەن بولۇپ، «قائىدىلىك، تەرتىپلىك» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ. ئەدەبىيات ئۇقۇمى دەسلەپ مەيدانغا كەلگەندە بىر خىل كەڭ مەنىگە ئىگە ئىدى. يەنى كىشىلەر تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان رېئال دۇنيا، كىشىلىك هايات توغرىسىدىكى ئاغزاكى ۋە يازما ئەسەرلەرنىڭ هەممىسى ئەدەبىيات هېسابلىناتتى. مەسىلەن، «تارىخ ئەدەبىياتى»، «جۇغراپىيە ئەدەبىياتى»، «سىياسىي ئەدەبىيات»، «ئىقتىسادىي ئەدەبىيات»، «پەلسەپە ئەدەبىياتى» دېگەنگە ئوخشاش. كېيىنچە، ئەدەبىيات ئۇقۇمى خاس تار مەنىدە پەقەت بەدىئىي ئەدەبىياتنى كۆرسىتىدىغان بولدى. بەدىئىي ئەدەبىيات — كۆركەم تىل ئارقىلىق بەدىئىي ئوبراز يارىتىپ، رېئال هاياتنى كونكرېت، جانلىق ۋە هېسسىي هالەتتە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان سەنئەتنىڭ بىر تۈرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ سەنئەتنىڭ باشقا شەكىللىرىدىن تىلنى ۋاستە قىلىپ ئوبراز يارىتىدىغان ئالاهىدىلىكى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئەدەبىيات — ئىنسانلارنىڭ بىر خىل پەۋقۇلئاددە مەنىۋى پائالىيىتىدۇر.

ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلىدىغان پەن ئەدەبىياتشۇناسلىق دەپ ئاتىلىدۇ. ئەدەبىياتشۇناسلىق هەم ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغان، هەم ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۈچ چوڭ تەركىبىي قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار ئەدەبىيات تەرەققىياتى تارىخى، ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت.

ئەدەبىيات تەرەققىياتى تارىخى هەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردى-

كى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىش ئەھۋالى، ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتى تارىخىدىكى تۇتقان ئورنى، رولى ۋە ئەھمىيىتىنى شەرھلەيدۇ.

ئەدەبىي تەنقىد يازغۇچىلار، ئەدەبىي ئەسەرلەر، جۈملىدىن ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى كونكرېت باھالاش - تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئەدەبىياتنىڭ توغرا يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئەدەبىيات تەرەققىياتى تارىخى تەمىن ئەتكەن بارلىق ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. لېكىن ئۇ ئەدەبىيات تەرەققىيات تارىخى ۋە ئەدەبىي تەنقىدكە ئوخشاش ھەرقايسى يازغۇچىلار ۋە ئەسەرلەر، جۈملىدىن ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ئۈستىدە كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزۈش ۋە باھا بېرىش بىلەن چەكلەنمەي، پەلسەپىۋى مېتودولوگىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەدەبىياتنىڭ تۈپ قانۇنىيەتلىرىنى نەزەرىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئەدەبىيات تەرەققىياتى تارىخى، ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تەركىبىي قىسمىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئالاھىدە ئوبيېكتى ۋە مەزمۇنى بولغانلىقتىن مەخسۇس پەن ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بۇ ئۈچى ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە بولۇپ، بىر - بىرىنى تولۇقلاپ، ئۆزئارا سىڭىشىپ، ئۆزئارا رول ئوينايدۇ. ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئەدەبىيات تەرەققىياتى تارىخى تەمىن ئەتكەن كۆپلىگەن ماتېرىيال ۋە ئەدەبىي تەنقىد نەتىجىلىرىگە تايىنىدۇ. ئەدەبىيات تەرەققىياتى تارىخى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدمۇ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى شەرھلىگەن پرىنسىپلارغا تايىنىدۇ ۋە يېتەكچى قىلىدۇ.

ئەدەبىياتشۇناسلىق يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۈچ چوڭ تەركىبىي قىسىمدىن باشقا يەنە ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توپلاپ، سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي قىممىتى ۋە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوينىغان رولى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ئېتنوگرافىيىنى، قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قاچان، قەيەردە، قانداق يېزىلغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان تېكستولوگىيىنى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ خىلمۇ خىل مۇندەرىجىلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىق قىلىدىغان مۇندەرىجەشۇناسلىقنى ئوخشاش تەركىبىي قىسىملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى سېلىشتۇرما ئەدەبىياتتۇر. سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ھەرقايسى ئەللەر، مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش، رول ئويناش مۇناسىۋەتلىرىنى تارىخىي جەھەتتىن سېلىشتۇرما قىلىپ تەتقىق قىلىدۇ.

## 2. «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» دەرسىنىڭ خاراكتېرى

«ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» — ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرى ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئەدەبىيات دەرسلىرىنىڭ ئاساسى. ئۇ ئەدەبىيات ھادىسىلىرىدە مەۋجۇت بولغان قائىدە ـ قانۇنىيەتلەر توغرىسىدىكى ئاساسىي بىلىملەرنى شەرھلەيدۇ.

ھەرقانداق بىر دەرس مۇئەييەن بىر خىل پەن ئاساسىغا قۇرۇلغان. «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» بولسا، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى پېنى ئاساسىدا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىشى، تۈپ خۇسۇسىيەتلىرى، تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئېستېتىك رولى، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، مەزمۇنى ۋە شەكلى، ژانىر ۋە تۈرلىرى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئىجادىيەت

جەرياني، تەرەققىيات قانۇنىيىتى، بەدىئىي زوقلىنىش ۋە ئەدەبىي تەنقىد، ئەدەبىيات مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلاش... قاتارلىق ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئاساسىدا ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇ گەرچە بىر خىل ئەدەبىيات دەرسى بولسىمۇ، پەلسەپە، ئېستېتىكا، سوتسىئولوگىيە، تارىخ، لوگىكا، تىلشۇناسلىق، سىياسىي ئىقتىساد، پسىخولوگىيىگە دائىر بىلىملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئۇلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاندىن تاشقىرى، بارلىق ئەدەبىيات كەسپىي دەرسلىرى بىلەنمۇ ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتلىك. دەرۋەقە، ھەرقايسى دەرسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، «ئەدەبىيات تارىخى» بىلەن «ئەدەبىي ئەسەرلەردىن تاللانمىلار» كونكرېت ئەدەبىي ئەسەر ۋە يازغۇچىلار ئۈستىدە تەھلىل- تەتقىق قىلسا، «يېزىقچىلىق» يېزىقچىلىق ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش ئەمەلىي مەشىقى ئېلىپ بارىدۇ. «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» بولسا، نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلار ئوخشاشمىغان نۇقتىدىن پەقەت بىرلا ئوبيېكتىنى — ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلىپ ئەدەبىيات ھەققىدىكى بىلىم ۋە ئىقتىدارنى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

دۇنيادىكى بارلىق نەزەرىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتىن كەلگەن. ئەدەبىيات نەزەرىيىسىمۇ قۇرۇقتىن - قۇرۇق مەيدانغا كەلگەن بولماستىن، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك، خىلمۇ خىل ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىنىڭ يەكۈنى جەريانىدا شەكىللەنگەن. شۇڭلاشقا «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» دەرسىنىڭ ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق. ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى دېگىنىمىز، قەدىمكى ۋە ھازىرقى، ئېلىمىزنىڭ ۋە چەت ئەلنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنى، شۇنداقلا ئەدەبىيات ئىدىيىۋى

www.uyghurkitap.com

ئىقىملىرى، ئەدەبىيات ھەرىكەتلىرى ۋە ئەدەبىيات ئېقىملىرىنىڭ گۈللىنىشى، زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى ۋە ئۆزگىرىپ بېرىشىدىكى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى كۆرسىتىدۇ. ئىلىمىزنىڭ ۋە چەت ئەلنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتى تارىخىدا ئۈزلۈكسىز يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىنىش ۋە يېڭىلىنىپ بېرىش جەريانىدا بارا - بارا تەجرىبىلەر توپلىنىپ، بەزى ئورتاق قانۇنىيەتلەر شەكىللەندى. ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىدىكى تەجرىبىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز بېيىپ بېرىشى بىلەن ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە يېڭى - يېڭى قاراشلار بارلىققا كېلىدۇ.

ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئومۇمەن تۆت ماھىيەت نەزەرىيىسى، تەركىب نەزەرىيىسى، ئىجادىيەت نەزەرىيىسى، زوقلىنىش ۋە تەنقىد نەزەرىيىسى، پەيدا بولۇش ھەم تەرەققىي قىلىش نەزەرىيىسى قاتارلىق بەش جەھەتكە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى:

بىرىنچى، ئەدەبىي پائالىيەت ئىنسانلارنىڭ بىر خىل پەۋقۇلئاددە مەنىۋى پائالىيىتى بولغانلىقتىن، ئۇ مۇقەررەر ھالدا ئىنسانلارنىڭ باشقا پائالىيەتلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئەدەبىيات پائالىيىتى بىلەن باشقا پائالىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە تۆت ماھىيەت نەزەرىيىسى شەكىللەنگەن.

ئىككىنچى، يازغۇچى ئىجاد قىلغان بەدىئىي ئەسەر مۇرەككەپ بىر قۇرۇلما. ئەدەبىي ئەسەر مەزمۇن ۋە شەكىل ئامىللىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ ئىككى خىل ئامىلنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە. شۇ سەۋەبتىن ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تەركىبىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىللار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان تەركىب نەزەرىيىسى شەكىللەنگەن.

ئۈچىنچى، تورمۇش ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى، لېكىن تۇر-

مۇشنىڭ ئۆزى ئەدەبىيات ئەمەس، پەقەت يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئىجاد قىلىشى ئارقىلىقلا ئۇ ئەدەبىي ئەسەرگە ئايلىنالايدۇ. شۇ سەۋەبتىن يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت جەريانىنى ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىجادىيەت نەزەرىيىسى شەكىللەنگەن.

تۆتىنچى، ئەدەبىي ئەسەر كىتابخانىنىڭ ئوقۇشى، زوقلىنىشى، باھاسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىدىغان جانلىق بەدىئىي، مەنىۋى كۈچ. ئۇ پەقەت كىتابخانلارنىڭ كۆرۈشى، زوقلىنىشى، باھاسى ئارقىلىقلا ئېستېتىك لەززەت ئېلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنالايدۇ. شۇ سەۋەبلىك، كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىش ۋە باھالاش جەريانىنى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان زوقلىنىش ۋە تەنقىد نەزەرىيىسى شەكىللەنگەن.

بەشىنچى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات پائالىيىتى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر خىل تەرەققىيات جەريانى بولۇپ، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئەدەبىيات پائالىيەتلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا ئەدەبىيات پائالىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي قانۇنىيەتلەرنى ماكرولۇق نۇقتىدىن تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە، پەيدا بولۇش — تەرەققىي قىلىش نەزەرىيىسى شەكىللەنگەن.

«ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» — ئەدبىيات نەزەرىيەسىنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرى بىلەن ئاساسىي بىلىملىرىنى شەرھلەيدىغان دەرس بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسى. ئۇنىڭدا ئەدەبىيات نەزەرىيىسى سىستېمىسىدىكى يۇقىرىدا ئېيتىلغان بەش ئاساسىي نەزەرىيە نۇقتىسى سۆزلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئەدەبىيات ئىلمى توغرىسىدىكى مەخسۇس لېكسىيە ئەمەس، پەقەت ئەدەبىيات نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى ئاساسىي نەزەرىيىدىن ئىبارەت.

## 3. «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» دەرسىنى ئۆگىنىشنىڭ مەقسىتى ۋە تەلىپى

1) «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى»نى ئۆگىنىش ئار-قىلىق ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي بىلىملىرى ۋە تۈپ نەزەرىيىلىرى توغرا ۋە سىستېمىلىق ئۆزلەشتۈرۈلىدۇ. چۈنكى «ئەدەبىيات نە-زەرىيىسى ئاساسلىرى» ئەدەبىياتنىڭ تۈپ نەزەرىيىلىرى ۋە ئاسا-سىي بىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ نەزەرىيە ۋە ئاساسىي بىلىملەر ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدىكى ۋە ئەدەبىياتنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاساسىي جەريانلار ۋە ئىچ-كى قانۇنىيەتلەرنى ئوخشاشمىغان تەلەپ ۋە نۇقتىلاردىن چۈشەندۈ-رىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئاشۇ تۈپ نەزەرىيە ۋە ئاساسىي بىلىملەرنى ئىگىلەش «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى»نى ئۆگىنىشنىڭ بىرىنچى مەقسىتى.

2) «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» دەرسىنى ئۆگە-نىشنىڭ يەنە بىر مەقسىتى، قەدىمكى، ھازىرقى، چەت ئەللەر-نىڭ، مەملىكىتىمىزنىڭ خىلمۇ خىل ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى چۈشىنىش ئىقتىدارىمىزنى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ھوزۇرلىنى-نىش ھەم ئۇلارنى باھالاش قابىلىيىتىمىزنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئۇنداقتا، «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» دەرسىنى ئۆگىنىشنىڭ تەلىپى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

ئالدى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ تۈپ نەزەرىيىلىرى ۋە ئاساسىي بىلىملىرىنى ئىگىلەش ھەم ئۆزلەشتۈرۈش توغرا ۋە دەل بولۇشى كېرەك. قەدىمكىلەرنىڭ، بۈگۈنكىلەرنىڭ، چەت ئەللەرنىڭ، ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات مىراسلىرى ئىنتايىن مول. شۇنداقلا، زامانىمىز ئەدەبىيات ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ ئېقىملار كۆپ بولۇش، كۆز قاراشلار خىلمۇ خىل بولۇش ۋەزىيىتى شەكىللەن-دى. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئەدەبىياتنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلە-

رىنى شەرھلىگەن كۆپلىگەن نەزەرىيىۋى بىلىملەر ئوتتۇرىغا قو-
يۇلدى. بۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ قا-
نۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان ھەقىقىيلىق خاراكتېرىگە ئىگە بىلىم-
لەر بولسىمۇ، ۋەھالەنكى، دەۋرنىڭ ۋە شەخسنىڭ خىلمۇ خىل
چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى نەزەرىيىۋى
بىلىملەرنىڭ پۈتۈنلەي ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولۇشى ناتايىن. بۇ ھال
بىزدىن ئۆگىنىش داۋامىدا توغرا نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل ئارقى-
لىق ئىلمىي ھالدا ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈش ۋە پەرقلەندۈ-
رۈشنى، ھەقىقىيسىنى تاللىۋېلىپ، سەپسەتىسىنى قالدۇرۇشنى،
مېغىزىنى ئېلىۋېلىپ، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاشنى تەلەپ
قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇقتىئىنەزەرلەرنى
قانداق چۈشىنىش مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت. شۇڭا بىر تەرەپلىمە يۈ-
زەكى ھادىسىلەرنى سۈيئىستېمال قىلىدىغان مېتافىزىكىلىق خا-
ھىشلاردىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. پەقەت ئەسلى ئەسەرنىڭ ئۆ-
زىنى ئۆگەنگەن، بىرىنچى قول ماتېرىيالنى ئىگىلىگەن، ھېلىقى
نۇقتىئىنەزەر قاچان، قانداق ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەم ئۇنىڭ
باشقىلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى قانداق؟ دېگەن مەسىلىلەرنى چۈ-
شەنگەندىلا، ئاندىن بۇ نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى توغرا ھەم دەل
جايىدا ئۆزلەشتۈرۈۋالالايمىز.

ئەدەبىياتنىڭ تۈپ نەزەرىيىۋى ئاساسىي بىلىملىرىنى ئىگە-
لەش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىلىق بولۇشى كېرەك. ئەدەبىيات
نەزەرىيىسى بىر خىل ئىجتىمائىي پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن
مۇكەممەل سىستېمىغا ئىگە. يۇقىرىدا ئاتاپ ئۆتكەن «بەش نەزە-
رىيە» نى ئەستايىدىل ئۆگەنگەندىلا، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئو-
مۇمىي سىستېمىسى بىلەن بىرقەدەر مۇكەممەل تونۇشۇپ چىققان
بولىمىز. ئۆگىنىش داۋامىدا بىرلا مەسىلىگە ئېسىلىۋالماي، ھەر
خىل نۇقتىئىنەزەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشقا ئالاھىدە
دىققەت قىلىپ، ئەتراپلىق ھەم سىستېمىلىق ئىگىلەشكە كۈچ

www.uyghurkitap.com

سەرپ قىلىشىمىز كېرەك.

ئەدەبىيات نەزەرىيىسى روشەن ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە. ئۇ سانسىزلىغان ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىنىڭ نەزەرىيىۋى يەكۈنى. ئۇ ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ هامان قاتمال، تۇرغۇن هالەتتە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ئۇزلۇكسىز توردە يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلۇپ بارىدۇ. روشەنكى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقى ئۇنىڭ مەڭگۈ جانلىق بىر پەن ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىدىمۇ مۇقەررەر هالدا يېڭى ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كېلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئىلمىمۇ ئاشۇ يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇ هەقتە ئىزدىنىشتىن باش تارتالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەرى بويىچە مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم. «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» روشەن ئەمەلىيەتچانلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇنى دوگما هالدا قوبۇل قىلىشقا، ئۆلۈك هالدا يادلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش، ئۆگەنگەن نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئۆزئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇش لازىم.

## 4. «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» دەرسىنى ئۆگىنىشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى

1) ئاساسىي بىلىم ۋە توپ پرىنسىپلىرىنى ئىگىلەش، ئۆزلەشتۈرۈشنى مۇھىم دەپ بىلىش

«ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» دېگەن بۇ دەرسلىكتە كۆپلىگەن ئابستراكت چۈشەنچە ــ ئۇقۇملارنى ئۇچرىتىمىز، مەسىلەن، ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى، خاھىشچانلىقى، ئوبرازلىقلىقى، تىپىكلىكى، ئېستېتىكلىقى، تېما، باش تېما، ئەدەبىي تىل، قۇرۇلما، تىپ، ئۇسلۇب، ئېقىم، رېئالىزم، رومانتىزم، مو-

دېرنىزم، ئىنسان تەبىئىتى، مىللىيلىك، ئىدىيىۋىلىك، بەدى-
ئىيلىك، ئەدەبىي زوق، ئەدەبىي تەنقىد ۋەھاكازالارغا ئوخشاش
بۇ ئۇقۇملار خىلمۇ خىل ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنىڭ ئەكس ئەتتۈ-
رۈلۈشى ۋە يىغىنچاقلىنىشى بولۇپ، ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرى
مانا مۇشۇ ئۇقۇملارنى قوللىنىپ، ئەدەبىياتنىڭ تۈپ قائىدىلىرى
بىلەن ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى شەرھلىگەن. ئاشۇ ئۇقۇملارنىڭ
مەزمۇنىنى ۋە دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ۋە ئۇلارنى پۇختا
ئىگىلەش ئىنتايىن مۇھىم. مۇبادا، مۇشۇ تۈپ ئۇقۇملاردەل،
توغرا، مۇستەھكەم ئىگىلەنمىسە، ئەدەبىياتنىڭ تۈپ قائىدىلىرى
بىلەن پرىنسىپلىرىنى تېخىمۇ پۇختا ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشتا قىيىن-
چىلىق يۈز بېرىدۇ. ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى ئۆگەنگۈچىلەر ئو-
چۇن ئېيتقاندا، ئادەتتىكى تەبىر ياكى قائىدىلەرنى ئۆلۈك ھالدا
يادلىۋالغاندىن كۆرە، تۈپ قائىدە، ئاساسىي پرىنسىپلارنى چۈشى-
نىۋېلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.
شۇڭا ئەدەبىياتنىڭ قائىدە - قانۇنىيەت ۋە پرىنسىپلىرىنى ئومۇ-
يۈزلۈك، چوڭقۇر چۈشىنىشلا ئۇنىڭ ئاچقۇچىنى ئىگىلىگەنلىك
بولىدۇ. دېمەك، ھەم ئاساسىي ئۇقۇمنى ئىگىلەشكە سەل قارى-
ماسلىق، ھەم «ئۆلۈك تەبىر» گىلا ئېسىلىۋالماسلىق لازىم. ئۆ-
گىنىش داۋامىدا، چۈشىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىمىزنى
تەڭ ئىشقا سېلىشىمىز لازىم.

2) مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇش، ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى
ئىزچىللىققا ئېتىبار بېرىش

ئەدەبىيات نەزەرىيىسى مۇكەممەل سىستېمىغا ئىگە بولۇپ،
بۇ سىستېما نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەمما
ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەركىبىدىكى ھەممە مەسىلىلەر تەڭ بارا-
ۋەر، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولماستىن، بەلكى زەنجىرگە ئوخ-
شاش بىر - بىرىگە باغلانغان. لېكىن مۇھىم نۇقتا چىڭ تۇتۇلمى-
سا، ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئېچىپ بەرگىلى

www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ. شۇڭا مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇشقا ئالاھىدە دىققەت
قىلىش كېرەك. مەسىلەن، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئىچكى
تەركىبىي قىسمىنى ئالساق، ئەدەبىياتنىڭ تۈپ ماھىيىتى بىلەن
ئالاھىدىلىكى مەسىلىسى پۈتكۈل ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى بىر -
بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان يىپ ياكى زەنجىر بولۇپ، مۇشۇ ئاسا-
سىي ھالقا ياكى نۇقتا چىڭ تۇتۇلسىلا، باشقا بىر قاتار مەسىلە-
لەر، مەسىلەن، بەدىئىي چىنلىق مەسىلىسى، بەدىئىي تىپ مە-
سىلىسى، بەدىئىي مۇھىت مەسىلىسى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇ-
نى ۋە شەكلى مەسىلىسى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى ۋە
بەدىئىيلىكى مەسىلىسى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى مەسىلىسى، ئۇس-
لۇب ۋە ئېقىم مەسىلىسى ۋە باشقا مەسىلىلەر ياكى بىر - بىرىنى
شەرت قىلغان ياكى بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە
ياكى بىر - بىرىگە تايانغان ھالدا ئۆزلۈكىدىن روشەنلىشىدۇ.

3) ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش

نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش، ئەمەلىيەت ھەقىقەتنىڭ
بىردىنبىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكى نۇقتىئىنەزەرىدە چىڭ تۇرۇش —
نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ ئورتاق ئۇسۇلى. ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى
ئۆگەنگەندە، قايسى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ ئۆگىنىش كېرەك؟
ئالدى بىلەن، ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاش كې-
رەك. چۈنكى ئەدەبىيات تارىخى ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى كونك-
رېت ماتېرىيال ۋە تەجرىبە - ساۋاق بىلەن تەمىنلىدى. ئەگەر
بىز قەدىمكىلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىن خەۋەرسىز بولساق، بۇ
چاغدا تارىخىي ۋە مەنتىقىلىق ئۇسۇل بىلەن يىغىنچاقلانغان ۋە
يەكۈنلەنگەن ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرى
بىلەن پرىنسىپلىرى، نۇقتىئىنەزەرلىرى، چۈشەنچىلىرىنى توغ-
را، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرەلمەيمىز، ئۇنىڭدىن باشقا، ئەدەبىي زوق
ۋە ئەدەبىي تەنقىد ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاش كېرەك. ئەدەبىي زوق
ۋە ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسى. ئەگەر بىزدە

ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىش ئىشتىياقى كەمچىل بولىدىكەن، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلىدىغان ۋە باھالايدىغان ئەقلىي ئىقتىدار بولمايدىكەن، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرەلمەيمىز، شۇڭا ئېلىمىزنىڭ، چەت ـ ئەللەرنىڭ ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى داڭلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇشىمىز، شۇ ئارقىلىق ئەدەبىي ئەسەرلەردىن لەززەت ۋە ئىستېتىك زوق ئېلىشىمىز ھەم ئۇلارنى باھالاش قابىلىيىتىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. نەزەرىيىنىڭ قىممىتى ئۇنى قوللىنىپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتا، بەلگىلىك نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، بەزى ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى، بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ نەزەرىيىۋى چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ ھەم تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

4) دەرسلىكنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنى ئوقۇش

ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە، دەرسلىكتى ئۆگىنىش بىلەن ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ھەققىدە يېزىلغان نەزەرىيىۋى ئەسەر ھەم ماقالىلەرنى ئەستايىدىل ئوقۇشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. دەرسلىك سىستېمىلىققا ئىگە، ئۇنىڭدا مەسىلىلەر ھەم ئەتراپلىق، ھەم مەنتىقىلىق ھالدا بايان قىلىنغان، شۇنداقلا ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ سەۋىيىسى ۋە ئېھتىياجى نەزەردە تۇتۇلغان. ئەمما دەرسلىك پەقەتلا ئاساسىي قوللانما. شۇڭا ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى ھەقىقىي پۇختا ئۆزلەشتۈرۈشكە بەل باغلىغانلار ئىمكانقەدەر ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر كلاسسىك ئەسەرلەر ۋە مەشھۇر ماقالىلەرنى كۆرۈپ چىقىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا ئوخشاشمىغان قاراشلاردىن خەۋەر تاپقىلى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى ئەتراپلىق، مۇكەممەل ۋە چوڭقۇر ئۆگەنگىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىق دېگەن نېمە؟
2. ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ ئۈچ چوڭ تەركىبىي قىسمى قايسىلار؟ ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟
3. ئەدەبىياتشۇناسلىق ئۈچ چوڭ تەركىبىي قىسمىدىن باشقا يەنە قايسى تەركىبىي قىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟
4. «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» دەرسىنىڭ خاراكتېرى نېمە؟
5. ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قايسى بەش جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟
6. «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» دەرسىنى ئۆگىنىشنىڭ مەقسىتى ۋە تەلىپى نېمىلەردىن ئىبارەت؟
7. «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» دەرسىنى ئۆگىنىشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى قايسىلار؟

www.uyghurkitap.com

# I باب

# ئەدەبىيات ۋە تۇرمۇش

## § 1 . ئەدەبىيات ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە فورمىلىرىنىڭ بىرى

### 1 . ئەدەبىيات ۋە ئاڭ

بارلىق روھىي پائالىيەتلەرگە ئوخشاش ئەدەبىياتمۇ بىر خىل ئاڭ پائالىيىتى، ئاڭنىڭ بىر خىل شەكلى. يازغۇچى - سەنئەتكارنىڭ ئۆز ئەسىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىدىيىسى، ھېسسىياتىمۇ ئۇنىڭ ئاڭ پائالىيىتىدۇر. ئېنگېلس: «تەپەككۇر ۋە ئاڭ دېگەن زادى نېمە؟ ئۇلار قەيەردىن كېلىدۇ؟ دېگەن سوئال قويۇلسا، بىز ئۇلارنىڭ ئادەم مېڭىسىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى، ئادەمنىڭ ئۆزى بولسا، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ مۇھىتىدا ۋە بۇ مۇھىت بىلەن بىللە راۋاجلانغانلىقىنى بىلىمىز، ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمكى، ئىنسان مېڭىسىنىڭ مەھسۇلى ، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، شۇنداقلا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ باشقا باغلىنىشى بىلەن زىت كەلمەيدۇ، بەلكى ئۇيغۇن كېلىدۇ»[1] دېگەن.

ئاڭ يۇكسەك دەرىجىدە مۇكەممەللەشكەن ۋە تەشكىللەنگەن ماددا — ئادەم مېڭىسىنىڭ مەھسۇلى. ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئادەم

---

[1] ئېنگېلس: «دىيۇرىڭغا قارشى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 60 - بەت.

مېڭىسىدىكى ئىنكاسى. ئىنسانلار ئېڭىنىڭ پەيدا بولۇشى ئالىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەمگەك بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەمگەك ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئىنسان مېڭىسى ئاڭنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسىي تۈرتكە، شۇڭا ئاڭمۇ جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى.

ئەدەبىيات خۇددى پەلسەپە ۋە باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئوخشاشلا ئىنسانلار ئاڭ پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى، ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، بىر خىل ئىجتىمائىي ئاڭدىن ئىبارەت. دېمەك، ئەدەبىيات ئىنسان ئېڭىدىن ئايرىلمايدۇ، شۇڭا يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى باھالىغاندا، ھەمىشە «ئاڭ»، «ئاڭ فورمىسى»، «ئاڭ ھالىتى» قاتارلىق ئاتالغۇلارنى قوللىنىپ، «ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭى»، «مىللىي ئاڭ»، «دىنىي ئاڭ»، «ئەنئەنىۋى ئاڭ»، «پسىخىك ئاڭ»، «ئېستېتىك ئاڭ» دېگەنگە ئوخشاش ئىبارىلەرنى ئىشلىتىمىز.

پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئادەم ئاڭلىق مەخلۇق بولغانلىقى بىلەن ھايۋاندىن پەرقلىنىدۇ. ھايۋانىنىڭ ئاڭسىز بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. گەرچە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلاردا بەزى ئاڭ بىخلىرى بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە بۇ ئاڭ بىخلىرى يەنىلا ئاڭسىز تەبىئىي ئىقتىدار پائالىيىتىدىن ئىبارەت.

ئاڭ ئادەمنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پەۋقۇلئاددە شەكلى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك جەريانىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى تەرەققىياتى جەريانىدا تىل بىلەن بىللە پەيدا بولغان. ئاڭلىق ئىنكاس قىلىش— ئادەمنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشىدىكى ئەڭ ئالىي ۋە ئەڭ ئاساسىي شەكلى. ئەدەبىي ئىجادىيەت بىر خىل ئاڭلىق، مەقسەتلىك پائالىيەت بولۇپ، مۇشۇ خىل پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئىلگىرى، پائالىيەتنىڭ مەقسەتى ۋە نەتىجىسى بىر خىل نۇقتىئىنەزەر سۈپىتىدە يازغۇچىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مېڭىسىدە مەۋجۇت بولىدۇ. لۇشۈن «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمە-
ھالى» دېگەن ئەسىرى ھەققىدە: «ئاQ ئوبرازى خېلى بۇرۇنلا
مېنىڭ كاللامدا شەكىللەنگەن، كېيىن مەن ئۇنى ئىككى ئاي
پىششىقلاپ يېزىپ چىقتىم» دېگەن. دېمەك، بۇ يازغۇچى پائالى-
يىتىنىڭ مەقسەتلىك ئوي - پىكىر ئارقىلىق بولىدىغانلىقىنى
كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىلىنىشىمىز كېرەككى، ئادەمنىڭ ئېڭى تە-
سەۋۋۇر، ھېسسىيات، ئىرادە، تەپەككۇر قاتارلىق خىلمۇ خىل
ئىقتىدارنىڭ جۇغلانمىسى ھەم مەركىزىي نۇقتىسى. ئەدەبىي ئى-
جادىيەتتە بىلىش، ھېسسىيات، ئىرادە ھەم تەسەۋۋۇر بىرلىشىپ
كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاڭ كاتېگورىيىسىگە مەن-
سۇپ. تۇرمۇشتىكى ئادەملەر ھەم ۋەقەلەر، ھېس - تۇيغۇ ھەم
كۆرۈنۈشلەر يازغۇچىنىڭ قەلبىنى غىدىقلاپ، ئۇلارنىڭ مۇرەك-
كەپ، نازۇك ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى قوزغاپ، ئۇنى ئەدەبىي
شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەش ھەۋىسىنى پەيدا قىلىدۇ. نەتىجىدە،
سۇبيېكتىپ تونۇش، ھېس قىلىش، نىيەت قىلىش ۋە تەسەۋۋۇر
قىلىش پائالىيەتلىرى ئۆزئارا ماسلىشىپ، خىلمۇ خىل ئەدەبىي
ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. دېمەك، يازغۇچىنىڭ ئىجادى-
يەت جەريانىلا بىر خىل ئاڭ پائالىيىتى بولۇپ قالماستىن،
ئىجادىيەت مېۋىسى بولغان ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئۆزىمۇ ئاڭنىڭ
مەھسۇلى.

ۋەھالەنكى، ئەدەبىياتنىڭ ئاڭ پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى ئى-
كەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش، ئاڭسىز پائالىيەتنىڭ رولىنى ئىن-
كار قىلغانلىق ئەمەس. چۈنكى ئاڭلىق ئەكس ئەتتۈرۈش گەرچە
ئادەمنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشىنىڭ ئالىي شەكلى ۋە ئاسا-
سىي شەكلى ھېسابلانسىمۇ، ئەمما بىردىنبىر شەكلى ئەمەس.
ئادەمنىڭ رېئاللىقتا بولغان بەزى ئىنكاسلىرىنىڭ ئاڭلىق بولۇشى
ناتايىن، شۇڭا ئاڭسىز ھالدىكى ئەكس ئەتتۈرۈشنىمۇ چەتكە قاق-
قىلى بولمايدۇ. تۇيۇقسىز كەلگەن ئىلھام، باشقىلار تەرىپىدىن

بېرىلگەن بىشارەت ۋە ئۆزى ياراتقان ئوبرازدىكى ئۆزى تونۇپ يەتمىگەن مەزمۇن قاتارلىقلار ئىجادىيەت جەريانىدا ئاڭسىز پائالىيەتنىڭمۇ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەمما ئاڭسىز پائالىيەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسلىككە سېلىشقىمۇ، ئادەتتىن تاشقىرى كۆپتۈرۈۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ.

غەربنىڭ بەزى مودېرنىزمچى نەزەرىيىچىلىرى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى ئىدراكسىزلىقنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىدى. ئاۋستىرىيىلىك روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى، روھىي ئانالىز ئېقىمىنىڭ ئاساسچىسى، پسىخولوگىيە ئالىمى، مودېرنىزمنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى — سىگموند فروئىد (1856 ـ 1939) «‹سەنئەت دېمەكلىك — چۈش دېمەكلىك› ئاڭ، تۇغما ئاڭ ۋە ئاڭسىزلىقتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئامىل ئىچىدە ‹ئاڭسىزلىق ئادەمنىڭ پۈتۈن روھىي تۇرمۇشىنى بەلگىلەيدۇ›» دەپ قارايدۇ.

فىروئىد نەزەرىيىسىنىڭ مودېرنىزمغا بولغان تەسىرىدىن قارىغاندا، مودېرنىزمچى يازغۇچىلار ئەسەرلىرىدە يوشۇرۇن ئاڭ، ئاڭسىزلىق، چۈش، خام ـ خىيال، سىمۋول، سەۋدايىلىق، سىرلىقلىق، ئۆزگىرىشچان پسىخىكا، روھىي ناچارلىنىش قاتارلىقلارنى ئىپادىلىگەن.

بىزنىڭچە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، بىر خىل مەقسەتلىك، ئاڭلىق مەنىۋى پائالىيەت بولۇپ، ئۇ ئايرىم ھاللاردا ئاڭسىزلىقتىنمۇ خالىي بولالمايدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاڭسىزلىق بىلەن ئاڭلىقلىقنىڭ ھەر ئىككىسى بىر خىل ئاڭ بولۇپ، ئالدىنقىسى يوشۇرۇن ئاڭ، كېيىنكىسى ئاشكارا ئاڭ ھېسابلىنىدۇ. ئاڭسىزلىق ئاڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بىر خىل پسىخىك ھالەت سۈپىتىدە كىشىلەر تەرىپىدىن ئاسانلىقچە سېزىۋېلىنمايدىغان يوشۇرۇن ئاڭدۇر. يوشۇرۇن ئاڭ پائالىيىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ئەدەبىياتنىڭ ئاڭلىق پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

## 2 . ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىيلىقى

ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىيلىقى ئاڭنىڭ ماھىيىتى بىلەن ئەدە-
بىياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئاڭ
تۈپ ماھىيىتى بىلەن ئىجتىمائىيلىقتا ئىگە. ئۇ ئىجتىمائىيلىقتا
ئىگە بولغان ئادەملەرنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي
سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. روشەنكى، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي-
لىقى ئۇنىڭ ئاڭلىقلىق خۇسۇسىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بو-
لۇپ، خۇددى سىياسىي، پەلسەپە، دىن، ئەخلاق قاتارلىقلارغا
ئوخشاش يەككە شەخسنىڭ ئىگىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئو-
مۇمىي جەمئىيەت كىشىلىرىگە مەنسۇپ بولغان ئىجتىمائىي ئىدې-
ئولوگىيە فورمىسىدۇر.

ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىيلىقتا ئىگە ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى
تۆۋەندىكى نۇقتىلار بىلەن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ:

1) ئەدەبىيات تىل سەنئىتى، ئۇ تىلدىن ئىبارەت بۇ ئىجتى-
مائىي ئالاقە قورالىنى ۋاستە قىلىدۇ. پىكىر ئالماشتۇرۇش،
ئۆز ئارا ئالاقە قىلىشتەك تىلدىكى ئىجتىمائىي خاراكتېر ئەدەبىيات-
قا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

2) ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى ئادەم ۋە ئادەمنىڭ تۇرمۇشى،
ئادەم ئىجتىمائىي بولۇپ، تۇرمۇش ئادەمنىڭ تەبىئىي قىلىقلى-
رى، ئىجتىمائىي پائالىيىتى، ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ۋە پسىخىك
پائالىيىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار كەڭ مەنىدىكى
ئىجتىمائىي رېئاللىق ھېسابلىنىدۇ.

3) يازغۇچى جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى، ئۇ ھامان بەلگىلىك
ئىجتىمائىي ھاياتتا، بەلگىلىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىچىدە
ياشايدۇ. ئۇلار ئۆز كۆز قارىشى، مەيدانىنى ئاساسلىنىپ، مەلۇم
گۇرۇھنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە كىتابخانلار بىلەن ئالاقىلىشىدۇ.
بۇ يازغۇچى ـ سەنئەتكارلارنىڭ دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى،
ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى مەلۇم ئالاھىدە ئىجتىما-

ئي ئەمەلىيەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

4) ئەدەبىيات كىتابخانلارنىڭ قوبۇل قىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. دېمەك ئەدەبىيات يازغۇچىنىڭ خۇسۇسىي ئىشى بولماستىن، بەلكى جەمئىيەتنىڭ دىققىتىگە نائىل بولغان ۋە جەمئىيەت پايدىلىنىدىغان مەنىۋى بايلىققا ئايلىنىدۇ.

يۇقىرىقى تۆت تەرەپ ئەدەبىياتنىڭ مۇتلەق يەككە - يېگانە بىر خىل ھادىسە بولماستىن، ئۇنىڭ ئۆزى بىر خىل ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت، جەمئىيەت ئورگانىزمى بىلەن كەڭ ئالاقىدە بولىدىغان، روشەن ئىجتىمائىيلىققا ئىگە ھادىسە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

## 3. ئەدەبىياتنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئورنى ۋە ئۇستقۇرۇلمىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

### 1) ئەدەبىياتنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئورنى

خۇددى چوڭ بىر بىنا ئۇل ۋە ئۇستۇنكى قەۋەتلەردىن تەركىب تاپقىنىغا ئوخشاش، جەمئىيەتمۇ ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئۇستقۇرۇلمىدىن تەركىب تاپىدۇ.

بازىس — جەمئىيەتنىڭ بەلگىلىك تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى، جەمئىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسى.

ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى دېگىنىمىز، مەلۇم بىر جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا شەكىللەنگەن ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك كونكرېت ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان مۈلۈكچىلىك شەكلى.

(2) ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ئىشلەپ- چىقىرىشتا تۇتقان ئورنى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى

(3) مەھسۇلاتلارنىڭ تەقسىم قىلىنىش شەكلى.

بۇ ئۈچ تەرەپ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈن- لۈكىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ مۈ- لۈكچىلىكى بولسا، بۇلار ئىچىدە ئەڭ ئاساسىي ھەل قىلغۇچ تەرەپ بولۇپ، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلەيدۇ.

ئۈستقۇرۇلما — ئىقتىسادىي بازىس ئۈستىگە قۇرۇلغان سىيا- سىي، قانۇن ـ تۈزۈم ۋە ئۇلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان سىياسىي، قانۇنىي، دىنىي، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى كۆزقاراش ۋە ئەـ- دەبىيات ـ سەنئەت قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىلەردىن ئىبارەت.

كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتى ئۇلارنىڭ ئېڭىنى بەلگىلەيدۇ. ئەدەبىيات بىر خىل ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە بو- لۇپ، ئۇ پەلسەپە، ئەخلاق، دىنلار بىلەن بىر قاتاردا جەمئىيەت- نىڭ ئۈستقۇرۇلمىسىغا مەنسۇپ، ئۇنى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي بازىسى بەلگىلەيدۇ. ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى ئىقتىسادىي بازىستىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ.

جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي بازىس- تىكى ئۆزگىرىش يا ئاستا، يا تېز ھالدا ئۈستقۇرۇلمىدىمۇ ئۆز- گىرىش پەيدا قىلىدۇ. ئۈستقۇرۇلمىغا تەۋە بولغان ئەدەبىياتنىڭ ئۆزگىرىشى، تەرەققىي قىلىشىمۇ مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە بولى- دۇ.

ئىقتىسادىي بازىس ئۈستقۇرۇلمىنى بەلگىلەيدۇ، لېكىن

ئۇستقۇرۇلما شەكىللەنگەندىكەن، ئۇ پاسسىپ بولمايدۇ، بەلكى ئىقتىسادىي بازىسقا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئېلىمىزنىڭ «4 ـ ماي» ھەرىكىتى دەۋرىدە لۇشۇننىڭ ئەسەرلىرى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق ئىقتىسادىي بازىسنى بىتچىت قىلىشتا غايەت زور رول ئوينىغاندى. يەنە مۇشۇ دەۋردە كونىنى تىرىلدۈرگۈچى ئەدىبلەر، جاھانگىرلارنىڭ بەزى دەللال ئەدىبلىرى فېئوداللىق مەدەنىيەتنى ماختاپ، جاھانگىرلىك مەدەنىيەتنى تەرغىب قىلىپ، تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئوينىغاندى.

ئومۇمىي قانۇنىيەتلەردىن باشقا يەنە ئالاھىدە ھادىسىلەرمۇ بار. ماركس 1857 ـ يىلى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ: «سەنئەت توغرىسىدا ھەممىگە ئايانكى، سەنئەتنىڭ مۇئەييەن گۈللەنگەن دەۋرى ھەرگىز جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولمايدۇ، شۇڭا جەمئىيەت تەشكىلىنىڭ ئۇستىخىنىدەك بولغان ماددىي ئاساسىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتى بىلەنمۇ ھەرگىز ئوڭ تاناسىپ بولمايدۇ»[1] دېگەنىدى. بۇنىڭ مۇنداق ئىككى مەنىسى بار: بىرى، مەلۇم بىر خىل سەنئەت شەكلىنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيىتى پەقەت جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدىلا مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالغا بېسىشىغا ئەگىشىپ، بۇنداق سەنئەت شەكلى شۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھالدا تەرەققىي قىلمايلا قالماستىن، ھەتتا توختاپ قېلىشىمۇ ياكى بارا ـ بارا زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، يۇنان ئەپسانىلىرى ئەنە شۇنداق بولدى. يەنە بىرى، سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى جەمئىيەتنىڭ «ماددىي ئاساسىنىڭ ئومۇمىي تەرەققى-

---

[1] ماركس: «سىياسىي ـ ئىقتىساد تەنقىدى، گە مۇقەددىمە»، «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە (يېڭى يېزىق) نەشرى، I توم، 1 ـ كىتاب، 193 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياتى بىلەن ئۇلى تاناسىپ بولمايدۇ» يەنى مەلۇم بىر تارىخىي دەۋردە ئىجتىمائىي ماددىي ئىشلەپچىقىرىشى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان مىللەت سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئېرىشكەن مۇۋەپپىقىيىتى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات سەۋىيىسى بىرقەدەر تۆۋەن بولغان باشقا مىللەتلەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇشى ناتايىن.

ئومۇمىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى تەڭپۇڭ بولىدۇ، ئەمما مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچتا ھەم تەڭپۇڭلۇق ھادىسىسى، ھەم تەڭپۇڭسىزلىق ھادىسىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى تەكشۈرگەندە، ئەڭ ئاخىرقى يېتەكلەش رولىنى ئوينايدىغان ئىقتىسادىي ئامىلدىن باشقا، يەنە ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆز ئارا تەسىرىنى، سىياسىينىڭ تەسىرىنى ۋە ئىدېئولوگىيىنىڭ ئۆزىدىكى تارىخىي ۋارىسلىق قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللارنىمۇ نەزەرگە ئېلىشى كېرەك.

2) ئەدەبىيات ۋە سىياسىي

ئەدەبىيات بىلەن سىياسىي ھەر ئىككىلىسى ئۈستقۇرۇلمىغا تەۋە. ھەر ئىككىلىسىنى ئىقتىسادىي بازىس بەلگىلەيدۇ. شۇنداقلا يەنە ھەر ئىككىلىسى ئىقتىسادىي بازىسقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىيات ئادەملەرنى بەدىئىي زوقلاندۇرۇشتەك ئۆزىگە خاس ئالاھىدە شەكلى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۆزگەرتىش يولى بىلەن ئىقتىسادىي بازىسقا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

سىياسىي دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ تەركىبىدىكى تورلۇك مۇئەسسەسەلەرنى ۋە ئىدېئولوگىيىگە مەنسۇپ بولغان سىياسىي نۇقتىئىنەزەرلەردىن ئىبارەت ئىككى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا سىياسىينىڭ ئىقتىسادىي بازىسقا تەسىر كۆرسىتىشىمۇ

بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل يول بىلەن بولىدۇ. سىياسىي مۇئەسسەسەلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ ئاساسەن زورلۇق كۈچ، ئىنقىلاب ياكى ئۇرۇش، مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى مەمۇرىي بۇيرۇق قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىدېئولوگىيىگە مەنسۇپ بولغان سىياسىي نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ ئاساسەن قائىدە سۆزلەش، جامائەت پىكرى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىش، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئەدەبىيات بىلەن سىياسىي ئىقتىسادىي بازىسقا تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، يەنە ئۇلار ئۆزئارا بىر - بىرىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ سىياسىيغا بولغان تەسىرى توغرىسىدا مەيلى چەت ئەلدە ياكى ئېلىمىزدە بولسۇن، كۆپلىگەن مىساللار بار. مۇنەۋۋەر يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەينى ۋاقىتتىكى رېئال تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، چىرىك جەمئىيەت تۈزۈمىنى، بىمەنە سىياسىي پرىنسىپلارنى پاش قىلىپ، سىياسىيغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئەدەبىياتقا سىياسىينىڭ كۆرسىتىدىغان تەسىرى زور ۋە چوڭقۇر بولۇپ، بۇنى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن كۆرۈۋېلىشتا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش دەۋرىدىكى سىياسىي ئەدەبىياتنىڭ يۆنىلىشى ۋە خاراكتېرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. XIX ئەسىردىكى روسىيە تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتى ئەينى ۋاقىتتىكى دېموكراتىك ئىدىيىدىكىلەرنىڭ ياۋچىلىق تۈزۈمگە قارشى كۆرەشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان.

ئىككىنچى، ئوخشاشمىغان دەۋردىكى سىياسىي ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇسلۇبىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھۆكۈمران سىنىپلار يۇقىرىغا ئۆرلەش دەۋرىدە تۇرغاندا، ئەدەبىيات كۆپىرەك مەدھىيە خاراكتېرىگە ئىگە بولسا، ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زاۋاللىقا يۈزلەنگەن دەۋردە پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش خاراك-تېرىدە بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ سىياسىتى ۋە تۈزۈمى، ھۆكۈمدارلارنىڭ قىزىقىشى ۋە ھەۋەسمۇ ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشى ياكى نابۇت بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ سىياسىيغا تەسىر كۆرسىتىشى، سىياسىينىڭ ئەدەبىياتقا تەسىر كۆرسىتىشى ئۇستقۇرۇلمىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئىچكى قانۇنىيەت. ئومۇمەن، ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى بار. لېكىن بۇ مۇناسىۋەت ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىلسە توغرا بولمايدۇ. تاغ - دەريالار، گۈل - گىياھلار، ئۇچار قاناتلار تەسۋىرلەنگەن تەبىئەت مەنزىرىسى توغرىسىدىكى ئەسەرلەر ۋە سىياسىي مەزمۇنلارغا ناھايىتى ئاز چېتىلىدىغان ياكى تامامەن چېتىلمايدىغان ئەسەرلەردىن زورمۇ زور سىياسىي مەزمۇن ئىزدەشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق. ئەدەبىيات - سەنئەت بىر خىل مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى، يەنى ئېستېتىك ئېھتىياجى، كۆڭۈل ئېچىش ئېھتىياجى، دەم ئېلىش ئېھتىياجى ۋە باشقا ئېھتىياجلىرىنىمۇ قاندۇرىدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ خىزمەت قىلىش ئوبيېكتى ھەققىدە ئۇزاقتىن بۇيان ئوخشاشمىغان كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەدەبىياتنىڭ ئىقتىسادىي بازىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى سىياسىي، قانۇن، ئەخلاق قاتارلىق «ۋاستىچى» ئامىللار ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. شۇڭلاشقا ئەدەبىيات ئىقتىسادىي بازىسقا خىزمەت قىلىشتىن باشقا، يەنە مەلۇم بىر «ۋاستە» ئامىل ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك، دېيىش نەزەرىيە جەھەتتىن ئاساسسىز. بۈگۈنكى كۈندە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، ئەدەبىياتنىڭ خىزمەت قىلىش

ئوبيېكتىنى تېخىمۇ توغرا ۋە كەڭ مەنىدە ئىگە قىلدى.

3) ئەدەبىيات ۋە پەلسەپە

ئەدەبىيات بىلەن پەلسەپە دۇنيانى ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش بول-
مىغان ئۇسۇللىرى ئارقىلىق بىلىدۇ ۋە چۈشەندۈرىدۇ، شۇنداقلا
يەنە ئۇلار بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت
كۆپىنچە، مۇئەييەن دەۋر پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچ-
راپ، مەلۇم بىر خىل دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ.
مەلۇم بىر خىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت پىكىر ئېقىمىنىڭ مەيدانغا
كېلىشى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىدىكى بەس ـ مۇنازىرە
ۋە كۈرەشلەر، مەلۇم ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ شەكىللىنىشى ھەم
يازغۇچى ئەسەرلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى، بىۋاستە ياكى ۋاسى-
تىلىك ھالدا مۇئەييەن پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراي-
دۇ. XVII ئەسىردە فرانسىيىدە كلاسسىزم ئەدەبىياتىنىڭ مەيدانغا
كېلىشىدە فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سىياسىي جەھەتتە تېخى
فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنى يېڭىشكە قۇدرىتى يەتمەي مۇرەسسەلە-
شىپ يول قويۇشتەك سەۋەبلەر بولغاندىن باشقا، پەلسەپە جەھەت-
تە، دېكارت راتسىئونالىزمى (ئەقىلچىلىك) نىڭ چوڭقۇر تەسى-
رى ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى مۇھىم سەۋەب بولغان. ئەدەبى-
ياتمۇ ئۆز نۆۋىتىدە پەلسەپە ئىدىيىلىرىنىڭ تارقىلىشىغا، كىشى-
لەرنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا
تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئەدەبىيات پەلسەپىۋى ئاڭنى ئۆزىگە
سىڭدۈرگەن ۋە ئىپادىلىگەن بولىدۇ. بۇ ھال پەلسەپىنىڭ تارقى-
لىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىنى تېزلىتىدۇ. غەرب مەۋجۇدىيەتچىلىك
پەلسەپىسى سارترى قاتارلىقلارنىڭ مەۋجۇدىيەتچىلىك قارىشى ئى-
پادىلەنگەن ئەسەرلىرى ئارقىلىق تېخىمۇ كونكرېتلاشتى ۋە چوڭ-
قۇر ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى
ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىدا مۇھىم ئورۇن
تۇتىدىغان مەشھۇر شەخس، تەسەۋۋۇپچى شائىر خوجا ئەھمەد

www.uyghurkitap.com

يەسەۋى ئۆز ئىدىيىلىرىنى تارقىتىشتا پۈتۈنلەي بەدىئىي ئەدەبىيات-
نىڭ شېئىرىيەت تۈرىدىن پايدىلاندى. ئۇنىڭ دىنىي ئېتىقاد كۈي-
لەنگەن تەسەۋۋۇپ مەزمۇنىدىكى شېئىرى «ھېكمەت» دەپ ئاتى-
لىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كەڭ تارقالدى ۋە چوڭقۇر تەسىرگە
ئىگە بولدى.

### 4) ئەدەبىيات ۋە ئەخلاق

ئەخلاق — ئۈستقۇرۇلما ۋە ئىدىيە ساھەسىگە تەۋە بولغان
ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى، كىشىلەرنىڭ
مەلۇم ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىتتا ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈشى
ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىنىڭ مىزانى، يەنى مەلۇم جەمئىيەت ۋە
مەلۇم تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن ئوتتۇر-
غا قويغان رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئۆلچىمىدۇر. كىشىلەرنىڭ
ئەخلاقىي نۇقتىئىنەزەرلىرى بولسا ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە تا-
رىخىي تەرەققىيات جەريانىدا پەيدا بولىدۇ ھەمدە جەمئىيەتنىڭ
تەرەققىي قىلىشى، ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن ئۆزگىرىپ بارىدۇ.

ئەدەبىيات بىلەن ئەخلاقنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىجتىمائىي
جامائەت پىكرى ۋە ئىجتىمائىي تەسىر ئارقىلىق كىشىلەرگە تە-
سىر كۆرسىتىدۇ، كىشىلەرنى ئۆزگەرتىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار ئوت-
تۇرىسىدىمۇ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتى بولىدۇ.
ئەدەبىيات ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرگەنىكەن، ئۇنىڭ
جەمئىيەتتىكى مۇئەييەن ئەخلاق قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرمەسلىكى
مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، «غېرىب - سەنەم» داستانىدا ئاشا-
سەن غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكى ئۈچۈن
ئېلىپ بارغان پىداكارلىق پائالىيىتى ھېكايە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا
پاك مۇھەببەتكە بولغان ساداقەتلىك، ۋاپادارلىق پەزىلىتى مەدھى-
يىلىنىدۇ. پاك مۇھەببەتكە قارشى رەشك، زوراۋانلىق، چىرىك
نەسەب مەنتىقىسى، ساختىپەزلىك، ۋاپاسىزلىق قامچىلىنىدۇ.
«سۇ بويىدا» بىلەن «قاراقچىلارنى تازىلاش تەزكىرىسى» دە

ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئەخلاق ـ قائىدە قارىشى ۋە ئەخلاق ـ قائىدە ئۆلچىمى ئىپادىلەنگەن. دەرۋەقە، ھەممىدىن ئاۋۋال جەمئىيەتتە ئەنە شۇنداق ئوخشاش بولمىغان ئەخلاق قارىشى ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرى مەۋجۇت بولغاچقىلا ئەدەبىيات ئۇنى ئەكس ئەتتۈرگەندى.

ئەخلاقنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرى ھەم مەزمۇنىدا، ھەم شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن ئەخلاقىي قاراشنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى ئەدەبىيات مەزمۇنىنىڭ مۇناسىپ ھالدا ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئەدەبىياتتا، بولۇپمۇ مۇھەببەت تېما قىلىنغان ئەسەرلەردە ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەمرى ۋاجىپ دېگەندەك ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئېڭى ئىپادىلەنسە، ھازىرقى زاماندىكى مۇھەببەت تېما قىلىنغان ئەسەرلەردە، ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكى بىلەن ئەركىن نىكاھلىنىش كۆزقارىشى ئاساسىي ئېقىم سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ئەخلاقىي قاراش سەنئەت ۋە ئەدەبىياتنىڭ شەكلى، بولۇپمۇ ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنىڭ ئۆزگىرىشىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئەدەبىياتمۇ ئەخلاققا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوخشاش بولمىغان ئەخلاق قارىشى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كىتابخانلارغا بېرىدىغان تەسىرى ئوخشاش بولمايدۇ. چۈنكى ساغلام ئەدەبىي ئەسەر ئادەمنىڭ قەلبىنى پاكلاشتۇرۇپ، يۈكسەك ئەخلاق ـ پەزىلەتنى، پاك ھېسسىياتنى يېتىلدۈرسە، ساغلام بولمىغان ھاۋايى ـ ھەۋەسنى تەرغىب قىلىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ئادەمنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىنى مەلۇم دەرىجىدە چىرىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

5) ئەدەبىيات ۋە دىن

دىنمۇ بىر خىل ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە. ئۇ تەبىئەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كۈچلىرى بىلەن ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ كىشىلەر ئېڭىدىكى بىر خىل خىيالىي ئىنكاسى.

ئەدەبىيات بىلەن دىنىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھەر ئىككىسىلا ئوبراز ۋە تەسەۋۋۇرغا تايىنىدۇ. لېكىن ئەدەبىياتتىكى ئوبراز ۋە تەسەۋۋۇر رېئال تۇرمۇش ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ ئۆز مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. رومانتىك ئەسەرلەردە يارىتىلغان ئوبرازلارمۇ ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، تولۇق تۇرمۇش ئاساسىغا ئىگە بولىدۇ. ئەدەبىيات بىلەن دىنىنىڭ ئوبراز بىلەن تەسەۋۋۇرغا تايىنىش جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى مانا مۇشۇلاردىن ئىبارەت. دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي تارىخىي مەنبەسى بار. ئىپتىدائىي دىندىكىلەر ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ روھىغا سىغىناتتى ۋە توتېملارغا چوقۇناتتى. دىن ئومۇمەن بىر قىسىم كىشىلەرگە روھىي مەدەت بېغىشلايدىغان غايىۋى تۈيغۇ سۈپىتىدە مەۋجۇت. «ھەرقايسى سىنىپلار ئىچىدە مۇقەررەر ھالدا شۇنداق بىر قىسىم ئادەملەرمۇ بولىدۇ. ئۇلار ماددىي جەھەتتىكى ئازادلىقتىن ئۈمىد ئۈزگەن بولىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئورنىغا مەنىۋى جەھەتتىكى ئازادلىقنى ئىزدەشنى قويۇپ، ئىدىيىۋى جەھەتتە ئۆزىگە تەسەللى ئىزدەيدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەنگەن ئەھۋالدىن قۇتۇلماقچى بولىدۇ».① ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپادا دىنىي دۇنيا قاراش پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىدىغان بىر خىل كۈچ بولۇپ قالغانىدى. ھازىرقى دۇنيادىمۇ دىن بىر خىل ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە مەۋجۇت.

ئەدەبىيات بىلەن دىنىنىڭ ئۆزئارا تەسىرىدىن ئېلىپ ئېيتساق، تارىختا ئەدەبىيات بەزىدە دىنىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالغان بولسا، بەزىدە دىنغا قارشى تۇرۇش ۋە دىنىنى

---

① «باۋېر برونو ۋە دەسلەپكى خرىستىئان دىنى» ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 19 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 334 ـ بەت.

تەنقىد قىلىش رولىنىمۇ ئوينىغان. مەسىلەن، بۇددىزم تەرغىباتچىلىرى ئۆز نەزەرىيىلىرىنى كۆپىنچە ھاللاردا ئەدەبىياتتىن پايدىلىنىپ تەشۋىق قىلغان. ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان، خەلق ئىچىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەن ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە بۇددىزم نەزەرىيىلىرىنى سىڭدۈرۈپ، ئۇنى بەدىئىي تۈسكە ئىگە گۈزەل چۆچەكلەرگە ئايلاندۇرغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنى ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى دەپ تونۇغان چاغلاردا ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتى ئارقىلىق بۇددىزم مەدەنىيىتىگە نۇرغۇن بەدىئىي تۆھپىلەر قوشقان. ياۋروپانىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتىنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى بەزى داڭلىق ئەسەرلىرى، مەسىلەن، دانتىنىڭ «ئىلاھ كومېدىيىسى»، فوگاچچىنىڭ «ئون كۈنلۈك سۆھبەت» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە بولسا، دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ چىرىك ۋە ساختا قىياپىتى چوڭقۇر پاش قىلىنغان. ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ دىنىنىڭ نوپۇزىغا قارشى تۇرىدىغان، دىننى سۆككەن كۆپلىگەن ئەسەرلەر مەۋجۇت.

## § 2 . ئەدەبىيات — ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ پائالىيەتچان ئىنكاسى

ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاددىيغىنا ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى بولماستىن، ئەكسىچە مۇرەككەپ مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇ تۇرمۇشتىن يازغۇچىغىچە، يازغۇچىدىن ئەدەبىي ئەسەرگىچە، ئەدەبىي ئەسەردىن كىتابخانغىچە بولغان مۇرەككەپ جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەدەبىياتنى بىۋاسىتە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشىنىڭ مۇمكىن

ئەمەسلىكى ھەممىگە مەلۇم، ئۇ جەزمەن يازغۇچىنىڭ ئىجاد قىلىـ-
شى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شۇڭا يازغۇچى ئەدەبىي ئەسەر-
نىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئاساسىي ھالقا ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر
جەھەتتىن، يازغۇچى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەر
كىتابخانلارنىڭ قوبۇل قىلىشى ئارقىلىقلا ئېستېتىك زوقلىنىش
ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى جارى
قىلدۇرالايدۇ. بۇ جەھەتتە ئەزەلدىن خىلمۇ خىل قاراشلار مەۋ-
جۇت بولۇپ، ئۇلارنى يىغىنچاقلىغاندا، «قايتا گەۋدىلەندۇرۇش»
قارىشى، «ئىپادىلەش» قارىشى، «پائالىيەتچان ئىنكاس» قارد-
شىغا مەركەزلىشىدۇ.

## 1. «قايتا گەۋدىلەندۇرۇش» قارىشى

بۇ قاراشتىكىلەر سەنئەتنىڭ مەنبەسى تۇرمۇش، سەنئەت
تۇرمۇشنى قايتا گەۋدىلەندۇرىدۇ، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ.
غەربتە، تەقلىد قىلىشنى مەركەز قىلغان قايتا گەۋدىلەندۇ-
رۇش نەزەرىيىسى ئۇزاق مەزگىل ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ
كەلگەن بىر خىل ئەدەبىيات قارىشى بولۇپ، كۆپلىگەن سەنئەت-
كارلار ۋە نەزەرىيىچىلەر سەنئەتنىڭ ماھىيىتى تەبىئەتكە تەقلىد
قىلىش ۋە ئۇنى قايتا گەۋدىلەندۇرۇشتۇر دەپ قارىغان. يۇناننىڭ
ماتېرىيالىزمچى پەيلاسوپى، دىئالېكتىكىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن
بىرى ھېراكلىت (مىلادىيىدىن ئىلگىرى 540 ـ 490) تۇنجى
بولۇپ «سەنئەت تەبىئەتنىڭ تەقلىد قىلىنىشى» دېگەننى ئوتتۇرىغا
قويغان، شۇنىڭدىن باشلاپ سەنئەت تەقلىد قىلىشتىن كېلىپ
چىققان دېگەن قاراش ئومۇملاشقان. ئارىستوتىل «تەقلىد» نى ئە-
دەبىيات نەزەرىيىسىدىكى «تۈپ پرىنسىپ» سۈپىتىدە مۇھاكىمە
قىلغان. پلاتون تەقلىد سەنئەتكارلىرىنى قولىغا بىر پارچە ئەي-
نەكنى ئېلىۋېلىپ تۆت ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى ئاشۇ ئەينەكتە
ئەكس ئەتتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئوبراز ياراتقۇچىلار ۋە تەسەۋۋۇر

قىلغۇچىلارغا ئوخشاتقان. كېيىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا
گۈللىنىشى دەۋرىدىكى ئارىيوت، داۋىنچى، شېكىسپىر قاتارلىق-
لارمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئەينەككە ئوخشىتىپ،
رەسىم ۋە تىياتىر رېئال دۇنيانىڭ كۆرۈشكە بولىدىغان تەرەپلىرى-
نى خۇددى ئەينەكتەك ساداقەتلىك بىلەن قايتا كۆرسىتىشى كې-
رەك، دەپ ھېسابلىغان. روسىيىنىڭ دېموكراتىك نەزەرىيىچى-
سى بېلىنسكىي: «سەنئەتنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى رېئال-
لىقنى سادىقلىقتا، رېئاللىقنى ئۆزگەرتمەي، خۇددى ئەينەكتەك
قايتا گەۋدىلەندۈرۈشتە...»① دېگەن.

قايتا گەۋدىلەندۈرۈش قارىشى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن، ئەدە-
بىياتنىڭ تاشقى مۇناسىۋىتى بىلەن سوتسىئولوگىيە نۇقتىسىدىن
مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇشقا بولغان بېقىندىلىق
مۇناسىۋىتى بىلەن ئىنكاس قىلىش مۇناسىۋىتىنى تەكىتلەپ،
ساددا ماتېرىيالىستىك روھ بىلەن رېئالىستىك ئېستېتىكا پرىن-
سىپىنى نامايان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قاراش 19 ـ ئەسىر-
گە كەلگەندە، مېتافىزىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئىلگىرىكى
ساددا «دىئالېكتىكلىق ئالاھىدىلىكىنى تەدرىجىي يوقىتىپ، نەزە-
رىيە جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكىنى ئاشكارىلىدى. ئۇنىڭ ئەڭ ئا-
ساسلىق ئىپادىسى — سەنئەتكارنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقى
بىلەن ئىجادچانلىقىغا سەل قاراشتا، سەنئەتنىڭ تۇرمۇشنى مەنبە
قىلسىمۇ، يەنىلا تۇرمۇشتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى، تۇرمۇش-
نى ئەكس ئەتتۈرگەندە ئۇنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى ۋە يېڭىلايدىغان-
لىقىنى ئىنكار قىلىشتا كۆرۈندى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھېسسىي
پائالىيەت ۋە ئەمەلىي پائالىيەت بولغانلىقتىن، ئۇنى ئىنساننىڭ
سۇبيېكتىپ نۇقتىسىدىن، ئىنساننىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلى-
قى ۋە ئىجادچانلىقى نۇقتىسىدىنمۇ چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

① «بېلىنسكىي تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، I توم.

www.uyghurkitap.com

ئۇنى پەقەت رېئاللىقنىڭ قايتا ئىشلەنگەن بويۇمى ياكى ۋارىيانتى، كۆچۈرۈلمىسى دەپ قارىماسلىق كېرەك. ئەمەلىيەتتە، سەنئەتكارنىڭ «تەقلىد قىلغىنى» ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگىنى، يازغۇچىنىڭ «قايتا گەۋدىلەندۈرگىنى» مۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى رېئاللىق. سەنئەتكارنىڭ كۆرۈش سېزىمى ۋە پۈتكۈل قەلبى رېئاللىقنى قايتا ئەندىزىگە ياكى نۇسخىغا ئالىدىغان مېخانىك ئەسۋاب ئەمەس. فوتو ئاپپارات، سىنئالغۇمۇ ئەمەس، شۇڭا سەنئەتكارنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى يېتەرلىك مۆلچەرلەش كېرەككى، سەنئەت تۇرمۇش بىلەن ئوخشاش نەرسە دەپ قارىماسلىق لازىم.

## 2. «ئىپادىلەش» قارىشى

بۇ قاراشتىكىلەر ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى يازغۇچى ـ سەنئەتكارلار قەلبىنىڭ ئىپادە قىلىنىشى دەپ قاراپ، ئىجادىيەت پەقەت سۇبيېكتنىڭ ئۆزىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇ، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. غەربتە ئىجادىيەتنى سۇبيېكتىپ نۇقتىدىن مۇھاكىمە قىلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى شەرھلەشنىڭ تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن. ئەڭ ئاۋۋال، يۇنان پەيلاسوپى پلاتون ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئىلھامنىڭ ئىپادىلىنىشى دەپ قارىغانىدى. رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى بەزى ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىچىلىرى ئۆز كۆز قارىشىغا ئاساسەن، سەنئەتنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تەسەۋۋۇرغا يىغىنچاقلىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، تەسەۋۋۇر «تەقلىدكە قارىغاندا تېخىمۇ قابىل سەنئەتكار، تەقلىد پەقەتلا كۆز بىلەن كۆرگەن نەرسىلەرنىلا يارىتالايدۇ، تەسەۋۋۇر بولسا، كۆز بىلەن كۆرمىگەن نەرسىلەرنىمۇ تەسۋىرلەپ، كۆز بىلەن كۆرەلمىگەن نەرسى-

لەرنى رېئاللىقنىڭ ئۆلچىمى قىلىدۇ» .[1] XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، رومانتىزم ھەرىكىتىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، تەقلىد قارىشى بىلەن قارىمۇ قارشى بولغان ئىپادىلەش قارىشى شەكىللەندى. شائىر ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ بەزىلىرى بولسا، شېئىرغا «ئىچكى ماھىيەت بىلەن ئۆز ـ ئۆزىنى ئىپادىلەش شەكلى»[2] دەپ تەبىر بەردى.

ئىپادىلەش قارىشىنى ئېستېتىكا ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى سىستېمىسىغا ئېلىپ كىرىش 20 ـ ئەسىردىكى ئىش بولۇپ، ئىتالىيىنىڭ ئاتاقلىق ئېستېتىكا ئالىمى كېروچ سەنئەت — ئىدراكسىز بىۋاستە سېزىم، يەنى تەسەۋۋۇر ياكى ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر، دەپ قارىغان. كېيىن ئەنگلىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىچىسى كىرنىئۇد ئۆزىنىڭ «سەنئەت پرىنسىپلىرى» ناملىق كىتابىدا، سەنئەتنىڭ ئىپادىلەش خاراكتېرىنى قۇۋۋەتلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ قايتا گەۋدىلەندۈرۈش خاراكتېرىنى ئىنكار قىلغان. ئۇ سەنئەت ئەسىرى قايتا گەۋدىلەندۈرمەي، ئۆز ئىجادىيىتىدە تەسەۋۋۇرئارقىلىق ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەندىلا، ھەقىقىي سەنئەت ئەسىرى بولالايدۇ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. زوشەنكى، ئىپادىلەش قارىشى يۇقىرىدىكى نەزەرىيىچىلەرنىڭ سىستېمىلاشتۇرۇشى نەتىجىسىدە XX ئەسىردىكى غەرب ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئەدەبىيات تەنقىدىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى.

ئىپادىلەش قارىشىنىڭ ئەۋزەللىكى شۇكى، ئۇنىڭدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھادىسىلىرى ئاپتور ۋە پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈلۈپ، ئەنئەنىۋى تەقلىد — قايتا گەۋدىلەندۈرۈش قارىشى نەزەردىن ساقىت قىلغان سۇبيېكتنى تولۇقلاپ، سۇبيېكتىپ-

---

① «غەرب ئەدەبىياتى ھەققىدىكى ماقالىلەردىن تاللانىلار» خەنزۇچە نەشرى، 134 ـ بەت.

② «ياۋروپا، ئامېرىكا كلاسسىكلىرى رېئالىزم ۋە رومانتىزم توغرىسىدا» (شېللى: «شېئىر ھەققىدە مۇنازىرە»)، خەنزۇچە نەشرى، 292 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

نىڭ ئىجادىيەتتىكى پائالىيەتچانلىقىغا ئېتىبار بېرىلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قانۇنىيىتى بەزى ئەقىلغا مۇۋاپىق نۇقتىئىنەزەرلەر بىلەن تولۇقلاندى. ۋەھالەنكى، يېقىنقى ۋە ھازىرقى غەرب ئەللىرىدە باش كۆتۈرگەن ئىپادىلەش قارىشى پەلسەپۋى جەھەتتىن ئىدېئالىزمنى ئاساس قىلدى. ماركس «فېيېرباخ توغرىسىدا تېزىس»تا «ماتېرىيالىزمنىڭ ئەكسىچە، ئىدېئالىزم پائالىيەتچان تەرەپنى راۋاجلاندۇردى، بىراق ئابستراكت ھالدىلا راۋاجلاندۇردى، چۈنكى ئىدېئالىزم ھەقىقىي رېئال ۋە ھېسسىي پائالىيەتنىڭ ئۆزىنى بىلمەيدۇ، ئەلۋەتتە.»[1] دەپ كۆرسەتكەندەك، ئىپادىچىلىك نەزەرىيىسى ماددىي دۇنيانىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى، ئىنسان ھېسسىياتىنى ۋە شۇ خىل ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان سەنئەتنى تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى بولمىغان، نوقۇل سۇبيېكت دەپ قارىدى. ئەمەلىيەتتە، ھەرقانداق ھېسسىيات خىلمۇ خىل فىزىكىلىق، پسىخولوگىيىلىك، مۇھىتلىق، ئەنئەنىۋىلىك ئامىللاردىن تەركىب تاپقان بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئوبيېكتىپ ئامىللار بىلەن سۇبيېكتىپ ئامىللارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. مەسىلەن، ئېلىيوتنىڭ «دالا» نامىلىق ئەسىرىدە ئىپادىلەنگىنى رېئاللىق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان ئابستراكت ھېسسىيات ئەمەس، «دالا» بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە دىنىي ئېتىقادتىن مەھرۇم بولغان ياۋروپاغا سىمۋول قىلىنغان. شائىر ئەينى ۋاقىتتىكى ياۋروپانى ئادەتتىكى بىر دالا ئەمەس، بەلكى بىر قاراڭغۇ، دەھشەتلىك زىندان سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن.

غەرب ئىپادىلەش قارىشىنىڭ ئاجىزلىقى دەل ئۇنىڭ ئىپادىلەش قارىشىنىڭ ئەقىلغا مۇۋاپىق جايلىرىنى، يەنى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تۇرمۇشقا يېقىنلىشىش ۋە تۇرمۇشنى ئەكس

[1] «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» ئۇيغۇرچە (يېڭى يېزىق) نەشرى، 1 ـ توم، 1 ـ كىتاب، 27 ـ بەت.

ئەتتۇرۇش مۇناسىۋىتىنى تاشلىۋەتكەنلىكىدە.

## 3. «پائالىيەتچان ئىنكاس» قارىشى

پائالىيەتچان ئىنكاس قارىشى، يازغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى پائالىيەتچانلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇشى — ئادەمنىڭ تۇپ ماھىيىتىنىڭ ئوبيېكتلاشقانلىقىنىڭ مەھسۇلى دەپ ھېسابلايدۇ. رېئاللىق يازغۇچىنىڭ ئەكس ئەتتۇرۇش ئوبيېكتىغا ئايلانغاندا، ئۇ ئىلگىرىكىدەك ئىجادىي سۇبيېكتنىڭ سىرتىدىكى نوقۇل ئوبيېكتىپ شەيئى بولماستىن، بەلكى ئىجادىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز سۇبيېكتنىڭ كۆزىتىشى، قوبۇل قىلىشى، ھېس قىلىشى، پىششىقلاپ ئىشلىشى ۋە ئۆزگەرتىشىدىن ئۆتۈپ، تەبىئىي ھالەتتىكى نەرسىدىن ئاڭ شەكلىدىكى نەرسىگە ئۆزگىرىپ، ھەر جەھەتتە سۇبيېكتنىڭ ئىز - تامغىسى بېسىلغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى سۇبيېكتىپلىق بىلەن ئوبيېكتىپلىقنىڭ مۇستەھكەم بىرلىشىشىنىڭ مەھسۇلى. يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى رېئاللىق مۇتلەق تۇرمۇش رېئاللىقىنىڭ «ۋارىيانتى» بولماستىن، ئەكسىچە يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقى بىلەن ئېستېتىك پوزىتسىيىسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان «ئىككىنچى رېئاللىق» تۇر. ئىلگىرىكى قايتا گەۋدىلەندۈرۈش قارىشى يازغۇچىنىڭ رولىنى پەقەتلا تەقلىد قىلىش ۋە ئەينەكتەك ئەكس ئەتتۇرۇشتىنلا ئىبارەت دەپ قاراپ، سەنئەتنى رېئاللىق بىلەن ئوخشاش خاراكتېردىكى نەرسە دەپ ھېسابلىدى. پائالىيەتچان ئىنكاس قارىشى بولسا، تۇرمۇشنىڭ ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئىجادىيەتنىڭ بىر خىل مۇرەككەپ مەنىۋى پائالىيەت ئىكەنلىكىنى، بۇ جەرياندا سۇبيېكتنىڭ ھەم تۇرمۇشتىن كەلگەنلىكىنى، ھەم تۇرمۇشتىكىگە ئوخشىمايدىغان ئېستېتىك ئوبيېكت ھاسىل قىلىد-

www.uyghurkitap.com

دىغانلىقىنى، بەدىئىي ئەسەر مەزمۇنىنىڭ يادروسى تۇرمۇشتىن ئېلىنغان ماتېرىياللارنىڭ ئۆزى بولماستىن، سەنئەتكارلارنىڭ سۇبيېكتىپ پىكىر يۈرگۈزۈشى ۋە قايتا پىششىقلاپ ئىشلىشى ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان روھ، سەنئەتكارنىڭ ئەسەرگە سىڭدۈرگەن قەلبى ۋە ئىچكى ھاياتىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. رەسساملىقتا رەسسام ئۆز قەلبى، سۇبيېكتىپ ئېڭى ۋە سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى رەڭ، سىزىق ۋە قەغەز ياكى رەختنى ۋاستە قىلىپ ئوبيېكتىپ ھالدا سىزىپ چىقىدۇ. يازغۇچى - شائىرلار بولسا، تىلنى ۋاستە قىلىپ، تىل ئارقىلىق ئۆز قەلبىنى ئىزھار قىلىدۇ ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، سەنئەت ھامان بەلگىلىك ماددىي شەكىل ئارقىلىق قايتا گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن ئىپادىلەشنى بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، قايتا گەۋدىلەندۈرۈشتە ئىپادىلەش، ئىپادىلەشتە قايتا گەۋدىلەندۈرۈش بولىدۇ. نوقۇل قايتا گەۋدىلەندۈرۈش بولمىغىنىدەك، نوقۇل ھالدىكى ئىپادىلەشمۇ بولمايدۇ.

پائالىيەتچان ئىنكاس سەنئەتنى قوبۇل قىلىش جەريانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ئاپتور يازغان ئەسەر زوقلانغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇرى بىلەن ھېسسىياتىنى قوزغاپ، ئۇلارنى بۇ ئەسەردىن ئۆز ئۇسلۇبى بويىچە زوقلىنىش، چۈشىنىش ۋە قايتا ئىجاد قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. كىتابخانلار ۋە تاماشىبىنلارنىڭ ئىنكاسىمۇ بىر خىل پائالىيەتچان ئىنكاس بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن، سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، تۇرمۇشقا تەسىر كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن سەنئەت ئىجادىيىتىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

قىسقىسى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن يازغۇچىغا، يازغۇچىدىن ئەسەرگە، ئەسەردىن كىتابخانغىچە بولغان جەريان ئەدەبىيات پائالىيىتىنىڭ مۇكەممەل جەريانى بولۇپ، ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئەدەبىياتتىن بەھرىلىنىش جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ ئۈچ ھالقا بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغانلىقتىن، ئۇنى
مۇكەممەل بىر سىستېما سۈپىتىدە مۇھاكىمە قىلغاندىلا، ئەدەبى-
ياتنىڭ سۇبيېكتىپ ئامىل بىلەن ئوبيېكتىپ ئامىلنىڭ بىرلى-
كى، ئىپادىلەش بىلەن قايتا گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ ئورگانىك بىر-
لىكى، ئىجادىيەت بىلەن قوبۇل قىلىشنىڭ زىچ بىرلىكىدىن ئىبا-
رەت ئىكەنلىكىنى توغرا چۈشەنگىلى بولىدۇ.

# § 3 . ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى ۋە خاھىشچانلىقى

## 1 . ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى ۋە خاھىشچانلىقى

### 1) ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى

مەلۇم بىر ئەدەبىي ئەسەرگە قارىتا ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قىممى-
تى كىتابخانلارنىڭ ئۇنىڭدىن قايسى دەرىجىدە لەززەت ئېلىشى
بىلەن ئۆلچىنىدۇ. كىتابخانلارنىڭ مەنىۋى لەززەتكە ئېرىشىشى،
روھىي قانائەت ھاسىل قىلىشى، قايىل بولۇشى پەقەت بەدىئىي
ئەسەردىكى گۈزەل ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن چىنلىق ئاسا-
سىدىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. دېمەك، ئەدەبىياتتا تۇرمۇش چىنلىق
بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى چىنلىق بىلەن
ئىپادىلەپ بېرىلگەن ئەسەرلا ئاكتىپ ئىجتىمائىي ئۈنۈم پەيدا
قىلالايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، چىنلىق ئەدەبىياتنىڭ جې-
نى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىي ئىجادىيەتتە چىنلىق مەسىلىسىگە
ئالاھىدە دىققەت قىلىنىشى لازىم. ۋەھالەنكى، ئەدەبىيات ـ سەن-
ئەتنىڭ چىنلىقى ھەققىدە بۇرۇندىن بەزى بىر تەرەپلىمىلىك
چۈشەنچىلەر بار. مەسىلەن، رېئاللىق ھەققىدىكى تەسۋىرنىڭ
رېئاللىق بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش بولۇشى ۋە سەنئەت ئوبرازىنىڭ
ئەسلىدىكى پروتوتىپ ياكى شەيئىنىڭ ئۆزى بولۇشىنى تەلەپ
قىلىپ، سەنئەتنى ئەسلىدىكى رېئال شەيئىنىڭ ۋارىيانتى، نۇس-

خىسى ياكى تەقلىد قىلىنىشى دەپ قاراپ، سەنئەتنى رېئاللىق بىلەن باپباراۋەر ئورنىغا قويۇش. بۇ چىنلىق ھەققىدىكى ناتوغرا چۈشەنچە بولۇپ، بىۋاسىتە ئىنكاس قارىشىنىڭ چىنلىق مەسىلىسىدىكى تەسىرى.

سەنئەت — رېئاللىقنىڭ پائالىيەتچان ئىنكاسى. ئۇنى رېئاللىق بىلەن تەڭ ـ باراۋەر ئورۇنغا قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئىجادىيەتنىڭ سۇبيېكتىپلىقىغا ۋە سەنئەتنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە سەل قاراپ، رېئاللىقنى خۇددى فوتو ئاپپاراتتا تارتقاندەك مېخانىك ھالدا كۆرسەتكەندە، سەنئەتتىن، ئىجادىيەتتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ۋېن يىدۇ: «مۇتلەق ھالدا نېمە بولسا شۇنى يېزىش — سەنئەتنى ۋەيرانچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ.»[1] دېگەن، گيوتې: «سەنئەتنىڭ تەبىئەتنىڭ مۇقەررەرلىكىگە تامامەن بويسۇنۇشى ناتايىن، ئۇنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بار.»[2] دېگەنىدى.

سەنئەت چىنلىقى دېگەن سۆزدە رېئاللىققا ئوخشاش بولۇشى، يەنى تۇرمۇش بىلەن بەزى ئوخشاپ كېتىدىغان جايلىرى بولۇشى كېرەك دېگەن مەنىدە بولسىمۇ، لېكىن ئوخشىشىپ قالغانلىق ئوپئوخشاش بولغانلىق ئەمەس، بەلكى ھەم ئوخشايدىغان، ھەم ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى بار دېگەنلىك.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىر خىل ئالاھىدە ئاڭ شەكلى سۈپىتىدە رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. لېكىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشى ھەرگىز رېئال تۇرمۇشتا نېمىنى كۆرسە شۇنى خاتىرىلەپ قويۇش ئەمەس، بەلكى يازغۇچى ـ سەنئەتكارنىڭ تۇرمۇش تەرىپىدىن قوبۇل قىلغان تەسىراتلىرى ئاساسىدا قايتىدىن توقۇلما ۋە تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ ئىجاد قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. شۇڭا ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقىنى رېئاللىققا ئۇيغۇن دېگەندىن كۆرە، رېئاللىق ھەققىدىكى بەدىئىي توقۇلما،

---

[1] ۋېن يىدۇ: «قىش ئاخشىمىدىكى ئوبزورلار».
[2] «گيوتې سۆھبەتلىرى». خەنزۇچە نەشرى، 136 ـ بەت.

تەسەۋۋۇر ھەم قايتا ئىجادىيەتنىڭ نەتىجىسى دېگەن تۈزۈك. ئەدەبىياتتىكى چىنلىق ھامان ھادىسىنىڭ، پاكىتنىڭ، تەپسىلاتنىڭ چىنلىقىدىن ئۈستۈن بولۇپ، كىتابخانلارغا ھەم راستتەك، ھەم راست ئەمەستەك تۇيۇلىدۇ. كىتابخان پەقەت روھىي جەھەتتىن قايىل بولسىلا، پاكىتنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. ئەگەر بىرەر ئەدەبىي ئەسەر كىتابخاننىڭ قەلبىدە ساپ، ھەقىقىي تەسىرات پەيدا قىلالمايدىغان بولسا، تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى قانچە ئەينەن تەسۋىرلىگەن بىلەنمۇ كىتابخان بەربىر ئۇنداق ئەسەردىن چىنلىق تۇيغۇسىغا ئىگە بولالمايدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى ئوبيېكتىپلىق بىلەن سۇبيېكتىپلىقنىڭ، ئېھتىماللىق بىلەن رېئاللىقنىڭ، ئايرىملىق بىلەن ئومۇملۇقنىڭ بىرلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تۇرمۇش چىنلىقىدىن ئۈستۈن بولغان بەدىئىي چىنلىقنى كۆرسىتىدۇ.

تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن بەدىئىي چىنلىق بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل چۈشەنچە بولۇپ، ئۇلار ھەم ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك، ھەم پەرقلىق.

تۇرمۇش چىنلىقى — ئەمەلىي مەۋجۇت بولغان بارلىق كونكرېت تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى، يەنى تۇرمۇشنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتى ۋە ئېپتىدائىي قىياپىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى، يەنى بەدىئىي چىنلىق تۇرمۇش چىنلىقىنى تاۋلاش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئۆزگەرتىش ئاساسىدا، يازغۇچىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى، ئۇسلۇبى، ئېستېتىك قارىشى ئاساسىدا بەدىئىي توقۇلما قىلىش ۋە بەدىئىي تەسەۋۋۇر قىلىشنىڭ مەھسۇلى. بەدىئىي چىنلىق قارىماققا تۇرمۇش چىنلىقىغا ئوخشاپ قالىدۇ، لېكىن ئۇ تېخىمۇ مول مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۇرمۇشنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرەلەيدىغان، كىشىلىكنىڭ چىن مەنىسىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان، گۈزەللىك قانۇنىيىتى بىلەن غايىسىنى گەۋدىلەندۈرەلەيدىغان چىنلىقتۇر. قىسقى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سى، پىششىقلاپ ئىشلەش، ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق تۇرمۇش-نىڭ ئەسلىدىكى ھالىتى ۋە قىياپىتىنى قايتا ئۆزگەرتىپ، ماھىيەتلىك، قانۇنىيەتلىك ۋە ئېستېتىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ھالدا بەدىئىي ئىپادىلەپ بېرىش بەدىئىي چىنلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە قانداق قىلغاندا بەدىئىي چىنلىققا يەتكىلى بولىدۇ؟

بەدەبىي ئىجادىيەتتە بەدىئىي چىنلىققا يېتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن يازغۇچىلار تۇرمۇشنى چىقىش نۇقتا قىلىشى، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشى، تۇرمۇشنى پىششىق ئۆگىنىشى ۋە تۇرمۇشنى توغرا تونۇشى، توغرا چۈشىنىشى لازىم. بەدىئىي چىنلىق ئوبيېكتىپ رېئال تۇرمۇشنىڭ بىرىنچى ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئەگەر ئەدەبىي ئىجادىيەتتە رېئال تۇرمۇشتىن ئايرىلغان ھالدا خالىغانچە قۇرۇق توقۇلما قىلىنىدىكەن، تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى تۇرمۇش بۇرمىلىنىشتەك ھادىسە كېلىپ چىقىدۇ. يازغۇچىلار تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشتە پۇختا تۇرمۇش ئاساسىغا ئىگە بولۇشتىن سىرت، يەنە تۇرمۇشنى سەنئەتكارغا خاس كۆزىتەلەيدىغان ئېستېتىك دىتقا ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتىگە ئىگە بولۇشى شەرت. تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن بەدىئىي چىنلىق ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن پەرق بار بولۇپ، بۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

1. تۇرمۇش چىنلىقى كۆپىنچە رېئال تۇرمۇشنىڭ ئەمەلىي قىياپىتى، ھالىتىگە قارىتىلغاچقا، تارقاق، چېچىلاڭغۇ ھالەتتە بولۇپ، تەبىئىي ھالەتتىكى بۇ نەرسىلەر تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيەتلىك تەرەپلىرىنى تولۇق، مۇكەممەل ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. ئەدەبىياتتا يازغۇچىلار ئۇلارنى قانداق بولسا شۇ پېتى بەدىئىي ئەسەرگە كىرگۈزمەي، تاللاش، مەركەزلەشتۈرۈش ۋە بەدىئىي توقۇلما قىلىشتىن ئۆتكۈزىدۇ.

2. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن چىنلىق يازغۇچىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىشى، بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئۆتكۈزۈشى ۋە تاللىشى ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەچكە، تۇرمۇش پاكىتلىرى جەھەتتىكى چىنلىققا قارىغاندا تېخىمۇ چىن، تېخىمۇ تىپىك بولىدۇ.

3. تۇرمۇش چىنلىقى تەبىئىي ھالەتتىكى نەرسە بولغانلىقتىن، ئۇ يازغۇچىلارنىڭ سۇبيېكتىپ باھاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. لېكىن بەدىئىي چىنلىق مۇقەررەر ھالدا يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان باھاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4. ئەدەبىياتتا ئىجادىيەتنىڭ خام ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئىشلىنىدىغان پاكىت ـ مەسىلىلەر مەلۇم دەرىجىدە تىپىكلىككە ئىگە. لېكىن تۇرمۇشتىكى پاكىت ـ ھادىسىلەر مەيلى قانچە تىپىكلىككە ئىگە بولسۇن، ئۇ بەرىبىر كۆرۈنۈش جەھەتتىكى چىنلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىدىيىۋى ئەھمىيىتىنىڭمۇ ئانچە روشەن، گەۋدىلىك بولۇشى ناتايىن. لېكىن ئەدەبىياتتىكى بەدىئىي چىنلىقتا ئىپادىلەنگەن ماھىيەت ئەمەلىي پاكىتلاردىن چىقىپ تۇرغان ماھىيەت ۋە مەنىگە قارىغاندا تېخىمۇ روشەن ۋە گەۋدىلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەدەبىياتتىكى چىنلىق پەقەت تۇرمۇش پاكىتلىرىغا ئۇيغۇنلىشىش ـ ئۇيغۇنلىشالماسلىق جەھەتتىكى چىنلىق بولماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى، تۇرمۇشنىڭ ماھىيەت جەھەتتىكى چىنلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىش ـ بېرەلمەسلىك جەھەتتىكى چىنلىق. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تۇرمۇش پاكىتلىرىغا ئۇيغۇنلىشىش ـ ئۇيغۇنلىشالماسلىقتەك ئەھۋاللارغا يول قويۇلسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك چىنلىقىغا ئۇيغۇنلىشالماسلىققا ياكى ئۇنى بۇرمىلاشقا يول قويۇلمايدۇ.

2) ئەدەبىياتنىڭ خاھىشچانلىقى

ھەرقانداق بەدىئىي ئەسەر يازغۇچىنىڭ ئېتىراپ قىلىش ياكى

قىلماسلىقىدىن قەتئىينەزەر بەلگىلىك خاھىشتىن خالىي بولالمايدۇ. ۋەھالەنكى، خاھىشچانلىق بەزى ئەسەرلەردە ئېنىق، بەزى ئەسەرلەردە بولسا غۇۋا ئىپادىلىنىدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ خاھىشچانلىقى بەدىئىي ئەسەرلەرگە خۇددى تاشنى تاياقتا تاڭغاندەك زورمۇ زور تېڭىلغان نەرسە بولماستىن، بەلكى ئەدەبىي ئەسەر ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئۆزلىكىدىن ئىپادىلىنىدىغان يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسى، تۇرمۇش ھەققىدىكى تونۇشى، مۇھەببەت ـ نەپرەتى ۋە ئېستېتىك غايىسىدۇر. ئۇ بەدىئىي ئوبراز ياكى بەدىئىي مۇھىت ئىچىدە گەۋدىلەنگەن يازغۇچى سۇبيېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، يازغۇچى ـ سەنئەتكارلار ئۆز ئەتراپىدىكى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە قارىتا سىياسىي، ئەخلاقىي يۈزلىنىشىنى مۇھەببەت ۋە نەپرەتى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەشتىن خالىي بولالمايدۇ. ئەمما مۇنداق خاھىشچانلىق مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەردە بەدىئىي ئوبرازغا ئىنتايىن تەبىئىي ھالدا سىڭىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

يازغۇچى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان» ناملىق رومانىدا، قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئۇچىنچى سۇلتانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ يارقىن ئوبرازى مەركەز قىلىنغان ھالدا ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتنىڭ كەڭ مەنزىرىسى تەسۋىرلىنىپ، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ھامىيلىرى، ئىلغارلىقنىڭ كۈشەندىلىرى پاش قىلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قەھرىمانلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەم مەرىپەتپەرۋەرلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل خىسلەتلىرىگە مەدھىيە ئوقۇلىدۇ. رومانىدا ئۆز ـ ئۆزىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرغان رېئالىستىك ۋە ئېستېتىك خاھىش يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئوبرازلىرىغا، جۈملىدىن مەنزىرە تەسۋىرلىرى ئىچىگىمۇ تەبىئىي ھالدا سىڭدۇرۇۋېتىلگەن.

ئەدەبىياتنىڭ خاھىشچانلىقىغا ماركسىزم كلاسسىكلىرى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئېنگېلس مىننا كائۇتسكىغا يازغان خېتىدە-

دە، «كونىلار ۋە يېڭىلار» ناملىق رومانىنى باھالاشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى خاھىشچانلىق بىلەن بەدىئىي چىنلىق ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى دىئالېكتىك يوسۇندا بايان قىلىدۇ. يەنە ئېنگېلس 1845 ـ يىلى «كوممۇنىزمنىڭ گېرمانىيىدىكى تېز تەرەققىياتى» ناملىق ئەسىرىدە شوبىننار ئەسىملىك رەسسامنىڭ بىر پارچە رەسىمىنى «سوتسىيالىزمنى تەشۋىق قىلىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ رەسىمنىڭ ئوينىغان رولى 100 پارچە كىتابچىنىڭ رولىدىنمۇ چوڭ بولدى» دەپ ماختىدى. ئېنگېلس بۇ يەردە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشىنى كۆزدە تۇتقانىدى. ئەدەبىياتنىڭ خاھىشچانلىقى بىر خىل كەڭ ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ ھېسسىي خاھىش، ئىدىيىۋى خاھىش ۋە ئېستېتىك خاھىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۈچ خاھىش ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىر ـ بىرىگە ئۆتۈشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يازغۇچىلارنىڭ سۇبيېكتىپ ھەۋەسلىرى، ئېستېتىك قىزىقىشلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ خاھىشلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ھەتتا بىر يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئالەم قارىشى، كىشىلىك قارىشى، سىياسىي قارىشى ۋە ئېستېتىك قارىشىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش ئاساسىدا ئۇنىڭ ھەرقايسى دەۋردىكى ياكى شارائىتتىكى ئەسەرلىرىدە ئوخشاش بولمىغان خاھىش ئەكس ئېتىدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى بىلەن خاھىشچانلىقىنىڭ دىئالېكتىكىلىق بىرلىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا چىنلىق خاھىشچانلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى. خاھىشچانلىقمۇ ئەسەرنىڭ چىنلىق دەرىجىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىي ئەسەردىكى خاھىشچانلىق يازغۇچىنىڭ ئۆزى تەسۋىرلىگەن شەيئىگە بولغان باھاسى ۋە پوزىتسىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا خاھىشچانلىق يازغۇچى تەسۋىرلىگەن شەيئىدىن، بولۇپمۇ شۇ شەيئىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كىدىن ئايرىلىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر ئەسەرنىڭ خاھىشى ئىجتىمائىي، تارىخىي رېئاللىق تەلىپىگە ئۇيغۇن بولسا، ئاپتورمۇ بەدىئىي ئىجادىيەت قانۇنىيىتى بويىچە ئىجاد قىلغان بولسا، ئەسەرنىڭ چىن بولۇشى، رېئاللىقنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىشى تەبىئىي. ئەگەر يازغۇچى ئۆزىنىڭ نوقۇل سۇبيېكتىپ خاھىشىغا بېرىلىپ، تارىخىي رېئاللىق تەلىپىگە خىلاپ ھالدا توقۇلما قىلسا، ئۇنداق ئەسەرنىڭ چىنلىقىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. دېمەك ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى بىلەن خاھىشچانلىقى بىر - بىرىگە تايىنىپ، ئورگانىك باغلىنىپ تۇرىدۇ.

## 2. ئەدەبىياتتىكى ئىنسان تەبىئىتى ۋە خەلقچىللىق

### 1) ئەدەبىياتتىكى ئىنسان تەبىئىتى

ئىنسان تەبىئىتى — ئىنسانلارغا خاس بولغان ماھىيەتلىك ئورتاق خۇسۇسىيەت. ئۇ ئادەملەرنىڭ ئورتاق تەبىئىي خۇسۇسىيىتى بىلەن ئورتاق ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. تەبىئىي خۇسۇسىيەت بولسا، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مەھسۇلى بولغان ئادەمنىڭ ئەسلىدىكى بىئولوگىيىلىك تۇغما ئىقتىدار ۋە ئېھتىياجىنى كۆرسىتىدۇ، ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەت ئاساسەن، ئاتا - بالىلىق مۇھەببىتى، ئەر - ئاياللىق مۇھەببىتى ۋە ئۆز يۇرتىنى سېغىنىش، دوستلىرىغا سادىق بولۇش، تەبىئىي گۈزەللىكنى ياقتۇرۇش قاتارلىق ئادەمدە دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئورتاق ھېسسىياتنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنداقتا، ئىنسان تەبىئىتى قانداق ئەسەرلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟ بۇنىڭغا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئەسەرلەرنى مىسالغا ئېلىش مۇمكىن:

بىرىنچى خىلى، ئېتىز - ئېرىق، باغۋاران، تاغ - دەريالار تەسۋىرلەنگەن شېئىرلار، تەبىئەت مەنزىرىلىرى، گۈل - گىياھلار، ئۇچار قاناتلار سۈرەتلەنگەن ئەسەرلەر.

ئىككىنچى خىلى، ئاتا - ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەت، قىز - ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەر، ئىنسانلار ئارىسىدا بولىدىغان جىزدالىق ھېسسىياتلىرى ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەر.

ئۈچىنچى خىلى، مۇئەييەن تارىخىي دەۋردە مەيدانغا كەلگەن، جەمئىيەتتىكى ئورنى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرمۇ ئورتاق قوبۇل قىلالايدىغان ئەسەرلەر. مەسىلەن، بىرەر دۆلەت ياكى مىللەت سىرتقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغاندا، ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ ئاپەتتىن قۇتۇلۇش پۈتۈن مەملىكەت ۋە پۈتۈن مىللەتنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي ئىشىغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بارلىق كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەت تەدرىجىي ھالدا بىردەكلىككە ئىگە بولىدۇ، بۇ چاغدا دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ، مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇشنى تەرغىب قىلىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر جەمئىيەتتىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئورتاق زوقلىنىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ، ئىنسان تەبىئىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل ئەسەرلەردە ئاساسەن ئادەملەرنىڭ ئورتاق ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى، يەنى ئىنسان تەبىئىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولىدۇ. ئېستېتىكا جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۈرلۈك كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئورتاق گۈزەللىك ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. ئورتاق گۈزەللىك قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە مەۋجۇت. ھەممىسىلا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئەكس ساداسىنى قوزغايدۇ. مۇنداق ئەھۋالنىڭ بولۇشى، ئوخشاشمىغان دەۋر، ئىر ناشمىغان مىللەت، ئوخشاشمىغان كۆزقاراشقا تەۋە كىتابخانلارنىڭ ئوخشاش بىر ئەدەبىي ئەسەردىن زوقلانغاندا ئومۇمەن ئوخشاپ كېتىدىغان ئېستېتىك ھېسسىياتقا، روھىي ھالەتكە ئىگە بولۇشى بىلەن مۇنا-

www.uyghurkitap.com

سىۋەتلىك. بولۇپمۇ ئىنسانىيەتنىڭ تۈپ تەلىپىنى ۋە ئورتاق
مەنۋى سۈپەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر كىشى-
لەرنىڭ ئورتاق ئەكس ساداسىنى قوزغايدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى-
دەك ئەھۋاللاردا ئەدەبىيات ھەرقاچان ئىنسان تەبىئىتىنى ئىپادى-
لەيدۇ.

2) ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقى

(1) خەلقچىللىق چۈشەنچىسى

ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقى دېگەن بۇ چۈشەنچىنىڭ ئوتتۇرىغا
قويۇلغانلىقىغا XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە 100
يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولدى. خەلقچىللىق ئۇزاقتىن بۇيان ئەدە-
بىيات نەزەرىيىسىدىكى تۈپكى مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ
كەلدى.

روسىيىنىڭ ئۇلۇغ دېموكراتلىرىدىن بولغان بېلىنسكىي بى-
لەن دوبرولىيوبوۋ ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقى توغرىسىدا توختى-
لىپ، ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقى ھۆكۈمران سىنىپلارنى رەھىم-
سىزلىك بىلەن تەنقىد قىلىپ، خەلقنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسى-
ياتى - ئارزۇسى ۋە مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە، رېئال
تۇرمۇشنى ھەقىقىي ۋە چوڭقۇر تەسۋىرلەشتە ئىپادىلىنىدى-
غانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ خەلقچى-
لىقىنى چاررۇسىيىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى پاش قىلىش
ۋە خەلقنىڭ ئازادلىق كۈرەشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرگەن. ئەدەبى-
ياتنىڭ تەنقىدىي رېئالىزم بىلەن بىرلەشتۈرگەنىدى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى
ئۈستىدە توختالغىنىدا، گەرچە خەلقچىللىق دېگەن سۆزنى قوللان-
مىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىلغارلىقىغا ۋە دېموكراتىك
خاراكتېرىگە بەرگەن باھالىرى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ خەلقچىللى-
قىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېنىننىڭ ھەرقانداق مىللىي مەدەنى-
يەتتە ئىككى خىل مىللىي مەدەنىيەت بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى

تەلىماتى ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىكى خەلقچىللىق نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسى.

خەلقچىللىقنىڭ مەنىسىنى توغرا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۇ- چۇن، ئەڭ ئاۋۋال خەلق دېگەننىڭ مەنىسىنى توغرا ئايدىڭلاشتۇ- رۇش كېرەك.

«خەلق» تارىخىي كاتېگورىيىگە مەنسۇپ بولغان بىر ئۇقۇم بولۇپ، ئوخشاشمىغان تارىخىي دەۋردە ئوخشاشمىغان كونكرېت مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، ئېلىمىزنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ياپون تاجاۋۇزچى- لىرىغا قارشى تۇرغۇچى بارلىق تەبىقە، ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ۋە شەخسلەرنىڭ ھەممىسى خەلق دائىرىسىگە كىرەتتى، ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە گومىنداڭغا قارشى تۇرغۇچى بارلىق تەبىقە، ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ۋە شەخسلەرنىڭ ھەممىسى خەلق دائىرى- سىگە كىرەتتى. بۈگۈنكى كۈندە بولسا «خەلق» ئۇقۇمىنىڭ دائىر- رىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۆھپە قوشۇۋاتقان بارلىق كىشىلەر توپىنى كۆرسىتىدۇ.

خەلق دېگەن ئۇقۇم تۇرلۇك تارىخىي باسقۇچتا تۇرلۇك جەم- ئىيەت ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىكەن، ئۇ ھالدا ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقىمۇ ھەر خىل تارىخىي دەۋردە ئوخشاش بولمىغان مەنىگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقىنى تەھلىل قىلغان چېغىمىزدا، ئەسەرنى مۇئەييەن تارىخىي شارائىتقا قو- يۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى دەۋر روھى، تارىخىي ئالاھىدىلىككە بىر- لەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىشىمىز كېرەك.

ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقى دېگەن نېمە؟ ماھىيەتتە، خەلق- چىللىقنىڭ ئۆزى ئىنسان تەبىئىتى بولىدۇ. شۇڭا بەلگىلىك تارىخىي دەۋردىكى خەلقنىڭ ئىدىيىسى، كەيپىياتى، ئارزۇ - ئىستىكى ۋە مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، خەلق كۆڭۈل بۆلۈ- دىغان مۇھىم مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، مەلۇم ئىلغار

ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، خەلققە ھېسداشلىق قىلىدىغان، خەلققە ئېستېتىك زوق بەخش ئېتىدىغان ھەم كەڭ خەلق ئاممىسى ياقتۇ-رۇپ ئوقۇيدىغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى خەلقچىللىققا ئىگە بول-غان ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقىنى قايتا ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ، ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقىنى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆلچەيدىغان ئىدىيىۋى پرىنسىپ قىلىشنىڭ ۋە ئەدەبىي تەنقىدنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئىدىيىۋى ئۆلچىمى قىلىشنىڭ قانداق زۆرۈ-رىيىتى بار؟ بۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تېمىسى ۋە مەزمۇنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەممە ئەسەرنىڭ تېمىسى ۋە مەزمۇنى سىياسىي مەز-مۇننى ئىپادىلەۋەرمەيدۇ. تاغ ـ دەريالار تەسۋىرلەنگەن بەزى شې-ئىرلار، مەنزىرە رەسىملىرى ۋە سىياسىي تۇرمۇشنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرمىگەن بەزى ئەسەرلەردە سىياسىي خاھىش ئىپادىلەن-مەيدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن بۇ ئەسەرلەر كەڭ تەبىئەتنى، گۈزەل مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلىگەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپ-تۇن قىلىدۇ، كىشىلەرنى گۈزەللىكتىن بەھرىلەندۈرىدۇ، ئالىي-جاناب زوق ـ ھەۋەسى ۋە ساغلام پەزىلىتىنى يېتىلدۈرىدۇ. شۇڭا كەڭ كىتابخانلار مۇنداق سەرلەرنى ياقتۇرىدۇ. دېمەك، مۇنداق ئەسەرلەر خەلقچىللىققا ئىگە بولغان ياخشى ئەسەرلەر ھېسابلىنى-دۇ.

ئىككىنچى، يازغۇچىنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى سەۋىيىسى-نىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشى، بەدىئىي ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىز بولۇشى تۈپەيلىدىن، بەزى ئەسەرلەر مۇقەررەر ھالدا سىياسىي تۇسكە ئىگە بولمايدۇ. لېكىن مەلۇم دەرىجىدە خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكى ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈر-گەن بولسىلا، خەلقچىللىققا ئىگە ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەدەبىياتتىكى خەلقچىللىقنى ئېتىراپ قىلىش، ئۇنى

ئەدەبىياتنى باھالايدىغان ئىدىيىۋى پرىنسىپ قىلىش، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا پايدىلىق.

(2) خەلقچىللىقنىڭ ئىپادىلىرى ۋە ئەھمىيىتى

خەلقچىللىق ئىلغار ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي خاھىشى. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، ئەدەبىي ئەسەرلەردە خەلقنىڭ تۇرمۇش ۋە كۈرەشلىرى، ئارزۇ - ئىستەكلىرى، ئازاب - ئوقۇبىتى ۋە شاد - خۇراملىقى، غايىسى بىۋاسىتە تەسۋىرلىنىدۇ. خەلق ئاممىسى بىۋاسىتە تەسۋىرلەنمىگەن ئەسەرلەرمۇ خەلقچىللىققا ئىگە ئەسەرلەر بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر يازغۇچى خەلقنى بىۋاسىتە تەسۋىرلىگەن بىلەن، خەلقنى ھاقارەتلىسە، خەلققە ھېسداشلىق قىلمىسا، مۇنداق ئەسەرلەر خەلقچىللىققا ئىگە بولالمايدۇ.

ئىككىنچى، خەلقنىڭ تەقدىرىگە ھېسداشلىق قىلىش، خەلقنىڭ كۈرەشلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ھۆكۈمران تەبىقىنى پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بەزى ئەسەرلەردە خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىۋاسىتە تەسۋىرلەنمەي، پەقەت ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن يازغۇچى خاتا مەيداندا تۇرۇپ ئۇنى ماختىماي ۋە گۈزەللەشتۈرمەي، ئەكسىچە خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، بۇنداق تۇرمۇشنى مەسخىرە قىلىپ ۋە قامچىلاپ، شۇ ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تەرتىپنى كۈچلۈك ئىنكار قىلغانلىقتىن، مۇنداق ئەسەرلەرمۇ خەلقچىللىققا ئىگە بولىدۇ.

ئۈچىنچى، تارىختىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار دەسلەپتە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سۈپىتىدە قوزغىلىپ ئىنقىلاب قىلغان چېغىدا، ئۇنىڭ بىلەن ھاكىمىيەتنى ئىگىلەپ تۇرغان ئەكسىيەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پايدا - زىيان توقۇنۇشى جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي زىددىيىتى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ مەنپەئەتى كەڭ خەلق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن بىردەك بولىدۇ. بۇخىل ئەھۋاللار-نى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەرمۇ خەلقچىللىقتا ئىگە بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئانا يۇرتىنىڭ، ۋەتەنىنىڭ تاغ ــ دەريالىرىغا بولغان قىزغىن مۇھەببەت، تەبىئەت مەنزىرىلىرىگە بولغان مەدھىيە، گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىش ئىپادىلەنگەن، كىشىلىك ھا-ياتتىكى مەلۇم بىر تەجرىبە ئېچىپ بېرىلگەن ئەسەرلەر خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ــ سەنئەت جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. كىشىگە بەدىئىي ھۇزۇر ۋە تۇرمۇش تەربىيىسى ئاتا قىلىدۇ. دېمەك، مۇنداق ئەسەرلەرمۇ خەلقچىلىقتا ئىگە بولىدۇ.

ئەدەبىيات نەزەرىيىسى سىستېمىسىدىكى خەلقچىللىقنىڭ ئەھمىيىتىنى يېتەرلىك دەرىجىدە مۆلچەرلەش مۇھىم. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى:

بىرىنچىدىن، خەلقچىللىق كلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرى-مىزنى ئۆلچەيدىغان، ئەدەبىيات مىراسلىرىدىكى دېموكراتىك مې-غىز بىلەن فېئوداللىق شاكالنى پەرقلەندۈرىدىغان مۇھىم ئۆل-چەم. ئۇنى ئۆلچەم قىلغاندىلا، تارىختىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، جۈملىدىن چەت ئەل ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىمۇ دەل جايىدا مۇئەييەن-لەشتۈرگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، خەلقچىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈ-رۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كەڭ كۆلەمدىكى مەنىۋى ئېھتىياجىنى ۋە گۈزەللىكتىن بەھرىمەن بولۇش تەلىپىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قانائەتلەندۈرۈشنىڭ ئىدىيىۋى پرىنسىپى. شۇڭا ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقىنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويۇش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى نۆۋەتتە، ئەدەبىياتنىڭ خىزمەت قىلىش ئوبيېكتى-نىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقى يېڭىچە مەزمۇنغا ئىگە بولماقتا.

## § 4 . ئەدەبىياتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى

### 1 . ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىشى

1) ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە چۈشەنچە

سەنئەتنىڭ مەنبەسى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ مەنبەسى زىچ باغلىنىشلىق. ئۇنداقتا، ئادەملەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ۋە قانداق مەقسەتتە ئەڭ بۇرۇنقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلغان؟ ئەڭ قەدىمكى سەنئەت ئىزلىرى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى قىيا تاشلارغا ۋە ئۆڭكۈر تاشلىرىغا سىزىلغان ياكى ئويۇلغان ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق رەسىملىرىدىن تېپىلدى. ئۇ چاغدا سىزىلغان رەسىملەر ئاساسەن ھايۋان رەسىملىرى ئىدى. مەسىلەن، ئىسپانىيىنىڭ ئالتامىرا ئۆڭكۈرىدىكى بۇغا، ياۋا كالا رەسىمى، فرانسىيىنىڭ لاسكوخ ئۆڭكۈرىدىكى ئات، ياۋا كالا ۋە بۇغا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. مۇنداق رەسىملەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قورغاس، دۆربىلجىن، نىلقا، توقسۇن قاتارلىق جايلىرىدىنمۇ تېپىلدى. دېمەك ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى سەنئىتى ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن. ئىپتىدائىي دەۋردە ياشىغان ئوۋچىلار ياۋايى ھايۋانلارغا دۈچ كەلگەندە، ئامال قىلىپ ئۇلارنى ئوۋلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى تونۇۋېلىش ئۈچۈن، كۆزىتىش ۋە چۈشىنىشكە، ئۇلارنىڭ ياشاش ئادىتىنى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلەشكە توغرا كەلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قورال ـ سايمانلارنى ياساش ۋە هايۋانلارنى ئوۋلاش جەريانىدا ئۇلارنىڭ قوللىرى بارغانسېرى چېۋەرلىشىپ، يۇكسەك ماھارەتكە ئىگە بولغان. مانا مۇشۇنداق سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە پىششىق ماھارەتكە ئىگە بولۇش ئاساسىدا، ئوۋچىلار ئاندىن تەسۋىرىي سىزىقلار ۋە رەڭ ـ بوياق قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ياۋايى هايۋانلارنىڭ شەكلى ۋە هالىتىنى قايتا گەۋدىلەندۈرۈپ، بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

ئەڭ دەسلەپكى هايۋانات رەسىملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يەككە ـ يېگانە سىزىلغان. بىر پارچە رەسىمدە كۆپلىگەن هايۋانلار بولغان هالەتتىمۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش كەم بولۇپ، ئارقا كۆرۈنۈش، ئۆسۈملۈك بولمىغان، ئادەممۇ بولمىغان، ئادەم بولغان هالەتتىمۇ ئۇ هايۋانلارنىڭ رەسىملىرىدەك ئەينەن سىزىلمىغان. بۇ ئىپتىدائىي ئادەملەر ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللەردە سىزغان رەسىملەرنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى. گېرمانىيىلىك سەنئەت تارىخچىسى ئېرنىست گروسسى: «ئاۋستراليىدىكى تېكا ئارىلىدا ياشايدىغان ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ رەسىملىرى (قاپارتما نەقىشلىرى) نىڭ تەڭدىن تولىسى هايۋانات رەسىملىرى بولۇپ، بەزىلىرىدە ئادەم رەسىملىرىمۇ بار، (لېكىن ماھارەت جەھەتتە هېلىقى هايۋانات رەسىملىرىدىن خېلى كېيىن تۇرىدۇ)» دېگەنىدى.

ئۇسسۇل ـــ سەنئەتنىڭ ئەڭ بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن بىر تورى. ئىپتىدائىي ئادەملەر هايۋانلارنى ئوۋلىغان ياكى بىر خىل يېڭى قورالنى ياسىغان چاغدا، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا يالغۇز ئوۋ ئوۋلاش ياكى قورال ياساش شەكلى پەيدا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تەبىئەت دۇنياسىغا هۆكۈمرانلىق قىلىشتەك يەنە بىر خىل ئاڭ ياكى هېسسىيات پەيدا بولغان. ئۇلار ياۋايى هايۋانلارنى ئېتىپ ياكى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەندە ۋە ياكى يېڭى قورالنى ئىشلىتىپ غەلىبە قىلغاندا، چەكسىز خۇشاللانغان ۋە چوڭقۇر تەسىر-

لەنگەن. شۇڭا ئۇلار ياۋايى ھايۋانلارنى قوغلىغان، ئۆلتۈرگەن ھەرىكەتلىرىنى تەكرارلىغان، ئوۋ جەريانىدىكى ھالەتلەرنى ئىپادىلىگەن. مانا بۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەجدادلارنىڭ ئىپتىدائىي ئۇسۇلى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر ئۇسۇللىرىمۇ بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئەمەلىيىتى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ بىلىشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق مەنبە. شۇڭلاشقا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتىنى ئۇلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشى بىلەن باغلاپ چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپتە شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى پەقەت ماددىي مەنپەئەت ئېلىش نۇقتىسىدىن كۆزەتكەن، كېيىنكى چاغلاردا بولسا ئاندىن ئۇلارنى ئېستېتىك نۇقتىدىن كۆزەتكەن.

ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ مەنبەسى ھەققىدە ئىزدەنگۈچىلەر تارىختىن قېلىپ قالغان ھەيكەل، غار تام سۈرەتلىرى، ساپال ئەسۋابلارغا نەقىش قىلىنغان ئەسەرلەرنى قولغا چۈشۈرگەندىن باشقا، ھازىرقى زاماندا ساقلىنىپ قالغان ئىپتىدائىي قەبىلە، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق سەنئەتنىڭ مەنبەسى ھەققىدە قىياس قىلىشتى ۋە بۇ ھەقتە ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشتى. فرانسىيىلىك ئىنسانشۇناس لىۋ. بىللۇرنىڭ «ئىپتىدائىي تەپەككۇر» دېگەن ئەسىرى؛ گېرمانىيىلىك سەنئەتكار گروسسىنىڭ «سەنئەتنىڭ مەنبەسى»؛ ئامېرىكىلىق ئىپتىدائىي سەنئەت تەتقىقاتچىسى فرانس بوۋسنىڭ «ئىپتىدائىي سەنئەت»: روسىيىلىك پلېخانوفنىڭ «سەنئەت — ئادرېسسىز مەكتۇپ» دېگەن ئەسەرلىرى شۇنداق ئەسەرلەردۇر.

## 2) ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى ھەر خىل قاراشلار

سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ماھىيىتى توغرىسىدا، سەن-

www.uyghurkitap.com

ئەت دوراشتىن كېلىپ چىققان دەيدىغان تەقلىدچىلىك تەلىماتى، سەنئەت ئويۇن ـ تاماشىدىن پەيدا بولغان دەيدىغان ئويۇنچىلىق تەلىماتى، قەلبنىڭ ئىپادىلىنىش تەلىماتى، سەنئەت پېرىخونلۇقتىن كېلىپ چىققان دەيدىغان سېھىرگەرلىك تەلىماتى ۋە سەنئەت ئەمگەكتىن كېلىپ چىققان دەيدىغان كۆزقاراشلار ۋە ئىزدىنىشلەر بار. مەسىلەن، قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن بولغان دېموكرىت بىلەن ئارستوتېل ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى دوراشتىن كېلىپ چىققان دەپ قارىغان. دېموكرىت «سەنئەت تەبىئەتنى دوراشتىن كېلىپ چىققان. بىز ئۆمۈچۈكتىن رەخت توقۇشنى ۋە ياماپ ـ تۆنەشنى ئۆگەندۇق؛ قارلىغاچتىن ئۆي سېلىشنى ئۆگەندۇق، ئاققۇ ۋە سوپسوپىياڭ قاتارلىق سايرىغۇچى قۇشلاردىن ناخشا ئېيتىشنى ئۆگەندۇق» دەپ قارىدى. گېرمانىيىلىك شائىر ۋە دراماتورگ شىللېر (1759 ـ 1805) ۋە ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ سپېنسېر (1820 ـ 1903) قاتارلىقلار «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇن ـ تاماشىنىڭ مەھسۇلى» دەپ كۆرسەتتى. كېيىن گېرمانىيىلىك (بىئولوگىيە ئالىمى) سەنئەتكار گروسسى يۇقىرىدىكى كۆزقاراشنى توغرىلاپ ۋە تولۇقلاپ، «ئويۇن ھەرگىزمۇ مەقسەتسىز پائالىيەت ئەمەس، بەلكى ئۇ كەلگۈسى خىزمەتلەر ئۈچۈن قىلىنىدىغان تەييارلىق، مەسىلەن، كىچىك قىزلارنىڭ قونچاقنى قۇچاقلاپ ئوينىشى كەلگۈسى ئانا بولۇش ئۈچۈن قىلىنىدىغان مەشىقتۇر» دەپ قارىغان. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ياۋروپادىكى بەزى پسىخولوگىيە ئىلمى ئېقىمىدىكى ئالىملار قەلبنىڭ ئىپادىلىنىشى تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار، ئىنسانلار بالا ۋاقتىدىن تارتىپلا ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان تۇغما ئىقتىدارغا ئىگە. خۇشال بولغاندا كۈلىدۇ، ئازابلانغاندا يىغلايدۇ ...بۇنداق تۇغما ئىقتىدار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاۋاز، تىل، گەۋدە ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، مۇزىكا، ئەدەبىيات، ئۇسسۇل قاتارلىقلارغا ئايلاندى، دەپ قارىدى. بۇلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن

هالدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى ئاپتور-
نىڭ ئۆز قەلبىنى ئىپادىلىشى دەپ كۆرسەتتى. پىرىخونلۇق نەزە-
رىيىسىنى ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئىنسانشۇناس ئېدۋارد. تىلور
«ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» دېگەن ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغانىدى.
ئۇ: «ياۋايى ئادەملەرنىڭ دۇنيا قارىشى — ھەممە ھادىسىلەرنى
ھەممىگە قادىر، جانلاندۇرۇلغان ئىلاھنىڭ ئۆزى بىلگىنىنى قى-
لىدىغان رولىغا يۈكلەشتىن ئىبارەت... قەدىمكى ياۋايى ئادەملەر
مۇشۇنداق خام خىياللار بىلەن ئۆز تۇرالغۇسىنى، ئەتراپتىكى
مۇھىتنى، كەڭ زېمىن ۋە ئاسماننى تولدۇرۇۋەتكەن» دېگەن.
بۇ ئىپتىدائىي ئادەملەر كۆككە كۆتۈرگەن بىر خىل ھېسسىيات
ئالماشتۇرىدىغان سېھىرگەرلىكنى پەيدا قىلغان. ئىپتىدائىي كى-
شىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بارلىق شەيئىلەر بىر خىل سىرلىق
خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ھايۋانلار، گىياھلار، ھەتتا يۇلتۇز، دەريا-
لارنىڭ ھەممىسى سىرلىق ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتىگە تولغان.
ھازىرقى زاماندىكى نۇرغۇن ئىپتىدائىي قەبىلىلەردە كىشى-
لەر ئۆز بەدىنىنى زىننەتلەيدۇ، بەدىنىگە گۈل چېكىدۇ، بۇ
سەنئەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا سېھرىي رول ئويناۋېرىشى ناتايىن.
ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشىدا ئۆزىنى نامايان قىلىش، يات جىنس-
تىكىلەرنى جەلپ قىلىش ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئامىللىرى
مۇھىم ئورۇن تۇتۇشى مۇمكىن. بۇ خىل نەزەرىيە ئىپتىدائىي
سەنئەتنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى چوڭقۇر پسىخىك ئامىللارغا ۋە
بەدىئىي ئىپادىلەش ئىلھامى قاتارلىق ئامىللارغا چېتىلالمىدى.
شۇڭا سەنئەتنىڭ تۈپ مەنبەسىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېچىپ بېرەلمە-
دى.

ئىنسانلار تەبىئەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەمگەكنىڭ جەريا-
نىدىن سەنئەتنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى ئىزدەش — بىرقەدەر
زور تەسىر كۆرسىتىۋاتقان نەزەرىيىدۇر. بېشىر «ئەمگەك ۋە
رىتىم» دېگەن ئەسىرىدە، پىلخانوف «سەنئەت توغرىسىدا» دېگەن

www.uyghurkitap.com

ئەسىردە، گروسسى «سەنئەتنىڭ مەنبەسى» دېگەن ئەسىردە مۇشۇ ھەقتە توختالغانىدى. سەنئەتنىڭ مەنبەسى ئەمگەك دېگەننى ئۈچ تەرەپتىن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئەمگەك ئىنسانلارنى سەنئەتنى يارىتىشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرى بىلەن تەمىنلىدى. مەسىلەن، تىل، قولنىڭ چېۋەرلىكى، سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ سەزگۈرلۈكى قاتارلىقلار. ئېنگېلس «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى» دېگەن كىتابىنىڭ بىرىنچى بابى «ئادەمسىمان مايمۇندىن ئادەمگە ئۆزگىرىش جەريانىدا ئەمگەكنىڭ رولى» دا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ئەمگەك پۈتكۈل ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ بىرىنچى ئورۇندىكى ئاساسىي شەرتى، مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئەمگەك ئادەمنىڭ ئۆزىنى ياراتقان دېمەي تۇرالمايمىز» . ئەمگەك بىر تەرەپتىن تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ ئەسلىدە غەپلەتتە ياتقان تۈرلۈك يوشۇرۇن كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى. ئىنسانلارنى مۇرە، پۇت، قول، باش، تىل، تەپەككۇر قابىلىيىتى قاتارلىقلار ئەمگەك جەريانىدا راۋاجلانغان ۋە مۇكەممەللەشكەن. ماركس «1844 ـ يىلىدىكى ئىقتىسادشۇناسلىق ـ پەلسەپە تېزىسلىرى» دا: «ئىجتىمائىي ئادەملەرنىڭ تۈرلۈك سەزگۈ ئەزالىرى ئىجتىمائىي بولمىغان ئادەملەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا ئوخشىمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى. ئىنسانلارنىڭ «مۇزىكىنى چۈشىنىدىغان قۇلىقى، شەكلەن گۈزەللىكنى ھېس قىلالايدىغان كۆزى» نىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى، «قەدىمدىن تارتىپ بۈگۈنگىچە بولغان پۈتكۈل دۇنيا تارىخىنىڭ خىزمەت نەتىجىسىدۇر. » : ئىنسانلارنىڭ بۇ مۇھىم ئەزالىرى تەرەققىي قىلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلالايدۇ. شۇڭا سەنئەت ئەمگەكتىن پەيدا بولغان دەيمىز، ئەڭ ئاساسىي مەنىدىن، يەنى ئەمگەكنىڭ ئادەمنىڭ ئۆزىنى ياراتقانلىقىدىن ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى

مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، قولنىڭ تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللىشىشى رەسىم سىزىش، ھەيكەلتىراشلىق قاتارلىق شەكىل ياساش سەنئىتى ۋە بىر قىسىم مۇزىكىلارنى چېلىشتا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئادەمنىڭ قولى ئەمگەك جەريانىدا ئوخشاشمايدىغان مۇھىتقا ماسلىشىپ، بارغانسېرى ئەپچىل مەشغۇلات قىلىدىغان بولدى. شۇنداقلا پۈتكۈل ئورگانىزمدىكى پەي، گۆش، سۆڭەك، تومۇرلارنىڭ ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. شۇنداق قىلىپ ئادەمنىڭ قولى بىلەن بەدىنى ئىرسىيەت بىلەن كەلگەن ئەپچىللىكتىن يۇكسەك مۇكەممەللىككە ئېرىشتى. تىلنىڭ بارلىققا كېلىشى شېئىر، دراما، داستانلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى تىل يەنە ئادەمنىڭ مېڭىسىنى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بولغان تۇرلۇك ئەزالارنى تەڭلا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئادەمنىڭ ئۆز ئېڭىنى بارغانسېرى روشەنلەشتۈردى، تەپەككۇر ئىقتىدارىنى كۈندىن ـ كۈنگە تەرەققىي قىلدۇردى. مانا بۇلار ئىنسانلارنىڭ سەنئەتنى يارىتىشىدىكى فىزىئولوگىيە جەھەتتىكى زۆرۈر شەرتلەر.

ئىككىنچى ئەڭ دەسلەپكى سەنئەت پائالىيىتى ئەمگەك جەريانىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇلار بىر ـ بىرى بىلەن زىچ باغلانغان. بېشىر «ئەمگەك ۋە رىتىم» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەرەققىيات باسقۇچىدا، ئەمگەك مۇزىكا ۋە شېئىر بىلەن ئىنتايىن زىچ باغلانغان. ئەمما بۇ ئۈچى ھاسىل قىلغان بىر گەۋدىنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى ئەمگەك، قالغان تەركىبىي قىسىملىرى پەقەت بېقىنغۇچى رول ئوينايدۇ.» . ھازىرقى زاماندىكى بەزى ئىپتىدائىي قەبىلەرنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ ماتېرىياللىرى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئافرىقا نېگىرلىرىنىڭ مۇزىكا ئاڭلاش سېزىمى بەك ناچار، لېكىن ئۇلارنىڭ رىتىم سېزىمچانلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. پالاقچى پالاق ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرۇپ ناخشا ئېيتىدۇ،

www.uyghurkitap.com

هامال مېڭىپ كېتىۋېتىپ ناخشا ئېيتىدۇ، ئاياللار گۈرۈچ سو-
قۇۋېتىپ ناخشا ئېيتىدۇ. ئىپتىدائىي قەبىلىلەردە ھەرقانداق ئەم-
گەكنىڭ ئۆزىگە خاس ناخشىسى بولۇپ، ناخشىنىڭ ئۇدارى ئىش-
لەپچىقىرىش ھەرىكىتىنىڭ رىتىمىغا ئىنتايىن ماس كېلىدۇ.
دېمەك، ئىنسانلار ئەمگەك جەريانىدا ھەرىكەتنى ماسلاشتۇ-
رۇش، ھېرىش - چارچاشنى ئازايتىش، ھېس - تۇيغۇلىرىنى
ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئەمگەك پائالىيىتىنىڭ تەبىئىي رىتىمىغا
تەڭكەش قىلىنغان ئەمگەك ناخشىلىرىنى ئىجاد قىلغان.

ئۈچىنچى، ئەڭ دەسلەپكى بەدىئىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈ-
رۈلگەن مەزمۇندىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەمگەك بى-
لەن ئالاقىدار بولۇپ، ئۇلار ياكى ئەمگەك مەيدانىنىڭ خاتىرىسى
ۋە ياكى ئەمگەك كۆرەشلىرىگە ئوقۇلغان مەدھىيە. بۇ خىل ئە-
سەرلەر ئۇلار ئەمگەك داۋامىدا كۆزەتكەن شەيئىلەرگە تەقلىد قى-
لىنغان. ئىپتىدائىي دەۋردە كىشىلەرنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش
شەكلى ئۇلارنىڭ دۇنيانى كۆزىتىش نەزەر دائىرىسىنى چەكلەپ
تۇرىدۇ. زىننەتلەش سەنئىتى — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى سەن-
ئەت شەكىللىرىنىڭ بىرى. بەزى ئىپتىدائىي قەبىلىلەر ئوۋچى-
لىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقىنىدا، ھايۋانلار ئوۋچى قەبىلىلەرنىڭ تۇر-
مۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇلار ھايۋانلارنىڭ يا-
شاش قانۇنىيىتى، ھەرىكىتى، پەيدا بولۇش ۋە غايىب بولۇشىنى
ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەچكە، زىننەتلەش ۋە شەكىل ياساش
سەنئىتىدە ھايۋانلارنىڭ ئوبرازىنى بىرقەدەر توغرا تەقلىد قىل-
غان. ئىسپانىيىنىڭ ئالتامىرا غارىدىكى تارىختىن ئىلگىرىكى تام
سۈرەتلىرى ۋە فرانسىيىنىڭ لاسكوخ غارلىرىدىكى ئىپتىدائىي تام
سۈرەتلىرىدە نۇرغۇن ياۋا كالا، قاۋان، بۇغىلارنىڭ يارىلانغان،
قوغلىنىۋاتقان، قېچىۋاتقان ئوبرازلىرى ناھايىتى جانلىق سىزىل-
غان. بۇ ئوبرازلار قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئەمگەك داۋامىدا ھايۋان-
لارنىڭ شەكلىنى كۆزىتىپ خاتىرىلىشى ۋە ئىجاد قىلىشىنىڭ

نەتىجىسى. گروسسې مۇنداق دەپ كۆرسەتكەندى: «ھايۋانلار ئارقىلىق زىننەتلەشتىن گىياھلار ئارقىلىق زىننەتلەشكە ئۆتۈش، مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ زور يۈكسىلىش — ئوۋچىلىق تۇرمۇشىدىن دېھقانچىلىق ئاساس بولغان تۇرمۇشقا ئۆتۈشنىڭ پاكىتى.».

سەنئەت ئەمگەكنى مەنبە قىلىدۇ، دېگەن قاراش گەرچە سەنئەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئاساسىي مەنبەنى تاپقان ھەم بىر قىسىم ئىپتىدائىي بەدىئىي ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمگەك ئەمەلىيىتىدىن تارتىپ سەنئەت ئەسەرلىرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاستىلىك پسىخىك ئامىللار، جۈملىدىن ئىلھام، ئىپادىلەش مۇددىئاسى قاتارلىقلارنى مۇكەممەل چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىدى. شۇڭا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەمگەكنى مەركەز قىلغان كۆپ تەرەپلىمىلىك ھاياتىي پائالىيەتلىرىدىن كېلىپ چىققان دەيمىز.

ھاياتلىق ئىرادىسى سەنئەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى چوڭقۇر پسىخىك مەنبە. ئىپتىدائىي سەنئەتلەر ھاياتلىق ھادىسىلىرى بىلەن ھايات پائالىيەتلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىجاد قىلىنغان. ھاياتلىقتا ئەجەبلىنىش، ياشاشنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، نەسىل قالدۇرۇشقا ئىنتىلىش، ئۆلۈمدىن قورقۇش، ئادەم بەدىنىگە ئامراقلىق، ھايات رىتىمىدىن تەسىرلىنىشلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ سەنئەتنى يارىتىشتىكى مۇھىم پسىخىك مەنبە ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلىش لازىم. يىغىپ ئېيتقاندا، سەنئەتنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئومۇمىي قانۇنىيەت قايسى بىر خىل سەنئەتنىڭ مەلۇم تەرىپىدىكى يەككە سەۋەبكە باغلىق بولماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق ئىرادىسىگىمۇ باغلىق بولىدۇ. ھاياتلىق ئىرادىسى سەنئەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى چوڭقۇر قاتلاملىق پسىخىك مەنبەسىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 2. ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى — تۇرمۇش

### 1) ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى — تۇرمۇش

ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىر خىل ئىجتىمائىي ئاڭ شەكلى سۈپىتىدە، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك مەھسۇلى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت بولسا، شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن روشەن ھالدىكى بىۋاسىتە باغلىنىشقا ئىگە ئىدى. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدا ئېنىق ئىش تەقسىماتى بارلىققا كەلدى. جەمئىيەتتىكى بىر تۈركۈم ئادەملەر ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىن ئايرىلىپ، مەخسۇس ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. ئىش تەقسىماتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرگەن بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلىپ قېلىشىدەك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، بۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشتىن يىراقلاپ كېتىش خاھىشى پەيدا بولغان. مۇشۇ سەۋەبتىن ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا خىلمۇ خىل كۆزقاراشلارمۇ بارلىققا كەلگەن.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى تۈرلۈك قاراشلارنى يىغىنچاقلىغاندا، ماتېرىيالىزملىق قاراش بىلەن ئىدىئالىزملىق قاراشتىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ. ئىدىئالىستلار ئاڭ بىرلەمچى، ئەدەبىيات ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى ئەمەس، ئۇ پەقەت مەنىۋى پائالىيەتنىڭ مەھسۇلى، دەپ قارىدى. مەسىلەن، كانت گۈزەللىك سەنئىتى بىر خىل تالانت سەنئىتى، «تالانت دېگىنىمىز، تەڭرى ئاتا قىلغان تۇغما ئىقتىدار، ئۇ سەنئەتكە قائىدە بېكىتىپ بېرىدۇ. ئۇ ئەسەرنىڭ ئىجادچىسى» دەپ قارىدى.

كونا ماتېرىيالىستلار ئەدەبىيات - سەنئەتنى تۇرمۇشنىڭ تەقلىد قىلىنىشى ياكى قايتا ئىپادىلىنىشى دەپ قارىدى. مەسىلەن، يۇناننىڭ ماتېرىيالىستى دېموكرىت (مىلادىيىدىن ئىلگىرى 460 -، 370 - يىللار) «ئادەملەر ناخشا ئېيتىشنى ئاق قۇ ۋە سوپىسوپىياڭ قاتارلىق سايرىغۇچى قۇشلاردىن ئۆگەنگەن» دەپ ھېسابلاپ، سەنئەت تەبىئەتكە تەقلىد قىلىشتىن ئىبارەت دېگەننى تەشەببۇس قىلغانىدى. XIX ئەسىردىكى روسىيىنىڭ دېموكراتلىرىدىن چېرنىشېۋسكىي سەنئەتنىڭ تۇرمۇشنى قايتا ئىپادىلىشى لازىملىقىنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ سەنئەتنىڭ مۇھىم رولى «تەبىئەتنى ۋە تۇرمۇشنى قايتا ئىپادىلەش»، «رېئاللىقتىكى ئادەمنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدىغان شەيئىلەرنى قايتا ئىپادىلەشتىن ئىبارەت»، «سەنئەتنىڭ تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تامامەن تارىخنىڭ تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن تۇرمۇش گۈزەللىكىنى تەكىتلىگەن. بۇ ئارقىلىق سەنئەتنىڭ گۈزەللىكىنى تۆۋەنلەتكەن بولۇپ، ئۇ يەنىلا مېتافىزىكىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن. ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى پەقەت ماركسىزم تەلىماتىلا ئىلمىي ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرەلىدى.

دۇنيانىڭ ماھىيىتى ماددا. شۇنىڭ ئۈچۈن ماددىي دۇنيا بىرلەمچى، ئاڭ مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ ئىككىلەمچى، بىراق ئاڭ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مەۋجۇدىيەتكە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. روشەنكى، بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يازغۇچىلار مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىرلەمچى، ئىدېئولوگىيە ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئىككىلەمچى؛ تۇرمۇش بولسا، ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان ئوبيېكت. ئەدەبىيات - سەنئەت تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ شەكلى بولۇپ، ئەدەبىيات بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈ-
لۈشنىڭ مۇناسىۋىتىدۇر. ۋ. ئى. لېنىن: «بىزنىڭ ئېڭىمىز
پەقەت تاشقى دۇنيانىڭ ئوبرازى؛ ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمكى،
ئىنكاس قىلىنغۇچى بولمىسا، ئىنكاسنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئە-
مەس» دېگەنىدى. ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان تۇرمۇشتىن چەتنىگەندە
ئەدەبىيات بارلىققا كېلەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرلۇك ئەدەبىي
ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئۆزىگە مەنبە قى-
لىدۇ. ئەدەبىيات تارىخىدىن قارىغاندا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى
ئەدەبىي ئەسەرلەر رېئال تۇرمۇشنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرگەن.
مەسىلەن، يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ «غۇنچەم»، «ماغدۇر كەت-
كەندە»، «چېنىقىش» قاتارلىق نادىر ئەسەرلىرى يازغۇچىنىڭ
40 ـ، 50 ـ يىللارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلى-
كى ۋە تۇرمۇشقا يازغۇچىغا خاس نەزەر بىلەن قاراپ، ئەينى دەۋر
رېئاللىقىنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. مۇن-
داق ئەسەرلەردىكى پېرسوناژ، ۋەقەلەر ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرمۇش-
تىن كەلگەن.

لىرىك ئەسەرلەردە، جۈملىدىن لىرىك شېئىرلاردا ئاپتور
ئىزھار قىلغان ئېستېتىك ھېسسىياتلار خۇددى سۇبيېكتىپ نەر-
سىدەك تۇيۇلىدۇ، لېكىن مۇنداق ئېستېتىك ھېسسىيات ھەر-
گىزمۇ قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق مەيدانغا كەلگەن بولماستىن، بەلكى
تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنىڭ مەھسۇلى، رېئال تۇرمۇشنىڭ بىر خىل
لىرىك ئىنكاسى.

قەدىمكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرمۇ ئوخشاشلا ئىجتىمائىي تۇر-
مۇشنىڭ ئىنكاسى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ياشىغان ئادەملەر
كەڭ كائىناتنىڭ سىرلىرىنى، ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى بىلىش
ۋە ئۇنى چۈشەندۈرۈشكە قادىر بولمىغانلىقتىن، تەبىئەت دۇنياسى-
دىكى نۇرغۇن شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنسان تەبىئىتىگە ئىگە
نەرسىلەر ياكى ئادەمدىن يۇقىرى تۇرىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە

دەپ قارىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىجاد قىلغان ئەپسانىلەردە تەبىئەت دۇنياسىدىكى بۇ شەيئىلەرگە ئادەمنىڭ قىياپىتى ۋە مىجەز - خۇلقى بېرىلگەن. دېمەك، ئەپسانىلەرمۇ ھېچقاچان ئادەم تۇرمۇشىدىن ئايرىلغان ھالدا قۇرۇقتىن - قۇرۇق توقۇپ چىقىرىلغان ئەمەس. مەيلى شېئىر، قوشاقلار، ھېكايە، رومان، دراملار بولسۇن ياكى نەرسىلەر بولسۇن، ئەپسانە، باللار چۆچەكى، ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايە قاتارلىقلار بولسۇن، بۇلارنىڭ مەزمۇنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن كەلگەن بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مەنبەسىدۇر.

2) مەنبە ۋە ئېقىن

ئىجتىمائىي تۇرمۇش بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى. بۇ، پۈتكۈل ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىيات تارىخى ئىسپاتلىغان ئوبيېكتىپ ھەقىقەت. بەزىلەر ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مەنبەسى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى تۇرمۇش بىلەن ئالاقىسى بولمىغان ساپ سۇبيېكتىپ روھنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىسا، بەزىلەر قەدىمكىلەرنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئەسەرلىرى مەنبە بولىدۇ، دېگەن قاراشنى تەرغىب قىلىدۇ. ئۇلار ئالدىنقىلار قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلەر ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇلار ئارىسىدىكى مېغىزلىق جايلارنى ئېلىپ، تەقلىد قىلىپ ئىجاد قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۆتمۈشتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى مەنبە ئەمەس، بەلكى ئېقىن، ئۇلار قەدىمكىلەر شۇ زامان، شۇ ماكاندا تۇرمۇشتىن ئالغان ئەدەبىيات - سەنئەت خام ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ ياراتقان نەرسىلەر. تۇرمۇش — «مەنبە»، ئەدەبىي ئەسەرلەر، جۈملىدىن قەدىمكى، ھازىرقى، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى «ئېقىن». شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىيات -سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىشىدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ بىرلا مەنبە

بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا مەنبەنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

يازغۇچىلار تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەرنىمۇ قۇرۇقتىن ـ قۇرۇقلا ئويدۇرۇپ چىقىرالمايدۇ، شۇنداقلا قەدىمكى زاماندىكى ئەسەرلەردىن ئىجادىيەت مەنبەسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچىلار ھازىر تۇرمۇش بىلەن پىششىق تونۇشۇشى ۋە ئۇنى ئىگىلىشى، يەنە بىر تەرەپتىن ئالاقىدار تارىخىي شەخسلەر بىلەن ۋەقەلەرنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىپ، مۇئەييەن تارىخىي دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلىشى، ئومۇمەن ئەينى تارىخىي دەۋرگە ئائىت كۆپلەپ ماتېرىيالغا ئىگە بولۇشى لازىم. شۇندىلا، تارىخىي تېمىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىجاد قىلغىلى بولىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىشىمىزدىكى مەقسەت، يازغۇچىلاردىن تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ، ئۆيگە بىكىنىۋېلىپ ئاساسسىز توقۇلما قىلماي، ئەكسىچە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى پائالىيەتچانلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «مەنبە» بىلەن «ئېقىن» نىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، ھېچقاچان «ئېقىن» نىڭ مۇھىملىقىغا سەل قارىغانلىق بولمايدۇ. «ئېقىن» — قەدىمكى دەۋرنىڭ، چەت ئەللەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى، ئالدىنقىلار ئۆزلىرىنىڭ شۇ ۋاقىت، شۇ زاماندىكى تۇرمۇشقا ئاساسەن ياراتقان ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رېئال تۇرمۇشنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى ئۆگىنىش، ئۇلارنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنى ئۆگىنىش لازىم. كۆپرەك كىتاب ئوقۇشىمىز، بىلىم دائىرىمىزنى كېڭەيتىشىمىز لازىم، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىر خىل ئىجادىي ئەمگەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ياززغۇچى ھەم مول تۇرمۇش تەجرىبىسىگە، ھەم بەلگىلىك سەنئەت ئىقتىدارىغا، بەدىئىي تەربىيىگە ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك.

## 3. ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى

### 1) ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى تەرەققىياتى

رېئال تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولغان ئەدەبىيات ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلدى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتى ئەدەبىياتقا يېڭى مەزمۇن بېرىپ تۇرىدۇ. قانداق ئىجتىمائىي تۇرمۇش بولسا، شۇنداق تۇرمۇش مەزمۇنلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت بارلىققا كېلىدۇ. قىسقىسى، ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ، تەرەققىياتىغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. ھەر قېتىم ئىجتىمائىي تۇرمۇش راۋاجلىنىپ، بىر يېڭى باسقۇچقا يەتكەندە، ئەدەبىياتنى يېڭى ئىپادىلەش ئوبيېكتى، يېڭى ئىجتىمائىي مەزمۇن بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرمۇش پائالىيىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇنلاردىن قارىغاندا، ئەڭ دەسلەپكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئوۋچىلىق پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. كېيىنچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغاندا، دېھقانچىلىققا دائىر مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن ئىپتىدائىي كوممۇنا دەۋرىدىكى ئوۋچىلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قەدىمىي قوشاقلاردا، ئۇيغۇر خەلق چۆچەك، ئەپسانىلىرىدە ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ تۇرمۇش مەنزىرىلىرى يارقىن سۈرەتلەنگەن بولۇپ، بىز بۇلاردىن ئەينى دەۋرنىڭ تۇرمۇش مەزمۇنلىرىنى ھېس قىلالايمىز.

ئومۇمەن، ئىپتىدائىي ئەدەبىيات ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئورتاق ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تونۇشى، ھېسسىياتى، خىيالىي تەسەۋۋۇرى قاتارلىقلارنى ئىپادىلىگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، خۇددى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ھەممە ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئەزالىرىغا ئورتاق بولغىنىدەك، ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتىگىمۇ پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرى ئورتاق قاتناشقان. بۇ ھال ئىپتىدائىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئاممىۋىلىقىنى ۋە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈش خۇسۇسىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن.

قۇللۇق جەمئىيىتىگە كەلگەندە، قۇللۇق جەمئىيىتى ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىدىن پەرقلەندى. ئەدەبىي ئەسەرلەردە قۇلدارلارنىڭ لەشكەر تارتىپ يۈرۈشكە چىقىشلىرى، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشلىرى ۋە ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلدى، قۇللارنىڭ پاجىئەلىك تۇرمۇشلىرى ۋە قارشىلىق كۆرسىتىشلىرى ئىپادىلەندى.

فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مەزمۇنى قۇللۇق جەمئىيىتىنىڭكىگە قارىغاندا مۇرەككەپ ۋە خىلمۇ خىل بولدى، دائىرىسىمۇ كەڭ بولدى. ئۇ كۆپلىگەن تەبىقىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا چېتىلدى. قىسقىسى، فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى تۇرمۇش مۇرەككەپ، خىلمۇ خىل بولۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مەزمۇنىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ، تېخىمۇ كەڭ، خىلمۇ خىل ۋە رەڭگارەڭ بولدى.

كاپىتالىزم جەمئىيىتىگە كەلگەندە، بۇرژۇئازىيىنىڭ يۇقىرى ئۆرلەش دەۋرىدىكى فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇلغان، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە تەلەپ قىلىنغان دەسلەپكى ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. فۇگاچېپىنىڭ «ئون كۈنلۈك سۆھبەت» ئالگېرى دانتېنىڭ «ئىلاھ كومېدىيىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بۇنىڭ مىسالى. «ئەدەبىي ئويغىنىش» دەۋرىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى بولغان «گۇمانىزم»نى قورال قىلغان بۇ خىل ئەسەرلەر ئاساسىي تىغ

ئۆچىنى چىرىك فېئوداللىق مەدەنىيەت ۋە چىركاۋ تېئولوگىيە-سىگە (ئىلاھىيەت توغرىسىدىكى نەزەرىيە) قاراتقان بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر فېئودالللار تەبىقىسىنىڭ «ئىلاھ»نى مەركەز قىلغان دۇنيا قارىشىغا قارشى ھالدا «ئادەم»نى مەركەز قىلغان نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. كېيىنكى دەۋرلەردە خۇنۇكلۇك، قالاڭغۇلۇق ۋە رەزىلللىكنى پاش قىلىدىغان كۆپلىگەن تەنقىدىي رېئالىستىك ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى، ھونورىي بالزاك، چارلىز دىككىنس، ل. تولستوي قاتارلىق تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ ئۇلۇغ پېشۋالىرى دۇنياغا كەلدى. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى چىرىكلىكنى ئەكس ئەتتۇردى ۋە پاش قىلدى.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات پرولېتارىيات ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلدى ھەم پەيدىنپەي پىشىپ يېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنى ۋە يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلەۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان «ئانا»، «پولات قانداق تاۋلاندى»، «تارمار»، «ياشلىق ناخشىسى»، «ئىز دىنىش» ۋە باشقا ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى.

ئومۇمەن، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتى ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنى يېڭى تېما، يېڭى ئوبيېكت ۋە يېڭى تۇرمۇش مەزمۇنى بىلەن ئۈزلۈكسىز تەمىن ئەتتى. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى كۈندىن-كۈنگە بېيىپ باردى. دېمەك، ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئەدەبىيات مەيلى جەمئىيەتنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە ئۆزگىرىشىنى ئەكس ئەتتۇرسۇن، مەيلى ئۆتكەن دەۋرلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۇرسۇن، ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە خاراكتېرى جەمئىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتىنى شەرت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

2) ئەدەبىياتنىڭ شەكىل جەھەتتىكى تەرەققىياتى

مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت بولغان ئەدە-
بىياتتا، مەزمۇن يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ، شەكىل مەزمۇننى
ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا ماسلىشىدۇ، يېڭى مەزمۇن يېڭى شەكىل-
نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى.
جەمئىيەت ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، تۇرمۇشتا كۈندىن -
كۈنگە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان، ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنىمۇ
مول، كۆپ خىل بولۇۋاتقان ھەمدە ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ بېرى-
ۋاتقان چاغدا، يېڭى مەزمۇنلارنى ئىپادىلەشكە ئۈيغۇنلىشىش ئۈ-
چۈن ئەدەبىياتنىڭ شەكلىنىڭمۇ بۇنىڭغا ماس ھالدا ئۆزگىرىش
ياسىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. يېڭى مەزمۇنغا دەرھال ماسلىشىپ
كېتەلمىگەن يېڭى شەكىل ياكى بالدۇر ياكى كېيىن ئۇنىڭغا
ھامان ماسلىشىدۇ. ئاخىرىدا مۇقەررەر تۈردە يېڭى شەكىل بار-
لىققا كېلىدۇ. ئەدەبىيات شەكلىنىڭ ئۆزگىرىپ بېرىشىنىڭ سە-
ۋەبلىرى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي تۇر-
مۇشنىڭ ئۆزگىرىپ بېرىشى تۈپكى سەۋەب ھېسابلىنىدۇ.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ناخشا - قوشاقلاردا، رىتىمى
روشەن، تىلى ئىخچام بولۇشتەك ئومۇمىي خاراكتېرلىك ئالاھى-
دىلىك بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە مىسرالاردىكى تەكرارلىنىشنىڭ
بىرقەدەر كۆپ بولۇشىنى كوللېكتىپ ئەمگەكتىن ئايرىپ قارىغى-
لى بولمايدۇ. چۈنكى ناخشا - قوشاقلار ئەمگەك جەريانىدا بارلىققا
كەلگەن. ئادەملەر مۇئەييەن ئەمگەك جەريانىدا رىتىملىق ھەرىكەت
قىلىدىغان ۋە بۇ ھەرىكەت تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، بۇ
ئەھۋال ناخشا - قوشاقلارنى روشەن رىتىمغا ئىگە قىلغان. بۇنىڭ
بىلەن كۆپ ھاللاردا تەكرار مىسرالار قوللىنىلغان. شۇنداق
قىلىپ ناخشا - قوشاقلار كوللېكتىپ ئېيتىشقا مۇۋاپىق، ئەم-
گەكتىكى ھەرىكەتنى تەڭشەشكە قولايلىق بولغان. ھېرىپ -
چارچاشنى يەڭگىللىتىش رولىنى ئوينىغان. مۇشۇنداق بول-

غانلىقتىن، ناخشا ـ كۈيىنى ئاساس، شېئىر ـ قوشاقنى قوشۇمچە
قىلىش ئەھۋالى شەكىللەنگەن.

ھەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا،
ئەپسانىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى
بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي تۇرمۇش شارائى-
تى ئۇلارنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى بىلىشىنى چەكلىمىگە ئۇچراتقان-
لىقتىن، تەبىئەت كۈچلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى ئويلىسى-
مۇ، لېكىن ئۇنىڭغا قۇدرىتى يەتمەيتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاس-
تىدا تۇرمۇشنى خىيال، تەسەۋۋۇر شەكىللىرى بىلەن ئەكس
ئەتتۈرىدىغان ئەپسانىلەر بارلىققا كەلدى. بۇنىڭدىن ھەرقانداق بىر
خىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت شەكلىنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ ئىجتىما-
ئىي تۇرمۇش سەۋەب بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ يېڭى باسقۇچقا كىرگەندە، ئەدە-
بىياتنى يېڭى مەزمۇن بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئەدەبىياتنىڭ تېمىسى
ۋە ئىدىيىسىنى كېڭەيتتى. بۇ، شەكلىنىڭ يېڭى مەزمۇنلارنى
ئىپادىلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ھەر خىل تەبىقە كىشىلىرى-
نىڭ شەھەر ـ بازارلارغا توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى، شەھەر
ئاھالىسىنىڭ پەيدا بولۇشى جەمئىيەتكە دېموكراتىيە ـ ئەركىنلىك
ئىدىيىسى ۋە ئېڭىنى ئېلىپ كەلدى. مانا بۇ خىل ئىجتىمائىي
تۇرمۇش ھېكايە، دراما، مەدداھلار قىسسىلىرى، رومان قاتارلىق
ژانىرلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى
سۈردى.

غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىمۇ، غەرب-
تىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇشۇ دەۋردىكى تەرەققىياتىنىڭ
نەتىجىسى. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ مالىمانچى-
لىقىنى باشتىن كەچۈرگەن غەرب جەمئىيىتىدە، ئەنئەنىۋى ئىد-
راكىي تەرتىپ ـ قائىدىلەر ۋە نۇقتىئىنەزەرلەرگە قارىتا ئومۇ-
يۈزلۈك گۇمان پەيدا بولدى؛ خىلمۇ خىل ئىجتىمائىي زىددىيەت-
لەرنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى نەتىجىسىدە كەڭ ۋە چوڭقۇر كرىزىس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەيدانغا كەلدى؛ ماددىي مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشى بەلگىلىك دە-رىجىدە مەنىۋى مەدەنىيەت ھەم مەنىۋى دۇنيانىڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن تەڭپۇڭسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مانا بۇ خىل ئىج-تىمائىي تۇرمۇش ئەنئەنىۋى رېئالىستىك ئەدەبىيات ئېقىمىنىڭ مودېرنىزملىق ئەدەبىيات ئېقىمىغا ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چى-قىرىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى، بولۇپمۇ شەكىل جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكىنى نامايان قىلدى. مەسىلەن، قۇرۇلما جەھەتتە سيۇژىتنىڭ سەۋەب ـ نەتىجىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنىڭ بۇزۇپ تاشلىنىشى، رېئال مەنتىقىي تەرتىپنىڭ ئۆزگىرىشى، ما-كان ـ زاماندىكى تۇراقسىزلىق، پېرسوناژنىڭ ئاڭ قاتلىمىنى قېزىش، تىلنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپلىقى، سىمۋوللۇق ئىپادىلەش قاتارلىق خىلمۇ خىل تەرەپلەردە شەكىل يېڭىلاشقا ئالاھىدە ئەھ-مىيەت بەردى.

ئەدەبىيات شەكلىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلد-شىنى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، بەزى ئەدەبىي شەكىللەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ئۆزگىرىشى جەمئى-يەت تەرەققىياتى تەمىنلىگەن ماددىي ۋاستە ھەم ئوبيېكتىپ شارائىت بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، پروزىدىكى رو-ماننىڭ، تىياتىردىكى رادىئو، تېلېۋىزىيە ئەدەبىياتىنىڭ گۈللد-نىشى مەتبە تېخنىكىسى، سەھنە ماتېرىياللىرى، زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا ۋە ئۈچۈر قوراللىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. قىسقىسى، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا، ئەدەبىياتنىڭ ۋا-ستىسى بولغان تىلنىڭ تەرەققىياتىمۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھالدا بارغانسېرى تاكامۇللىشىپ بېرىپ كەلدى. بۇ ھال ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مۇرەككەپ مەزمۇنلىرىنى مۇپەسسەل ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. دېمەك، ئەدەبىياتنىڭ شەكىل جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئىجتىمائىي ھايات بىلەن زىچ باغلانغان.

# مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. ئاڭ دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق پەيدا بولغان؟

2. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئاڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق؟

3. ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىيلىققا ئىگە ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى قايسى نۇقتىلار بىلەن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ؟

4. بازىس دېگەن نېمە؟ ئۇستقۇرۇلما دېگەنچۇ؟

5. ئەدەبىياتنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئورنى قانداق؟

6. ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى قانداق؟

7. ئەدەبىيات بىلەن پەلسەپىنىڭ، ئەدەبىيات بىلەن ئەخلاقنىڭ، ئەدەبىيات بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

8. «قايتا گەۋدىلەندۈرۈش» قارىشى دېگەن نېمە؟ «ئىپادىلەش» قارىشى دېگەن نېمە؟ «پائالىيەتچان ئىنكاس» قارىشى دېگەن نېمە؟

9. تۇرمۇش چىنلىقى دېگەن نېمە؟ بەدىئىي چىنلىق دېگەن نېمە؟ ئۇلارنىڭ پەرقى قايسى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ؟

10. ئەدەبىياتنىڭ خاھىشچانلىقى دېگەن نېمە؟

11. ئەدەبىياتتىكى ئىنسان تەبىئىتى دېگەن نېمە؟

12. ئەدەبىياتتىكى خەلقچىللىق دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئىپادىلىرى قانداق؟

13. ئەدەبىياتنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى ھەر خىل قاراشلارنى بايان قىلىڭ.

14. ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق؟ مەنبە دېگەن نېمە؟ ئېقىن دېگەن نېمە؟

15. ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى تەرەققىياتى قانداق؟ شەكىل جەھەتتىكى تەرەققىياتى قانداق؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# II باب

# ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە رولى

## 1 § ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى

### 1. ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدە ئوبيېكتى ۋە گۈزەللىك خۇسۇسىيىتى

1) ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدە ئوبيېكتى

ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدە تەسۋىرلەش ئوبيېكتى — ئادەم، يەنى ئادەمنىڭ تۇرمۇشى، ئادەمنىڭ رېئال ھەرىكىتى، ئادەمنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، خاراكتېر ئالاھىدىلىكى، قىسمەت - تەقدىرى. ئەدەبىيات جەمئىيەت ۋە تەبىئەت بىلەن مۇرەككەپ مۇناسىۋەت باغلىغان ئادەمنى مەركەز قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئەدەبىي ئەسەردىكى بىر پۈتۈن ئوبراز ئىچىدە ئادەم بەدىئىي ئوبرازنىڭ يادروسى. ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدە ئوبيېكتى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغاندا، ئۇنىڭ باشقا ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە فورمىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى پەرقلەندۈرەلمەي، سەنئەتنى ئاددىي ھالدىكى بىر خىل بىلىش دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭ گۈزەللىك خاراكتېرىگە ئېتىبارسىز قارىلىدۇ، ھەتتا سەنئەت باشقا ئىدېئولوگىيە فورمىلىرىنىڭ سخېمىلاشتۇرۇلۇشى ياكى تەشۋىقات قورالى قىلىپ قويۇلىدۇ.

ئەدەبىيات باشقا ئىدېئولوگىيە فورمىلىرىغا ئوخشاش رېئاللىقنى، جەمئىيەتنى كونكرېت ئادەمدىن ئايرىلغان ھالدا ئەكس

ئەتتۇرمەستىن، بەلكى كونكرېت، ھېس قىلغىلى بولىدىغان ئا-دەمنى ئوبيېكت قىلىش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تەبىئىي پەن تەبىئەتنىڭ ماددىي شەكلى، قۇرۇلمىسى، خاراكتېرى ۋە ھەردىكەت قانۇنىيىتىنى ئوبيېكت قىلغان بولۇپ، ئادەمنىمۇ تەبىئىي ماددا سۈپىتىدە تەتقىق قىلىدۇ. ئىجتىمائىي پەنلەر بولسا، ھەر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى بىۋاستە ئوبيېكت قىلىپ ياكى ئادەمنىڭ مىجەز - خۇلقى ۋە مەنىۋى دۇنياسىنىڭ مەلۇم تەرىپىنى تۇتۇپ، ئۇنى تـوغـرا ئوبيېكتى قىلسا، ئەدەبىيات ئـادەمنىڭ مىجەز - خۇلقى، قىلىقى ۋە قەلبىنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە سۈرەتلەپ، جانلىق، تىرىك، كونكرېت ئادەمنى ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلىدۇ.

يازغۇچىلار رېئال تۇرمۇشنى كۆزىتىش، ھېس قىلىش، تەھلىل قىلىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشنىڭ مەنزىرىسىنى ۋە رېئال تۇرمۇشتىكى ئادەملەرنىڭ قىياپىتى بىلەن خاراكتېرىنى قايتا ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە يازغۇچى - سەنئەتكارلار-نىڭ ھېچقايسىسىنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن ئىجتىمائىي ھادىسىلەر، سىياسىي تۇرمۇش بىلەن ئىقتىسادىي تۇرمۇش، ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن خۇسۇسىي تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتكەن ھالدا تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەدەبىيات ئادەمنى ۋە ئادەمنىڭ تۇرمۇشنى مۇكەممەل، ھەر خىل ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە بولغان بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئىپادىلەيدۇ، دېمەك، ئادەم مۇكەممەل بىر گەۋ-دە، ئۇنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرىنى، مەسىلەن، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە ئىچكى پسىخىكىسى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرگەندە، مۇكەممەل بىر دۇنيا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ھەر بىر ئادەم جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغان بىر دۇنيا، ئادەمنى تەسۋىرلىگەنلىك جەمئىيەتنى تەسۋىرلىگەنلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئەدەبىيات باشقا ئىدېئولوگىيە شەكىللىرىگە قارىغاندا زور كەڭلىككە ۋە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە.

ئەدەبىياتنىڭ پەۋقۇلئاددە ئوبيېكتىنىڭ نوقۇللا ئىجتىمائىي تۇرمۇش بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىچىدە خىلمۇخىل مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقان ئادەم ئىكەنلىكىنى نەزەرىيىچىلەر خېلى بۇرۇنلا مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئارىستوتىل: «شېئىرنىڭ تەقلىد ئوبيېكتى ... ھەرىكەت داۋامىدىكى ئادەم»[1] دېسە، XIX ئەسىردىكى فېيېرباخ: «سەنئەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئوبيېكتى — ئادەمدۇر» دېگەن، [2] چېرنىشېۋسكىي: «پىلاتون بىلەن ئارىستوتېلمۇ سەنئەتنىڭ ھەقىقىي مەزمۇنىدا، بولۇپمۇ شېئىردا ھەرگىز تەبىئەت ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەت تۇرمۇشى ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان»[3] دەپ كۆرسەتكەن. بالزاك ئەدەبىياتنى «ئىنسان قەلبىنىڭ تارىخى» دەپ ئاتىسا، لۇشۈن «‹ئا Qنىڭ رەسمىي تەرجىمھالى›دا يېزىلغىنى جۇڭگونىڭ كىشىلىك تۇرمۇشى» دېگەن. رۇس ئالىمى بېلوفمۇ: «سەنئەت ئىپادىلەيدىغان، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ بارلىق تۈپ ماھىيىتىنى تەشكىل قىلىدىغان نەرسە ئادەمنىڭ تۈپ ماھىيىتى»، «سەنئەتنىڭ پەۋقۇلئاددە ئوبيېكتى ئادەمنىڭ ھاياتى، تېخىمۇ دۇرۇسراق ئېيتقاندا، جەمئىيەت بىلەن شەخسنىڭ ئورگانىك بىرلىكى ئىچىدىكى ئىجتىمائىي ئادەمدۇر» دەپ [4] كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ بايانلىرى ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدە ئوبيېكتىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

---

① ئارىستوتىل: «شېئىرىيەت ئىلمى»، خەنزۇچە نەشرى، 7 ـ بەت.
② «XVIII ـ XIX ئەسىرنىڭ بېشى ۋە ئاخىرىدىكى گېرمانىيە پەلسەپىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 571 ـ بەت.
③ «چېرنىشېۋسكىي ئەدەبىيات توغرىسىدا»، خەنزۇچە نەشرى، 202 ـ بەت.
④ بېلوف: «سەنئەتنىڭ گۈزەللىك خاراكتېرى»، خەنزۇچە نەشرى، 145 ـ بەت.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەبىئەت مەنزىرىسى، ھەرخىل ھايۋانلار ئوبرازى، تۇرار جاي ۋە ئۆي جاھازلىرى تەسۋىرى. ھەمىشە ئۇچ-راپ تۇرىدۇ. بۇلار ئادەمنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئادەملەر تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. يازغۇ-چى - سەنئەتكارلارنىڭ بۇلارنى تەسۋىرلەشتىكى مەقسىتى، پەقەت ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىنى، ھېسسىياتى، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى-نى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ئېچىپ بېرىشنى، شەخسلەرنىڭ پائالىيىتىگە ماس كېلىدىغان مۇھىتنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى مەق-سەت قىلغان. بەزى ئەسەرلەردە ھايۋانانلار ئارىسىدىكى مۇناسى-ۋەتلەر يېزىلىش ئارقىلىق ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەلۇم خۇ-سۇسىيىتى ئەگىتمە ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بولۇپمۇ باللار چۆچەكى، مەسەل قاتارلىق ژانىرلاردا ھايۋانلار، قۇش، ھاشارات-لار ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئەمما بۇ خىل ئەسەرلەردە ھايۋانلار ئوبرازىغا، قۇش، ھاشاراتلار ئوبرازىغا ئادەم خاراكتېرى بېرىلگەن بولۇپ، كىشىلىك ھاياتتىكى مەلۇم مەسىلىلەرنى ئې-چىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان. دېمەك، ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىق تەسۋىرلەش ئوبيېكتى ئادەمدۇر.

2) ئەدەبىياتنىڭ گۈزەللىك خۇسۇسىيىتى

ئەدەبىيات - سەنئەت بىر خىل مەنىۋى پائالىيەت بولۇپ، كىشىلەرنىڭ رېئال دۇنيا بىلەن بولغان ئېستېتىك ئالاقىسىنىڭ ئالىي شەكلى. ئۇ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى گۈزەللىك ئۆلچىمى بو-يىچە ئەكس ئەتتۈرۈپ، تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي ھالىتىنى، ئادەم-لەرنىڭ روھىي قىياپىتىنى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ. دېمەك، ئەدەبىيات گۈزەللىك تەلىپىگە ئاساسەن دۇنيانى ئىگىلەيدۇ، ئادەم ۋە ئۇنىڭ ھاياتى ئۇنىڭ ئالاھىدە ئوبيېكتىلا ئەمەس، بەلكى گۈزەللىك ئوبيېكتىمۇ بولىدۇ. گۈزەللىك ئوبيېكتىنىڭ ھەممە-سىنىڭلا گۈزەل بولۇشى ناتايىن. ئۇ گۈزەل بولۇشىمۇ، گۈزەل بولماسلىقىمۇ مۇمكىن ياكى گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك ئارىلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ-لارنىڭ ھەممىسى گۈزەللىك ئوبيېكتىدۇر. يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسىگە ئاساسەن تۇرمۇشنى يورۇتىدۇ ۋە باھالايدۇ. ئېستېتىك غايىسىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىرىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە باھالايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، ئىنكار قىلىپ ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە باھالايدۇ. بۇ خىل ئېستېتىك غايە پەقەت يازغۇچىغىلا مەنسۇپ بولماستىن، ئوبيېكتىپ ئەھمىيىتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، مول ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئىجتىمائىي غايىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولىدۇ، يەنى بەلگىلىك دەۋر كىشىلىرىنىڭ ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققى-دىكى قارىشىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

گۈزەللىك ئادەمنىڭ ئەركىن ماھىيىتى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولغاندىلا ھەقىقىي، تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەي-دىغان ئېستېتىك غايىگە ئايلىنالايدۇ، مۇقەررەر ھالدا ئورتاقلىق-قا، ئۇزۇن مۇددەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ھەقىقىي مەنىدىكى ئېستېتىك غايىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس، مەسىلەن، ئېلىمىزنىڭ فېئوداللىق دەۋردىكى ۋە ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى كىشىلىك تۇرمۇشىدا مەيدانغا كەلگەن قاتمۇ قات قائىدە ـ يوسۇنلار، كىشىلىك ھېسسىياتنى بوغىدىغان، ئىنساننىڭ ئەركىن ماھىيىتىگە يات ئىدىيە ـ كۆزقا-راشلارنى ھەقىقىي گۈزەل غايە دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىنسان تەبىئىتىنى دەپسەندە قىلىدۇ. ئادەمنىڭ ئەركىن تۈپ ماھىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئاشۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن، چىن مۇھەببەتنى مەدھىيىلەيدىغان، شەخسنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئازادلىقىغا تەلپۈنىدىغان، گۈزەل، ئەركىن تۇرمۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرلا، ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەللىك غايە-سىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە بەزىدە نوقۇل تەبىئەت گۈزەللىكى تەس-

ۋىرلىنىدۇ، بەزى ئەسەرلەر ئادەمنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى بىۋاسى-
تە تەسۋىرلەشتىن كۆرە، رېئاللىقتىن ھالقىغان خىيالىي كۆرۈ-
نۇشلەرنى توقۇپ چىقىرىدۇ ياكى ئۇتۇپىك مەنزىرىلەرنى تەسۋىر-
لەيدۇ. لېكىن بۇ كۆرۈنۇش ۋە مەنزىرىلەر دەل رېئاللىقنىڭ بىر
تەرىپى سۈپىتىدە ئەدەبىي ئەسەرگە كىرگۈزۈلۈپ، بىر خىل غايى-
ۋى دۇنيا ۋە ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە،
ئادەملەرنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكى ۋە ئىنتىلىشىنى نامايان قىلىدۇ.
ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ تەبىئەت مەنزىرىسىگە بېغىشلان-
غان كۆپلىگەن گۈزەل شېئىرلىرى، ئالگېرى دانتىنىڭ «ئىلاھ
كومېدىيىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بۇنىڭ مىسالى. يەنە بەزى
ئەسەرلەردە، گۈزەللىك ئىجابىي جەھەتتىن تەسۋىرلەنمەستىن،
باشتىن ـ ئاخىر خۇنۇكلۇك تەسۋىرلىنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەز-
مۇنى يەنىلا گۈزەل بولىدۇ. گوگولنىڭ «رېۋىزور»، لۇشۇن-
نىڭ «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمھالى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بۇ-
نىڭ مىسالى. بۇ خىل ئەسەرلەردە خۇنۇكلۇك يازغۇچىلارنىڭ
گۈزەللىك نەزىرى ئارقىلىق يورۇتۇلۇپ باھالانغان ۋە قامچىلان-
غان. «رېۋىزور» سەھنىدە ئوينالغاندا تاماشىبىنلار ئۆزىنى تۇتۇ-
ۋالالماستىن قاقاقلاپ كۈلگەن. بۇ خىل كومېدىيىلىك ئۇنۇم،
بۇ خىل كۈلكە گوگولنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «ئا-
دەمنىڭ نۇرلۇق تەبىئىتىدىن ئۇرغۇپ چىققان». دېمەك، يازغۇ-
چى بۇ يەردە گۈزەللىك ئارقىلىق خۇنۇكلۇك ئۈستىدىن غەلىبە
قازانغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گەرچە يازغۇچى
ئىنسان تەبىئىتىدىكى گۈزەللىكنى ۋە تۇرمۇش گۈزەللىكىنى بى-
ۋاسىتە تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلمىسىمۇ، ھەتتا بەزىدە ئەشەددىي
خۇنۇكلۇكنى تەسۋىرلىسىمۇ، لېكىن ئۇ پەقەت ئوبيېكتنى ئەكس
ئەتتۈرگەندە ئۆزىنىڭ گۈزەللىك غايىسىنى ئىپادىلىسىلا، ئەسەر
ئوبيېكتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەزمۇن جەھەتتە
گۈزەل بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇنيانى گۈزەللىك نۇقتىسىدىن ئىگىلەش پەقەت ئەدەبىيات-نىڭ مەزمۇنىنى گۈزەللىككە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئەدەبىياتنىڭ شەكلىنىمۇ گۈزەللىككە ئىگە قىلىدۇ. شەكىل گۈ-زەللىكى سەنئەت ئەسىرىنىڭ تاشقى شەكىل ئەۋزەللىكى (قىيا-پەت، ئاۋاز، رەڭ ــ سىزىق، تىل گۈزەللىكى) بىلەن ئىچكى شەكىل گۈزەللىكى (ماسلىشىش، پۈتۈنلۈك، سېلىشتۇرۇش، نىسبەتلەشتۇرۇش، بىرلىك گۈزەللىكى قاتارلىقلار) گە قارىتىل-غان. سەنئەتنىڭ شەكىل گۈزەللىكى يازغۇچى ــ سەنئەتكارنىڭ گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى-نىڭ نەتىجىسى. شۇڭلاشقا شەكىل گۈزەللىكىمۇ كىشىلەرنىڭ سېزىمىغا، ھېس ــ تۇيغۇسىغا، ئىدراكىغا تەسىر كۆرسىتىپ، گۈزەللىكنى نامايان قىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرگە نىسبەتەن ئېيتقان-دا، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدىن ئىبارەت بىر پۈتۈنلۈك ئالامىتى بىلەن گۈزەللىكنى نامايان قىلىدۇ. قىس-قىسى، ئەدەبىيات ــ سەنئەت ھەم ئادەتتىكى ئاڭ فورمىلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئورتاق ئالاھىدىلىككە ھەم ئۆزىدىلا بولۇشقا تېگىشلىك بىر خىل گۈزەللىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان ئىج-تىمائىي ئاڭ فورمىسىدۇر.

## 2. ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى

### 1) ئوبراز

ئوبراز يازغۇچىلار بەدىئىي ئەسەردە ياراتقان كىشىلىك تۇر-مۇش توغرىسىدىكى كونكرېت، جانلىق، ھېسسىي ھەم بەدىئىي تەسىرچانلىققا ئىگە تۇرمۇش كارتىنىسىدۇر. باشقىچە ئېيتقاندا، سەنئەتنىڭ توپ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى بولغان بەدىئىي ئوبراز — كىشىلەرنىڭ تۇيغۇ ۋە ھېسسىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ، كىشى-لىك تۇرمۇش مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدىغان ھېسسىي شەكىلدىن ئىبارەت. شۇڭا بىز بەدىئىي ئوبراز ئۇنۇملۇك يارىتىل-

غان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا، خۇددى تۇرمۇشنىڭ
ئۆزى بىلەن ئۇچراشقاندەك، ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئاۋازىنى
ئاڭلاۋاتقاندەك، ئۇلارنى كۆرۈۋاتقاندەك، شۇلارنىڭ پائالىيىتى
بىلەن بىللە بولۇۋاتقاندەك بولىمىز. دېمەك، سەنئەت تاشقى دۇنيا
بىلەن ئادەمنىڭ ئىچكى تۇرمۇش ئەھۋالىنى ھېسسىي شەكىل
بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، تەبىئەت ۋە تۇرمۇش ھالىتىگە تېخىمۇ
يېقىنلاشتۇرۇپ، ئادەمنىڭ تۇيغۇسى ۋە ھېسسىياتىغا تەسىر كۆر-
سىتىدۇ. دېمەك، بۇ خىل ھېسسىي شەكىل ئوبراز بولىدۇ.
ئوبرازنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى— ھېسسىي بولۇش، كونكرېت
بولۇش ۋە جانلىق بولۇش، ئوبراز مۇشۇ ئالاھىدىلىككە ئىگە
بولغاندىلا، تەبىئەت ۋە تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدەك ئەينەنلىك ۋە ھېس-
سىيلىقىنى ساقلاپ، كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.
ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە كونكرېت، ھېسسىي تۇرمۇش
ھالىتى، مەنزىرىسى يېزىلماي، پەقەت ئابستراكت ئۇقۇم، بىر
يۈرۈش نەزەرىيىۋى پىكىر، قۇرۇق مۇھاكىمە ياكى بايانلار يېزىل-
سا، ئۇ تۇرمۇشتىن ئىنتايىن يىراقلىشىدۇ ـ دە، سەنئەت ئەسە-
رى بولالمايدۇ.

تۇرمۇشتىكى رېئال شەخسلەر، مەنزىرىلەر، شەيئىلەر
كونكرېت ۋە ھېسسىي بولىدۇ. كونكرېت ۋە ھېسسىي بولۇش
تەبىئەتتىكى ۋە تۇرمۇشتىكى ئاشۇ شەيئى، ھادىسىلەرنى خۇددى
تەبىئەت ۋە تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدەك، فوتو ئاپپاراتتا تارتقاندەك تەس-
ۋىرلەپ، كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان قىلىشتىن ئىبا-
رەت. ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا ئىدېئو-
لوگىيە شەكىللىرىدىن، ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرى، ئىلمىي ما-
قالىلەر ۋە نەزەرىيىۋى ئەسەرلەردىن پەرقلىنىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بى-
رى، ئاتاقلىق يازغۇچى ۋە دراماتورگ زۇنۇن قادىرى «ماغدۇر
كەتكەندە» ناملىق ھېكايىسىدە، فېئوداللىق زۇلۇم ئاسارىتىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن مىجىلىپ ھالىدىن كەتكەن باقى
ئىسىملىك دېھقان ئائىلىسىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى جانلىق ۋە
كونكرېت تەسۋىرلەپ، زۇلۇم ۋە خورلۇق بىلەن تولغان جىنايەتـ
لىك جەمئىيەتنىڭ خۇنۇك مەنزىرىسىنى سىزىپ بەرگەن. ئۇ
ئىجادىيەت جەريانىدا ئۆزىنىڭ ھەممە زېھنىي كۈچىنى ئەڭ ئاۋۋال
بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتىن ئىبارەت مۇشۇ تۈپ تەلەپ ئۈستىگە
مەركەزلەشتۈرگەن. يەنى باقىنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ھەرـ
قايسى تەرەپلەرنى كونكرېت، جانلىق، ھېسسىي ھالەتتە تەسۋىرـ
لەپ، كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا جانلىق تۇرمۇش كارتىنىسىنى
شەكىللەندۈرگەن.

لىرىك شېئىر ـ قوشاقلاردا كىشىلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى
توغرىدىن ـ توغرا، كونكرېت، ھېسسىي ھالدا تەسۋىرلەنمىسىـ
مۇ، شائىرنىڭ لىرىك ھېسسىياتى ئارقىلىق تۇرمۇش كارتىنىـ
سىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. دېمەك، بەدىئىي ئوبراز ئابستـ
راكت چۈشەنچە بولماستىن، بەلكى كونكرېت، ھېسسىي بولىـ
دۇ. كونكرېتلىق— بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىـ
رىدىن بىرى، ئۇنىڭدا مۇشۇ خۇسۇسىيەت بولمايدىكەن، ئۇنى
بەدىئىي ئوبراز دېگىلى بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بەدىئىي
ئوبراز ئومۇملاشتۇرۇلغان بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئوبـ
رازلار گەرچە رېئال تۇرمۇشتىن ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ
رېئال تۇرمۇشنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس. چۈنكى يازغۇـ
چىلار نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش پائالىيەتلىـ
رىنى تەھلىل قىلىش، سېلىشتۇرۇش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش
ئارقىلىق يىغىنچاقلاپ، ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۇلارنى كونكرېت
ئىندىۋىدۇئاللىقتا ئىگە بىرەر شەخسنىڭ ئۈستىگە مەركەزلەشتۈـ
رىدۇ. دېمەك، بەدىئىي ئوبراز بىر تەرەپتىن كونكرېتلىقتا،
ھېسسىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىغا
كۈچلۈك تەسىر قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن يۈكسەك دەرىجىدىكى

ئومۇملاشتۇرۇش كۈچىگە ئىگە. شۇڭا ئۇ تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. مەلۇمكى تۇرمۇش رېئاللىقى خىلمۇ خىل ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي ئۆز ئەسىرىدە تەسۋىرلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان، بەدىئىي قىممىتى يۇقىرى، كىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان تۇرمۇش دېتاللىرىنى تاللىۋالىدۇ.

ئوبراز ھەققىدە گېگېل: «سەنئەتنىڭ دىن ۋە پەلسەپىگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، سەنئەت ھېسسىي شەكىل ئارقىلىق ئەڭ يۈكسەك نەرسىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يۈكسەك نەرسە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە تېخىمۇ يېقىن، بىزنىڭ تۇيغۇمىز ۋە ھېسسىياتىمىزغا تېخىمۇ يېقىن بولىدۇ»[1] دېگەنىدى.

بەدىئىي ئوبراز دېگەن نېمە؟ بارلىق سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى ھېسسىي شەكىللەر بەدىئىي ئوبراز دەپ ئاتىلىدۇ. سەنئەتتىكى ئوبراز تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدىكى كونكرېت شەيئىنىڭ ئوبرازىغا ئوخشىمايدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى:

بىرىنچى، سەنئەتكار رېئاللىقتىكى بارلىق كونكرېت شەيئىلەرنى سىزىپ بېرىشىمۇ، كونكرېت شەكىل بولمىغان ئىدىيىۋى ھېسسىيات، تەسەۋۋۇر، خىيال، چۈش، يوشۇرۇن ئاڭ قاتارلىقلارنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، ھېسسىي شەكىل بەخش ئېتىشىمۇ مۇمكىن. روشەنكى، سەنئەتتىكى ئوبراز شەيئى ئوبرازىدىن كەڭرەك بولۇپ، بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى، بەدىئىي ئوبراز ئوبيېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، سەنئەتكارنىڭ خاسلىقى ۋە شەيئى ھەققىدىكى ئۆزىگە خاس تەسىراتىنىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ. سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئىجادىيەت تېمىسى تۇرمۇشتىن قوبۇل قىلىنغان

① گېگېل: «ئېستېتىكا»، خەنزۇچە نەشرى. 1 توم، 65 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاشقى دۇنيا ھەققىدىكى ئوبرازلىق ئۇچۇردىن ئېلىنىپ، سەنئەتكارنىڭ تەسىراتى، چۈشىنىشى ۋە ئېستېتىك غايىسى ئارقىلىق يۇغۇرۇلۇپ، ئۆزگىچە بەدىئىي ئوبراز سۈپىتىدە يارىتىلىدۇ. شۇڭا بەدىئىي ئوبرازدا جانلىق تۇرمۇش مەزمۇنىمۇ، سەنئەتكارنىڭ ئېستېتىك ھېسسىياتىمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭغا سەنئەتكارنىڭ ئىندىۋىدۇئال تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە رېئال تۇرمۇش ھامان يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ كۆزقارىشى بويىچە تەھلىل قىلىنىپ، تاللىنىپ، پىششىقلىنىپ ۋە ئۆزگەرتىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكتىن، بەدىئىي ئوبرازدىمۇ يازغۇچىنىڭ ھېسسىياتى ۋە ئېستېتىك نۇقتىئىنەزەرى مۇئەييەن دەرىجىدە ئىپادىلىنىدۇ.

2) ھېسسىيات

ئوبراز ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى، ئەمما بىردىنبىر ئالاھىدىلىكى ئەمەس، ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ باشقا ئىدېئولوگىيە فورمىلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ ھېسسىياتچانلىقىدا. ھېسسىيات سەنئەتنىڭ ئىچكى تارتىش كۈچى بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل ئىجادىيەت جەريانىغا ۋە ئوبرازغا سىڭگەن بولىدۇ. ھېسسىياتچانلىق ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ قەلبىمىزنى تىترىتىپ، يۈرەك تارىمىزنى چەككۈچى مۇھىم ئامىلى. ئەسەر بۇ ئامىلسىز ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەر بولالمايدۇ. ئەگەر ئوبرازچانلىق سەنئەتنىڭ تاشقى ئامىلى دېيىلسە، ھېسسىياتچانلىق سەنئەتنىڭ ئىچكى ئامىلىدۇر. مانا بۇ ئىككى ئامىلنىڭ زىچ بىرلىكى سەنئەت پائالىيىتىنى ئىلىم ــ پەن قاتارلىق بىلىش پائالىيەتلىرىدىن پەرقلەندۈرىدۇ. سەنئەتكارنىڭ ھېسسىياتى ئىجادىيەت جەريانىدا ئوبرازدىن ئايرىلمايدۇ، شۇنداقلا يازغۇچى ــ سەنئەتكار ئىجادىيەت جەريانىدا ھامان ئۆز ئەسىرىدىكى پېرسوناژلار بىلەن جاپا ــ مۇشەققەت چېكىدۇ ياكى شاد ــ خۇراملىقتا چۆمىدۇ. بۇ ھال ئىلمىي، نەزەرىيىۋى كىتاب ــ ماقالىلەر-

نى يازغاندىكى ئەھۋالغا توپتىن ئوخشمايدۇ. چۈنكى ئىلمىي
تەپەككۇر ئۇسۇلىدا، تەپەككۇر ئوبيېكتىنى چۈشەنچە شەكلىدە
بىلسە، بەدىئىي تەپەككۇر ئۇسۇلىدا، تەپەككۇر ھېسسىيات، بىۋا-
ستە سېزىم ياكى تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئوبيېكتىنى چۈشىنىدۇ.
مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا، سەنئەتنىڭ خىلمۇ خىل شە-
كىللىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ئوخشىمىسىمۇ، ئۇلار مۇنداق بىر
نۇقتىدا ئورتاقلىقۇا ئىگە، يەنى سەنئەتنىڭ مەزمۇنى بىر خىل
ئېستېتىك ھېسسىياتنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئا. س. پۇشكىننىڭ
ئەسەرلىرى نەپىس، نازاكەتلىك، يارقىن ۋە گۈزەل بولغانلىق-
تىن، بېلىنسكىي ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى «شېئىرىي ھېسسىياتقا
تولغان، پەقەت ئادەمنىڭلا ئەمەس، سەنئەتكارنىڭ ھېسسىياتى—
ئېستېتىك ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئەسەرلەر» دەپ ماختى-
غان. دېمەك، سەنئەتتىكى ھېسسىياتچانلىق ئەمەلىيەتتە ئېستې-
تىك ھېسسىياتچانلىقتۇر.
ئەدەبىي ئەسەرلەر، بولۇپمۇ ئەسەرلەردە هامان خىلمۇ خىل
پېرسوناژلار يېزىلىدىغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى،
قايغۇسى، كۆڭۈل ئازادىلىكى، دەرد ـ ئەلىمى قاتارلىقلار، ئا-
لىيجاناب ياكى چۈشكۈن ھېسسىياتى ۋە باشقىلار ئىپادىلىنىدۇ.
بالزاك ئۆزىنىڭ «كىشىلىك كومېدىيىسى»نى «كىشىلىك ھېس-
سىياتنىڭ تارىخى تەسۋىرلەنگەن ئەسەر» دەپ ئاتاپ، ئۆز قەلىمى
ئاستىدىكى پېرسوناژلارنى دەۋر ئاپىرىدە قىلغان، پۈتكۈل ئىنسا-
نىيەتنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن، مۇكەممەل
پەلسەپىۋى قىممەت يوشۇرۇنغان پېرسوناژلاردۇر دەپ كۆرسەت-
كەن. ئىنسان قەلبىنى تەسىرلەندۈرۈپ، ھاياتبەخش زوق بېرى-
دىغان، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ
ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش-
نىڭ تىپىك ۋە ھەقىقىي چىنلىقى، ھېسسىياتنىڭ تۇرمۇشتىكى
تەبىئىي ۋە ساپلىقىدىن ئىبارەت. شۈبھىسىزكى، مۇنداق ئەسەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەر ئۆزىنىڭ سېھىرلىك كۈچىنى جۇلالىتىپ ۋە قەدىر - قىممە-تىنى كۆرسىتىپ، كىتابخان قەلبىدە مەڭگۇ ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى ئادەم. ئادەم — روھىي دۇنياسى ئىن-تايىن نازۇك ھەم مۇرەككەپ، ھېسسىياتقا باي مەخلۇق. ئەسەر پېرسوناژلىرى ھېسسىياتقا قانچە باي بولسا، ئۇ كىتابخاننى شۇنچە زوقلاندۇرىدۇ، تەسىرلەندۈرىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىپىسى كىتاب-خانغا ۋەز ئېيتىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى نازۇك ھېسسىيات، مول ئېستېتىك زوق ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ. كىتابخان ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى يازغۇچى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان ھېسسى-يات ئارقىلىق قەلبىدىكى مەنىۋى چاڭقاشنى قاندۇرىدۇ، ھاياتنى چۈشىنىدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا خەلقىمىزنىڭ شانلىق تارىخى، مول مەزمۇنلۇق تورمۇشى، ئىج-تىمائىي ئىدېئولوگىيىسى، ئارزۇ - ئارمىنى، ئەقىل - پاراسى-تى، مۇھەببەت - نەپرىتى ھەر خىل بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇلاردا ئىپادىلەنگەن چىن ھېسسىيات، ساپ، قايناق ھېس - تۇيغۇ، چوڭقۇر پەلسەپىۋىلىك پىكىرلەر كىتابخانلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرۈپ، ھاياجانغا چۆمدۈرىدۇ. نەۋائىنىڭ غەزەللىرىنى، داستانلىرىنى ئوقۇساق، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، تېيىپجان ئېلىيوپ، نىمشېھىت قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرىنى ئوقۇساق، قايناق ھېسسىيات بىلەن تويۇنغان، كۆپ قاتلاملىق مەزمۇنلاردىن چوڭقۇر تەسىرلە-نىمىز. مەسىلەن، شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «تۇگىمەس ناخ-شا» ناملىق شېئىرىدا مول شېئىرىي پىكىر، ئوتلۇق ھېسسىيات ۋە بەدىئىي سېھىرىي كۈچ بار بولۇپ، بۇ شېئىر كىتابخانلارنىڭ ئىجادىي تەسەۋۋۇرىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇلارنى كۆپ قاتلاملىق پىكىر يورگۇزۇشكە داۋاملىق ئىلھاملاندۇرىدۇ. يەنە شائىرنىڭ «باھار ئىلھامى» توپلىمىدىكى «يۇرتۇمنى كۆرۈپ دېگەن گەپلىرىم»

دېگەن شېئىرى قايناق ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان شېئىردۇر. ئانا يۇرتقا بولغان سەمىمىي مۇھەببەت ماھىيەتتە كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ نامايەندىسى. ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت ئالدى بىلەن ئانىنى ۋە تۇغۇلغان دىيارنى سۆيۈشتىن باشلىنىدۇ. شائىر مانا شۇنداق بىر چوڭقۇر ئوي - پىكىرنى بۇ شېئىرىدا ساپ، سەمىمىي، تەبىئىي ھېسسىيات ئاساسىدا يورۇتۇپ بەرگەن. قىسقىسى، ھېسسىياتچانلىق بەدىئىي ئىجادىيەت جەريانىغا باشتىن - ئاخىر سىڭگەن بولۇپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باشقا پەنلەردىن ئالاھىدە پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىككە، سېھرىي قىممەتكە ئىگە قىلىدۇ.

3) تەسەۋۋۇر

تەسەۋۋۇر — ئىجادىيەتتىكى بىر خىل تەپەككۇر پائالىيىتى بولۇپ، ئادەتتە باغلانما پىكىر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل پىكىر شەكلى بەدىئىي ئەدەبىياتتا كەم بولسا بولمايدۇ. تەسەۋۋۇر — بىر نەرسىنىڭ ياكى مەلۇم ھادىسىنىڭ سۈرىتىنى ئويلاپ، ئۇنى ئۆز زېھنىدا گەۋدىلەندۈرۈش، خىيالىغا كەلتۈرۈش دېمەكتۇر. كىشىلەر ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرگەندە، بۇرۇن ئىدراك قىلىنغان ياكى تەسىر كۆرسەتكەن نەرسىلەرنى سۈرىتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ئۇلاردىن پايدىلىنىپ يېڭى تەسەۋۋۇرلارنى يارىتىدۇ. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلىنمىغان ياكى ئۇچراشمىغان شەيئىلەرنىڭ شەكلىنى بىلەلەيدۇ، ھەتتا ئۇلار بۇ ئارقىلىق رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمىغان نەرسىلەرنىمۇ بىلەلىشى مۇمكىن. ئاتاقلىق ئالىم ئېينىشتېين: «تەسەۋۋۇر كۈچى بىلىمدىنمۇ مۇھىم، چۈنكى بىلىم دېگەن چەكلىك بولىدۇ، تەسەۋۋۇر بولسا، دۇنيادىكى جىمىكى نەرسىنى يىغىنچاقلايدۇ، تەرەققىيپەرۋەرلىككە تۈرتكە بولىدۇ. قاتتىق تەلەپ بويىچە ئېيتقاندا، تەسەۋۋۇر كۈچى پەن تەرەققىياتىدىكى ھەقىقىي ئامىلدۇر» دېگەن. تەسەۋۋۇر ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ قانىتى.

www.uyghurkitap.com

چۈنكى سەنئەت — تەسەۋۋۇر دۇنياسى. پەقەت تەسەۋۋۇر ئارقىلىقلا
تۇرمۇشتىكى پىروتوتىپىنى بەدىئىي تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرگە-
لى، تۇرمۇش چىنلىقىنى بەدىئىي چىنلىققا يۇكسەلدۇرگىلى،
ئادەتتىكى ھېسسىياتنى ئېستېتىك ھېسسىياتقا كۆتۈرگىلى، شۇ
يول بىلەن نادىر سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ چىقارغىلى بولى-
دۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەسەۋۋۇر پەن ۋە سەنئەتتە ئىنتايىن مۇھىم
پىكىر شەكلى. بەدىئىي تەسەۋۋۇر تۇرمۇشتىن سەنئەتكە ئۆتۈش-
نىڭ مۇقەررەر يولى، سەنئەتنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى.

ئەبۇ نەسىر فارابى ئۆزىنىڭ «كىتابۇ شېئىر» (شېئىر سەن-
ئىتى) ناملىق ئەسىرىدە تەسەۋۋۇرنى بىۋاسىتە تەسەۋۋۇر ۋە
ۋاسىتىلىك تەسەۋۋۇرغا ئاجرىتىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھەربىر
نەرسە بىرەر نەرسىگە بىۋاسىتە ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ نەرسە
تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ ياكى بولمىسا بىر ياكى ئىككى نەرسىنىڭ
ۋاسىتىسى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ، بۇ ئوخشىتىلغان نەرسىگە
بىلدۈرۈلگەن مۇلاھىزىگە كۆرە شۇنداق بولىدۇ»[1]. فارابى نەر-
سىنىڭ ئەسلىگە يىراق بولغان نەرسە ئارقىلىق تەسەۋۋۇر ۋە
ئوخشىتىش ئۇيۇشتۇرۇشنى ئالاھىدە ماھارەت ھېسابلىغان.

فارابى تەسەۋۋۇرنى تەقلىدىي خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇر ۋە
ئىجادىي خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلى-
دۇ. بۇ ئۇنىڭ بىۋاسىتە تەسەۋۋۇر ۋە ۋاسىتىلىك تەسەۋۋۇر
ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرىنىڭ داۋامىنى تەشكىل قىلغان. ئۇ يۇقىرى-
قى ئەسىرىدە تەقلىدىي خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇرنى «شەيئىلەرنى
شۇ شەيئىنىڭ ئۆزىدە تەسەۋۋۇر قىلىش» دەپ كۆرسەتسە، ئىجا-
دىي خاراكتېردىكى قوشما تەسەۋۋۇرنى «شەيئىلەرنى باشقا شەيئى-
دە تەسەۋۋۇر قىلىش»[2]دەپ كۆرسىتىدۇ. فارابى تەسەۋۋۇر مە-
سىلىسىنى ئوبراز مەسىلىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلى-

---

① ئەبۇ نەسىر فارابى: «شېئىر سەنئىتى» 1979 ـ يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 21 ـ بەت.
② «ئەل فارابىنىڭ لوگىكىغا ئائىت ماقالىلىرى»، 155 ـ بەت.

غان. ئۇنىڭدا تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى پەقەت ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەنلا تەسەۋۋۇر خىياللىرىنى ھاسىل قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوبرازسىز تەسەۋۋۇرنى قىياس قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. دېمەك تەسەۋۋۇر ئوبرازلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە. يەنى كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە ساقلىنىپ قالغان بۇرۇنقى شەيئىلەرنى ئەسلىگەن چاغدا بۇ خىل شەيئىلەرنىڭ تەسۋىرى مېڭىسىدە جانلىنىدۇ. شۇڭا تەسەۋۋۇر ئوبرازلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

يازغۇچى ـ سەنئەتكارلار يۈكسەك دەرىجىدىكى كۆزىتىش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. لاچىننى سامادا پەرۋاز قىلدۇرىدىغىنى ئۇنىڭ ئىككى قانىتى بولسا، يازغۇچىنى ئىجادىيەت گۈلشىنىدە ئەركىن سەيلە قىلدۇرىدىغىنى تەسەۋۋۇردۇر. تەسەۋۋۇر شەيئى، ھادىسە ياكى مۇئەييەن بىر پىكىرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ (سۈرەتلەشتۈرۈپ) خىيال قىلىش دېمەكتۇر. بۇ يەردىكى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش تەسەۋۋۇرنىڭ جېنى. كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش بولمىسا، تەسەۋۋۇرمۇ بولمايدۇ. تەسەۋۋۇر قۇرۇق، ئاساسسىز خىيال ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن ماتېرىيال ۋە ئاساسلار بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان كونكرېت خىيالدۇر. شائىر باي تەسەۋۋۇرى بىلەنلا شائىر بولالايدۇ. باي ۋە ئىجادىي تەسەۋۋۇر شائىرنىڭ ھەر تەرەپلىمە توپلىغان بىلىمىنىڭ نەتىجىسى. شائىرنىڭ ۋەزىپىسى سۆز بىلەن سۈرەت سىزىش ياكى شېئىرىي ئوبراز يارىتىشتۇر. شۇنداق ئىكەن، شائىر يۈكسەك دەرىجىدە تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى لازىم. ئۇنىڭدا يۈكسەك دەرىجىدىكى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى بولمىسا، شېئىرىي پىكىرنى كونكرېتلاشتۇرالمايدۇ، سۈرەتلەشتۈرەلمەيدۇ ياكى ئوبرازلاشتۇرالمايدۇ. بېلىنىسكىي: «شائىرنىڭ خىزمىتى مەۋھۇم پىكىرنى گۈزەل، تەسىرلىك ۋە جانلىق قىلىپ كونكرېتلاشتۇرۇش» دەپ كۆرسىتىدۇ. بىر قىسىم مۇنەۋۋەر شېئىرلاردا لىرىك بوشلۇقنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ھېسسىياتنىڭ سەكرەتمىلى-

www.uyghurkitap.com

كى، تەسەۋۋۇرنىڭ ئەركىن، جانلىقلىقى كىتابخانلارنىڭ تەپەك-
كۇرىنى جانلاندۇرۇپ، شېئىرنى قايتا - قايتا ئوقۇشقا ۋە ئويلە-
نىشقا ئىلىپ بارىدۇ. مۇنداق شېئىرلاردا پىكىر يالىڭاچ بولماس-
تىن، بەلكى سىمۋولىستىك ۋاستىلەرنىڭ ياردىمىدە يېڭىچە تە-
سەۋۋۇر پەللىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. كىتابخان سىنچى نەزەرى بىلەن
قاراپ، ھەر بىر مىسرانى، ھەر بىر سۆزنى ئوپېراتسىيە قىلغاندى-
لا، ئاندىن شائىرنىڭ بەدىئىي مۇددىئاسىنى ھېس قىلالايدۇ -
دە، كۆڭلىدە شېئىرىي قاتلامنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن مەمنۇن بولى-
دۇ.

دېمەك، تەسەۋۋۇر سەنئەتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم
ئامىللىرىنىڭ بىرى. ئېستېتىك ئامىلغا تويۇنغان تەسەۋۋۇر—
ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تەبىئەتتىن ھالقىغان، رېئاللىقتىن ھالقىغان
كۆرۈنۈشلەرنى ۋە ئوبرازلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، كىتابخانلارنى
غايىۋى دۇنيا بىلەن ئۇچراشتۇرالايدۇ، ئىنساننىڭ ئەركىن تەبى-
ئىتىنى بەدىئىي مۇھىتتا ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بې-
رىدۇ.

4) بەدىئىي توقۇلما

ئەدەبىيات - سەنئەت خۇددى تەسەۋۋۇردىن ئايرىلالمىغان-
دەك، بەدىئىي توقۇلمىدىنمۇ ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا بەدىئىي توقۇل-
مىمۇ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى.
بەدىئىي توقۇلما—توقۇش، ياساش، قىياس قىلىش ئارقىلىق
ئوبيېكتقا تەقلىد قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ يازغۇچى - سەنئەت-
كارنىڭ تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى بەدىئىي
مەنزىلگە يېتەكلەيدۇ.

يازغۇچى - سەنئەتكارلار ئوبراز يارىتىشتا ئىجتىمائىي تۇر-
مۇشتىكى ئەمەلىي ئادەم، ئەمەلىي ئىشلارنى ئاددىي ھالدا ئەينەن
كۆچۈرۈپ قويمايدۇ، بەلكى ئۆزلىرى چۈشەنگەن، كۆزەتكەن ۋە
ئىگىلىگەن باي تۇرمۇش ماتېرىياللىرىغا قاراپ تاللاش، ئومۇم-

لاشتۇرۇش، مەركەزلەشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار بۇ جەرياندا باي تەسەۋۋۇرنىڭ ۋە توقۇلمىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، پېرسوناژ، ۋەقەلىكلەر ئىچىدىكى كەملىك قىلغان ۋە تېخى چېلىقتۇرۇلمىغان تەرەپلەرنى تولۇقلاپ، سۇژىتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ، بەدىئىي ئوبرازنى يارىتىدۇ. ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى بارلىق شەيئى، هادىسىلەر كونكرېتلىقتا ئىگە. لېكىن يازغۇچى - سەنئەتكارلار رېئاللىقنى ماهىيەتلىك هالدا بىر پۈتۈن، ئەينەن، جانلىق ۋەقەلىك هالىتى بويىچە بىلىشكە ئىنتىلىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئىجادىيەت تۇرمۇشتىكى پارچە - پۇرات ۋەقەلىك - هادىسىلەرنىڭ يازغۇچى-سەنئەتكارلار تەرىپىدىن تولۇقلىما قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا يازغۇچىلار توقۇلما ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرگەن بەدىئىي ئوبراز گەرچە رېئال تۇرمۇشتىكى مەلۇم ماهىيەتلىك تەرەپلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئوبيېكتىپ رېئاللىققا قارىغاندا تېخىمۇ تەسىرلىك، تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ ئومۇمىي خاراكتېر ئالىدۇ.

قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرى ۋە تارىخىي داستانلىرى، جۇملىدىن هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قەهرىمانلىق داستانلىرى، ئەپسانە، رىۋايەتلىرىمۇ ئەنە شۇنداق هەم رېئاللىق، هەم بەدىئىي توقۇلما ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئەدەبىيات - سەنئەت رېئاللىقنىڭ يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ مېڭىسىدىكى پىششىقلانغان ئىنكاسىنىڭ مەهسۇلى. شۇڭا بۈگۈنكى كۈندىكى يازما ئەدەبىيات- سەنئەت ئەسەرلىرىمۇ رېئاللىقنى ئاساس قىلغان بەدىئىي توقۇلمىنىڭ مەهسۇلىدۇر. چۈنكى يازغۇچى ئىجادىيەت جەريانىدا رېئاللىقتىكى مەلۇم شەخس ياكى ۋەقەلىك بىلەن چەكلىنىپ قالماي، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا ئوخشاش تۈردىكى شەخسلەرنىڭ بەزى ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، تىپىكلەشكەن ئوبرازلار ئارقىلىق تۇرمۇشتىكى بەزى ماهىيەتلىك تەرەپلەرنى ئېچىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانىدىكى پاۋېل كورچاگىن ئوبرازى ۋە ئۇنىڭ

سەرگۈزەشتىلىرى، روماننىڭ ئاپتورى نىكولاي ئوستىروۋسكىي-
نىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن
ئۇلار ئوتتۇرىسىدا خېلى زور پەرقلەر بار. يازغۇچى روماننىڭ
يېزىلىشى توغرىسىدا: «گېزىت - ژۇرناللار دائىم ماقالىلەرنى
بېسىپ تۇرىدۇ، مەنمۇ رومانىم — ‹پولات قانداق تاۋلاندى›نى
ئۆزۈمنىڭ تەرجىمىھالىم سۈپىتىدە چىقارماقچىمەن، يەنى نىكو-
لاي ئوستىروۋسكىينىڭ تۇرمۇش تارىخى قىلماقچىمەن، بۇنداق
قىلىش قىسمەن توغرا بولماي قالىدۇ، ئەلۋەتتە. مېنىڭ رومانىم
ئەدەبىي ئەسەر، شۇڭا بۇنى يېزىش جەريانىدا ئۆزۈمنىڭ بەدىئىي
توقۇلما قىلىش ھوقۇقۇمنى ئىشلەتتىم. خېلى كۆپ ھەقىقىي
ماتېرىيالنى روماننىڭ ئاساسى قىلدىم، لېكىن بۇنى ھەرگىزمۇ
بىر كىشىنىڭ تەرجىمىھالى دېگىلى بولمايدۇ» دېگەن.

يازغۇچى، شائىرلار ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا ھامان بە-
دىئىي توقۇلما بىلەن ئىجادىي تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمىگە موھتاج
بولىدۇ. تەسەۋۋۇر ئۇلارنى پەرۋاز قىلدۇرۇپ، ئاجايىپ تەسىر-
لىك بەدىئىي مۆھىت ئىچىگە باشلاپ كىرەلەيدۇ. بەدىئىي توقۇل-
مىغا يول قويۇلمىسا ياكى پۈتۈنلەي تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسەن
ئوبراز يارىتىش تەلەپ قىلىنسا، يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇ-
رۇلغان بەدىئىي تىپلارنى يارىتىپ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى
چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ئەسەردىكى ھەر
بىر تۇرمۇش دېتالىنى تارىخىي پاكىتلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىشى
كېرەك، دېيىلىدىغان بولسا، خۇددى لۇشۈن چاتما رەسىملەر
ھەققىدە توختالغىنىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، سەنئەتتىكى چىن-
لىق «ئەمەلىي نەرسىنىڭ ئۆزىدەكلا بولغاندا چىنلىق ھېسابلىنى-
دۇ، دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئادەمنىڭ ئىككى - ئۈچ
دىيۇيملىق رەسىمىمۇ چىنلىق بولالماي قالىدۇ. يەر شارىنىڭ
چوڭلۇقىدەك قەغەز بولمىغىنىدا، يەر شارىنىمۇ سىزىپ چىققىلى
بولمايدۇ». دېمەك، تارىخىي چىنلىق — بىر مىللەت خەلقىنىڭ

مۇئەييەن تارىخىي دەۋردە بېسىپ ئۆتكەن تۇرمۇش يولىنىڭ تەرەق-
قىيات يۆنىلىشىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ماھىيەت-
لىك چىنلىقنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا بەدىئىي توقۇلمىنىڭ
مەقسىتى پېرسوناژ، ۋەقە، تەپسىلاتلارنى تۇرمۇش چىنلىقى ئاسا-
سىدا، تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ھالدا توقۇپ چىقىپ، تۇر-
مۇشنىڭ ماھىيىتىنى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر
ئېچىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

## § 2 . ئەدەبىياتنىڭ رولى

ئەدەبىيات جەمئىيەتكە نىسبەتەن پاسسىپ ياكى ئىنتائەتمەن
قورال بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىدىغان
ۋە ئۇنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان مەنىۋى كۈچ. ئۇ كىتابخانلارغا
تەسىر كۆرسىتىش، ئۇلارنى تەربىيىلەش، كىشىلەرنىڭ كەيپىيا-
تىنى تەڭشەش ۋە ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئېرىتىش ئاساسىدا
جەمئىيەتكە قارىتا ۋاستىلىك، ئۇزۇن - تىنىسىز، تۇيدۇرماي تە-
سىر كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تەسىر كۆرسىتىش ھەم رول ئويناش
مەنىۋى جەھەتكە قارىتىلغان بولۇپ، مەنىۋى تەسىر ئارقىلىق
دەرھال، بىۋاستە ماددىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ.
مەلۇم بىر مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ دەرھال جەمئىيەتنىڭ ئىش-
لەپچىقىرىش كۈچىنى ئاشۇرۇشى، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي با-
زىسىنى بىۋاستە ئىلگىرى سۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئۇ
ئادەم قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، ئادەمنىڭ مەنىۋى قىياپىتى —
ئىدىيىسى، ھېسسىياتى، ئىرادىسى قاتارلىقلارغا كۈچلۈك تەسىر
كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش يولى
بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا رول ئوينايدۇ. بەزىلەرنىڭ «چار
پادىشاھ ئۇستەلنى بىر مۇشتلىغاندا، ئوردىنىڭ ئىچى تىترەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەتسە، تولستوي ئۇستەلنى بىر مۇشتلىسا پۈتكۈل روسىيە زىل-زىلىگە كېلەتتى» دېگەن سۆزى مۇشۇ نۇقتىغا قارىتىلغان بولسا كېرەك. ئەمما ئەدەبىياتنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈپ، سىرلىقلاشتۇرۇشمۇ ياكى ئۇنىڭ رولىنى ئادەتتىكى تەشۋىقات قورالى بىلەن بىر قاتارغا قويۇپ، ئاددىيلاشتۇرۇشمۇ توغرا ئەمەس.

ئەدەبىيات كىشىلىك تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان، كىشىلەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان روھىي ئوزۇق. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمىگە مۇۋاپىق باھا بېرىش كېرەك. بەزىدە مەلۇم دەۋر ئەدەبىياتى پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. غەربىي ياۋروپادىكى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ، روسىيە XIX ئەسىردىكى تەنقىدىي رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ، جۇڭگونىڭ «4 ـ ماي» ھەرىكىتى دەۋرىدىكى يېڭى ئەدەبىياتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقتا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئەمەلىي پاكىت. ئادەتتىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بەلگىلىك سادا پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى تەڭشەپ، ئۇلارنىڭ مەنىلىك ياشىشىغا ئىلھام بېرىدۇ ۋە يېتەكلەيدۇ. ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆتكەن ئالىم، تەتقىقاتچىلار «ئەدەبىيات كەڭ ئىجتىمائىي تەسىر ۋە رولغا ئىگە» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. كۆڭزى: «شېئىر كىشى قەلبىنى ھاياجانلاندۇرىدۇ، ئادەتنىڭ ئوڭشىلىشى ياكى بۇزۇلۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. كىشىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدۇ، زاماننىڭ ئىللەتلىرىنى تۈزەيدۇ» دېسە، يۇنان ئالىمى ئارىستوتېل: «ئەدەبىيات كىشىگە ھەقىقەتنى تونۇتىدۇ» دېگەن. ئەدەبىياتنىڭ ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىغا تەسىر قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىشى ئاددىي جەريان بولماستىن، مۇرەككەپ بىر جەرياندۇر. چۈنكى ئەدەبىياتنىڭ ئادەمگە بولغان تەسىرىنىڭ دەرھال رول ئوينىشى ۋە ئىجتىمائىي ئۇنۇم پەيدا

قىلىشنى دەمالىققا ئەمەس، بەلكى تەدرىجىي ھالدا ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بولىدۇ. يەنى كىشىلەر روھىي دۇنياسىنى ئۆزگەرتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن جەمئىيەتكە قارىتا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ رولى كۆپ تەرەپلىمىلىك ۋە كۆپ قاتلاملىق بولۇپ، بەزىلىرى ئاشكارا، بەزىلىرى يوشۇرۇن بولىدۇ. بەزى ئېستېتىكشۇناسلار ئەدەبىياتنىڭ رولىنى ئويغاتماق، تەربىيىلەمەك، ئاقارتماق، تونۇتماق، پەرەز قىلماق، باھالىماق، نەسىھەت قىلماق، تولۇقلىماق، راھەتلەنمەك، كۆڭۈل ئاچماق قاتارلىق تەرەپلەرگە بۆلۈپ شەرھلەيدۇ. قىسقىسى، ئەدەبىياتنىڭ ئادەمگە ۋە ئۇ ئارقىلىق جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىشى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ تۈپ ۋە ئاساسىي رولى — ئېستېتىك رولى، بىلىش رولى، تەربىيىۋى رولىدىن ئىبارەت.

## 1. ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك رولى

ئەدەبىيات ـ سەنئەت رېئال تۇرمۇشنىڭ ئېستېتىكىلىق ئىنكاسى. ئۇ كىشىلەرنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مەنىۋى ئالاقىسىنىڭ ئالاھىدە ئىپادىلىنىشى. ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى پەقەت ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى بىلەنلا ياخشى جارى قىلدۇرالايدۇ، شۇنداقلا ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى بىلەنلا كىشىلەرنى كۈچلۈك مەھلىيا قىلىدىغان، چوڭقۇر ھاياجانلاندۇرىدىغان سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلالايدۇ. شۇڭلاشقا ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم مەقسەتلىرىدىن بىرى — ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقىلىق كىشىلەرنى گۈزەللىكتىن بەھرىمەن قىلىپ، كىشىلەرگە ئېستېتىك لەززەت ئاتا قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ روھىي جەھەتتىن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ، مىجەز ـ خۇلقىنى ياخشىلاش ھەم ئۇلارغا مەنىۋى يۈكسەكلىك بەخش ئېتىشتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەدەبىي ئەسەرلەر كىتابخانلارنى كەيپىيات جەھەتتە ھاياجان-لاندۇرۇپ، ھېسسىيات جەھەتتە يېتەكلىمەي، ئۇلارنى روھىيەت نۇقتىسىدىن قانائەتلەندۈرىدۇ ۋە ئۇلارغا ئارامبەخشلىك ئېلىپ كېلىدۇ. مانا بۇ ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك رولىدۇر.

ئىنسانىيەت ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى گۈزەل-لەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن كۈتىدىغىنى ئادەمنىڭ ئەركىن تەبىئىتىگە ماس كەلگەن ھەقىقىي، ساغلام بولغان ئېستېتىك قىممەتتىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا يازغۇچى ـ سەنئەتكارلار ئۆزىگە خاس ئېستېتىك قارىشى بويىچە تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا قارىتا تاللاش، ئومۇملاشتۇرۇش، قايتا پىششىقلاش ئېلىپ بې-رىپ، بولۇپمۇ ھەقىقىي ئىجاد قىلىپ، تەبىئەتتە ۋە رېئال تۇر-مۇشتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رېئال گۈزەللىكتىن تېخىمۇ ئۈس-تۈن تۇرىدىغان، تېخىمۇ غايىۋى بولغان گۈزەللىكنى يارىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلانغاندا، مۇ-قەررەر ھالدا تېخىمۇ يۇقىرى، تېخىمۇ كۈچلۈك گۈزەللىك تۇيغۇ-سىغا ئىگە بولىدۇ، تېخىمۇ زور خۇشاللىق ۋە قانائەت ھاسىل قىلىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە قانداقلا شەيئى تەسۋىرلىنىشتىن قەتئىي-نەزەر، ئۇ كىشىلەردە ھېسسىيات جەھەتتىن ھاياجان قوزغىشى ياكى ئۇلارنى «شادلاندۇرۇشى، خۇشال قىلىشى» ياكى «قايغۇ ـ ھەسرەتكە سېلىپ ئېچىندۇرۇشى» لازىم. قىسقىسى، كىشى-لەردە مۇئەييەن گۈزەللىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىشى كېرەك. بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىگە قويۇلىدىغان ئەقەللىي تەلەپ. كىشىلەردە ھېسسىيات جەھەتتىن قىلچە ھاياجانلىنىش پەيدا قى-لالمايدىغان، كىشىلەردە گۈزەللىك تۇيغۇسى پەيدا قىلالمايدىغان ئەسەرلەرنى ئەدەبىي ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ. بىلىنىسكىينىڭ سۆ-زى بىلەن ئېيتقاندا، سەنئەتنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىل

گۈزەللىكتۇر. ئەدەبىيات گۈزەللىك جەۋھىرىنىڭ گەۋدىلىنىشى بولغانلىقى ئۈچۈنلا بەدىئىي ئەدەبىيات ھېسابلىنىدۇ. ئۇ گۈزەللىك قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈن باشقا ئىجادىيەتلەردىن پەرقلىنىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەر گۈزەللىكىنىڭ ئاساسى — پېرسوناژ، ۋەقە، مەنزىرىلەرنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئاپتورنىڭ ئىپادىلەش شەكلىنىڭ گۈزەللىكىدە. ئەدەبىي ئەسەردىكى پېرسوناژ گۈزەللىكىنىڭ يادروسى — ئۇنىڭ خاراكتېر گۈزەللىكىدە. فرانسىيىلىك نەزەرىيىچى دىدرونىڭ «گۈزەللىك خاراكتېر ۋە ئىپادىلەشتە» دېگىنى دەل مۇشۇ نۇقتىغا قارىتىلغان. چۈنكى ئەدەبىيات خاراكتېر يارىتىش سەنئىتى بولۇپ، يازغۇچى پۈتكۈل ئىجادىيەت جەريانىدا دىققەت ئېتىبارىنى ھەممىدىن بەك خاراكتېر يارىتىش ۋە ئۇنى بەدىئىي ئىپادىلەشكە قارىتىدۇ. ئاتاقلىق يازغۇچى زۇنۇن قادىرى ئۆزىنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق ھېكايىسىدە باش قەھرىمان باقىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنى ئۇنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا تەبىئىي يورۇتۇپ بېرىپ، كىتابخاندا باقىنىڭ تەقدىر - قىسمىتىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان بىر خىل ئازابلىق تۇيغۇنى شەكىللەندۈرىدۇ. باقى خاراكتېرىنىڭ مۇنداق يارىتىلىشى، ھېكايىنىڭ بىر پۈتۈن ئېستېتىك مەزمۇنىنى تېخىمۇ تىراگېدىيىلىك تۈسكە ئىگە قىلغان.

ئەدەبىياتنىڭ كىتابخانلارغا گۈزەللىك بەخش ئېتىش رولى شېئىرىيەتتە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ، شياۋشۇنىڭ «شېئىرىيەت گۈزەللىكى توغرىسىدىكى ئويلار» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق بايانلار بار:

«ھەقىقىي گۈزەل شېئىر كىشىگە بىر خىل قۇدرەتنى، بىر خىل مۇھەببەتنى، بىر خىل مەڭگۈلۈك روھنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

ھاياتنىڭ تىنىم تاپماس ھەرىكىتىنى، روھنىڭ قەيسىرانە

ئېلىشىشنى ۋە ئىچكى دۇنيانىڭ يوشۇرۇن ساداسىنى يەتكۈزىدۇ.

شېئىرىيەت ھاياتنىڭ تىنىم تاپماس ۋە قۇدرەتلىك ھەرىكە-تى، ئىنسانىيەتنىڭ يۈكسەك روھىنىڭ جەۋھىرى، دۇنيانىڭ ئەلۋەك ۋە گۈزەل ئەكس ساداسى.

بىز ئوقۇغان ھەر بىر قىقىي ياخشى شېئىر — چىنلىق، ئىزگۈلۈك، گۈزەللىكنى خۇشال - خۇراملىققا تولۇپ تاشقان ھالدا يېڭىۋاشتىن يەنە بىر قېتىم بايقاش - ئىنسانىيەت ياراتقان ئەقىل - پاراسەتنى يەنە بىر قېتىم مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە مەدھە-يىلەش، شۇنداقلا، يەنە بىر قېتىملىق كىشىنى تاڭ قالدۇرىدى-غان ئۆز - ئۆزىنى بايقاشتۇر.

بۈيۈك ئالىم گېنسبورگ نۇرغۇن قېتىم: «مەن گيۇتىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇسام كاللامدا ھېسابسىز ئوي - پىكىر پەيدا بولىدۇ» دېگەنىدى.

كىتابخانلار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق، ئالدى بىلەن روھىي جەھەتتە ھوزۇر ئالىدۇ ۋە قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. بۇنداق ھوزۇر ئېلىش ۋە قانائەت ھاسىل قىلىش جەريانىغا روھىي كەيپىيات، سېزىم جەھەتتىكى خۇشاللىق تۇيغۇسى ۋە ئارام ئې-لىش سىڭگەن بولىدۇ. كىتابخانلارنىڭ پسىخىكا نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇلار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئارام ئېلىش، كۆڭۈل ئې-چىش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، باشقىلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ھېسسىياتى بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق رەڭگارەڭ سەنئەت دۇنياسىدا سەيلە قىلىپ، مەنىۋى خۇشاللىققا ئېرىشىدۇ ۋە روھىي دۇنياسىنى تاۋلايدۇ. ئەدەبىياتنىڭ ئادەمنىڭ مەنىۋى بوشلۇقىنى تولدۇرۇش جەھەتتىكى رولىنى تۆۋەن مۆل-چەرلەشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئىنسان ئۆزىنىڭ مەلۇم ئېھتىياجى-نى رېئاللىقتا قانائەتلەندۈرەلمىسە، ئەدەبىيات - سەنئەتكە مۇرا-جىئەت قىلىش ئارقىلىق ئۇنى تولۇقلايدۇ. سىگموند فىروئىد: «سەنئەت يوشۇرۇن ئاڭدىكى ھەۋەسلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش، قاند-

دۇرۇش خام خىيالى بىلەن ئۇنى رەت قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى پەسەيتىش رايونىدىن ئىبارەت»[1] دېگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ روھىي ئانالىز تەلىماتىغا ئاساسەن، سەنئەت بىر خىل شەكلى ئۆزگەرگەن قانائەت، رېئاللىق بىلەن قارىمۇقارشى بولغان خام خىيال دەپ قارىدى. قىسقىسى، مەسىلىنىڭ قانداق شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى كىشىلەرنىڭ بىر خىل مەنىۋى پائالىيىتى، ئۇنىڭ مەنبەسى رېئال دۇنيا بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ رېئاللىقنىڭ ئاددىي تەقلىدى ئەمەس، بەلكى يازغۇچى تەرىپىدىن قايتا ئىجاد قىلىنغان، تەسەۋۋۇر ۋە توقۇلما ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئېستېتىك چۈشەنچىلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان مەنىۋى مەھسۇلاتتىن ئىبارەت.

## 2. ئەدەبىياتنىڭ بىلىش رولى

ئەدەبىيات رېئال دۇنيانىڭ ئوبرازلىق ئىنكاسى. مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر روشەن، جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەر خىل كۆرۈنۈش ـ مەنزىرىلەرنى ھەقىقىي تۈردە قايتا ئىپادىلەپ، مۇئەييەن تارىخىي دەۋردىكى ئىقتىساد، سىياسىي ۋە مەدەنىيەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، جەمئىيەتنىڭ كەيپىياتى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، تۈرلۈك تەبىقە ۋە ئوخشاشمىغان شەخسلەرنىڭ روھىي قىياپىتى ۋە ئىچكى دۇنياسى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ھەرخىل رېئال مۇناسىۋەتلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن كىتابخانلارنى تارىخ ۋە رېئاللىق، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك ھايات توغرىسىدىكى تۈرلۈك بىلىملەرگە ئىگە قىلىدۇ. روسىيىنىڭ ئىنقىلابىي دېموكراتىك تەنقىدچىسى چېرنىشۇسكىي مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت

---

① «غەرب ھازىرقى زامان پەلسەپىۋى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېقىملىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 96 ـ بەت.

ئەسەرلىرىنى «تۇرمۇش دەرسلىكى» دەپ ئاتىغانىدى.

ئەدەبىياتنىڭ بىلىش رولى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ تۈرلۈك دەۋر، تۈرلۈك جەمئىيەت، تۈرلۈك مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكىنى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى بىلىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تۇرمۇش بىلىملىرىنى ئاشۇرىدۇ. دېمەك كىشىلەرنىڭ رېئاللىقنى بىلىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى بىر خىل ۋاستىسى بولغان ئەدەبىيات باشقا ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيەلەرگە ئوخشاش، غايەت زور بىلىش رولىغا ئىگە. ماركس ئەنگلىيىنىڭ رېئالىستىك يازغۇچىلىرىدىن چارلىز دىككېنس، چارلوتتې برونتې خانىم ۋە ھاككى خانىملار ھەققىدە توختالغىنىدا: «ھازىرقى ئەنگلىيىنىڭ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ھېكايە ـ رومانچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەشھۇر، تەسىرلىك كىتابلىرىدا دۇنياغا ئېچىپ بەرگەن سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھەقىقەتلەر، بارلىق كەسپىي سىياسىيونلار، سىياسىي ئوبزورچىلار ۋە ئەخلاقشۇناسلارنىڭ ھەممىسى ئېچىپ بەرگىنىدىنمۇ كۆپ بولدى»[1] دېگەنىدى.

ئەگەر ھازىرقى ياشلار قەدىمكى دەۋرنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىپ ئوقۇسا، ئەينى دەۋرنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن كۆرۈۋالالايدۇ. گەرچە ئەدەبىي ئەسەرلەردە تارىخىي پاكىتلار ئوبيېكتىپ بايان قىلىنمىسىمۇ، لېكىن كونكرېت، جانلىق، ھېسسىي ھالەتتىكى بەدىئىي ئوبرازدىن تۇرمۇشنىڭ كارتىنىسىنى ھېس قىلالايدۇ.

ئەدەبىيات يەنە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى بىلىشىمىزگە، ئۇلار ياشاۋاتقان جۇغراپىيىلىك شارائىت بىلەن تونۇشۇشىمىزغا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

---

[1] كارل ماركس «ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسى». «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، X توم، 686 ـ بەت.



www.uyghurkitap.com

ئەدەبىي ئەسەرلەر بىزنىڭ تۇرلۇك جەمئىيەت ۋە مىللەتلەرنىڭ قىياپىتىنى كۆرۈۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىپلا قالماي، زامانىمىزدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردىن هازىرقى كىشىلەرنىڭ هاياتىنى، كەيپىياتىنى، ئومۇمەن دەۋر روهىنى كۆرەلەيمىز.

ئەدەبىيات يەنە بىلىم بېرىش ئالاهىدىلىكىگە ئىگە. بولۇپمۇ بالىلار ئۇچۇن يېزىلغان ئەدەبىياتنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. بالىلار هەر خىل يېڭى شەيئىلەرگە بەك قىزىقىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئابستراكت تەپەككۇر قابىلىيىتى ۋە چۈشىنىش قابىلىيىتى ئاجىز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن جانلىق، قىزىقارلىق، كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان ئوبرازلىق ۋاستە بىلەن بالىلارنى پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلەش يولىغا يېتەكلىگىلى بولىدۇ. شۇڭا ئەدەبىياتنىڭ بىلىم بېرىش رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئالاقە دائىرىسى هامان چەكلىك بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ هەممە تەرەپلىرىدىن خەۋەردار بولالىشى ناتايىن، بىلىمى، تەجرىبىسىمۇ چەكلىك بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەر بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇشتا ئالاهىدە رول ئوينايدۇ. ئېنسىكلوپېدىك ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك»نى ئوقۇساق، ئۇ بىزنى قاراخانىيلارنىڭ سەلتەنىتى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ پەلسەپە، ئېستېتىكا، دىنىي ئېتىقاد، هاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىشلىرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن تونۇشتۇرۇپ، ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە قىلىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىيات رېئال تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنى كونكرېت هېس قىلغىلى بولىدىغان بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغانلىقى ئۇچۇن، مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئەسەرلەر مۇقەررەر هالدا كىشىلەرگە جەمئىيەت، تەبىئەت، ۋە كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدىكى كۆپ تەرەپلىمىلىك بىلىملەرنى تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنى توغرا تونۇشىغا ۋە گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشىشىگە ياردەم بېرىدۇ. كىشىلەرنىڭ قانداق ياشىشى كېرەك-

www.uyghurkitap.com

لىكىنى ۋە يېڭى ھاياتنى قانداق بەرپا قىلىش لازىملىقىنى بەدىئىي ئۇسۇلدا تونۇتىدۇ.

## 3. ئەدەبىياتنىڭ تەربىيىۋى رولى

يازغۇچىلار ئەدەبىي ئەسەرلەردە رېئال تۇرمۇشنى نوقۇل ئوبيېكتىپ ھالدا تەسۋىرلىمەستىن، بەلكى ئۇنىڭغا مۇئەييەن ئىجتىمائىي غايە ۋە ئېستېتىك قاراشنى سىڭدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان پوزىتسىيىسى ۋە باھاسىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇنەۋۋەر يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئەسىرى ئارقىلىق كىتابخانلارغا تۇرمۇش كارتىنىسىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماي، بەلكى ئۇلارغا بۇ ئارقىلىق نېمىنىڭ راستلىقى، نېمىنىڭ يالغانلىقى، نېمىنىڭ ياخشىلىقى، نېمىنىڭ يامانلىقى، نېمىنىڭ گۈزەللىكى، نېمىنىڭ خۇنۇكلۇكىنى كۆرسىتىپ، نېمىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، نېمىگە قارشى تۇرۇش لازىملىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىپادىلىنىدىغان بۇنداق خاھىشچانلىق بىر پۈتۈن بەدىئىي ئوبرازغا تەبىئىي سىڭگەن بولۇپ، كىتابخانلار ئۆز تەجرىبىسىگە ئاساسەن قايتا ئىجادىيەت جەريانىدىلا ئاندىن ئېستېتىك تەربىيىگە ئىگە بولىدۇ.

رېئال تۇرمۇشتىكى بەزى ۋەقە، ھادىسىلەر، نەمۇنىلىك شەخسلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرى تەسىرلىك ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات تاللاش، تاۋلاش ئارقىلىق ئۇلارنى تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ تىپىك ئىپادىلىگەنلىكى سەۋەبىدىن تۇرمۇشنىڭ قىممىتىنى يورۇتۇپ، تەربىيىۋى كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەدەبىياتتا ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەسۋىرلىنىش بىلەن بىللە، ھامان يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئىپادىلىنىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشقا بولغان قارشى ھەم باھاسى ئىزھار قىلىنىدۇ. كىتابخانلار ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقىلىق يالغۇز زوقلىنىش ۋە بىلىش جەريانىدىلا باشتىن كەچۈرمەستىن،

بىر خىل تەسىرلىنىش ۋە تەلىم - تەربىيە ئېلىش جەريانىنىمۇ باشتىن كەچۈرىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك، چىنلىق بىلەن ساختىلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز كەچۈرمىشى ۋە ئوي - خىيالى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۆز ۋۇجۇدىدا ھەق - ناھەق تۇيغۇسى بىلەن ئەخلاقىي پەزىلەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تەربىيىۋى رولى ئاپتورنىڭ ۋەز - نەسىھىتى، ئوچۇق - ئاشكارا دالالىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاپتورنىڭ تەسۋىرلەۋاتقان شەيئىلەرگە سىڭدۈرگەن ھېسسىياتى ئارقىلىق ۋە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ئارقىلىق تەبىئىي ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئەدەبىياتنىڭ تەربىيىۋى رولىنى ئادەتتىكى ئۇقۇم بويىچە ئاددىيلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ تەربىيىۋى رولى ئادەمنىڭ بارلىق مەنىۋى قىياپەتلىرىگە قارىتىلغان. ئۇ ئادەمنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۆزگىرىشى، ئادەمنىڭ ھېسسىياتى، روھىي ھالىتى، ئەخلاق قىياپىتى، ئېستېتىك قىزىقىشى، ئېستېتىك غايىسى قاتارلىقلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەقىقەتەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر كىشىلەرنىڭ ئالىيجاناب ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ يېتىلىشىدە، ئىلغار كىشىلىك قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. نىكولاي ئوستروۋسكىينىڭ «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانىدىكى پاۋېل كورچاگىننىڭ يۈكسەك ئوبرازى، قەيسەر ئىرادىسى، پىداكارلىق روھى مىڭلىغان، مىليونلىغان ياشلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ۋە ئېلىمىزدىكى دەۋر ياشلىرىنىڭ يول باشلىغۇچىسى بولغانىدى.

ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك رولى، بىلىش رولى، تەربىيىۋى رولى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا باغلىنىش، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈشتەك دىئالېكتىك مۇناسىۋەت بار. بولۇپمۇ ئەدەبىياتنىڭ بىلىم بېرىش. تەربىيە بېرىش رولى پەقەت ئۇنىڭ ئېستېتىك رولى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى ئەدەبىيات سەنئەت كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولۇپ، باشقا ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. سەنئەت—بىر خىل مەنىۋى پائالىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، كىشىلەرنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان ئېستېتىك ئالاقىسىنىڭ ئەڭ ئالىي ئىپادىسى. شۇڭلاشقا ئەدەبىياتنىڭ بىلىم بېرىش، تەربىيە بېرىش رولىمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە، تۇرمۇشنى ئوبرازلىق بىلىش جەريانىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدە ئوبيېكتى نېمە؟ بايان قىلىڭ.
2. ئەدەبىياتنىڭ گۈزەللىك خۇسۇسىيىتىنى بايان قىلىڭ.
3. ئوبراز دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرى قايسىلار؟
4. ھېسسىياتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى رولىنى بايان قىلىڭ.
5. تەسەۋۋۇر دېگەن نېمە؟ تەسەۋۋۇرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى رولىنى بايان قىلىڭ.
6. بەدىئىي توقۇلما دېگەن نېمە؟ بەدىئىي توقۇلمىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى رولىنى بايان قىلىڭ.
7. ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك رولىنى بايان قىلىڭ.
8. ئەدەبىياتنىڭ بىلىش رولىنى بايان قىلىڭ.
9. ئەدەبىياتنىڭ تەربىيىۋى رولىنى بايان قىلىڭ.

# باب Ⅲ

# بەدىئىي تەپەككۇر ۋە بەدىئىي تىپ

## § 1 . بەدىئىي تەپەككۇر

### 1 . بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ خۇسۇسىيىتى

ئىنسانلاردا ئابستراكت تەپەككۇردىن باشقا يەنە رېئال دۇنيانى كونكرېت، جانلىق ھالەتتە ئوبرازلاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل تەپەككۇر شەكلى بار، ئۇ بەدىئىي تەپەككۇر دەپ ئاتىلىدۇ. مەيلى ئابستراكت (مەنتىقە) تەپەككۇر بولسۇن، مەيلى بەدىئىي (ئوبرازلىق) تەپەككۇر بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىنسانلارنىڭ رېئال دۇنيانى بىلىش، ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى بىر خىل تەپەككۇر شەكلى بولۇپ، بىلىش جەريانىدا بۇلار بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر - بىرىگە تايىنىدۇ. بۇ ئىككى خىل تەپەككۇرنىڭ زادى قانداق ئالاھىدىلىكى ۋە پەرقى بار؟ بۇنى بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ ئومۇمىي پائالىيەت جەريانىدىن بىلىشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، تەپەككۇرنىڭ پائالىيەت جەريانى باشتىن - ئاخىر ئوبرازدىن ئايرىلمايدۇ. لۇشۈننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «تەپەككۇرنىڭ ئېسىللىقى ئوي بىلەن شەيئىنىڭ بىرلىشىپ كەتكەنلىكىدە»[1] .

[1] ليۇشى «ئەسەر يازماق— بەئەينى ئەجدىھاغا نەقىش ئويماق، ئوي - پىكىر» .

يەنى يازغۇچى رېئال تۇرمۇشنى بىلىش ۋە ئۇنى ئوبرازلىق ئەكس.
ئەتتۈرۈش جەريانىدا، شەيئىلەرنىڭ شەكلەن قىياپىتىنى چىقىد.
رىپ تاشلىۋەتمەستىن، بەلكى بۇ كونكرېت شەكلەن قىياپەتلەرنى
پىششىقلاش، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئىچكى باغلىنىشقا ۋە ماھىد.
يەتكە ئىگە بولغان يېڭى قىياپەتكە ئايلاندۇرىدۇ. شەكلەن قىياپەت
(خاسلىق) بىلەن ئىچكى ماھىيەت (ئورتاقلىق) بىرلىككە كەل.
گەن ھەمدە خاسلىق ئارقىلىق ئورتاقلىقنى ئىپادىلەيدىغان جانلىق
بەدىئىي ئوبرازنى شەكىللەندۈرىدۇ.

مەلۇمكى، شەكلەن قىياپەت ئوبيېكتنىڭ تاشقى ئوبرازىنى
كۆرسىتىدۇ. ئوبيېكتنىڭ تاشقى ئوبرازى ئايرىملىققا مەنسۇپ
بولغان كونكرېت نەرسىدۇر. ئۇنىڭ مەزمۇنى بولسا، ئوبيېكتىد.
نىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ماھىيەت ئومۇملۇققا مەنسۇپ بو.
لۇپ، ئۇ ئابستراكت نەرسىدۇر. بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلىكى بەدى.
ئىي ئوبرازنىڭ ئايرىملىق (خاسلىق) ئارقىلىق ئومۇملۇقنى
(ئورتاقلىقنى) ئىپادىلەشتەك ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ پائالىيەت جەريانى باشتىن - ئاخىر
ئوبراز بىلەن بىرگە بولىدۇ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش ھەرگىزمۇ
بەدىئىي تەپەككۇردا ئابستراكتلاشتۇرۇش بولمايدۇ، دېگەنلىك ئە.
مەس، ماكسىم گوركىي: «بەدىئىي تەپەككۇردا ئوبراز ئارقىلىق
پىكىر قىلىنىدۇ» دەپ كۆرسەتكەندى. شۇنداقلا يەنە: «بۇ خىل
پىكىر قىلىش مۆلچەر ياكى قىياس قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ،
سېلىشتۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەمدە ئۇ
ئابستراكتلاشتۇرۇش ۋە كونكرېتلاشتۇرۇش قانۇنىيىتىگە بويسۇ.
نىدۇ، نۇرغۇنلىغان قەھرىمان شەخسلەرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتې.
رىگە ئىگە تۈرلىرى ئابستراكتلاشتۇرۇلىدۇ، ئايرىپ چىقىلى.
دۇ، ئاندىن كېيىن بۇ ئالاھىدىلىكلەر كونكرېتلاشتۇرۇلىدۇ،
مەلۇم بىر قەھرىمان شەخسكە مەركەزلەشتۈرۈلىدۇ... شۇنداق
قىلىپ ئەدەبىي تىپ شەكىللىنىدۇ» دەپ كۆرسەتكەندى. ماك.

ـسىم گوركىمىنىڭ بۇ سۆزىدە، ئىنسانلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر ـ دىمۇ ھامان كونكرېتلىقتىن ئابستراكتلىقىقا، ئابستراكتلىقتىن كونكرېتلىققا ئۆتۈش جەريانىنىڭ بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. دېمەك، بەدىئىي تەپەككۇردا ھەم كونكرېت، ئوبرازلىق پىكىر يۈرگۈزۈلىدۇ، ھەم ئۇ ئابستراكتلاشتۇرۇش قانۇنىيىتىگە بويسۇ ـ نىدۇ.

ئىككىنچى، بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ ئومۇمىي پائالىيەت جەر ـ يانى باشتىن ـ ئاخىر ھېسسىيات جەھەتتىكى ھاياجان بىلەن بىرگە بولىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك، بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىن قوزغىتىلغان ۋە كۈچەيتىلگەن بىر خىل بىلىش ئىكەن ـ لىكىنى، بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ ھېسسىياتنى ئوبراز ئارقىلىق ئىپادە قىلىدىغان تەپەككۇر پائالىيىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. ۋەھالەنكى، ھەقىقىي ھېسسىيات ئەقىل ـ ئىدراكنى ئاساس قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئەقىل ـ ئىدراكنى كۈچەيتىدۇ. ھېسسىيات بىلەن ئەقىل ـ ئىدراك ئوخشاشلا بىلىش جەريانىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن قويۇق، چىن ھېسسىيات بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ جەلپكارلىقىنى كۈچەيتىدۇ. بەدىئىي ئوب ـ رازدا ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات ئەمەلىيەتتە يازغۇچىنىڭ تەپەككۇر جەريانىدا چوڭقۇر ھېس ـ ھاياجانغا چۆمگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ـ دۇر.

ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىسى بىلەن ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى سېلىش ـ تۇرساق، ئىدىيە ئومۇمەن ئومۇمىيلىقىقا، ئابستراكتلىقىقا ئىگە بولىدۇ. ھېسسىيات بولسا كۆپ ھاللاردا ئايرىملىقىقا ۋە كونكرېت ـ لىقىقا ئىگە. شۇڭلاشقا سىياسىي مۇھاكىمىلىك ئىلمىي ماقالىلەر ـ نى يېزىشنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلىشقا بولىدۇ، لېكىن لىرىكى ـ لىق شېئىرلارنى يېزىشنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ھېسسىياتنى بويرۇتما (زاكاس) بىلەن ھاسىل قىلىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ.
ئۈچىنچى، بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ رېئاللىقتىن ئايرىلماسلىقى
باشتىن - ئاخىر ئېستېتىك تۈيغۇ رېئاللىقى بىلەن بىرگە بولى-
دۇ. بەدىئىي تەپەككۇر ئېستېتىك مەزمۇندىن ئايرىلىپ قالىدى-
كەن، ئۇ ھالدا ئۇنى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدە
قانۇنىيىتى دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. بىرقەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك يا-
رىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلار غايىۋى بولىدۇ. ئۇلار ئەكس ئەتتۈر-
گەن تۇرمۇش چىنلىقى، تۇرمۇشنىڭ مىخانىك ھالدىكى كۆچۈ-
رۈلگەن نۇسخىسى بولماستىن، بەلكى مۇئەييەن ئېستېتىك غايە-
نىڭ ئەنە شۇ تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا ئاكتىپ تۈردە قايتا
ئىپادىلىنىشى بولىدۇ. ئۇ تۇرمۇشنى ئاساس قىلىدۇ، ئەمما تۇر-
مۇشتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئۇ تۇرمۇشتىن كېلىدۇ، ئەمما يەنە
تۇرمۇشتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇ رېئال تۇرمۇشتىن تېخىمۇ جان-
لىق، تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ مەركەزلەشكەن، تېخىمۇ تىپىك
ۋە تېخىمۇ غايىۋى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەدىئىي گۈزەللىك
گۈزەللىكنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن ئىپادىسىدۇر.
بۇ خىل بەدىئىي گۈزەللىك گۈزەللىكنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە
مەركەزلەشكەن ئىپادىسىدۇر. بۇ خىل بەدىئىي گۈزەللىكنى ئۆ-
زىدە كونكرېت ئىپادىلىگۈچى بەدىئىي ئوبراز بەدىئىي تەپەككۇر-
نىڭ نەتىجىسى بولغانىكەن، ئۇ ھالدا بۇ بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ
ئېستېتىك مەنىگە ئىگە بىر خىل تەپەككۇر ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى-
مۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن ئابستراكت تەپەككۇرنىڭ مۇھىم
بىر پەرقى شۇكى، بەدىئىي تەپەككۇردا تۇرمۇش گۈزەللىكىنى
ئىپادىلەش، تۇرمۇش چىنلىقى ۋە تۇرمۇشتىكى ياخشىلىقنى ناما-
يان قىلىشنى چىقىش قىلىپ، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك
ماس ھالدىكى بىرلىككە ئېرىشتۈرۈلىدۇ. دېمەك، ھەقىقىي بىر
ئەدەبىيات - سەنئەت چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكتىن ئىبا-

رەت ئۈچ جەھەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى بولۇشى كېرەك. چىنلىق — توپ ئاساس، پەقەت چىن نەرسىلا ياخشى نەرسە بولىدۇ. پەقەت چىن ۋە ياخشى نەرسىلا گۈزەل نەرسە بولىدۇ، مەلۇمكى، چىن بولمىغان نەرسىنى گۈزەل دېگىلى بولمايدۇ. ياخشى بولمىغان نەرسىدىن ئېستېتىك لەززەتلىنىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا گۈزەللىك، چىنلىق بىلەن ياخشىلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

تۆتىنچى، بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىق ۋە ئىجادچانلىققا ئىگە. ئوخشاشمىغان كىشىلەر بىرەر ماتېماتىكا مەسىلىسىنى ھېسابلىغاندا، ئوخشاش بىرلا ماتېماتىك فورمۇلىغا سېلىپ ھېسابلايدۇ. ئەكسىچە، بىرەر ئوبرازنى ياخشىراق چىققان يەنە بىر ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. شۇڭا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى فورمۇلىلاشتۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

## 2. بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن مەنتىقىي تەپەككۇرنىڭ ئىجادىيەتتىكى رولى

بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن مەنتىقىي تەپەككۇر ئىككى خىل تەپەككۇر ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، ئوبراز ئارقىلىق پىكىر يۈرگۈزىدۇ. يەنە بىرى، ئۇقۇم ۋە ئەقلىي خۇلاسە ئارقىلىق پىكىر يۈرگۈزىدۇ. بەدىئىي تەپەككۇر جەريانىدا، ئوبيېكتتىن ئۆزلۈكسىز تۈردە شەكلىنى كۆزىتىپ مەزمۇنىنى ئېلىشتەك بىر خىل جەريان بولىدۇ. مەنتىقىي تەپەككۇر جەريانىدا، ئوبيېكتتىن ئۆزلۈكسىز تۈردە شەكلىنى قالدۇرۇپ مەزمۇنىنى ئېلىشتەك بىر خىل جەريان بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلى ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە تايانغان، بىر ـ بىرىگە ماسلاشقان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى. ئۇلارنىڭ ئېرىشمەكچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغىنى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە قارىتا ئەقلىي بىلىش ھاسىل قىلىش، بۇ ئارقىلىق دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. ماۋزې-دۇڭ «خۇنەن دېھقانلار ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» دېگەن ئەسىرىدە، جۇڭگو ئەمگەكچى ئاياللىرىنىڭ سىياسىي ھاكىمىيەت، ئۇرۇقداشلىق ھاكىمىيىتى ۋە ئىلاھىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئېزىشىگە ئۇچرىغاندىن تاشقىرى، يەنە ئەرلەر ھاكىمىيىتىنىڭ ئېزىشىگە ئۇچرىغانلىقىنى لوگىكىلىق دەلىللەش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. لۇشۈن بولسا «بەخت تىلەش» ناملىق ھېكايىسىدە، جۇڭگو ئەمگەكچى ئاياللىرىنىڭ بۇ خىل ئېزىلىش ئەھۋالىنى بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئېچىپ بەرگەن. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ بىرى ئابستراكت تەپەككۇردىن، يەنە بىرى بەدىئىي تەپەككۇردىن بارلىققا كەلگەن، ئەمما ھەر ئىككىسىلا فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ جىنايەتكار ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن. ۋ. گ. بېلىنسكىي: «پەيلاسوپ سىللوگىزىم ئۇسۇلى (ئۈچ باسقۇچلۇق يەكۈن چىقىرىش ئۇسۇلى) نى قوللىنىدۇ، شائىر بولسا، ئوبراز ۋە مەنزىرە بىلەن سۆزلەيدۇ، ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ دەۋاتقىنى ئوخشاشلا بىر ئىش»① دېگەنىدى. بۇ يەردە ئېيتىلغان «دەۋاتقىنى ئوخشاشلا بىر ئىش» دېگەن سۆز ئابستراكت تەپەككۇر بىلەن بەدىئىي تەپەككۇر ئوتتۇرىسىدا بىرلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن ئابستراكت (مەنتىقىي) تەپەككۇر ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئورتاقلىقنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش، ھەرگىزمۇ يازغۇچىنىڭ مۇئەييەن بەدىئىي ئىجادىيەتنى ئابستراكت چۈشەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغانلىق ئەمەس.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە، مۇئەييەن بەدىئىي تەپەككۇر ئاساس قىلىنىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك، ئۇنىڭدا مەنتىقىي تەپەككۇر بولماي-

---

① «1847 - يىلىدىكى روسسىيە ئەدەبىياتىغا بىر نەزەر»، «بېلىنسكىي تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 1 توم، 429 - بەت.

دۇ، دېگەنلىك ئەمەس. مەسىلەن، رومان، ھېكايە، دراما ئە-
سەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگ ۋە مونولوگلىرى ياكى
مۇلاھىزىلىرى ئاساسەن مەنتىقىي تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلىدۇر.
شېئىردا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش بەكمۇ قولايسىز، ئەمما بەزى
شېئىرلاردا مۇھاكىمە يوق ئەمەس. شۇنداقلا مەنتىقىي تەپەككۇر
ئاساس قىلىنىدىغان سىياسىي مۇھاكىمىلىك ماقالىلەردىمۇ بەزىدە
ئوبرازلىق تەسۋىرلەر قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولى-
دۇكى، بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن ئابستراكت تەپەككۇر توقۇنۇش-
تۇرماي ئېلىپ بېرىشقا بولىدىغان ئىككى خىل تەپەككۇر ئۇسۇلى-
دىن ئىبارەت.

ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، يازغۇچىنىڭ
تۇرمۇشتىكى خام ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىشى، توپلىشى،
پىششىقلىشى ۋە بۇ ئارقىلىق ئەسەرنىڭ باش تېمىسىنى بەلگىلە-
شىدە ئاساسەن مەنتىقىي تەپەككۇر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، لې-
كىن بۇنىڭغا ئوبرازلىق تەپەككۇرمۇ يانداشىدۇ. تىپىك شارائىت-
تىكى تىپىك پېرسوناژلارنى يارىتىش، پېرسوناژلار خاراكتېرى-
نىڭ تەپسىلاتلىرىنى تەسۋىرلەش، ئەسەر باش قەھرىمانىنىڭ پائا-
لىيەت مەيدانىنى كونكرېت تەسۋىرلەشلەردە، بەدىئىي تەپەككۇر
مۇھىم رول ئوينايدۇ، ئەمما بۇنىڭغا يەنە ئابستراكت تەپەككۇرمۇ
يانداشىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى ئاساسەن كېيىنكى
باسقۇچتا ئىپادىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنى ئاساس قىلىپ، ئە-
دەبىي ئىجادىيەتتە ئاساسەن بەدىئىي تەپەككۇرنى قوللىنىدۇ، دەي-
مىز.

يازغۇچى ئىجادىيەت ئىشىغا كىرىشكەندە، بولۇپمۇ ھەجمى
چوڭراق ئەسەرلەرنى يېزىشقا كىرىشكەندە، مەيلى ئۇنى ئۆزى
ھېس قىلىپ يەتكەن ـ يەتمىگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ قوش
سالاھىيەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ: ئەسەرنى كۆڭلىدە قۇراشتۇ-
رۇپ پىشۇرۇۋاتقان چاغدا، ئۇ ئەدىب بولىدۇ؛ ئۆزىنىڭ بۇ لايىھە-

www.uyghurkitap.com

سىنىڭ بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلانغان چاغدا، ئۇ تەنقىدچى بولىدۇ. قەلەم تەۋرىتىپ يېزىۋاتقىنىدا، ئۇ ئەدىب بولىدۇ؛ قەلىمىنى توختىتىپ زەن قويۇپ ئويلانغىنىدا، ئۇ يەنە تەنقىدچى بولىدۇ. يەنە دەسلەپكى نۇسخىنى يېزىۋاتقان چاغدا، ئۇ ئەدىب بولىدۇ؛ دەسلەپكى نۇسخىنى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدا، ئۇ يەنە تەنقىدچى بولىدۇ. مۇكەممەل بولغان بىر يېزىقچىلىق جەريانىدا ھە شە بۇنداق ئەھۋال تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچى ئەدىب سالاھىيىتى بىلەن مەشغۇلات قىلغاندا بەدىئىي تەپەككۇرنى قوللىنىدۇ، تەنقىدچى سالاھىيىتى بىلەن پىكىر يۈرگۈزگەندە ئاساسەن مەنتىقىي تەپەككۇرنى قوللىنىدۇ. لېكىن يازغۇچى پۈتكۈل ئىجادىيەت جەريانىدا ئاساسەن ئەدىب سالاھىيىتى بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بارغاچقا، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئاساسلىقى بەدىئىي تەپەككۇرنى قوللىنىدۇ، دەيمىز.

## 2 § . بەدىئىي تىپ

### 1. بەدىئىي تىپ ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

#### 1) بەدىئىي تىپ ھەققىدە چۈشەنچە

بەدىئىي ئوبراز يارىتىش ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش — ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكىدۇر. شۇڭا يازغۇچى ئىجادىيەتكە كىرىشكەندە بارلىق دىققەت مەركىزىنى بەدىئىي ئوبراز يارىتىشقا قارىتىدۇ. يازغۇچى ـ سەنئەتكارلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان تۈرلۈك ئوبرازلارنىڭ ئېستېتىك قىممىتى ئوخشاش بولۇۋەرمەيدۇ. پەقەت يازغۇچى ـ سەنئەتكارلار تەرىپىدىن زور كۈچ سەرپ قىلىنغان ھەمدە مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان تىپىك ئوبرازلارنىڭ ئېستېتىك قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ.

بەدىئىي ئوبرازنىڭ تىپىكلىكى ھەققىدە توختىلىشتىن ئىلگىرى، تىپ ھەققىدىكى چۈشەنچىنى ئالدىن ئىگىلەش زۆرۈر.
تىپ دېگەن بۇ ئاتالغۇ قەدىمكى خاتىرىلەردە مودېل، نۇسخا، ئۈرنەك، ئۈلگە، نەمۇنە ۋە قېلىپ دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەت ئالىمى دۇەن يۇسەي: «ياغاچتىن ياسالغانلىرى نۇسخا، قومۇشتىن ياسالغانلىرى ئەندىزە، توپىدىن ياسالغانلىرى قېلىپ بولىدۇ، تىپ مۇشۇ مەنىدىن كۆچۈرۈلگەن» دەپ كۆرسەتكەن. غەرب ئەللىرىدە «تىپ» دېگەن بۇ سۆز گرېك تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، ئەسلى مەنىسى قۇيمىچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان «قېلىپ» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. تىپنىڭ قەدىمكى مەنىسى سەنئەتتىكى تىپ دېگەن ئۇقۇم بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاش. لېكىن سۈپەت جەھەتتە ئۇلاردا ناھايىتى زور ئوخشىماسلىق مەۋجۇت.
ئەڭ دەسلەپتە تىپ دېگەن بۇ ئاتالغۇنى سەنئەت ساھەسىگە تەتبىقلىغان كىشى پلاتون بولدى. ئۇ «غايىۋى دۆلەت» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەنىدى: «مۇبادا رەسسام تەڭداشسىز گۈزەل بىر ئادەمنىڭ تىپىنى سىزىپ چىققان بولسا، ئۇ سىزغان ھەر بىر نۇقتا كەم ـ كۈتىسىز، مۇكەممەل بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا دۇنيادا مۇشۇنداق بىر كىشىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. سىزىنىڭچە بۇ رەسسامنىڭ قىممىتىنى يەرگە ئۇرغانلىق بولامدۇ؟» تىپ سەنئەت ئۇقۇمى سۈپىتىدە XVIII ـ XIX ئەسىرلەردە ياۋروپادا كەڭ قوللىنىلغان، بۇ ئاتالغۇ بىزگە ئاساسەن غەرب ئەللىرىدىن رۇس ئەدەبىياتى ئارقىلىق كىردى. تىپ دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ مەنىسى بۆرۈنقى دەۋرلەردە ئاساسەن ئۇنىڭ ئورتاقلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ شەرھلەنگەن. ئارستوتېل مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «خاراكتېر پېرسوناژنىڭ سالاھىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك: ئەر كىشى ئەركىشىگە ئوخشىشى، ئايال كىشى ئايال كىشىگە ئوخشىشى، قول قۇلغا ئوخشىشى، يۇقىرى تەبىقە ئاق-

www.uyghurkitap.com

سۆڭەك يۇقىرى تەبىقە ئاقسۆڭەككە ئوخشىشى، بەلكى «خاراكتېر جەھەتتە بىر ـ بىرىگە ئوخشىشى»، يەنە ھەر خىل تىپتىكى كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىگە ئوخشاش بولۇشى كېرەك» .[1] روشەنكى، بۇنىڭدا پەقەت تىپنىڭ ئورتاقلىقىنىلا كۆزدە تۇتقان. ئەمما ئۇ پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ تىپىك ۋەكىللىك، ئومۇمىيلىق ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلىك ھالدا قۇۋۋەتلىگەنلىكتىن، يەنىلا تىپ نەزەرىيىسىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق يادروسى ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بىز ئېيتىۋاتقان تىپ «ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان تىپ» دېگەن ئۇقۇمغا قارىتىلغان.

ئۇنداق بولسا تىپ دېگەن نېمە؟ ئەدەبىي ئەسەرلەردە تىپ روشەن، ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقىقا ئىگە بولغان، مەلۇم دائىرىدىكى ئورتاقلىقنى تولۇق يىغىنچاقلىغان، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەلگىلىك تۈپ ماھىيەتلىك تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ھەمدە بىرقەدەر يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولغان بەدىئىي ئوبرازدۇر. پروزا ئەسەرلەردە تىپ ئادەتتە تىپىك پېرسوناژ ياكى تىپىك خاراكتېرگە قارىتىلىدۇ: لىرىك ئەسەرلەردە تىپ ھەمىشە تىپىك مۇھىت، تىپىك كەيپىيات، تىپىك ھېسسىياتلارغا قارىتىلىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ تىپىكلىك دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشتىكى چوڭقۇرلۇقى ۋە ئېستېتىك ئەھمىيىتىنى باھالاشتىكى مۇھىم ئۆلچەم بولۇپ كەلدى.

### 2) بەدىئىي تىپنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

بەدىئىي تىپنى ئادەتتىكى بەدىئىي ئوبراز بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ تۆۋەندىكىدەك ئاساسىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، خاسلىق

---

① ئارستوتېل: «پوئېتىكا» («شېئىرىيەت ئىلمى»). خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 15 ـ بەت.

دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر خاسلىق بىلەن ئورتاقلىقنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىگە ئىگە. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى بەدىئىي ئوبرازلارمۇ خاسلىق بىلەن ئورتاقلىقنىڭ بىرلىكىدىن خالىي ئەمەس. لېكىن ئادەتتىكىچە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازدا خاسلىق تازا روشەن ۋە گەۋدىلىك بولماسلىقى، ئالاھىدىلىكىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما بەدىئىي تىپنى ئادەتتىكى بەدىئىي ئوبراز بىلەن سېلىشتۇرغاندا روشەن ۋە گەۋدىلىك خاسلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئېنگېلس: «ھەر بىر ئادەم بىر تىپ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە مۇئەييەن يەككە ئادەم، خۇددى گېگىل بوۋاي ئېيتقاندەك، ‹مۇشۇ بىر شەخس›» دەپ كۆرسىتىپ، بەدىئىي تىپنىڭ روشەن خاسلىققا ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى ئىخچام چۈشەندۈرگەن. بەدىئىي تىپ گەۋدىلىك خاسلىقى بىلەن «مۇشۇ بىر شەخس» بولۇشى، يالغۇز ئۆزى مەنسۇپ بولغان تۈركۈمدىلا ئەمەس، باشقا تۈركۈمدىمۇ روشەن پەرقلىنىپ تۇرۇشى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزى مەنسۇپ بولغان تۈركۈم ئىچىدىكى ھەرقاندىقىدىنمۇ پەرقلىنىپ تۇرۇشى كېرەك.

خاسلىق، بىر ئادەمنىڭ باشقىلارغا ئوخشاشمايدىغان ئۆزىگە خاس روشەن خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن خاسلىقى بىرقەدەر تۇراقلىق بولۇپ، ئۇلار ئىش - ھەرىكەت، پائالىيەتلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، سەرگۈزەشتىسى، تەربىيىلىنىشى قاتارلىق كۆپ جەھەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىدىيىۋى ھېسسىيات، ھەۋەس - ئىشتىياق، تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىقلاردا ئۆزگىچىلىكلەر بارلىققا كېلىدۇ. يازغۇچىلار دەل پېرسوناژلاردىكى بۇخىل ئالاھىدىلىكلەرنى كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلەپ، بەدىئىي ئوبرازنى جانلىق، كونكرېت ھالەتتە كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن، يازغۇچى زۇنۇن قادىرى «چېنىقىش» ناملىق ھېكايە-

www.uyghurkitap.com

سىدە مەتنىيازنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنى ئۇنىڭ بىرقانچە قېتىملىق ئىش - پائالىيەتلىرىدە، گەپ - سۆز، ھەرىكەتلىرىدە ناھايىتى روشەن ئېچىپ بەرگەن. بىز تۆۋەندىكى بۇ پارچىنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

«مەتنىياز بەزى ۋاقىتلاردا دېھقانلارنىڭ چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ياساپ قويىدۇ. ئۇنىڭغا باش چۈشۈرتكەن كىشىنىڭ ئالدىراش ئىشى بولماسلىقى ۋە ئۆزىمۇ زېرىكمەسلىكى كېرەك. ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى تاشتا ئولتۇرغان كىشىنىڭ بېشىنى ئاۋۋال ئون - ئون بەش مىنۇتقىچە قۇرۇق ئۇۋۇلايدۇ. كېيىن ئوچۇمىغا سۇ ئېلىپ ئۇششاق قوللىرىنىڭ ئارىسىدىن ئېقىتىپ يەنە ئۇۋۇلاشقا باشلايدۇ. بۇ ھەرىكەت خېلى ۋاقىتقىچە داۋام قىلىپ چاچ ئالدۇرغۇچىنىڭ قۇلاق چۆرىلىرى ۋە قاشلىرىنى بويلاپ بۇندى ئېقىپ كۆڭلەكلىرىنى ھۆل قىلىۋېتىدۇ. ساتىراش بولسا ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەستىن ئەزمىلىك بىلەن جەڭنامە قىسسىلىرىنىسۆزلەۋېرىپ، قوللىرىنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالاتتى  تاكى تاش ئۈستىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرغان كىشى:

‹ئۇستام چاچ قۇرۇپ كەتتىغۇ› دېگەندىن كېيىن مەتنىياز يەنە ھۆلدەپ ئۇۋۇلاشقا كىرىشىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭلا تۈگىمەس قىسسىلىرىنى داۋام قىلىشقا باشلايدۇ:

— پادىشاھى جەمشىد لەيلىۋەشكە ھەممە نەرسىلىرىنى ئۇتتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئەڭ چىرايلىق خوتۇنى مەلىكە دىلسۆزنى قىمارغا تىكتى. لەيلىۋەش بۇ نازىنىن پەرىزاتنىمۇ ئۇتتۇۋالدى -دە، ھى، ھى، ھى،...— ئۇ، ئۆزىنىڭ گېپىگە ئۆزى ھۇزۇر قىلىپ كۈلىدۇ.»

دېمەك، پېرسوناژلارنىڭ خاسلىقى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئادەمنىڭ مىجەز - خۇلقى، پەزىلەت - خىسلىتى، تەقى - تۇرقى، گەپ قىلىش ئادىتىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئاساسەن

ئوخشىشىپ كېتىدىغان بەزى پېرسوناژلارنىڭ ئاساسلىق تەرەپلەردە يەنە پەرقى بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، روشەن، گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكتىن ۋاز كېچىپ، تىپىك ئوبرازنى يارىتقىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچى، ئورتاقلىق

بەدىئىي تىپ پەقەت روشەن خاسلىققا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە مۇئەييەن ئورتاقلىققىمۇ ئىگە بولىدۇ. رېئاللىقتىن ئالغاندا، ئادەملەردە ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان تەرەپلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە كىشىلىك جەمئىيەتتە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئوخشاش شارائىت، ئوخشاش تۇزۇم ئاستىدا ھايات كەچۈرۈشى تۇپەيلىدىن، ئادەملەردە بەزى جەھەتلەردە ئوخشاشلىق ساقلانغان بولىدۇ. شۇڭا يازغۇچى بەدىئىي تىپنى يەككە، ئايرىمچە تەسۋىرلىمەستىن، بەلكى كىشىلىك جەمئىيەتتى ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلىشى كېرەك. بەدىئىي تىپنىڭ ئورتاقلىقى ھەرگىز ئابستراكت چۈشەنچە ئەمەس، بەلكى كونكرېت، جانلىق خاسلىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ئالاھىدىلىك، ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «ئاساسىي قەھرىمان بەلگىلىك سىنىپ ۋە خاھىشنىڭ ۋەكىلى، شۇڭلاشقا ئۇ دەۋرنىڭ بەلگىلىك ئىدىيىسىنىڭ ۋەكىلى، ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىنى ئۇششاق ـ چۈششەك ئارزۇ ـ ھەۋەسلەر ئەمەس، بەلكى ئۇلار ياشاۋاتقان تارىخنىڭ ئېقىمى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ».[1] ناھايىتى روشەنكى، تىپنىڭ ئورتاقلىقى يازغۇچىنىڭ تارىخنىڭ توپ ماھىيىتىنى ياكى جەمئىيەتنىڭ توپ ماھىيىتىنى زېرەكلىك بىلەن ئىگىلىگەنلىكىدە گەۋدىلىنىدۇ. مانا مۇشۇ خىلدىكى تىپ مەيدانغا كەلگەن ھامان جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغايدۇ. يازغۇچى گەرچە «مۇشۇ بىر شەخس»نى يازغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر تۈپنى، بىر خىل خاھىشنى، بىر ئېقىمنى، بىر

[1] ئېنگېلس: «فېردېناند. لاسساللغا خەت»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرىدىن تاللانما». خەنزۇچە نەشرى، IV توم، 343 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەۋرنى، ھەتتا ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان بەلگىلىك كەيپىيات ياكى پسخىك ئاڭنى يازغانلىقتىن، كىتابخانلار بۇ ئارقىلىق بۈگۈننى چۈشىنىدۇ. كەلگۈسىنى پەرەز قىلىدۇ ھەمدە بىرىنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلىرىنىمۇ بىلىۋالىدۇ. ھيوگو شېكسپىر-نىڭ دراما ئىجادىيىتى ھەققىدە توختالغىنىدا ئېيتقاندەك: «ئۇ بىزدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز بىلەن بىللە ھايات كەچۈرىدىغان كىشىلەرنى ياراتتى، ھاملېتنى ئالساق، ئۇ گويا ھەربىرىمىزگە ئوخشاشلا ھەقىقىي، ئەمما بىز-دىنمۇ ئۇلۇغ، ئۇ بىر گىگانت شەخس، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر ھەقىقىي شەخس، چۈنكى ھاملېت سەن ئەمەس، بەلكى ھەممى-مىز، ھاملېت مەلۇم بىر كىشى ئەمەس، ئەمما بىر شەخس»①. ھيوگونىڭ ھاملېت ھەققىدىكى تەھلىلىنىڭ مەزمۇ-نىدىن بەدىئىي تىپ بىر خىل ئومۇملۇققا ئىگە بولىدىغانلىقى ۋە بۇ ئومۇملۇقنىڭ يەنە خاسلىق ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدى-غانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

بەدىئىي تىپنىڭ ئورتاقلىقىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر خىل تىپىك پېرسوناژلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. ئومۇملاشتۇرۇلۇش دائىرىسى چوڭ بولۇشىمۇ، كى-چىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. قىسقىسى، يازغۇچىلار روشەن خاس-لىققا ئىگە ھەمدە مەلۇم دائىرىدىكى ئورتاقلىقنى ئومۇملاشتۇرغان تىپىك پېرسوناژلارنى يارىتىپ، مۇئەييەن دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ماھىيىتىنى، شۇنداقلا تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۆنىلىشىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ. بەدىئىي تىپ قانچىكى رو-شەن خاسلىققا ئىگە بولسا، ئومۇملاشتۇرۇلۇشى قانچىكى چوڭ بولسا، شۇنچىلىك ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

### ئۈچىنچى، ئېستېتىك قىممەت

① «كلاسسىك ئەدەبىيات — سەنئەت .رىيىسىدىن تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى»، خەنزۇچە نەشرى، I توم، 135 — 136 — بەتلەر.

بەدىئىي تىپ يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك غايىسى ئارقىلىق يوغۇرۇلغان، ئېستېتىك ھېسسىياتى سىڭدۈرۈلگەن، مۇئەييەن ئورتاق ئەھمىيەتكە ئىگە تىپىك ئوبرازدۇر. شۇڭا ئۇ بىزگە ئادەتتىكى بەدىئىي ئوبرازلارغا قارىغاندا، زور ئېستېتىك قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ. ئېستېتىك قىممەت دېگىنىمىز، ئوبيېكتنىڭ ئادەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلەنگەن ئاكتىپ ئەھمىيەتتىن ئىبارەت. ئېستېتىك قىممەت ئوبيېكتنىڭ ئادەم بىلەن بولغان ئېستېتىك مۇناسىۋەتتە ئىپادىلەنگەن، ئېستېتىك ئەھمىيەت بىلەن ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئېستېتىكىلىق قانائەتلىنىش دەرىجىسىگە بەرگەن باھاسى. بەدىئىي تىپ ئېستېتىك ئوبيېكتنىڭ بىر خىل شەكلى سۈپىتىدە يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس ئېستېتىك ھېسسىياتى، غايىسىنى مەركەزلىك ھالدا گەۋدىلەندۈرۈپ، ئېستېتىك ئەھمىيەتنى نامايان قىلىدۇ. بەدىئىي تىپنىڭ بۇ خىل ئۆزىگە خاس ئېستېتىك قىممىتى ئالدى بىلەن يازغۇچىنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان، ئالاھىدە يېڭى ئېستېتىك ئوبيېكتنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. كىتابخانلارغا ئالاھىدە زوق بەخش ئېتىدىغان، ئېستېتىك قىممىتى بار بەدىئىي تىپنى يارىتىش ئۈچۈن يازغۇچىدا دۇنيانى، كىشىلىك جەمئىيەتنى ھەقىقىي سەنئەتكارغا خاس نۇقتىئىنەزەر بىلەن كۆزىتەلەيدىغان بەدىئىي دىت بولۇشى كېرەك.

بەدىئىي تىپنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۈچ ئاساسىي خۇسۇسىيىتىدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، بەدىئىي تىپ — روشەن خاسلىققا ئىگە بولغان، بەلگىلىك دائىرىدىكى ئورتاقلىقنى يىغىنچاقلىغان، ئۆزىگە خاس ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولغان بەدىئىي ئوبرازدۇر. بەدىئىي تىپ ئادەتتە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان خاسلىق بىلەن ئورتاقلىقنىڭ ئادەتتىكى قوشۇلمىسى ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ھەرقانداق ئوبرازدا بۇ خىل بىرلىك مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇ پەقەت شەيئىلەر خاراكتېرىنىڭ پەلسەپىۋى جەھەتتىن ئابستراكتلىنىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇپ، بىزنىڭ بەدىئىي تىپنى چۈشىنىشىمىزنىڭ بىرىنچى قەدەمىدىنلا ئىبارەت. ھەقىقىي بەدىئىي تىپ پەقەت ئۆزىنى شەكىللەندۈرگەن ئاشۇ تارىخىي دەۋرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى يىغىنچاقلاپلا قالماستىن، بەلكى باشقا مىللەتلەر، باشقا دەۋرلەر ئۈچۈنمۇ ئورتاق ئەكس سادا پەيدا قىلالايدىغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك.

## 2. تىپىكلەشتۈرۈش

### 1) تىپىكلەشتۈرۈش ھەققىدە چۈشەنچە

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مەنبەسى بولغان ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇش باي ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. لېكىن يازغۇچى سەنئەتكارلارنىڭ تىپىكلەشتۈرۈشى ئارقىسىدا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش ئەمەلىي تۇرمۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ يىغىنچاق، تېخىمۇ غايىۋى، تېخىمۇ ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا يازغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان چوڭقۇر كۆزىتىشى ۋە ئېستېتىك چۈشەنچىسىگە ئاساسەن، رېئال تۇرمۇشتىكى ھادىسىلەرنى پىششىقلاپ، ئومۇملاشتۇرۇپ، بەدىئىي توقۇلما ئۇسۇلى بىلەن قۇراشتۇرۇپ، ئۇنى يۈكسەك ئومۇملۇققا ۋە تىپىكلىككە ئىگە بولغان بەدىئىي ئوبرازغا ئايلاندۇرىدۇ، بۇ ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. مانا مۇشۇنداق ناچىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ياخشىسىنى ئىلغۇۋېلىش، ساختىسىنى تاشلىۋېتىپ، چىنىنى ساقلاپ قېلىش، بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا ئۆتۈش، تاشقىرىسىدىن ئىچكىرىسىگە كىرىش جەريانى ۋە تۇرمۇشتىكى ئايرىم شەيئىلەرنى تۇتۇپ ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش، يىغىنچاقلاش ئارقىلىق تولۇقلاپ، گەۋدىلەندۈرۈپ، ئومۇمىي خاراكتېر بىلەن ۋەكىللىك خاراكتېرنى ئىپادىلەش جەريانى — تىپىكلەشتۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ. تىپىكلەشتۈرۈش جەريانى — تىپىك ئوبرازلارنى يارىتىش جەريا-

نى. روسىيىنىڭ XIX ئەسىردىكى تەنقىدىي رېئالىزمچى يازغۇچىسى ن. ۋ. گوگول «شىنېل» ناملىق ھېكايىسىدە تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى شەخس ۋە ۋەقەلىكنى بايقاپ، بۇنى ئىجادىيەتنىڭ ئەسلى نۇسخىسى قىلىپ چىڭ تۇتقان ھەمدە ئۆزى چار پادىشاھ تۈزۈمى ئاستىدا كۆزەتكەن ۋە ئۆگەنگەن مۇناسىۋەتلىك شەخسلەر ۋە ۋەقەلىكلەر ئىچىدىكى ماھىيەتنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان ئالاھىدىلىكلەر ئارقىلىق بۇ ئەسلى نۇسخىنى كۆچەيتىپ، تولۇقلاپ، ئۇنى تېخىمۇ گەۋدىلىك، تېخىمۇ روشەن قىلغان ۋە تېخىمۇ مول ئومۇملاشتۇرۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە قىلغان. ئەمەلىيەتتە ئۇ، ئومۇملاشتۇرۇش، يىغىنچاقلاش، بەدىئىي توقۇلما قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق قايتىدىن بىر يېڭى پېرسوناژنى يارىتىپ، بىر يېڭى ۋەقەنى بايان قىلغان. مانا مۇشۇنداق ئايرىملىق ئارقىلىق ئومۇملۇقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھەمدە بۇ ئارقىلىق ماھىيەتنى ئېچىپ بېرىدىغان بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلى تىپىكلەشتۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ.

تىپىكلەشتۈرۈش جەريانى ئۆز ئارا بىر - بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى تەرەپنى، يەنى خاسلاشتۇرۇش بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بەدىئىي تىپ خاسلىق بىلەن ئورتاقلىقنىڭ، ئايرىملىق بىلەن ئومۇملۇقنىڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى بىرلىكىدۇر.

خاسلىق، ئادەمنىڭ بارلىق ھەرىكەت پائالىيەتلىرىدە ئىپادىلىنىدىغان، باشقىلارغا ئوخشاش بولمىغان ئۆزىگە خاس خاراكتېرى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرىدىن ئىبارەت. خاسلىقنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللار ئاساسەن، كىشىنىڭ تىلى، خاراكتېرى، پەزىلىتى، كەيپىياتى، ئىقتىدارى، مىجەز - خۇلقى، ئىستىلى ۋە سىرتقى كۆرۈنۈشى قاتارلىقلاردۇر. كىشىلەرنىڭ خاسلىقى نىسبىي تۇراقلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت - پائالىيەتلىرىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. خاسلىق ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، ئىقتىسادىي ئورنى، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇشتا كىشىلەرنىڭ خاسلىقى بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەرلەردىمۇ ئادەملەرنىڭ خاسلىقىنى ئالاھىدە تەسۋىرلەش كېرەك. لۇشۈن ياراتقان ئاQ يۈكسەك دەرىجىدىكى خاسلاشتۇرۇلغان تىپىك، پېرسوناژ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسى، خاراكتېرى، تىلى، سىرتقى قىياپىتى، ھەرىكىتى تامامەن ئالاھىدە. شۇڭا لۇشۈنمۇ بۇ ھەقتە: «پەقەت بېشىغا بىر كىچىك شاپاق دوپپا كىيگۈزۈلۈپ قويۇلىدىغان بولسا، ئۇ ئاQ بولماي قالغان بولاتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن ئۇنىڭغا كېگىز تۇماق كىيدۈرۈپ قويغانىدىم. بۇ بىر خىل قارا، يېرىم دۈگىلەك شەكىلدىكى نەرسە ئىدى. ئۇنىڭ گىرۋىكى بىر سۇڭدىن ئارتۇقراق ئۆستىگە قايرىپ كىيىلەتتى»① دەپ يازغانىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئاQ لۇشۈننىڭ قەلبىدە ئالاھىدە مۇقىملاشقان ئوبراز بولۇپ، ھەتتا باش كىيىمىنىمۇ خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغان قىلىپ ئالاھىدە تەسۋىرلەنگەن.

تىپىكلەشتۈرۈشتە يەنە ئومۇملاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. يەنى ئوخشاش تۈردىكى شەخسلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ماھىيەتنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ھادىسىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۇنى روشەن، كونكرېت پېرسوناژ ۋۇجۇدىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق پېرسوناژنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ بېرىپ، پېرسوناژلار ئوبرازىنى تېخىمۇ تىپىكلىككە، تېخىمۇ ئومۇملۇققا ئىگە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئومۇملاشتۇرۇش باشتىن - ئاخىر يەككە، كونكرېت ئوبرازلاردىن ئايرىلمايدۇ. مۇشۇ جەھەتتە ئۇ باشقا پەنلەردىكى مەۋھۇملۇققا ئوخشىماي-

① «دراما ھەپتىلىك ژۇرنىلىغا يېزىلغان خەت». «لۇشۈن ئەسەرلىرى». خەنزۇچە نەشرى، 11 توم، 117 - بەت.

دۇ. بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش مەۋھۇملاشتۇرۇشقا ئوخشاش
كونكرېت نەرسىدىن ئايرىلىپ تۇرالمايدۇ. ئەكسىچە ئومۇملاشتۇ-
رۇش دەل ئاشۇ ماھىيەتنى ئىپادىلەيدىغان كونكرېت نەرسىلەرنى
يىغىنچاقلايدۇ ھەمدە ئۇنى روشەنلەشتۇرىدۇ ۋە گەۋدىلەندۇرىدۇ.
لېۋ تولستوي ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسى ئۈستىدە توختالغان-
دا: «مېنىڭچە، ئەگەر مەلۇم بىر ھەقىقىي ئادەم بىۋاسىتە يېزى-
لىدىغان بولسا، ئۇنداق يېزىش چىقىلغىنى ھەرگىزمۇ تىپ بولال-
مايدۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسى ئايرىمچە، ئالاھىدە، قىلچىمۇ مەززىسى
يوق مەلۇم خىلدىكى نەرسە بولۇپ قالىدۇ، بىز دەل مەلۇم ئادەم-
دىن ئۇنىڭ ئاساسلىق، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئالاھىدىلى-
كىنى ئېلىشىمىز كېرەك ھەمدە ئۇنى كۆزەتكەن باشقا بەزى
ئادەملەرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن
تولۇقلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ تىپ بولالايدۇ.
ئوخشاش خىلدىكى نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆزەتكەندىلا، ئاندىن مۇ-
ئەييەن بىر تىپنى ياراتقىلى بولىدۇ»[1] دېگەنىدى.

خاسلاشتۇرۇش بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشنى ئەمەلىيەتتە ئايرى-
ۋەتكىلى بولمايدۇ. ئۇلار تىپىكلەشتۇرۇشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا
ئورگانىك ھالدا بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت جەريانى — بەدىئىي تەپەككۇر جەريا-
نىدۇر. بۇ جەرياندا يازغۇچىنىڭ ئەڭ مۇشكۈل خىزمىتى پېرسو-
ناژلارنىڭ باشقىلاردىن ئۆزگىچە بولغان خاسلىقىنى ئىگىلەپ ھەم-
دە پېرسوناژلار خاسلىقى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئورتاقلىقىنى ئىپادى-
لەپ، خاسلىق بىلەن ئورتاقلىقنى چەمبەرچاس بىرلەشتۇرۇپ،
ھەم خاسلىق بىلەن ئورتاقلىقنى ئايرىپ تاشلىمايدىغان، ھەم
خاسلىقنى ئابستراكت پرىنسىپلار ئىچىگە سىڭدۈرۈۋەتمەيدىغان

[1] «بەدىئىي تەپەككۇر توغرىسىدىكى ماتېرىياللاردىن مۇھىم تاللانمىلار»، «كلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىدىن تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى»، خەنزۇچە نەشرى، 11 توم، 116 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

قىلىشتىن ئىبارەت. مانا بۇ، مۇنەۋۋەر يازغۇچىلار تىپىكلەشتۈرۈشتە ئورتاق ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان ئاساسىي قانۇنىيەت.

2) تىپىكلەشتۈرۈش ئۇسۇلى

ئەدەبىي ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا، تىپىكلەشتۈرۈشنىڭ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قانۇنىيەت، پرىنسىپلىرى بولسىمۇ، لېكىن تىپ يارىتىشنىڭ ئۇسۇلى خىلمۇخىل بولغاچقا ئۇنىڭدىن كونكرېت ئۇسۇلنى خۇلاسىلەپ مۇقىملاشتۇرۇش قىيىن. ئەمما مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ تىپىكلەشتۈرۈش ئۇسۇلى جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىدىن تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك ئۇسۇلنى بىر قەدەر ئۇنۇملۇك ۋە كەڭ تۈردە قوللىنىپ، كۆرۈنەرلىك ياخشى تىپلارنى يارىتىشقا بولىدىغان ئۇسۇل دەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، نۇرغۇنلىغان خام ماتېرىياللارنى كەڭ تۈردە مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا تىپ يارىتىش. يەنى مەلۇم تىپتىكى خىلمۇ خىل ئادەملەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى بىرلا ئادەمگە ئومۇملاشتۇرۇپ، لۇشۈن ئېيتقاندەك «خىلمۇ خىل ئادەملەرنى قۇراشتۇرۇپ، بىر ئادەم قىلىپ چىقىش» ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇلنى ھازىرغىچە نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار كەڭ تۈردە قوللىنىپ كەلگەن. بۇنىڭغا ئەدەبىيات تارىخىدىكى دونكىخوت، ھاملېت، ئاننا كارىنىنا، مەتنىياز··· قاتارلىق نۇرغۇن تىپىك ئوبرازلار مىسال بولالايدۇ. زۇنۇن قادىرى ۋە لۇشۈن ئەسەرلىرىدىكى تىپىك ئوبرازلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق يارىتىلغان. لۇشۈن: «ئەسەرلىرىمدە يازغان ئىشلار ئاساسەن كۆرگەنلىرىم ياكى ئاڭلىغانلىرىم بولاتتى، لېكىن بۇ پاكىتلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئىشلەتمەي، پەقەت ئۇنىڭ بىر قىسمىنىلا ئېلىپ، بۇ تاكى ئۆز پىكرىمنى تەلتۆكۈس، يېتەرلىك يوسۇندا ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بولغۇچە كېڭەيتىپ راۋاجلاندۇرىمەن، پېرسوناژلىرىم مودېللىرى ئۈستىدىمۇ شۇنداق ئىشلەي-

مەن. مەخسۇس بىر ئادەمنىلا ئىشلەتمەيمەن، ئۇ جىجىياڭچە سۆز-
لەيدۇ، بېيجىڭلىقلارغا ئوخشايدۇ، سەنشىچە كىيىنىدۇ، ئومۇ-
مەن قۇراشتۇرۇلغان بىر پېرسوناژ بولىدۇ»[1] دېگەنىدى. ئاQ ۋە
شياڭ لىن ھەدە قاتارلىق تىپىك ئوبرازلار ئەنە شۇنداق يارىتىلـ-
غان. بۇنداق ئۇسۇلنى قوللانغاندا، يازغۇچىدىن ئاساسسىز ئوي-
دۇرۇپ چىقماي، ئۆز مەيلىچە ئىش كۆرمەي، بەلكى ئۆز تۇر-
مۇش تەجرىبىلىرى ۋە تۇرمۇشقا بولغان چۈشەنچىلىرىگە ئاسا-
سەن، نۇرغۇنلىغان تارقاق بولغان شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىپا-
دىلەپ بېرەلەيدىغان ھادىسىلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش ھەمدە مول
تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئۇلارنى بىر جانلىق پېرسوناژ قىلىپ تاۋلاپ
چىقىش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى،
لۇشۈن ئېيتقان «قۇراشتۇرۇش» ھەرگىزمۇ ئۆزئارا مۇناسىۋەت-
سىز بولغان شەيئىلەرنى مېخانىك ھالدا قۇراشتۇرۇش بولماس-
تىن، بەلكى بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ كەڭ دائىرىلىك ۋە
ماھىيەتلىك بولۇشىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت. ئومۇمەن، بۇ
خىل ئۇسۇلنى قوللانغاندا تىپلارنى نىسبەتەن ئەركىن يارىتقىلى
بولىدۇ. ئەگەر يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك قارىشى توغرا، تۇرمۇش
جۇغلانمىلىرى مول بولسا، ئۇنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش دائىرىسى
كەڭ بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئەسلى نۇسخىنى ئاساس قىلغان ھالدا، مۇۋاپىق
تۈردە باشقا خام ماتېرىياللارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى يۇغۇرۇپ
تىپ يارىتىش ئۇسۇلى. بۇ خىل تىپ يارىتىش ئۇسۇلىدا ئەسلى
نۇسخا ئاساس قىلىنىدۇ. لېكىن بۇنىڭ بىلەن چەكلىنىپ قال-
ماي، يازغۇچىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇشى، تەسەۋۋۇر قىلىشى ۋە بە-
دىئىي توقۇلما قىلىشىغىمۇ يول قويۇلىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا،
يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتى ئومۇمەن مەلۇم بىر شەخس مەلۇم بىر

---

(1) «مەن ھېكايە يېزىشنى قانداق باشلىدىم»، «لۇشۈن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، Ⅳ توم، 398 ـ بەت.

ۋەقەدىن باشلىنىدۇ. لېكىن ئۇ بۇ كونكرېت ۋەقە ۋە شەخسنى تەسۋىرلەش بىلەن قانائەتلەنمەستىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئوخشاش تۈردىكى شەخسلەرنىڭ بەزى ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىنى مەركەز-لەشتۈرۈپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، ئاندىن يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇم-لاشتۇرۇلغان تىپىك ئوبرازلارنى يارىتىدۇ. مەسىلەن، «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانىدىكى پاۋېل كورچاگىن ئوبرازى ۋە ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسەن رومانىنىڭ ئاپتورى نىكولاي ئوسترو-ۋىسكىينىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئاساس قىلىپ يېزىل-غان. لېكىن يازغۇچى بۇ رومانىنى يېزىشتا، پاۋېل كورچاگىننىڭ قەيسەر ئىرادىسىنى، زىت ئىدىيىلەرگە نىسبەتەن كېلىشتۈرۈپ بولمايدىغان كۈرەش روھىنى، شۇنىڭدەك ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا بولغان قەتئىي ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ تولۇق گەۋدىلەن-دۈرۈش ئۈچۈن، پاۋېل بىلەن تۆنەنىڭ مۇناسىۋىتىنى توقۇپ چىققان. نىكولاي ئوستروۋىسكىي رومانىنىڭ يېزىلىشى جەريانى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «گېزىت - ژۇرناللار دائىم ماقالىلەرنى بېسىپ تۇرىدۇ، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ رومانىم ‹پولات قانداق تاۋلاندى› نى ئۆزۈمنىڭ تەرجىمىھالىم سۈپىتىدە چىقارماقچىمەن، يەنى نىكولاي ئوستروۋىسكىينىڭ تۇرمۇش تارى-خى قىلماقچىمەن. بۇنداق قىلىش قىسمەن توغرا بولمايمۇ قالى-دۇ، ئەلۋەتتە. مېنىڭ رومانىم ئەدەبىي ئەسەر، شۇڭا بۇنى يې-زىش جەريانىدا ئۆزۈمنىڭ بەدىئىي توقۇلما قىلىش ھوقۇقۇمنى ئىشلەتتىم، خېلى كۆپ ھەقىقىي ماتېرىيالنى رومانىنىڭ ئاساسى قىلدىم، لېكىن بۇنى ھەرگىزمۇ بىر كىشىنىڭ تەرجىمىھالى دېگىلى بولمايدۇ». دېمەك، ئەدەبىيات تارىخىدا، ئەسلى پروتو-تىپنى ئاساس قىلىپ، ئۇنى تەسەۋۋۇر ۋە توقۇلما قىلىش ئاساسى-دا تولۇقلاپ تىپ يارىتىش ئۇسۇلىمۇ بەدىئىي ئىجادىيەتتە قوللى-نىلىپ كېلىۋاتقان ئۇنۇملۇك ئۇسۇللارنىڭ بىرى. مەسىلەن، «قايناام ئۆركىشى» رومانىدىكى ل. مۇتەللىپ ئوبرازى، «موللا

زەيدىن ھەققىدە قىسسە» ناملىق ئەسەردىكى موللا زەيدىن ئوبرازى قاتارلىقلار بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ.

## مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ خۇسۇسىيىتى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن مەنتىقىي تەپەككۇرنىڭ پەرقىنى سۆزلەڭ.
2. بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن مەنتىقىي تەپەككۇرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى رولىنى بايان قىلىڭ.
3. تىپ دېگەن نېمە؟ بەدىئىي ئوبراز بىلەن بەدىئىي تىپنىڭ پەرقى قەيەردە؟
4. بەدىئىي تىپنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بايان قىلىڭ.
5. تىپىكلەشتۈرۈش قايسى ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟
6. تىپىكلەشتۈرۈش جەريانىنى بايان قىلىڭ.
7. تىپىكلەشتۈرۈش ئۇسۇللىرى قايسىلار؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# IV باب

# ئەدەبىيات تىل سەنئىتى

## 1 § . ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى — تىل

### 1 . ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى — تىل

ئادەم ۋە ئۇنىڭ ھاياتىنى ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇ. رۇش — بارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى باشقا ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە فورمىلىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان روشەن بەلگە.

سەنئەت كۆپلىگەن بەدىئىي شەكىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ ئۇقۇم بولۇپ، خىلمۇخىل سەنئەت شەكىللىرى، مەسىلەن، مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر، كىنو، ئەدەبىيات قاتارلىقلار بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتا ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىدۇ. ئەدەبىيات سەنئەتنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، مەيلى ئۆزى ياراتقان ئوبرازنىڭ مەزمۇنى ياكى ئوبرازنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە قوللانغان ۋاستىسى جەھەتتە بولسۇن، سەنئەتنىڭ باشقا ھەرقانداق شەكىللىرىگە ئوخشىمايدۇ. پەقەت ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ ئۆزىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەندىلا، ئاندىن ئەدەبىياتنىڭ باشقا سەنئەت تۈرلىرى بىلەن بولغان پەرقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. ھەرقايسى سەنئەت تۈرلىرىنىڭ پەرقىنى چۈشىنىشتە خىلمۇ خىل ئۇسۇللار بولىسمۇ، ئۇلارنىڭ ئوبراز يارىتىشتا قول-لانغان ۋاستىسى بىلەن ئىشلەتكەن ماتېرىيالىغا قاراپ تۆۋەندىكى

تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1) ئورۇنداش سەنئىتى

ئورۇنداش سەنئىتى ئارتىسلارنىڭ بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق ئوبراز يارىتىدىغان بىر خىل سەنئەت تۈرى. ئۇنىڭدا بەدەننىڭ ھەرىكىتى، ئاۋاز ــ تاۋۇشنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ئوبراز يارىتىلىدۇ. ئورۇندىغۇچىلار كومپوزىتور ياكى ئۇسسۇل رېژىسسورلىرىنىڭ لايىھىسى، ئورۇنداش سەنئىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن تىياتىر ۋەقەلىكى بىلەن تىياتىردىكى پېرسوناژنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

مۇزىكىدا خىلمۇخىل ئاۋاز قورۇلمىلىرى ئارقىلىق بەدىئىي ئوبراز يارىتىلىدۇ، ئومۇمەن ئاۋاز، رىتىم، مېلودىيە ئارقىلىق تۇرمۇش ۋە ھېسسىيات ئىپادىلىنىدۇ. مۇزىكا ئوبرازى ئادەمنىڭ ئاڭلاش تۇيغۇسىغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق مول تەسەۋۋۇر ھاسىل قىلىپ، تولۇپ ــ تاشقان ھېسسىياتقا ئىگە مەنىۋى مۇھىت يارىتىش يولى بىلەن ئېستېتىك زوق پەيدا قىلىدۇ. مۇزىكىنىڭ ئاساسىي ئامىلى بولغان رىتىم ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى ھەممە نەرسە، يەنى دەريالارنىڭ ئېقىشى، بۇلاقلارنىڭ ئۇخچۇپ چىقىشى، جانلىقلارنىڭ نەپەسلىرى، يۈرەكنىڭ سوقۇشى، قۇشلارنىڭ ئۇچۇشى، شېئىرىيەت، نۇتۇق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە مەۋجۇت. ئىنسانىيەتنىڭ رىتىمدارلىقىدىن ھالقىپ كەتكەن سادا كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلىيالمايدۇ.

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە نۇرغۇن كىشىلەر مۇزىكا ھەققىدە ئۆزىنىڭ تونۇشى ۋە باھالىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى مۇتەپەككۇرلىرى: «مۇزىكا بىر خىل ئىجتىمائىي سەنئەت بولۇپ، ئۇنىڭ كىشى قەلبىنى ئېرىتەلەيدىغان ۋە ناچار ئىللەتلەرنى ئۆزگەرتەلەيدىغان رولى بار» دە تونۇغان. گېگىلمۇ: «مۇزىكا قەلبنىڭ ساداسى، ئۇ بىۋاستە ھېسسىياتقا قارىتىلىدۇ» دېگەن. بۇلار مۇزىكىنىڭ ئىنساننىڭ مۇئەييەن ئىج-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىمائىي مەزمۇندىكى ھېس تۇيغۇسىنى ئىپادىلەشتىكى مىسلىسىز بەدىئىي كۈچى ۋە رولىغا بېرىلگەن مۇناسىپ باھا.

ئۇسۇل بەدەن ھەرىكىتى، فىگورا، ئىما ـ ئىشارەت، قىيا-پەت ئارقىلىق ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل نەپىس سەن-ئەت تۈرى. ئۇنىڭدىكى مۇھىم ئامىل يەنىلا رىتىم. ئۇسسۇلدىكى ئوبرازنىڭ ھېسسىياتى رىتىم تەرتىپىدىن ئايرىلمايدۇ. رىتىم ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مۇزىكىلىق رىتىمى بار بولۇپ، مەيلى مىللىي مۇزىكا بولسۇن ياكى مىللىي ئۇسسۇل بولسۇن، بىر خىل ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە رىتىم ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا رىتىم بىر مىللەتنىڭ ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكىسىنىڭ مىللىي پۇرىقى، خۇسۇسىيىتى، ئالاھىدىلىكى، گۈزەللىك قىممىتى، ھەتتا شە-كىل ۋەزىنلىرىنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئۆلچەمدۇر.

ئۇسسۇلدىن خۇددى مۇزىكىغا ئوخشاشلا ھەرىكەتچان ئوبراز يارىتىلىدۇ. مۇزىكا ئاڭلاش سېزىمىگە تەسىر قىلسا، ئۇسسۇل كۆرۈش سېزىمىگە تەسىر قىلىدۇ. مۇزىكا بىلەن ئۇسسۇل زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مۇزىكا ئۇسسۇلنى ھېسسىيات ۋە رىتىم بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھەر ئىككىسى ئادەم ھېسسىياتىدىكى ئۆزگى-رىشلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

2) تەسۋىرىي سەنئەت

تەسۋىرىي سەنئەت شەكىل يارىتىش سەنئىتى دەپمۇ ئاتىلى-دۇ. ئۇ مەلۇم ماددىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ رەڭ ۋە تەسۋىر سىزىقلار ئارقىلىق تەكشى كۆرۈنۈشلۈك، تىك كۆرۈنۈشلۈك، بىۋاسىتە سەزگىلى بولىدىغان بەدىئىي ئوبراز يارىتىش سەنئىتى. ئۇ ئاساسەن رەسساملىق بىلەن ھەيكەلتىراشلىق (نەققاشلىق) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رەسساملىق رەڭ ـ بوياق، رەخت، قەغەز قاتارلىق ماتېرىياللار، ھەيكەلتىراشلىق ياغاچ، تاش، سېمونت.

مەدەن قاتارلىق ماتېرىياللار ئارقىلىق بەدىئىي ئوبراز يارىتىپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. رەسساملىقتا كونكرېت ھەم ئىندىۋىدۇئاللاشقان كۆرۈنۈشلەر سىزىلىپ، كىشىلەرگە بىر خىل ستېرېئولۇق تەسىر بېرىدۇ. ئۇنىڭدا جىمجىت ھالەتتىكى ئوبراز يارىتىلغانلىقتىن، شەيئىلەرنىڭ زامان، ماكاندىكى ھەرىكەت ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىۋاستە ئىپادىلەنمەيدۇ، ئەكسىچە، پەقەت شەيئىنىڭ پەيۋقۇلئاددە مەزگىلدىكى، تىنچ ھالەتتىكى تىپىك ئەھمىيەتلىك قىياپىتى ئارقىلىق ئوبيېكتىپ ئوبيېكت ئىپادىلىنىدۇ.

ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى — سەنئەتنىڭ قايتا ئەكس ئەتتۈرۈش تۈرىدۇر. لېكىن ئۇ تۇرمۇشنى مېخانىك ھالەتتە تەقلىد قىلمايدۇ، بەلكى تۇرمۇشنى پىششىقلاش، ئۆزگەرتىش ھەتتا فانتازىيە، توقۇلما، مۇبالىغە قاتارلىق بەدىئىي ۋاستىلەردىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىپ سۇبيېكتىپلىقنى ئوبيېكتىپلىق ئىچىگە سىڭدۈرۈش ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئىنكاس قىلىدۇ.

3) ئۇنىۋېرسال سەنئەت

ئۇنىۋېرسال سەنئەت ھەر خىل سەنئەت تۈرلىرى قوللىنىدىغان ماتېرىيال ھەم ۋاستىلەردىن ئومۇمىيۈزلۈك پايدىلىنىپ ئوبراز يارىتىدىغان بىر خىل سەنئەت. ئۇ تىياتىر ۋە كىنو قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تىياتىر سەنئىتى كوللېكتىۋىزملىق ئاساسقا قۇرۇلغان ئۇنىۋېرسال سەنئەت. ئۇ باشقا سەنئەت تۈرلىرىدىن پەرقلىق ھالدا نۇرغۇن سەنئەت شەكىللىرىنىڭ بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇ دراماتورگ، رېژىسسور، ئارتىس، سەھنە لايىھىلىگۈچى، سەھنە خىزمەتچىلىرى، مۇزىكا ئىجادىيەتچىلىرى، چالغۇچىلار، دىرىژور، كىيىمچىلىك، گىرىمچىلىك، سۈيۈتچىلىك قاتارلىق تارماق ۋە شەخسلەرنىڭ بەدىئىي تىرىشچانلىقى، جاپالىق ئەمگىكى ۋە ھەمكارلىقى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ.

تىياتىردا ئاساسلىق ئىپادىلىنىدىغىنى پېرسوناژلارنىڭ ئىددىيىۋى ھېسسىياتى، خاراكتېرى ۋە قىلىقلىرىدىكى قارىمۇ قارشىلىق. ئۇ كۈچلۈك بىۋاسىتىلىككە ۋە ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە بولغانلىقتىن تاماشىبىنلارنى كۆز بىلەن كۆرۈپ، قۇلاق بىلەن ئاڭلىيالايدىغان بەدىئىي مۇھىت ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ.

كىنو ئەسلىدە گرېكچە Kineo دېگەن ئاتالغۇدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ قىمىرلىتىش، مىدىرلىتىش دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. كىنو ئەڭ يېڭى پەن - تېخنىكا ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، لېنتىدا ئىجاد قىلىدىغان ۋە ئۈزلۈكسىز ئوبراز يارىتىدىغان سەنئەت. ئۇ پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك تەرەققىياتى جەريانىدىكى بەلگىلىك باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى. كىنونىڭ ئۇنىۋېرساللىقى تىياتىرنىڭكىدىنمۇ كۈچلۈك. ئۇ يالغۇز ھەرخىل سەنئەت شەكىللىرىنىڭ خىلمۇ خىل بەدىئىي ۋاسىتىلىرىدىنلا ئەمەس، زامانىۋى پەن - تېخنىكىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرىدىنمۇ پايدىلىنىدۇ. ئۇ ھەرىكەتچان كۆرۈنۈشلەرنى بىر - بىرىگە ئۇلاش ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. «مونتاژ» يەنى كۆرۈنۈشلەرنى مەلۇم مەقسەت ۋە تەرتىپتە بىر - بىرىگە ئۇلاشتەك بەدىئىي ۋاستە ئارقىلىق ئوبراز يارىتىدۇ.

4 ) تىل سەنئىتى

ئەدەبىيات جانلىق، كۆركەم تىل ئارقىلىق ئوبراز يارىتىدىغانلىقى ئۈچۈن تىل سەنئىتى دېيىلىدۇ. ھەر خىل سەنئەتلەر ئوتتۇرىسىدا پەرق نىسبىي بولىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق كىشىلەردە بىر پۈتۈن ئېستېتىك تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇسسۇل مۇزىكىنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلمايدۇ. ناخشا ئاھاڭ بىلەن تېكىست (شېئىر) نىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىدىن بارلىققا كېلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە بولسا، كۆپ ھاللاردا قىستۇرما رەسىم بېرىلىپ، ئوبرازنىڭ ۋاستىلىكلىكى تولۇقلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەر

خىل سەنئەت شەكىللىرى ئۆز ئارا زىچ باغلانغان بولىدۇ، شۇنداقلا ئاساسلىقمۇ، بېقىندىسىمۇ بولىدۇ. ئۇلار ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، ئوبرازنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك ئۇنۇمىنى ئاشۇرىدۇ.

ئەدەبىيات تىل سەنئىتى بولغانلىقى بىلەن باشقا سەنئەت شەكىللىرىدىن ئېنىق پەرقلىنىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ ئوبراز يارىتىش ۋاستىسى تىل، ئۇنىڭ ئاساسلىق قورالى ھەم ماتېرىيالىمۇ تىلدۇر. ماكسىم گوركىي: «ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى مۇھىم ئامىلى تىل. تىل — ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىق قورالى، ئۇ ھەرخىل پاكىت، تۇرمۇش ھادىسىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئەدەبىياتنىڭ ماتېرىيالىنى تەشكىل قىلىدۇ»، «ئەدەبىيات تىل ئارقىلىق ئوبراز، تىپ ۋە خاراكتېر يارىتىدۇ. تىل ئارقىلىق رېئال ۋەقەلەر، تەبىئەت مەنزىرىلىرى ۋە تەپەككۇر قىلىش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ»[①]دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئەدەبىيات رېئال تۇرمۇشنىڭ يازغۇچى مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. تىل بولسا ئىدىيىنىڭ بىۋاسىتە ئىپادىسى، پىكىرنىڭ سىرتقى ئىنكاسى ۋە قورالىدۇر. يازغۇچى رېئال تۇرمۇش ئۈستىدە كۆزىتىش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەھلىل ئېلىپ بارغاندا تىلغا تايىنىدۇ؛ ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلغاندا بەدىئىي ئوبراز ياراتقاندىمۇ تىلغا تايىنىدۇ. تىلدىن ئايرىلغاندا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى بولغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش باي، خىلمۇ خىل ۋە رەڭگارەڭ، شۇنداقلا ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. شۇڭا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشنى بىلىش، ئەكس ئەتتۈرۈش، ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ۋاستىسى بولغان تىلمۇ بىپايان دېڭىزغا

---

① م. گوركىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، «ياش يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت»، خەنزۇچە نەشرى، 332 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوخشاش مول ۋە ئۆزگىرىشچان بولۇپ، سانسىزلىغان ۋەقەلەر ۋە شەيئىلەرنى ئىپادىلەيدىغان چەكسىز يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە. ئۇنىڭدىكى كۈچلۈك ئىپادىلەش ئىقتىدارى ئەدەبىياتنى ئىنتايىن جانلىق، رەڭگارەڭ ۋە مول ئوبرازلارنى يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

تىل ئەدەبىياتنىڭ مىللىي شەكلىنىڭ بىرىنچى مۇھىم ئامىلى بولۇپ، يازغۇچى پەقەت ئۆز مىللىتىنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۆزىنى مۇستەھكەم قوراللاندۇرغاندىلا ئاندىن ئۇنى ئەركىن قوللىنالايدۇ، ئۆزى ئارزۇ قىلغاندەك يازالايدۇ. تىلنىڭ غايەت زور ئىپادىلەش ئىقتىدارى ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ تىل سەنئىتىنى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش ھەم ھېسسىياتنى ئىپادىلەش جەھەتتە تېخىمۇ ئەركىن، تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىپلا قالماي، ئەدەبىياتتىكى ئوبراز، مۇھىت، مەنزىرە قاتارلىقلارنىمۇ پەۋقۇلئاددە سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ.

## 2. تىل سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

1) ئوبرازنىڭ ۋاسىتىلىكلىكى، بەدىئىي مەنتىقىلىقلىقى، يىغىنچاقلىقلىقى، ئوۋالىقلىقى.

ئوبرازنىڭ ۋاسىتىلىكلىكى — تىل سەنئىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى. تىل ئارقىلىق يارىتىلغان ئوبرازنى بىۋاسىتە كۆرگىلى، ئاڭلىغىلى، تۇتقىلى بولمايدۇ. ئۇ زوقلانغۇچىنىڭ كۆرۈش، ئاڭلاش سېزىمىگە بىۋاسىتە تەسىر قىلمايدۇ. ئەمما باشقا سەنئەت شەكىللىرىدە بولسا، ئەھۋال باشقىچە، مەسىلەن، تەسۋىرىي سەنئەت ئادەمنىڭ كۆرۈش تۇيغۇسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

تىل سەنئىتى بولغان ئەدەبىياتتىكى ئوبرازنى كۆرگىلى، ئاڭلىغىلى، تۇتقىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كىتابخان ئوبراز بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشمايدۇ. پەقەت تىل - يېزىقتىن ئىبارەت

بۇ بەلگىنىڭ مەنىسىنى ئىگىلەپ، ئۆز خىيالى ۋە تەسەۋۋۇرى
ئارقىلىق ئۆز مىڭىسىدە مۇناسىپ ئوبرازنى شەكىللەندۈرىدۇ.
پېرسوناژ ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتى قانچىلىك تەبىئىي، جانلىق تەس-
ۋىرلەنگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر كىتابخانلار ئۇلارنى كۆز بىلەن
كۆرەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان سۆزلەر-
نى قۇلاق بىلەن ئاڭلىيالمايدۇ. شۇڭا ئەڭ ئېسىل، ئەڭ مەشھۇر
ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ تىل بىلمەيدىغانلار ئۈچۈن قىلچە ئەھمىيەت-
سىز بولىدۇ.

بەدىئىي مەنتىقىلىق — تىل سەنئىتىنىڭ مۇھىم خۇسۇسى-
يەتلىرىنىڭ بىرى. بۇ خىل مەنتىق ئىدراك بىلەن ھېسسىياتنىڭ
بىرىكمىسى، مەنە بىلەن تونۇشنىڭ بىرلەشمىسى. بەدىئىي ئوب-
رازدىكى مەنتىقىلىق بىلەن تىلنىڭ ئۆزىگە خاس كەيپىياتى،
تۇسى ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش بار. چۈنكى تىل ئوبراز يارى-
تىپلا قالماستىن، بەلكى بەلگىلىك كەيپىياتىنىمۇ ئىزھار قىلى-
دۇ. بەدىئىي مەنتىق — شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى ئىگى-
لەشتىن كەلگەن توغرا ئەقلىي بىلىشنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇرد-
كى ئىپادىسى بولۇپ، بەدىئىي تەسەۋۋۇرنىڭ بىر مەركىزىي نۇق-
تىنى بويلاپ تەرەققىي قىلىش جەريانىدا ئوبرازلارنى مەنتىقىلىق
ئىپادىلەپ، ئورگانىك ھالدا ماسلاشتۇرۇپ، پەلسەپۋى پىكىرنى
ئىپادىلىشىدىن ئىبارەت.

ئوبرازنىڭ يىغىنچاقلىقلىقى — تىل سەنئىتىنىڭ يەنە بىر
مۇھىم ئالاھىدىلىكى. تىل ئىنسانلارنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى دۇنيا-
سىنى مەڭگۈ تەسۋىرلەپ تۈگىتەلمەيدۇ. شۇڭا تىل سەنئىتى
ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىيات ۋە ئۇنىڭدىكى ئوبرازلار ئىخچام، يى-
غىنچاق بولۇشى كېرەك.

ئوبرازنىڭ غۇۋالىقلىقى — تىل سەنئىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم
ئالاھىدىلىكى. بەدىئىي ئوبراز مۇقىم، قېلىپلاشقان ئوبراز ياكى
يالىڭاچ ئوبراز ئەمەس، بەلكى غۇۋا، تۇتۇق ئوبرازدۇر. تىلنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزىدىكى ئىخچاملىق، ئوبرازنىڭ غۇۋالىقلىقىنى، بەدىئىي ئوب-
رازنىڭ ۋاستىلىكلىكىمۇ ئۇنىڭ غۇۋالىقىنى بەلگىلىگەن. بو-
لۇپمۇ شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ غۇۋالىقلىقى تېخىمۇ گەۋدىلىك بو-
لىدۇ. روشەنكى، شېئىردىكى غۇۋالىق — ئىپادىلىمەكچى بولغان
مەزمۇننى ئوچۇق - ئاشكارا، يالىڭاچلاپ ئوتتۇرىغا قويماستىن،
ئۇنى شېئىرىي مۇھىت ۋە شېئىرىي ئوبرازغا سىڭدۈرۈپ، يوشۇ-
رۇن ئىپادىلەشنى كۆرسىتىدۇ. شېئىرىيەتتىكى غۇۋالىق شېئىر-
نىڭ بىر قەدەر چوڭقۇر ئىچكى سىغىمچانلىقىغا ئىگە بولۇشىنى
تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆزگىچە بەدىئىي قۇراشتۇ-
رۇش، مۇۋاپىق ئىپادىلەش نۇقتىسى ۋە ھەرخىل ئىپادىلەش ۋا-
ستىلىرىمۇ غۇۋالىق پەيدا قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بولۇپمۇ
سىمۋولنىڭ كۆپ قاتلاملىقى ۋە كۆپ يۈنىلىشچانلىقى شېئىرىيەت-
تىكى غۇۋالىققا نىسبەتەن مۇھىم رول ئوينايدۇ. شېئىرىيەتتىكى
غۇۋالىق پەقەت غۇۋالاشتۇرۇش ئۈچۈنلا غۇۋالاشتۇرۇلغان بولسا
ئۇنىڭ ھېچقانداق ئېستېتىك ئەھمىيىتى بولمايدۇ. غۇۋالىق دەرىـ-
جىسى شېئىردا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنغا ماسلاشسا، شېئىرنىڭ
بەدىئىي قىممىتى ئېشىپ، كىتابخانلارغا ئېستېتىك زوق بەخش
ئېتىدۇ.

2) كەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن مول ئىچكى دۇنيانى
ئىپادىلەشتىكى ماھىرلىقى

ئىنسانلارنىڭ تىلى ناھايىتى قۇدرەتلىك ئىپادىلەش كۈچىگە
ئىگە. تىلدىكى بۇ خىل خۇسۇسىيەت تىل سەنئىتى بولغان ئەدەبىـ-
ياتقا مىسلىسىز كەڭ ئىمكانىيەتنى يارىتىپ بەرگەن. شۇڭا ئەدە-
بىيات باشقا سەنئەت تۈرلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ ۋە كۆپ
تەرەپلىمە گەۋدىلەندۈرۈش، ئادەمنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى ئىنى-
چىكە ۋە چوڭقۇر ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. تىل ئارقىلىق
يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز بىپايان كەڭ ۋە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي
تۇرمۇش مەزمۇنىنى كەڭ كارتىنا، مول ۋەقە، خىلمۇ خىل

پېرسوناژلار بىلەن سۈرەتلەپ بېرەلەيدۇ. بولۇپمۇ ئەدەبىياتنىڭ
بۇ خىل ئالاھىدىلىكى پروزا ئەسەرلىرىدە ئىنتايىن گەۋدىلىك
بولىدۇ.

بارلىق سەنئەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولسىمۇ،
لېكىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتىكى كەڭلىك
ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ جەھەتتە
تىل سەنئىتىنىڭ باشقا سەنئەت شەكىللىرىگە قارىغاندا ئۆزىگە
خاس ئالاھىدە ئۈزگىچىلىكى بار. ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇشنى ئەكس
ئەتتۈرۈش دائىرىسى كەڭ بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇ سەھنە سەنئى-
تىگە ئوخشاش ۋاقىتنىڭ ۋە ئورۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماس-
تىن، ھەر خىل ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن ئەركىن پايدىلىنالاي-
دۇ. ئۇ مول تىل بايلىقى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگى،
ھەرىكىتى، تاشقى قىياپىتى، ئىچكى دۇنياسىنى تەپسىلىي، ئىنى-
چىكە تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ.
تارىخىي ۋەقەلەرنىمۇ، ھازىرقى زامان تۇرمۇشىنىمۇ، خىيالىي
فانتازىيىلىك ۋەقەلەرنىمۇ تەسۋىرلەپ بېرەلەيدۇ. دېمەك، تىل
سەنئىتى كۆپ خىل شەكىل ۋە كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللى-
نىپ، كەڭ ۋە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ھەر تەرەپلىمە
ئېچىپ بېرەلەيدۇ.

پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەش جەھەتتە تىل
سەنئىتى باشقا سەنئەت شەكىللىرىگە قارىغاندا ئالاھىدە ئەۋزەللىك-
لەرگە ئىگە. دەرۋەقە، باشقا سەنئەتلەرمۇ پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى
دۇنياسىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. ئەمما ئۇلار بۇنى پەقەت پېرسو-
ناژلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈش - قىياپىتى، چىرايى، ھەرىكىتى
قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇسسۇل سەنئىتى
پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئارتىسنىڭ ھەرىكىتى ئارقى-
لىق ئىپادىلىسە، رەسساملىق ۋە ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى پېر-
سوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئۇلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىياپىتى، چىرايى قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل ئىپادىلەش تىل سەنئىتىگە سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ چەكلىك بولىدۇ. ۋەھالەنكى، تىل سەنئىتى كۆپ خىل تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. بولۇپمۇ ئادەمنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى تەسۋىرلەشتە سىرتقى تەسۋىرلەردىن باشقا پېرسوناژلارنىڭ مونولوگى، خىيالى، چۈشى قاتارلىق خىلمۇ خىل تەرەپلىرىنى مۇپەسسەل تەسۋىرلەپ، ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ. ئومۇمەن تىل سەنئىتىنىڭ كەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن ئىچكى دۇنيانى ئېچىپ بېرىش جەھەتتىكى ئىمكانىيىتى باشقا سەنئەت شەكىللىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تىل سەنئىتى بولغان ئەدەبىيات رەسساملىقتىكى ئوبرازچانلىق، مۇزىكىدىكى رىتىمدارلىق، كىنودىكى مونتاژ قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپمۇ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ھەم مەزمۇننى تېخىمۇ بېيىتىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ.

## § 2. ئەدەبىي ئەسەر تىلى

### 1. ئەدەبىي ئەسەر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

ئەدەبىي ئەسەردە قوللىنىلغان تىلنىڭ تەلىپىدىن قارىغاندا، ئەدەبىي ئەسەر تىلى تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، ئەدەبىي ئەسەر تىلى ئوبرازلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ رېئال تۇرمۇشنى ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت توپ ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

ئوبرازلىق تىل — ۋەقەلەرنى، مەنزىرىلەرنى، پېرسوناژلارنى ھەم ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆركەم، جانلىق، كونكرېت

ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان تىلدۇر.
يازغۇچىلار مۇشۇنداق ئوبرازلىق تىل ئارقىلىق پېرسوناژ-لارنى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان بارلىق تەپسىلاتلارنى كونك-رېت، ئوبرازلىق سۈرەتلىگەچكە كىتابخانلار خۇددى ئۇلارنى كۆ-رۈۋاتقاندەك، ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتقاندەك، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىدە بىللە بولۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىدۇ. مەسىلەن، يازغۇچى شى نەيئەن «سۇ بويىدا» رومانىنىڭ 3 ـ بابىدا «باقاۋۇل لۇدانىڭ غەرب غوجىسىنى ئۇرۇپ دۇمبالىغانلىقى» نى ناھايىتى ئوبرازلىق تەسۋىرلىگەن. لۇدانىڭ جىن قاسساپنى ئۈچ مۇشت ئۇرۇشىنى ھەم كونكرېت ھەم ئاۋازلىق ھەم رەڭدار قىلىپ كۆرستىپ، كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا كونكرېت مەنزىرىنى نامايان قىلغان.
تىلنى ئوبرازلاشتۇرۇشنىڭ قىممىتى — ئۇنىڭ توغرا بولۇ-شىدا. بۇ ئەلۋەتتە، شەيئىلەر قانداق بولسا شۇ پېتىچە تەقلىد قىلىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ماھىيەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى. خۇسۇسىيەتلەرنى گەۋدىلەندۇرۇپ يېزىش دېگەنلىكتۇر. ئەدەبىي ئەسەر تىلى ئوبيېكتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى توغرا، كونكرېت تەسۋىرلەپ سۈرەتلىگەندىلا، تەسۋىرلىنىۋاتقان ئوبيېكت-نى ناھايىتى روشەن، ناھايىتى جانلىق ھالدا كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۇرۇپ، چوڭقۇر تەسىرات پەيدا قىلالايدۇ. توغرا تەس-ۋىرلەش ئۈچۈن شەيئىلەرگە نىسبەتەن كونكرېت تەھلىل ۋە ئەس-تايىدىل كۆزىتىش بولۇشى كېرەك.
ئومۇمەن يازغۇچىلار ھەر بىر سۆز ئىبارىنىڭ رولىغا ئېتى-بار بىلەن قاراپ كەلگەن. ئۇلار ھەرخىل شەيئىلەرنى ۋە پېرسو-ناژلار ئوبرازىنى كونكرېت، تەسىرلىك ھەم روشەن ئوبرازلىق تىل بىلەن جانلىق تەسۋىرلەپ، كىتابخانلارنى ئۆزى ياراتقان ئەنە شۇ بەدىئىي مۇھىت ئىچىگە ئېلىپ كىرىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردى-كى بۇ خىل ئوبرازلىق تىل — ئوخشىتىش، مۇبالىغە، جانلاندۇ-رۇش، سۈپەتلەش قاتارلىق بەدىئىي ئىپادىلەشتىكى ھەر خىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن تۈزۈلىدۇ.

ئوخشىتىش — بىرەر شەيئى ـ ھادىسىنىڭ ئۆزىنى، شەكلىنى، ماھىيىتىنى، ھەرىكىتىنى باشقا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئوخشاشلىقى بولغان يەنە بىر شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ ھالىتى ئارقىلىق ئىپادىلەش دېمەكتۇر. ئوخشىتىش يازغۇچىلارنى سۆز ـ جۈملىلەرنى ئىخچام قوللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى كىتابخانلارنىڭ ئېنىق چۈشىنىشى ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئوخشىتىش ناتونۇش، ئابستراكت، مۇرەككەپ نەرسىلەرنى ئۇقۇشلۇق، چۈشىنىشلىك، كونكرېت، ئاددىي نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ، يازغۇچىلارنى كىشىلەر ۋە ۋەقە، ھادىسىلەرنى يارقىن قىلىپ تەسۋىرلەش، شۇنىڭ بىلەن ئىدىيىۋى مەقسەتنى روشەن ئېچىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

مۇبالىغە — شەيئى ياكى ھادىسىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتىدىن تېخىمۇ كۆپتۈرۈپ ياكى تولىمۇ كىچىكلىتىپ ئىپادىلەش ئۇسۇلى مۇبالىغە دەپ ئاتىلىدۇ. مۇبالىغە ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت بىلەن ئاپتورنىڭ كۈچلۈك تەسەۋۋۇرى ۋە تەسىراتىنىڭ دىئالېكتىكىلىق بىرلىكىگە تايىنىدۇ. مۇبالىغە گەرچە پاكىت كۆرۈنۈشىدىن ئاجرالغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇ پاكىت كۆرۈنۈشى بىلەن قويۇق ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئوبرازلىق ھالدا تېخىمۇ چوڭقۇر ئىپادىلەيدۇ، كىتابخانلارنى باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

جانلاندۇرۇش — جانلىق نەرسىلەرگە خاس بولغان خۇسۇسىيەتلەر ۋە ھەرىكەتلەرنى جانسىز نەرسە، ھادىسىلەرگە كۆچۈرۈپ تەسۋىرلەش ياكى ئادەملەرنى جانسىز نەرسىلەر ئورنىدا گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. جانلاندۇرۇش — ئادەملەشتۈرۈش ۋە نەرسىلەشتۈرۈش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئادەملەردە بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەت، ھېسسىيات، ھالەت، تۇيغۇ ۋە ھەرىكەتلەرنى جانسىز نەرسىلەرگە ۋە ئابستراكت ئۇقۇملارغا كۆچۈرۈپ

تەسۋىرلەش ئادەملەشتۈرۈش دېيىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل كۆپرەك
بالىلار ئەدەبىياتىدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، هايۋاناتلارنى، پار-
تا، ئورۇندۇقلارنى سۆھبەتلەشتۈرۈپ ئۇلارغا تەبىئەت دۇنياسى،
كىشىلىك جەمئىيەتنى تونۇشتۇرۇلىدۇ. نەرسىلەشتۈرۈش ئۇسۇ-
لىدا كۆپرەك ئادەملەر نەرسە ئورنىدا تەسۋىرلىنىدۇ.

سۈپەتلەش — ۋەقە، هادىسىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش،
ئاڭلاش، سېزىش ۋە ئۇلارغا بىرەر خىل مۇناسىۋەتتە بولۇش
ئۈچۈن ياردەم بېرىدىغان بەدىئىي ئېنىقلىغۇچىلار سۈپەتلەش دېيى-
لىدۇ. سۈپەتلەش ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەت،
بەلگە - سۈپەتلىرىنى ۋە هالەت، هەرىكەت - پائالىيەتلىرىنى
كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق
ھېس - هاياجان قوزغىتىدۇ.

ئىككىنچى، ئەدەبىي ئەسەر تىلى ئىخچام، ئېنىق، مېغىز-
لىق ۋە مەنىلىك بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەر تىلىنىڭ ئېنىقلىقى
تەسۋىرلىمەكچى بولغان شەيئىلەرنى دەل ۋە ئوچۇق ئىپادىلەشكە
قارىتىلغان بولۇپ ئۇ تىلنىڭ توغرىلىقىنى، ئىخچاملىقىنى، مې-
غىزلىق ۋە مەنىلىك بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەدەبىي تىلنىڭ توغرىلىقى — يازغۇچىلارنىڭ مۇۋاپىق
سۆز - ئىبارىلەرنى قوللىنىپ، شەيئى - هادىسىلەرنىڭ بەلگىلى-
رىنى ئېنىق ئىپادىلىشىگە قارىتىلغان.

ئەدەبىي تىلنىڭ ئىخچاملىقى — تېجەشلىك. ئاز سۆز ئارقى-
لىق چوڭقۇر مەنىنى، مول ئىدىيىنى ئىپادىلەشكە قارىتىلغان.
تىلنىڭ ئىخچام، ئېنىق، توغرا بولۇشى دېگەنلىك هەرگىز ئۇنىڭ
مەنىسىنى ئاددىيلاشتۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى باي ئىدىيە-
ۋى مەزمۇن بىلەن سۆز - جۈملىلەرنىڭ ئىخچام، توغرا بولۇشى
زىددىيەت بىرلىكىنىڭ ئىككى تەرىپى. چۈنكى مەزمۇن پۇچەك
بولسا، سۆز - جۈملىلەرنىڭ هەرقانچە ئىخچام بولۇشىدىن قەت-
ئىينەزەر ئۇنىڭ قىلچە ئەهمىيىتى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچى، ئەدەبىي ئەسەر تىلى كۈچلۈك ھېسسىياتچانلىققا ئىگە بولىدۇ. مەلۇمكى، ئەدەبىي ئەسەرلەر ئادەتتىكى سىياسىي نەزەرىيىۋى ماقالىلەرگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۇ كىشىلەرنى ھاياجانلاندۇرىدىغان تەسىرلىك تىل ئارقىلىق جانلىق بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىپ، ئاپتورنىڭ كۈچلۈك ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل ھېسسىيات ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلىدا، جۈملىدىن شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ تىلىدا گەۋدىلىك بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ، جۈملىدىن شېئىرنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى پاكىت ئارقىلىق كىشىلەرنى قايىل قىلىش ئەمەس، بەلكى ھېسسىيات ئارقىلىق كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. شائىر بەي جۈيى دەل مۇشۇ مەنىدە «شېئىردا ھېسسىيات — يىلتىز، تىل — مايسا، ئاھاڭ — چېچەك، مەنە — مېۋە» دېگەن. دېمەك، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ھېسسىيات مۇھىم ئامىل. يازغۇچى - شائىرلار تۇرمۇشنى قانچىكى پىششىق بىلسە، ھېسسىيات شۇنچە ئۇرغۇپ تاشىدۇ. تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئۇلارنىڭ چوڭقۇر ئوي - پىكرىدىن ۋە پىششىق مۇلاھىزىسىدىن قانچە كۆپ ئۆتسە، ھېسسىيات شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. نەتىجىدە يازغۇچى - شائىرلار ئۆز ھېس - تۇيغۇلىرىنى ھېسسىياتلىق بەدىئىي تىل ئارقىلىق لىرىك ئوبرازلارنى يارىتىپ تېخىمۇ چوڭقۇر ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

تۆتىنچى، ئەدەبىي ئەسەر تىلى باي ئاھاڭدارلىققا ئىگە. يەنى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلى رىتىمدارلىققا ئىگە بولۇپ، ئوقۇسا راۋان، ئاڭلىسا يېقىملىق، تەسىرلىك بولىدۇ. مەلۇمكى ئەدەبىي تىل قېلىپلاشتۇرۇلغان تىلدۇر. قېلىپلاشتۇرۇلغان تىل تەبىئىي ھالدا رىتىملىق بولىدۇ. ئۇنى سۆزلىگەندە ياكى ئوقۇغاندا ئاۋاز ئېگىز - پەس، ئۇزۇن - قىسقا، تېز - ئاستا، ئېغىر - يېنىك ۋە قوپال ياكى سىلىق چىقىدۇ. يازغۇچىلار تىلنىڭ ئەنە شۇ خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ، تۇرمۇشنى ئاھاڭدار، جاراڭلىق،

ئۆز ھالىتىدە تەسۋىرلەپ، مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە ھېسسىياتلار-
نى، تۇرمۇشنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى تولۇق ئىپادە قىلىدۇ. شۇن-
داقلا تۇرمۇش چىنلىقىنى ئۆز ھالىتىگە ئوخشاش ھېس قىلدۇرى-
دۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ تىلى
باشقا ئەسەرلەرگە قارىغاندا ئاھاڭدارلىققا تېخىمۇ باي بولىدۇ.

ئومۇمەن، يۇقىرىقىلار ئەدەبىي ئەسەر تىلىنىڭ ئادەتتىكى
خۇسۇسىيەتلىرى بولۇپ، بۇلار ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۆزئارا
بىر - بىرىگە ئورگانىك ھالدا بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇنىڭ-
دىن باشقا ھەرقايسى ژانىرلاردىمۇ ئەدەبىي تىلنىڭ قوللىنىلىشى
شۇ ژانىرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشقان بولىدۇ. مەسىلەن، پرو-
زا ئەسەرلىرىنىڭ تىلىنى شېئىرىي ئەسەرلەردە ئۆز پېتىچە قوللان-
غىلى بولمايدۇ، دراما ئەسەرلىرىگىمۇ رومانلاردىكى ئۆزۈندىن -
ئۆزۈنغا سوزۇلغان تەسۋىر ۋە مونولوگلارنى كىرگۈزگىلى بولماي-
دۇ.

## 2. ئاپتور تىلى ۋە پېرسوناژ تىلى

ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلى ئومۇمەن ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.
بىرى، ئاپتور تىلى، بۇ بايانچى تىل دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى،
پېرسوناژ تىلى. پروزا ئەسەرلەردە ئومۇمەن، ئاپتور تىلى بىلەن
پېرسوناژ تىلى ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتور
تىلى يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. پېرسوناژ تىلى ئاپتور تىلىغا
بېقىنىدۇ.

ئاپتور تىلى — يازغۇچىلار ۋەقەلەرنى بايان قىلىدىغان،
پېرسوناژلارنى سۈرەتلەيدىغان، مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەيدىغان،
ئىچكى ھېسسىياتنى بايان قىلىدىغان تىل. ئاپتور تىلى ئاساسەن،
ئېپىك ئەسەرلەر ۋە نەسرىي ئەسەرلەردە گەۋدىلىك بولىدۇ.
بۇنداق ئەسەرلەردە ئاپتورنىڭ پېرسوناژلارغا ھەم ۋەقەلەرگە تۇت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قان پوزىتسىيىسى ۋە باھاسىنىمۇ ھېس قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا كىتابخانلار مۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭدا بىۋاستە مەيدانغا چىققان پېرسوناژلار بىلەنلا ئۇچرىشىپ قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ۋەقەلەرنى، پېرسوناژلارنى ۋە مەنزىرىلەرتى بايان قىلغۇچى ئاپتور بىلەنمۇ ئۇچرىشىدۇ. بايان قىلغۇچىمۇ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئال تىلى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. چۈنكى يازغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ تىل ئىشلىتىش ئۇسلۇبىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ.

ئاپتور تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئاساسەن بىرىنچى شەخس تىلى بىلەن بايان قىلىش ھەم ئۈچىنچى شەخس تىلى بىلەن بايان قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچى شەخس تىلى بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەردە بايان قىلغۇچىمۇ ئەسەردىكى پېرسوناژ سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. بەزى ئەسەرلەردە ئاپتور بىۋاستە مەيدانغا چىقماستىن، بايانچى تىلنى ئەسەر قەھرىمانىغا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. ئالدىنقىسىغا لۇشۈننىڭ «يۇرتۇم» ناملىق ھېكايىسىنى، كېيىنكىسىگە «سەۋدايى خاتىرىسى» ناملىق ھېكايىسىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. ئۈچىنچى شەخس تىلى بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەردە، ئاپتور پەقەت ئۈچىنچى شەخس سۈپىتىدە تۇرۇپ ھېكايە ۋەقەلىكىنى بايان قىلىدۇ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى سۈرەتلەيدۇ، مۇھىت ۋە مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەيدۇ. ئۈچىنچى شەخس تىلى بىلەن بايان قىلىش ئۇسۇلى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ناھايىتى كۆپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ، زوردۇن سابىرنىڭ ئەسەرلىرى ئاساسەن ئۈچىنچى شەخس تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەردۇر.

پېرسوناژ تىلى — ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگىنى، مونولوگىنى ۋە ئىچكى كەچۈرمىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پېرسوناژ تىلى — پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بېرىشنىڭ مۇھىم ۋاستىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ يازغۇ-

چىلاردىن ئوخشاش بولمىغان پېرسوناژلارنىڭ كېلىپ چىقىشى،
ياش قۇرامى، كەچۈرمىشى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئىدىيىۋى ھېس-
سىياتىغا ئاساسەن، ھەرقايسىسىنى ئۆزىگە خاس تىلدا سۆزلە-
تىپ، ئۇلارنىڭ تىل جەھەتتىكى ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ئىپادىلەپ
بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پېرسوناژ تىلىنىڭ خاسلىقى پېرسوناژ-
لارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.
«چېنىقىش» ھېكايىسىدىكى مەتنىيازنىڭ ئۆز مىجەز - خۇلقىغا
خاس تىلى باشقا پېرسوناژلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.
ئۇ «مەن دىرەش تۇتسام، ئۇنىڭ ئۇچى ئۈتۈكنىڭ چەمىگە
كىرىپ ئۇخلاپ قالىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئېيتىش ئارقىلىق ئۇ-
زىنىڭ مىس - مىسلىقى، بىپەرۋالىقىنى ھېچ يوشۇرماي، قىزىق-
چىلىق قىلىپ ئېيتىشلىرى ئۇنىڭ ئوچۇق كۆڭۈل، تۈزلا كەتكەن
خاراكتېرىنى تېخىمۇ روشەن ئېچىپ بېرىدۇ.

ياخشى يېزىلغان پېرسوناژ تىلى پېرسوناژلارنىڭ مىجەز -
خۇلقىنى، خاراكتېرىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى كىتابخان-
لارغا ئۇلارنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى
كۆرۈۋاتقاندەك، چىراي شەكلى بىلەنمۇ تونۇشتەك ھېس قىلدۇرى-
دۇ.

ئەدەبىي ئەسەردىكى پېرسوناژ تىلى تۇرمۇشتىكى بەزى
شەخسلەر تىلىنىڭ خاتىرىسى ئەمەس، بەلكى يازغۇچى پېرسوناژ-
لار خاراكتېرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن تاللاش ۋە تاۋلاپ - پىششىق-
لاش ئارقىلىق ئەسەرگە كىرگۈزگەن ئالاھىدە تىل ھېسابلىنىدۇ.

### 3. تىلنى ئۆگىنىش ۋە بېيىتىش

ئەدەبىيات تىل سەنئىتى. تىل ئەدەبىياتنىڭ رېئاللىقنى
ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئاساسىي ۋاسىتىسى، شۇنداقلا ئەدەبىياتنى
سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرۇشتىكى ئالاھىدە-
لىك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتا

www.uyghurkitap.com

تىل ئۆگىنىش ناھايىتى مۇھىم. تىل بايلىقىنى ئىگىلەش، تىلغا باي بولۇش، ھەرقانداق يازغۇچىنىڭ دىققەت قىلىشىغا ئەرزىيدىغان مەسىلە، شۇنىڭدەك ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ئاساسىي ماھارەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقتا تىلنى قانداق ئۆگىنىش ۋە بېيىتىش كېرەك؟ بۇ ھەقتە ماۋزېدۇڭ مۇنداق دېگەنىدى: «تىلىمىزنى جانلىق، جۇشقۇن قىلىش ئۈچۈن، بىرىنچى، خەلق ئاممىسىدىن تىل ئۆگىنىش لازىم. ئىككىنچى، چەت ئەل تىللىرىدىن ئۆزىمىزگە ئېھتىياجلىق تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. ئۈچىنچى، بىز يەنە قەدىمكى كىشىلەرنىڭ تىلىدىكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە نەرسىلەرنى ئۆگىنىشىمىز لازىم.»[1] مانا بۇ ئۈچ نۇقتا ئەدەبىي تىلنى تېخىمۇ بېيىتىش ۋە پىششىقلاشنىڭ ئاساسىي يولى. دەرۋەقە، تىلنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. يازغۇچى سۆز دېڭىزىدىن مۇۋاپىق سۆز ـ ئىبارىلەرنى تاللاپ جايىدا ئىشلەتكەندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ مۇددىئاسى، ئىدىيىسى ۋە ھېس ـ تۇيغۇسىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

ل. تولستوينىڭ سۆز ماھارىتى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئۆتمۇشتىكى سەنئەتچىلەرنىڭ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغانلىقىنى تولستوي مۇزېيىدا ساقلانغان ل. تولستوينىڭ ئورىگىنال، ئارخىپلىرىدىن ئۇچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ‹تىرىلىش› نىڭ كوپىيىسىنى ۋاراقلاپ كۆرسىڭىز، تەبىئىي ھالدا ھۆرمەت تۇيغۇسى بولماي قالمايدۇ. بىرىنچى كوپىيە، ئىككىنچى كوپىيە، ئۈچىنچى كوپىيە، تۆتىنچى كوپىيە … تولستوينىڭ بىر ماقالىسىنىڭ توقسان نەچچە كوپىيىسىنى كۆرگەن»[2] دېگەنىدى. بۇنىڭدىن ھېس قىلىش مۇمكىنكى، ئۆتمۈشتىكى يازغۇچى ـ سەنئەتكارلار

---

① ماۋزېدۇڭ: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 84 ـ بەت.
② «ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئۇچېركلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ـ قىسىم، 285 ـ بەت.

تىل ئۆگىنىش ۋە ئۇنى بېيىتىشتا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغان، شۇنداقلا تىلنى دەل جايىدا، توغرا ئىشلىتىش ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان.

خەلق تىلى ئەمەلىي، جانلىق، باي، گۈزەل تىل بولۇپ، ئەدەبىي تىلنىڭ پۇتمەس ـ تۈگىمەس بۇلىقى. خەلق ئارىسىدا ئىخچام، مەزمۇنلۇق، ئوبرازلىق تىللار كۆپ. مۇنەۋۋەر يازغۇچىلار ئەزەلدىن خەلق ئاممىسىدىن تىل ئۆگىنىپ مەشھۇر سۆز ئۇستىلىرىغا ئايلانغان.

چەت ئەل تىلىنى ۋە قېرىنداش مىللەتلەر تىلىنى ئۆگىنىشمۇ مۇھىم. لېكىن ئۇنى قارا قويۇق كۆچۈرۈپ كىرمەي، ئۆز ئانا تىلىمىزغا پايدىلىق تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۆز ئانا تىلى بولىدۇ. شۇنداقلا ھەرقايسى تىلنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ. شۇڭلاشقا باشقا تىللاردىكى بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارەتلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىشىمىز لازىم.

قەدىمكى كىشىلەرنىڭ تىلىدىن ئۆگىنىشتە ئومۇمەن ئۆز رولىنى يوقاتمىغان، ھازىرمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان تىللارنى ئۆگىنىپ، ھازىرقى ئىجادىيىتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ قەدىمكى زاماندىكى تىل سەنئەتكارلىرىنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ماھارىتى ۋە ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز لازىم. يىغىپ ئېيتقاندا، تىل ئۆگىنىش، تىل ماھارىتىنى ئىگىلەش ھەربىر تىل سەنئەتكارى ئۈچۈن ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن تىل ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى تىل بايلىقىنى تىرىشىپ قېزىپ، ئۆز تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇھاكىمە سوئاللىرى

1 . سەنئەت ئوبراز يارىتىشتا قوللانغان ۋاستىسى بىلەن ئىشلەتكەن ماتېرىيالغا ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

2 . ئورۇنداش سەنئىتى دېگەن نېمە؟ ئۇ نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

3 . تەسۋىرىي سەنئەت دېگەن نېمە؟ ئۇ نېمىلەرنى ئۆز ئىچىـ گە ئالىدۇ؟

4 . ئونىۋېرسال سەنئەت دېگەن نېمە؟ ئۇ نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

5 . نېمە ئۈچۈن ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى تىل دەيـ مىز؟

6 . تىل سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى قايسىلار؟

7 . ئەدەبىي ئەسەر تىلى قانداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە؟

8 . ئاپتور تىلى دېگەن نېمە؟ پېرسوناژ تىلى دېگەن نېمە؟ ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى رولى قانداق؟

9 . تىل ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تىلنى قانداق ئۆگىـ نىش كېرەكلىكىنى بايان قىلىڭ.

# V باب

# ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى

## 1 § . ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى

**1. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە چۈشەنچە**

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلى مەسىلىسى — پەلسەپە كاتېگورىيىسىدىكى ھەمدە ئېستېتىكا بىلەن ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بۇ مەسىلىنى ئېنىق تونۇش، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم تەلىماتى شۇنداق دەپ ھېسابلايدۇكى، مەيلى تەبىئەت ياكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى مەزمۇن بىلەن شەكىلدىن، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىدىن ئىبارەت. دۇنيادا مەزمۇنسىز شەكىل مەۋجۇت بولمىغىنىغا ئوخشاش، شەكىلسىز مەزمۇنمۇ بولمايدۇ. قىسقىسى مەزمۇن ياكى شەكىلسىز شەيئىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

مەزمۇن دېگەن نېمە؟ بەلگىلىك شەيئىنىڭ شۇ شەيئىنى تەشكىل قىلغۇچى ئىچكى ئامىللىرىنىڭ يىغىندىسى مەزمۇن دەپ ئاتىلىدۇ. شەكىل دېگىنىمىز — بەلگىلىك شەيئىنىڭ مەۋجۇت

بولۇپ تۇرۇشىدىكى كونكرېت شەكلى ـ ھالىتى، كۆرۈنۈشى ۋە ھەرىكەتلىنىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا مەزمۇن بىلەن شەكىل ھامان قارىمۇ قارشىلىقنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

مەلۇمكى، ئەدەبىيات بىر خىل ئىدېئولوگىيە فورمىسى بولۇپ، ئوبيېكتىپ رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسىدۇر. رېئال تۇرمۇش ئەدەبىياتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى، شۇنداقلا ئەدەبىياتنىڭ تەسۋىرلەش ئوبيېكتى. لېكىن ئوبيېكتىپ رېئال تۇرمۇش شۇنداق باي ۋە كەڭكى، ھەرقانداق بىر ئەدەبىي ئەسەرگە رېئال تۇرمۇشتىكى بارلىق ۋەقەلەرنى تولۇق كىرگۈزۈش ياكى ئۇنىڭدا شۇ دەۋردىكى ھەممە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانداق بىير ئەسەر، مەيلى ئۇنىڭ بىرلا كۇپلېتلىق رۇبائىي ياكى نەچچە توملۇق رومان، چوڭ تىپتىكى دراما، داستان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ پەقەتلا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بىر تەرىپى، يەنى ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان بىر تەرىپىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى پەقەت شۇ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن مۇئەييەن رېئال تۇرمۇشنىڭ قايتا ئىپادىلىنىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يازغۇچىنىڭ ئاشۇ رېئال تۇرمۇشنىڭ بەزى ماھىيەتلىك تەرەپلىرىگە بولغان تونۇشى ھەم باھاسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق بىر يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي غايىسى بىلەن ئېستېتىك قارىشىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان نەرسىلەرنى ھامان گۈزەل شەيئىلەر سۈپىتىدە تەسۋىرلىسە، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي غايىسى ۋە ئېستېتىك قارىشىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى خۇنۇك شەيئىلەر سۈپىتىدە تەنقىدلەيدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى گەرچە يازغۇچى ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبيېكتىنى ئاساس قىلسىمۇ، لېكىن ئەسەر

پۈتۈپ چىققاندىن كېيىنكى ئۇنىڭ مەزمۇنى، ئەسلىدىكى ئوبيېكت بىلەن ئوخشاشمايدۇ. يەنى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى تەسۋىرلىنىدىغان ئوبيېكتنىڭ مەلۇم تەرىپى، تۈپ ماھىيەتلىك ۋە ئالاھىدە تەرىپى بولۇپ، ئۇ يازغۇچىنىڭ تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبيېكتىغا قارىغاندا تېخىمۇ مەركەزلەشكەن ۋە تېخىمۇ يىغىنچاق بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى — يازغۇچى تەرىپىدىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن تاللىۋېلىنغان ۋە يىغىنچاقلانغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرى ۋە يازغۇچىنىڭ ئاشۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەققىدىكى تونۇشى ۋە باھاسىدىن ئىبارەت.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى يازغۇچىنىڭ ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان رېئال تۇرمۇشقا بولغان باھاسى، يەنى سۇبيېكتىپ ئىدىيىسى بىلەن يازغۇچىنىڭ تاللىشى، پىششىقلىشىدىن ئۆتۈپ ئەدەبىي ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىسى، يەنى ئوبيېكتىپ تۇرمۇشنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ. لېكىن بۇ ئىككىسى، يەنى سۇبيېكتىپ تەرەپ بىلەن ئوبيېكتىپ تەرەپ تەڭ تۇرىدىغان بولماستىن، بەلكى مەزمۇننى تەشكىل قىلىدىغان ئوبيېكتىپ رېئال تۇرمۇش ئاساسىي تەرەپتۇر. چۈنكى ئوبيېكتىپ رېئال تۇرمۇش بولمىسا، يازغۇچىنىڭ ئۇ ھەقتىكى سۇبيېكتىپ تونۇشى ۋە باھاسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى گەرچە يۇقىرىقى ئىككى جەھەتتىن شەكىللەنگەن بىر پۈتۈن بەدىئىي گەۋدە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان مۇتلەق نەرسە ئەمەس. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن قارىغاندا، مەلۇم جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي بازىسى ئۆزگەرسە، كىشىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشمۇ مۇقەررەر ھالدا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن دەۋر روھىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەز-

www.uyghurkitap.com

مۇنىمۇ ئۆزگىرىدۇ. سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىمۇ جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە مۇناسىپ ھالدا ئۆزگىرىدۇ. ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئەدەبىيياتنىڭ مەزمۇنى ئوخشاشمىغان خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تەھلىل قىلغان چېغىمىزدا، شۇ ئەسەر مەيدانغا كەلگەن تارىخىي شارائىتتىن ئايرىلىپ قېلىشقا بولمايدۇ. جۈملىدىن يازغۇچىنىڭ ئاشۇ مۇئەييەن تارىخىي دەۋردىكى سۇبيېكتىپ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدىن ئايرىلىپ تەھلىل قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. بۇ ھال ئەدەبىي ئەسەر مەزمۇنىنىڭ روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## 2. ئەدەبىي ئەسەر مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللار

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن تېما، باش تېما، پېرسوناژ، سيۇژېت، شارائىت قاتارلىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 1) تېما

ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسى ئىجتىمائىي تۇرمۇش. ئەمما ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزى گويا دېڭىزدەك كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپ، يازغۇچى ئۇنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تولۇق تەسۋىرلەپ كېتەلمەيدۇ. بەلكى ئۆزىگە كۆپرەك تونۇش بولغان ھەم ئۆزى ئەھمىيەتلىك دەپ تونۇغان تەرەپلەرنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچى ئالدى بىلەن ئۆزىگە كېرەكلىك ئىجادىيەت خام ماتېرىيالىغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

خام ماتېرىيال دېگەن نېمە؟ گەرچە تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىنغان بولسىمۇ، تېخى يازغۇچى تەرىپىدىن تاللىۋېلىنمىغان، رەتلەنمىگەن، بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇلمىغان ئىپتىدائىي ماتېرى-

يال خام ماتېرىيال دەپ ئاتىلىدۇ. خام ماتېرىيال - بىۋاستە ئېلىنغان خام ماتېرىيال ۋە ۋاستىلىك ئېلىنغان خام ماتېرىيال دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. يازغۇچى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، ئۆزى ئۆگەنگەن، كۆرگەن شەخسلەر ۋە شەيئىلەر بىۋاستە ئېلىنـغان خام ماتېرىيال بولىدۇ. يازغۇچى ئاڭلىغان ياكى مەلۇم يازما ماتېرىيال ئارقىلىق ئىگىلىگەن ئادەملەر ۋە شەيئىلەر ۋاستىلىك ھالدا ئېلىنغان خام ماتېرىيال بولىدۇ. مەيلى بىۋاستە ئېلىنغان خام ماتېرىيال بولسۇن، ياكى ۋاستىلىك ئېلىنغان خام ماتېرىـيال بولسۇن، ھەممىسى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يازغۇچىنىڭ «ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىرى» بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ قىلغانلىرى، كۆرگەنلىرى، ئاڭلىغانلىرى بولۇشى، ھېچبولمىغاندا ئۆزى بىۋاـستە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغانلىرى بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغىلى بولىدۇ. خام ماتېرىيال پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن ئىپتىدائىي تۇرمۇش ماتېرىياـلى بولغانلىقتىن، ئۇ يازغۇچىنىڭ ئەستايىدىل تاللىشى، تاۋلىشى ۋە ئۆزگەرتىشى ئارقىلىقلا ئاندىن ئەسەرنىڭ تەركىبىي قىسمى بولالايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، خام ماتېرىيال تەبىئىي ھالەتتىكى نەرسە، شۇنداقلا ساپ ئوبيېكتىپ كاتېگورىيىگە مەنسۇپ بولغان تۇرمۇش ھادىسىسى. تېما بولسا، يازغۇچىنىڭ پىششىقلاپ ئۆزـگەرتىشىدىن ئۆتكەن، ھەم ئوبيېكتىپ ئامىللارنى ھەم يازغۇچىـنىڭ سۇبيېكتىپ ئامىللىرىنى، ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئىبارەت.

ئۇنداقتا تېما دېگەن نېمە؟ يازغۇچى بەلگىلىك مەيدان ۋە دۇنيا قاراشقا ئاساسلىنىپ تاللاش ۋە تاۋلاش ئارقىلىق ئۆز ئەسەـرىگە ماتېرىيال قىلغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرى تېما دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزىدە تېما دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ماتېرىيال ئېلىشنىڭ دائىرىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سى، ئەسەرگە ماتېرىيال قىلىشقا بولىدىغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ مەلۇم تەرەپلىرى دەيمۇ چۈشە- نىش مۇمكىن. مەسىلەن، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش تېمىد- سى، سانائەت تېمىسى، ئىنقىلابىي كۈرەش تېمىسى، زىيالىيلار تېمىسى، مۇھەببەت تېمىسى، تارىخىي تېما، ھازىرقى زامان تېمىسى ۋە باشقىلار. بۇ، تېما ھەققىدىكى بىر خىل كەڭ چۈشەن- چىدۇر. تېما ئادەتتە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قى- لىدىغان باش تېما، پېرسوناژ، سۇژېت، شارائىت قاتارلىق ئا- مىللارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ماددىي ئاساس بولغانلى- قى، جۈملىدىن ئۇنىڭ باش تېما بىلەن پېرسوناژغا نىسبەتەن چەكلەش رولى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەردىكى رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئەدەبىيات تارىخىدىكى مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن تېما تاللاشقا ئالا- ھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىغان. چۈنكى بىر پارچە ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنىڭ زور بولۇش - بولماسلىقى تاللانغان تېمىنىڭ ئەھمىيەتلىك بولغان - بولمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەت- لىك.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تېمىسى قانداق شەكىللىنىدۇ؟ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، ئەدەبىي ئەسەر تېمىسىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسلار مۇنداق:

بىرىنچى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تېمىسى تۇرمۇشتىن كېلىدۇ، ئوبيېكتىپ رېئال تۇرمۇش يازغۇچىنى مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بولمىسا تېما شەكىللەنمەيدۇ. مەسىلەن، يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانى ئا- زادلىقتىن كېيىنكى بەلگىلىك بىر تارىخىي دەۋرنىڭ بىر قىسىم تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئۆزىگە تېما قىلغان. يەنى روماندا ئەلا باشچىلىقىدىكى بىر توپ ياشلارنىڭ ئىلىم - پەنگە بولغان تەشنا-

لىقى، مەرىپەت چوققىسىغا ئۆرلەش ۋە ھەقىقىي تۇرمۇش يولىنى
تېپىش ئارزۇسىدا ئىزدىنىشى، ئىزدىنىش جەريانىدا نۇرغۇن جا-
پالىق، ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاجايىپ ئۇتۇق-
لارغا ئېرىشكەنلىكى نامايان قىلىنغان. دېمەك، ئۇيغۇر زىيالىي-
لىرىنىڭ ئاشۇ تارىخىي شارائىتتا ئىلىم - پەن ئۈچۈن جاپالىق
ئىزدەنگەن تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بولمىغان بولسا، «ئىزدىنىش»
رومانىنىڭ كەڭ ۋە رەڭدار سۇژىتقا ئىگە تېمىسى شەكىللەنمەيت-
تى.

ئىككىنچى، تېمىنىڭ شەكىللىنىشى يەنە يازغۇچىنىڭ مەيدا-
نى ۋە دۇنيا قارىشىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. يەنى يازغۇچى-
نىڭ تۇرمۇش ماتېرىياللىرى ئىچىدىن نېمىنى تاللاش، نېمىنى
چىقىرىۋېتىش، نېمىنى مەركەزلەشتۇرۇش قاتارلىق جەريانلارنىڭ
ھەممىسىگە ئۇنىڭ مەيدانى، دۇنيا قارىشى تەسىر كۆرسىتىدۇ.
شۇ سەۋەبتىن دۇنيا قارىشى ۋە ئېستېتىك غايىسى ئوخشاش بول-
مىغان يازغۇچىلار تۈپ ئاساسى ئوخشاش بولغان بىر تۇرمۇش
ۋەقەلىكىدىن بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان ئىدىيىنى گەۋدىلەندۈ-
رۈش مۇمكىن.

تېما چوڭ ھەم كىچىك بولىدۇ. لېكىن تېمىنىڭ چوڭ -
كىچىكلىكى ئەسەر ئىدىيىۋىلىكىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىنى
بەلگىلەپ بېرەلمەيدۇ. گەپ ئاپتورنىڭ قانداق تېما تاللىغانلىقى
ۋە ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىدا. لۇشۇننىڭ دەسلەپكى
مەزگىللەردىكى ئەدەبىي ئەسەرلىرى، مەسىلەن، «يۇرتۇم»،
«بەخت تىلەش»، «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» قاتارلىقلاردا
يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە ئاسارىتىدە تۇرغان يېزا
ئەمگەكچى خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى تېما قىلىشى، ئۇنىڭ شۇ چاغ-
لاردا ئىنقىلابىي دېموكراتىزملىق ئىلغار ئىدىيىگە ئىگە بولغانلى-
قىدىندۇر؛ شۇنداقلا ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپلا دېھقانلار-

نىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك كەچۈرمىشلىرىنى پىششىق بىلگەن ۋە چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكىدىندۇر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە يەنە كۆپرەك «مەنىۋى كېسەللىككە گىرىپتار بولغان بەختسىز كىشىلەر» نىڭ تۇرمۇشى تېما قىلىنغانلىقىنىڭ سەۋەبى، لۇشۈننىڭ ئاشۇ «كېسەللىككە گىرىپتار بولغان جەمئىيەت» نى ئۆزگەرتىش غايىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يازغۇچى چېخوپنىڭ ئەسەرلىرىدە ئاساسەن جەمئىيەتتىكى زور ئىجتىمائىي ۋەقەلەردىن كۆرە، كۆپرەك دا- ۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن. ئەمە- ما ئۇ ئاشۇ ئادەتتىكى ۋەقەلەرنى يېزىش ئارقىلىق تۇرمۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئىپادىلىگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئەسەر ئىدىيىۋىلىكىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىنى تاللىغان تېمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىدىن كۆرە، مۇھىمى يازغۇ- چىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئېستېتىك غايىسىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك دېيىشكە بولىدۇ.

2) باش تېما

باش تېما ئەدەبىي ئەسەرنىڭ جېنى بولۇپ، ئەدەبىي ئەسەر- نىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ.

باش تېما ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تېمىسى ئارقىلىق ئىپادىلەن- گەن، پۈتۈن ئەسەرگە قوماندانلىق قىلىدىغان مەركىزىي ئىدىيە ياكى يازغۇچى تەرىپىدىن بەلگىلىك مەيدان ۋە ئېستېتىك غايىگە ئاساسەن ئۆز ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈپ مەسىلىدۇر. تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى تەشكىللىگۈچى ھەم پېرسوناژلارنى، ۋە- قەلەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرغۇچى ئاساسىي ھالقىدۇر.

بىرەر ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى باھالاش، ئۇنىڭ باش تېمىسىنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۇرۇشتىكى چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنى تەھلىل قىلىشتىن ئايرىلمايدۇ.

باش تېمىنىڭ توغرا يادى خاتالىقىنى پەرق ئېتىشتىكى بىردىنبىر ئۆلچەم، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتە قانداق رول ئوينىغانلىقىدىن ئىبارەت.

تېما بىلەن باش تېما ئەدەبىي ئەسەر مەزمۇنىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسىملىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا زىچ باغلانغان. ئادەتتە باش تېما ئەدەبىي ئەسەر مەزمۇنىنىڭ يادروسى بولۇپ، تېما ئاشۇ ئاساسىي مەزمۇننى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، يەنى باش تېما ئەسەرنىڭ تېمىسى ئارقىلىق كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. تېما بولسا، باش تېمىنىڭ قوماندانلىقىدا تەشكىللىنىدۇ. تېما بولمىسا باش تېمىمۇ بولمايدۇ. ئەكسىچە تېما بولۇپ، باش تېما بولمىسا ئۇنداق تېما گەۋدىسىز، چۇۋالچاق ماتېرىيال دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. تېمىنىڭ دائىرىسى باش تېمىغا قارىغاندا كەڭرەك بولىدۇ. ئۇيغۇر رېئالىست شائىرى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىئە ـ سەئىدىن» ناملىق داستانىنىڭ تېمىسى رابىئە بىلەن سەئىدىنىنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى ۋە جاھالەتلىك فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى ناھەق چىلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت. ئەمدى بۇ ئەسەردە فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ ۋەھشىيلىكى، رابىئە ۋە سەئىدىنىدەك ئەركىنلىك ۋە ئازادلىق تەرەپدارلىرىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى، فېئودال ھۆكۈمران گۇرۇھلارنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك چىرىك تۇرمۇشى پاش قىلىنىش ئارقىلىق خەلقچىللىق ۋە دېموكراتىك ئىدىيە ئالغا سۈرۈلىدۇ. مانا بۇ «رابىئە ـ سەئىدىن» داستانىنىڭ باش تېمىسىدۇر. دېمەك، ئەدەبىي ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئارقىلىق نامايان بولغان، پۈتۈن ئەسەرگە سىڭگەن مەركىزىي ئىدىيە، يەنى بىر پارچە ئەسەردە نامايان بولغان ئاساسىي ئىدىيە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ باش تېمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئادەتتە بىر ئەدەبىي ئەسەردە پەقەت بىرلا ئاساسىي باش تېما بولىدۇ. ئەمما چوڭراق ھەجىمدىكى مۇرەككەپ سۇژىتلىق بەزى ئەسەرلەردە ئاساسىي باش تېمىدىن باشقا يەنە قوشۇمچە باش تېمىلارمۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىكى سەۋەب، مۇنداق ئەسەرلەر مەلۇم تارىخىي دەۋرنىڭ رېئاللىقىنى ھەر تەرەپلىمە كەڭ، چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدىغان مۇرەككەپ قۇرۇلمىغا ئىگە بولغاچقا، ئاساسىي باش تېمىدىن باشقا يەنە قوشۇمچە ئىدىيىۋى مەزمۇنلارنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئەمما يەنىلا ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى قوشۇمچە باش تېمىلار، ئاساسىي باش تېمىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ. گەرچە قوشۇمچە باش تېمىلار ئۆزىنىڭ باب، پاراگرافلىرى بويىچە نىسبىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بىر پۈتۈن ئەسەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاساسىي باش تېمىغا بېقىنىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ باش تېمىسى ئالدى بىلەن رېئال تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. ئۇ ھەرگىز يازغۇچى تەرىپىدىن قۇرۇقتىن - قۇرۇق ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ياكى ئەسەرگە زورمۇ زور تېڭىلغان ئىككىلەمچى نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش تەسىراتلىرى ئاساسىدا قايتا - قايتا ئويلىنىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن مەركىزىي مەسىلىدۇر. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ باش تېمىسىنى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلغان ھالدا مەلۇم ۋەزىپىنىڭ ئېھتىياجى ياكى سۇبيېكتىپ ئارزۇغىلا تايىنىپ ئويدۇرۇپ چىقىش بەدىئىي ئىجادىيەت قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ باش تېمىسى ئابستراكت ھالدا ياكى يازغۇچى تەرىپىدىن ئوچۇق ئاشكارا، يالىڭاچ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولماستىن، بەلكى بىر پۈتۈن ئوبرازدا تەبىئىي ھالدا ئىپادىلىنىشى كېرەك.

3) پېرسوناژ

ئەدەبىياتنىڭ تەسۋىرلەش ئوبيېكتى ئادەم. ئەگەر ئادەملەر

تەسۋىرلەنمىسە ئېپىك ئەسەرلەر، سەھنە ئەسەرلىرى، ئېپىك داستان ۋە قىسسەلەردە سۆزىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ پېرسوناژلىرى دېگەن نېمە؟ ئەدەبىي ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئادەملەر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ پېرسوناژلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە پېرسوناژلار تەسۋىرلەشنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئاساسىي پېرسوناژ ياكى باش قەھرىمان مەركىزىي نۇقتىنىڭ مەركىزىدۇر. ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازى تېمىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ئەدەبىي ئەسەر مەزمۇنىنى ئىپادىلەپ بېرىشنىڭ توپ ۋاستىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسەرنىڭ باش تېمىسىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈش، يازغۇچىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئېستېتىك غايىسىنى ئېنىق ئىپادىلەش ئالدى بىلەن پېرسوناژ ئوبرازىنى ياخشى تەسۋىرلەشكە باغلىق. ئەدەبىي ئەسەرلەردە كونكرېت، جانلىق، تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتى ئېچىپ بېرىلىدۇ.

كىتابخانىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردە قىزىقىدىغىنى بىرەر ئىشلەپچىقىرىش جەريانى، بىرەر ئۇرۇش مەيدانى ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان جانلىق خاراكتېردۇر.

خاراكتېر پېرسوناژنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەربىيىلىنىشى، چېنىقىشى، ئىجتىمائىي ئورنى، دۇنيا قارىشى، مىجەز - خۇلقى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، ھەۋەس - ئىشتىياقى، تۇرمۇش ئادىتى ۋە پسىخىك ھالىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ۋۇجۇدقا كەلگەن توپ خۇسۇسىيەت بولۇپ، بۇ پېرسوناژنىڭ ئومۇملۇقى ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ روشەن بەلگىسى. شۇڭا يازغۇچى خىلمۇ خىل

www.uyghurkitap.com

بەدىئىي ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، تۇرلۇك پېرسوناژلارنىڭ ئاۋا-
زى، كۆلكىسى، قىياپىتى، تىلى، ھەرىكىتى ھەمدە مۇرەككەپ
پسىخىك پائالىيىتىنى سۈرەتلەپ، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىدى-
كى ئالاھىدىلىكلەرنى كۆپ تەرەپلىمە ئېچىپ بېرىدۇ.

ئەگەر ئەسەردىكى پېرسوناژ ئوبرازى جانلىق خاراكتېر بو-
لۇپ ئىپادىلەنمىسە، ئۇنىڭ ۋەقەلىكى ھەرقانچە تەسىرلىك بولغى-
نى بىلەنمۇ ئۇنداق ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتى تۆۋەن بولىدۇ.
ئەدەبىيات ماھىيەتتە خاراكتېر يارىتىش سەنئىتى. شۇڭلاشقا جان-
لىق خاراكتېرغا ئىگە پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىش ئەدەبىياتنىڭ
تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئىچكى قانۇنىيىتى.

ئادەتتە پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىشنىڭ ئۇسۇللىرى
خىلمۇ - خىل بولۇپ، كۆپرەك قوللىنىلىدىغىنى تۆۋەندىكى بىر
قانچە خىلدىن ئىبارەت:

(1) پورترېت (قىياپەت) تەسۋىرى. پورترېت تەسۋىرى —
ئاساسەن پېرسوناژنىڭ تاشقى قىياپىتىنى يېزىش دېمەكتۇر. يەنى
پېرسوناژنىڭ قىياپەت - چىرايى، قەددى - قامىتى، كىيىم -
كېچىكى، زىبۇ زىننىتى، كەيپىياتى ۋە چىرايىدىكى ئۆزگىرىش
ھالەتلىرى…نى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ
بېرىشتۇر. ياخشى بېرىلگەن پورترېت تەسۋىرى كىتابخانلارنى
پېرسوناژنىڭ تاشقى قىياپەت بەلگىلىرى جەھەتتىن چوڭقۇر تەسى-
راتقا ئىگە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ بەلگىلەر ئارقىلىق
ئۇلارغا پېرسوناژلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، تۇرمۇش سەرگۈ-
زەشتىسى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پېرسوناژ-
لارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ
خاراكتېرىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. پورترېت تەسۋىرى قۇرۇق-
تىن - قۇرۇق تەسۋىرلەنمەي، بەلكى ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرەپلى-
رى چىڭ تۇتۇپ تەسۋىرلەنسە، كۆز ئالدىمىزدا جانلىق بىر ئوب-

رازىنىڭ قىياپىتى گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن، لۇشۈننىڭ «بەخت
تىلەش» ھېكايىسىدىكى شياڭ لىن ھەدىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئۆز-
گىرىش كەلتۈرۈپ چىقارغان تاشقى كۆرۈنۈشىدىكى ئۈچ خىل
ئۆزگىرىش ئارقىلىق، شياڭ لىن ھەدىنىڭ خاراكتېرى، سەرگۈ-
زەشتىلىرى ۋە روھىي ھالىتى، ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتكەن
ھاياتىنىڭ ئېچىنىشلىق جەريانى چوڭقۇر سۈرەتلەپ بېرىلگەندىن
تاشقىرى، شياڭ لىن ھەدىنىڭ ئاشۇنداق پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە
دۇچار بولغانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسىمۇ ئېچىپ بېرىلگەن.

لۇشۈن ئۆز ئەسىرىدە شياڭ لىن ھەدىنى بىرىنچى قېتىم
مۇنداق قىياپەتتە تەسۋىرلەيدۇ: «چېچىنى ئاق لېنتا بىلەن باغلى-
ۋالغان، قارا تامبال، كۆك پەشمەت، ئاق جىلىتكە كىيىۋالغان،
يېشى 26 - 27 ياشلاردا، رەڭگى سېرىقراق، لېكىن ئىككى
مەڭزى قىزىل ئىدى.»

ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭ قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى مۇن-
داق تەسۋىرلەيدۇ: «ئۇ يەنە چېچىنى ئاق لېنتىدا باغلىۋالغان،
قارا تامبال، كۆك پەشمەت، ئاق جىلىتكە كىيىۋالغان، چىرايى
سېرىقراق ئىدى. پەقەت ئىككى مەڭزىدىكى قىزىللىق يوقاپ كې-
تىپتۇ. ئۇنىڭ پېشانىسىدە بىر تاتۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كۆزلە-
رىنىڭ نۇرىمۇ ئىلگىرىكىدەك ئۆتكۈر ئەمەس.»

ئۈچىنچى قېتىم، شياڭ لىن ھەدىنىڭ قىياپىتى تەسۋىرلەن-
گەندە پۈتۈنلەي باشقىچە ئۆزگىرىش بولىدۇ:

«ئۇنىڭ بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرىكى چالا ئاقارغان چاچ-
لىرى ھازىر تامام ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، 40 ياشلار چامىسى-
دىكى ئاياللارغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ ياداڭغۇلۇقىدىن ئې-
غىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. سارغۇچ يۈزى قارىداپ كېتىپتۇ.
رەڭگىدىكى ئىلگىرىكى قايغۇ ئالامەتلىرى يوقىلىپ، خۇددى يا-
غاچقا ئويۇپ ياسىغان ئادەمگە ئوخشاپ قاپتۇ. پەقەت كۆز قارچۇ-

www.uyghurkitap.com

قىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرۇشىلا ئۇنىڭ بىر تىرىك جان ئىكەنلىكىنى
بىلدۈرۈپ تۇراتتى.» دېمەك شياڭ لىن ھەدە توغرىسىدىكى بۇ
ئۈچ قېتىملىق پورترېت تەسۋىرى ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ تەرەققى-
يات جەريانىنى، تەقدىرىنىڭ بارغانسېرى پاجىئەلىك بولۇۋاتقانلى-
قىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

(2) دىئالوگ تەسۋىرى. پېرسوناژ خاراكتېرىنى يارىتىش-
نىڭ مۇھىم ھالقىلىرىدىن بىرى دىئالوگ تەسۋىرىدۇر. دىئالوگ
پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن
تۇتىدۇ. چۈنكى دىئالوگ ئارقىلىق پېرسوناژنىڭ ھېس - تۇيغۇ-
سى، مىجەز - خۇلقى، ئىدىيىۋى قارشى قاتارلىقلار ئىپادىلىنى-
دۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەرلەردە يالغۇز سۆزنىڭ ئېھتىياجى
ئۈچۈنلا ئەمەس، مۇھىمى پېرسوناژ خاراكتېرىنى روشەنلەشتۈ-
رۈش ئۈچۈن دىئالوگدىن پايدىلىنىلىدۇ. دىئالوگ پېرسوناژ خا-
راكتېرىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشقان، ئىندىۋىدۇئاللاشقان ئالاھىدە
تىلدۇر. مەسىلەن، يازغۇچى زۇنۇن قادىرى «چېنىقىش» ھېكا-
يىسىدە مەتنىياز بىلەن ھەمرا ئوتتۇرىسىدا مۇنداق بىر دىئالوگ
تەسۋىرىنى بېرىدۇ:

«— شۇنداق - شۇنداق، بۇ توغرا. ئەمدى قانداق قىلسام
بولىدىكىن؟

— مەن دەۋاتىمەنغۇ! ياپسام پىشامدىكىن، كۆمسەم پىشامدى-
كىن دەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس، بۇ بەلنى
چىڭ باغلاپ، ئۇرۇپ يىغىش كېرەك.

— يىغىشنىغۇ يىغارمەن، راستىنى ئېيتسام تەس كېلىۋاتى-
دۇ-دە.

— ھەي ئۇستام! — دېدى ھەمرا ئېچىنغان قىياپەت
بىلەن، — ئاشلىقنى يىغىپ، تېپىۋېلىش ئۇنى يىقىتىپ قويۇشتىن
ئوڭاي ئەمەس، ھەممىسىگە چىدام كېرەك، چىدام.

— غەيرەت لازىم دېسىلە.»

يۇقىرىدىكى دىئالوگلاردىن مەتنىياز بىلەن ھەمرانىڭ ئۆزىگە
خاس خاراكتېرىنى، بولۇپمۇ مەتنىيازنىڭ سۆزىدىن ھورۇن،
ئىرادىسىز ئەمما ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزمىگەن خۇشچاقچاق دېھقان-
نىڭ خاراكتېر - مىجەزىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

(3) ھەرىكەت تەسۋىرى. ھەرىكەت — پېرسوناژ خاراكتې-
رىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. شۇڭلاشقا ھەرىكەت تەسۋىرى يازغۇ-
چىلارنىڭ پېرسوناژ خاراكتېرىنى سىزىپ بېرىشتە قوللىنىدىغان
مۇھىم ئۇسۇلىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى ئادەملەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىش-
لىرىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى، بىر ئادەمگە ھۆكۈم قىلىشتىكى
مۇھىم بەلگە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئاپتور تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە
بولغان، پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى ئالاھىدىلىكنى ئەڭ ياخشى
ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ھەرىكەتنى تاللىشى ۋە تاۋلىشى لازىم.
مەسىلەن، «باھادىر شاھ لى زىچىڭ» ناملىق روماندا، ليۇزوڭ-
مىننىڭ ئاتقا مىنىپ خەنجياڭ دەرياسىدىن ئۆتكەنلىكى مۇنداق
تەسۋىرلەنگەن: «ليۇزوڭمىننىڭ ئوقيا ئوقىنى ئېتىپ تۈگەتكەن-
لىكىنى كۆرگەن ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى ئۇنى تىرىك قولغا چۈشۈ-
رۈپ، ئەسىر ئورنىدا بېيجىڭغا سوۋغا قىلىمىز، دەپ خىيال
قىلىشىپ، ئوقيا ئېتىشنى توختاتتى - دە، ئۇۋۇسىدىن چىققان
ھەرىلەردەك گۇررىدە ئۇنىڭغا ئېتىلىشتى. بۇ چاغدا ليۇزوڭمىنمۇ
ئۈچ مۇھاپىزەتچىم دەريادىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ بولغاندۇ، دەپ
قىياس قىلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈ-
چۈن، بۇ يەردىن چاققانراق كېتىش قارارىغا كەلدى. مىنگەن
ئېتى ئۇنىڭ قارارىنى سەزدىمۇ ياكى دۈشمەنلەرنىڭ يېقىنلاپ
كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردىمۇ، ئىشقىلىپ تۇيۇقسىزدىن يايلىنى تىك
قىلىپ، قۇيرۇقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاتتىق كىشنەپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

لىيۇزۇڭمىن تاغ ـ جىلغىلارنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئاۋاز
بىلەن قاتتىق بىر ۋارقىراپ، قىلچىنى ئوينىتىپ دۈشمەنلەرگە
قاراپ ئېتىلدى. تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن غەزەپ ساداسىدىن چۆ-
چۈپ كەتكەن ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى قانداق قىلارىنى بىلمەي، بىر
ـ بىرىنى قىستىشىپ، دەسسەپ ـ چەيلىشىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن
كەينىگە قاراپ بەدەر تىكىۋەتتى. لىيۇزۇڭمىن پۇرسەتنى غەنىيمەت
بىلىپ، ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇراپ، ئېگىشىپلا قىزچاقنى
يەردىن يۇلۇۋېلىپ، ئېگەرگە ئولتۇرغۇزدى ـ دە، ئېتىنى قاتتىق
قامچىلاپ، تىك يارغا قاراپ يول سالدى. يار لېۋىدىن چاقماقتەك
تېز ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن ئاق ئات ئىككى گەز نېرى بېرىپ،
دەرياغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى ۋە دەرياغا چۆكۈپ كەتتى، چاچراپ
چىققان سۇ تامچىلىرى كۈمۈشتەك ئالتىراپ كەتتى.» كىشىنى
تەسىرلەندۈرىدىغان بۇ ھەرىكەت تەسۋىرىدە، دېھقانلار ئىچىدىن
يېتىشىپ چىققان لىيۇزۇڭمىندەك بۇ قەھرىماننىڭ جەڭگىۋار قە-
يايىتى ۋە باتۇرانە جاسارىتى، ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىنىڭ كارغا
كەلمەيدىغانلىقى گەۋدىلىك سۈرەتلەپ بېرىلگەن. ئېنگېلس:
«بىر پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىدا ئىپا-
دىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ قانداق قىلىۋاتقانلىقىدىمۇ
ئىپادىلىنىشى كېرەك»① دېگەنىدى. بۇ ھەرىكەت تەسۋىرىدە ئەمەل
قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر پرىنسىپ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە
ھەرىكەت تەسۋىرى بىلەن دىئالوگ تەسۋىرى كۆپىنچە بىر ـ بىرىگە
چىرمىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ھەرىكەت تەسۋىرى، بولۇپمۇ سەھنە
ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژ خاراكتېرىنى يارىتىشنىڭ ئەڭ مۇھىم
ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

(4) ئىچكى كەچۈرمە (پىسخىكا) تەسۋىرى. پېرسوناژلار-

---

① «ئېنگېلسنىڭ «فېردىناد لاسسالغا يازغان خېتى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 344 ـ بەت.

نىڭ تاشقى قىياپىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بەرگىلى بولىدۇ. لېكىن پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن تاشقى قىياپىتى تامامەن بىردەك بولمىغانلىقى، شۇنداقلا بىۋاستە باغلىنىپ تۇرمايدىغانلىقى ئۈچۈن، تاشقى ھالىتىنى تەسۋىرلەشكە تايانغاندا پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتىنى ئىپادىلەپ بېرىش ناھايىتى زور چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا يازغۇچى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى روھىي دۇنياسىنى تەسۋىرلەپ، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا چوڭقۇر ئورۇنلاشقان ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، ئىدىيىۋى كۈرەشلەرنىڭ جەريانىنى، ئۇلارنىڭ ئىرادىسى، ئارزۇ - ئىستىكى، قىزىقىشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ بېرىشى، ئۇلارنىڭ كەچمىش - كەچۈرمىشى، تەسىراتىنى تەسۋىرلەپ بېرىشى لازىم.

ئىچكى كەچۈرمە ئەمەلىيەتتە پېرسوناژ پائالىيىتىنىڭ بىر قىسمى، ئەمما ئۇ پېرسوناژنىڭ ئىنتايىن نازۇك پائالىيىتىدۇر. ئەدەبىي ئەسەرلەردە يالغۇز قەھرىماننىڭ نېمە قىلمۇاتقانلىقىنى ئەمەس، بەلكى قانداق قىلىدىغانلىقى ۋە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى، يەنى ئارزۇ ۋە غايىلىرىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇلارنى پەقەت پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمە تەسۋىرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ.

ئىچكى كەچۈرمە تەسۋىرىنىڭ شەكلى خىلمۇخىل بولىدۇ. بەزىدە ئۇ پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە دىئالوگ بىلەن چىرمىشىپ كېتىدۇ، بەزىدە بولسا، پېرسوناژلارنىڭ مونولوگى (ئۆز-ئۆزى بىلەن سۆزلىشىش) دا ئەكس ئېتىپ، پېرسوناژنىڭ ئىدىيىۋى پائالىيىتىنى بىۋاستە تەھلىل قىلىپ ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تەسەۋۋۇر، چۈش تەسۋىرى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىسى، ئارزۇ - ئىستىكى، ئىدىيە - ئېڭىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئەگرى - توقاي جەريانىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەسىلەن: يازغۇچى زوردۇن سابىر «تۆھپە» ناملىق ھېكا-يىسىدە تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇۋالغان شۆھرەتنىڭ ئۆز ھايات يولىنى يەكۈنلەپ خاتىرىسىگە يازغان سۆزلىرى ئاساسىدا، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىدۇ: «ئايۇپ كاۋا قورساق-نىڭ گېپىگە كىرىپ ئالىمجاننىڭ كەينىدىن سوكۇلدىغان بولسام پايتىمىدەك سۆرۈلۈپ يۈرەركەنمەن. مانا ئەمدى ئايرىم بۆلۈم، قول ئاستىمدا يىگىرمە ئوتتۇز ئادەم. پاراسەتلىك ئادەمگە دۇنيادا يول جىق، ئىنسان دېگەن قىسقىلا ياشايدۇ، پۈتۈنلۈك يەردىن بىر غېرىچ بولسىمۇ يۇقىرى تۇرسۇن دېسەڭ، قىسقا ۋە ئاساسەن يول ئىزلە. بۇ يول باشقىلارنى يىرگەندۈرسىمۇ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلما. چىلەگە مىلىنىپ يۈرۈپ ئۆگزىگە چىقىدىغۇ بەزىلەر. بۇمۇ بىر يول...» شۆھرەتنىڭ ئۆزىگە خاس بۇ ھايات پەلسەپىسىدىن ئۇنىڭ شۆھرەتپەرەس، چاكىنا ئىچكى دۇنياسىنى تېخىمۇ روشەن كۆ-رۈپ ئالالايمىز. دېمەك، پسىخىك تەسۋىرى ئارقىلىق پېرسوناژ-لارنىڭ خاراكتېرىنى تولۇق ئېچىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىش-كىلى بولىدۇ.

4) سۇژېت

سۇژېت ئەدەبىي ئەسەر مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. سۇژېت دېگەن نېمە؟ سۇژېت پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ، پېرسوناژلارنىڭ ئۆزئارا مۇنا-سىۋەتىدىكى بىر قاتار تۈرمۇش ۋەقەلىكلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش-نىڭ جەريانى. ئۇ ئەسەردىكى پېرسوناژلار بىلەن پېرسوناژلار، پېرسوناژلار بىلەن شارائىت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت - توقۇ-نۇشنىڭ تەرەققىيات جەريانى، شۇنداقلا پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ ئۆسۈش ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخىدۇر. پېرسوناژ خاراكتېرى پەقەت سۇژېت ئارقىلىقلا روشەن گەۋدىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا سۇ-

ژىتىنىڭ راۋاجلىنىشى پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ تارىخى بولۇپ، ئۇ ئوبراز يارىتىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ سۇژىتى بىلەن پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ مۇناسىۋىتى مۇنداق ئىككى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۇژىتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سۇژىت پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ راۋاجلىنىشىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. يەنى ئۇ پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ راۋاجلىنىش تارىخى. پېرسوناژلار خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پېرسوناژلار خاراكتېرى سۇژىت ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ. سۇژىت پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئىپادىلەشتىكى ۋاستە. قىسقىچە ئېيتقاندا، خاراكتېر سۇژىتنىڭ راۋاجلىنىشىنى بەلگىلەيدۇ، سۇژىتمۇ پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

رېئال تۇرمۇشتا كىشىلەرنىڭ مەيدانى، كۆز قارىشى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ياكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ھەمدە ئارزۇ-تەلەپلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ھامان زىددىيەت، كۈرەش كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر يازغۇچى رېئال تۇرمۇشتىكى مۇنداق زىددىيەت، كۈرەشلەرنى بەدىئىي شەكىل ئارقىلىق ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرسە، بۇ ئەدەبىي ئەسەردىكى توقۇنۇش دەپ ئاتىلىدۇ. رېئال تۇرمۇشتىكى زىددىيەت، كۈرەشلەر سۇژىتنى قۇراشتۇرۇشنىڭ ئىپتىدائىي ماتېرىيالى، شۇنداقلا سۇژىتنىڭ ئاساسى ۋە مەنبەسى. زىددىيەت - توقۇنۇش بولمىسا، سۇژىتمۇ بولمايدۇ. دېمەك، ئەسەردىكى جانلىق ۋە خىلمۇ خىل سۇژىتلار دەل مۇرەككەپ ۋە رەڭگارەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئېلىنىدۇ. سۇژىت رېئال تۇرمۇشتىكى ئاشۇ زىددىيەت ۋە كۈرەشلەرنى توغرا ئەكس ئەتتۈرگەندىلا، ئاندىن تۇرمۇش تەرەققىياتىنىڭ مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولالايدۇ.

ئەدەبىي ئەسەردىكى زىددىيەت توقۇنۇشى ئاساسەن خاراكتېر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

توقۇنۇشى سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. مۇنداق توقۇنۇش پېرسوناژ-
لارنىڭ ئۆزىدىكى خاراكتېر توقۇنۇشى، يەنى پېرسوناژلار خاراك-
تېرىنىڭ يېتىلىشى ۋە شەكىللىنىشى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پېر-
سوناژلار بىلەن پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى خاراكتېر توقۇنۇشىنى
كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە توقۇنۇشنى ياخشى يېزىپ چىـ-
قىش ئەسەرنى كۈچلۈك ھېكايىچانلىققا ئىگە قىلىدۇ.

رېئال تۇرمۇشتىكى زىددىيەتلەر توقۇنۇشنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئەدەبىي ئەسەر سۇژىتىنىڭ ھاسىل بولۇش قانۇنىيىتىنى بەلگىلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن سۇژىت تۆۋەندىكى بىر نەچچە بۆلەكلەردىن تەركىب تاپىدۇ.

تۈگۈن — ئادەتتە «باشلىنىش نۇقتىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۈگۈن ئەسەردىكى زىددىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەيدانغا كېلىش سەۋەبى، يەنى سۇژىتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ، ئۇ تۇرمۇشتىكى ئاساسىي توقۇنۇشلارنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىدۇ، شۇنداقلا ۋەقەنىڭ راۋاجلىنىش يولىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇ كېيىنكى پۈتكۈل سۇژىت راۋاجىغا نىسبەتەن ئىلگىرى سۈرۈش ياكى چەكلەش رولىنى ئۆتەيدۇ.

راۋاج — ئادەتتە «جەريان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. راۋاج تۇرمۇشتىكى زىددىيەت - توقۇنۇشلارنىڭ تەدرىجىي راۋاجلىنىش ۋە چوڭقۇرلىشىش جەريانى بولۇپ، ئۇ سۇژىتنىڭ ئاساسىي قىسمىدۇر. تۈگۈندىن تارتىپ تاكى كولمىناتسىيە نۇقتىسىغا قەدەر بولغان جەريان سۇژىتنىڭ راۋاجى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. راۋاجنىڭ سۇژىت تەرەققىياتىدا ئىگىلىگەن ھەجمى ئەڭ چوڭ بولىدۇ ھەم بۇنىڭدا ئۆزگىرىش كۆپ بولىدۇ.

كولمىناتسىيە — ئادەتتە «يۇقىرى پەللە»، «يۈكسەك نۇقتا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كولمىناتسىيە ئەسەردىكى زىددىيەت - توقۇنۇشنىڭ ئەڭ كەسكىن، ئەڭ جىددىي، ئەڭ ئۆتكۈرلەشكەن باسقۇ-

چىدۇر.

يېشىم — ئادەتتە «تۈگەللىمە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يېشىم ئەدەبىي ئەسەردىكى زىددىيەت - توقۇنۇشنىڭ ھەل قىلىنىشى بولۇپ، سۇژىت راۋاجلىنىپ يېشىم باسقۇچىغا كەلگەندە، پېرسو-نالار ھەم ۋەقەلەردىن بەلگىلىك نەتىجە چىقىرىلىدۇ.

تۈگۈن، راۋاج، كولمىناتسىيە، يېشىم قاتارلىق بۆلەكلەر ئەدەبىي ئەسەر سۇژىتىنىڭ ئاساسىي تەشكىلى بۆلەكلىرىدۇر. ئۇ-نىڭدىن باشقا، ئايرىم ئەسەرلەردە تېمىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن مۇقەددىمە ۋە خاتىمىمۇ بولىدۇ.

مۇقەددىمە — تېمىنى ئېچىش، تاپشۇرۇش، كىرىشمە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئاساسەن ۋەقە پەيدا بولغان ئىجتىمائىي شەرت - شارائىت تونۇشتۇرۇلىدۇ، ياكى ئەسەردىكى زىددىيەت-توقۇنۇشلار پەيدا بولغان دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى تاپشۇرۇلىدۇ.

خاتىمە — ئاساسەن ئەسەرنىڭ يېشىمىدىن كېيىنكى ئەھۋال-لار، يازغۇچىنىڭ پېرسوناژلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرى ۋە ئىزاھاتىدىن ئىبارەت.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەسەرنىڭ سۇژىت بۆلەكلىرى ۋەقە راۋاجىنىڭ تەبىئىي تەرتىپى بويىچە ئو-رۇنلاشتۇرۇلماستىن، بەلكى يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەتتىكى بەدىئىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭدەك، ھەممە ئەسەرلەرنىڭ سۇژىتىدا بۇ بۆلەكلەرنىڭ ئۆز تەرتىپى بويىچە تو-لۇق ھازىرلىنىشى شەرت ئەمەس، جۈملىدىن سۇژىت بۆلەكلىرى-نىڭ ئۆزئارا تەرتىپىنىمۇ ئۆلۈك ھالدا بەلگىلىك بىر فورمىغا سېلىۋېلىشقا بولمايدۇ. يازغۇچى پېرسوناژ خاراكتېرىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈش، باش تېمىنى تولۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن سۇژىت-نىڭ بەزى بۆلەكلىرىنى قالدۇرۇش ياكى بەزى بۆلەكلىرىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇش مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

5) شارائىت

ئادەملەر بەلگىلىك شارائىت ئىچىدە هايات كەچۈرىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەردىكى پېرسوناژلار يەككە - يېگانە بولماستىن، بەلكى ئەتراپىدىكى شارائىت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇنداقتا شارائىت دېگەن نېمە؟ ئەدەبىي ئەسەرلەردە پېرسوناژلار-نىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن تەمىنلەيدىغان ھەمدە پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە راۋاجلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىت شارائىت دەپ ئاتىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەردىكى شارائىت ئىجتىمائىي شارائىت بىلەن تەبىئىي شارائىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئەڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغىنى تەبىئىي شارائىت بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي شارائىتتۇر.

بەزىدە شارائىت پېرسوناژنى ئوراپ تۇرغان مۇھىتنى كۆر-سەتكەچكە، ئۇ ئەدەبىي ئەسەردىكى تەبىئەت تەسۋىرى (پېزاژ)، تۇرار جاي تەسۋىرى، ئۆي جاھازلىرى ۋە كىيىم - كېچەك تەسۋىرى، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى تەسۋىرى ۋە پېرسوناژلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھايۋانلار ھەم ئۇچار قۇشلار تەسۋىرى... قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پېرسوناژ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىجتىمائىي شارائىت-نى ياخشى تەسۋىرلەش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىش لازىم.

بىرىنچى، شارائىتنى پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق تەسۋىرلەش لازىم. چۈنكى پېرسوناژ بىلەن شارائىت ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شارائىت پېرسوناژ خاراكتېرىگە زور تە-سىر كۆرسىتىدۇ. جۈملىدىن ئادەملەرمۇ شارائىتقا تەسىر كۆر-سىتىدۇ. يەنى ئادەم شارائىتنى ئۆزگەرتىش رولىنى ئوينايدۇ. دېمەك، ئۇلار ھەم بىر - بىرىگە باغلىنىدۇ، ھەم بىر - بىرىنى

چەكلەيدۇ.

ئىككىنچى، تىپىك شارائىتنى تىپىك خاراكتېر (تىپىك پېرسوناژ) ئارقىلىق كۆرستىش لازىم. ئېنگېلس ئۆزىنىڭ م. هاركىنىسقا يازغان خېتىدە: «مېنىڭچە بولغاندا، رېئالىزمنىڭ مەنىسى، تەپسىلاتلىرىنىڭ هەقىقىي بولۇشىدىن تاشقىرى، يەنە تىپىك شارائىتتىكى تىپىك پېرسوناژنى هەقىقىي تۈردە قايتا گەۋ- دىلەندۈرۈش دېگەنلىكتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇنىڭغا ئاسا- لانغاندا ئەسەردە تەسۋىرلىنىدىغان شارائىت جەزمەن تىپىك شارا- ئىت بولۇشى، تىپىك شارائىت چوقۇم تىپىك خاراكتېر ئارقىلىق كۆرستىلىشى كېرەك. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، تىپىك خاراكتېر ئومۇمەن تىپىك شارائىتتا بارلىققا كېلىدۇ ۋە شەكىللىنىدۇ.

شارائىت تەسۋىرى ئارقىلىق يازغۇچىلار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى رەڭمۇرەڭ تۇرمۇش كارتىنىسىغا ۋە قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە قىلىدۇ. كىتابخان ئۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا، ئۆزىنى خۇددى شۇ شارائىتتا بولغاندەك هېس قىلىدۇ، هەقىقىي تۇرمۇش هىدى- نى پۇرايدۇ. مەسىلەن، «ئىزدىنىش» رومانىدا تېمىنىڭ ئېهتى- ياجىغا ئاساسەن تەبىئىي شارائىت تەسۋىرلىرى بېرىلگەن. روما- دىكى مول ۋە خىلمۇ خىل شارائىت تەسۋىرى ئۇنىڭغا بەدىئىي تۈس بېرىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى هېسسىياتىنى، پېرسوناژلار هەرىكەت قىلىۋاتقان ئورۇن - جاي، سۇژىت تەرەققىياتىغا ماس شارائىت ۋە رومانىنىڭ زوقلاندۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. رومانىنىڭ تۆۋەندى- كى مۇھىت تەسۋىرىدە ئەلانىڭ ئۆز يۇرتى گۈزەل ئىلى ۋادىسىغا بولغان چەكسىز سېغىنىشى، ئىلىنىڭ چىرايلىق تەبىئىي مەنزى- رىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن:

---

① «ئېنگېلسنىڭ م. هاركىنىسقا يازغان خېتى»، «ماركس، ئېنگېلس ئاللانما ئەسەرلە- رى»، خەنزۇچە نەشرى، IV توم، 462 - بەت.

«ئۇيغۇر ناخشىسى، گۈزەل ئاينىڭ تونۇش ئاۋازى ھەيۋەتلىك زالغا گۈزەللىك بېغىشلىدى. مەن خۇددى چېچەكلەرگە پۈركەنگەن، قىزىل گۈل پۇرىقى بىلەن تولغان باغدا كېپىنەكلەر بىلەن بىللە سەيلە قىلىپ، بۇلبۇلنىڭ ئارمانلىق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. كۆزۈمنى يۇمۇۋىدىم، كۆز ئالدىمغا ئىلى دەرياسى، ئىلى باغلىرى، تەڭرىتېغىنىڭ ئاق قارلىق چوققىلىرى، قېلىن قارىغايلىق قاپتاللىرى، مەرۋايىت چاچراندىلىرى بىلەن تەبىئەتكە ھۆسن بەرگۈچى شارقىراتما، ئويناق سۇلىرى، لەيلى بىلەن تولغان يېشىل يايلاقنىڭ دېڭىزدەك تەۋرىنىشى، باشاقلار بىلەن دولقۇنلانغان ئېتىزلارنىڭ ۋىل - ۋىل قىلىپ كۆزنى چېقىشى... قىسقىسى، يۇرتۇمدىكى گۈزەللىكنىڭ ھەممىسى بىرمۇ بىر تىزىلىپ كەلدى...»

يازغۇچىلار مۇنداق مۇھىت تەسۋىرى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ ھېس - تۇيغۇسى، خاراكتېرىنى تېخىمۇ ئوچۇق، تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئومۇمەن، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شارائىتى پېرسوناژلار خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ سەھنىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچىلار ئەدەبىي ئەسەردە ھەم چوڭ شارائىتنى، يەنى پېرسوناژلار خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرگەن ئارقا كۆرۈنۈشنى، ھەم كىچىك شارائىتنى، يەنى تۇرار جاي، مەنزىرە تەسۋىرى قاتارلىقلارنى كونكرېت تەسۋىرلەپ، پېرسوناژلارنىڭ، بولۇپمۇ ئاساسىي قەھرىمانىنىڭ خاراكتېرى، ھېس - تۇيغۇسى ۋە ئىچكى دۇنياسىنى مۇكەممەل ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم.

## § 2 . ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلى

**1 . ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلى ھەققىدە چۈشەنچە**

دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر بەلگىلىك مەزمۇن ھەم شەكىلگە

ئىگە بولغىنىغا ئوخشاش، ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ بەلگىلىك مەزمۇن ھەم شەكىلگە ئىگە بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ھەر دائىم ئۆزىگە مۇناسىپ شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ھەر خىل ژانىردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرۇپ، ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتە ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن ئايرىلمايدۇ. مۇزىكا ئەسەرلىرى تۇرمۇشنى ئاۋاز ھەم رىتىم ئارقىلىق، ئۇسسۇل سەنئىتى چىراي ئىپادىسى ھەم ھەرىكەت، فىگورا ئارقىلىق، رەسساملىق سەنئىتى بوياق ۋە سىزىق ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرسە، ئەدەبىي ئەسەرلەر تىل ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلىگەن ئاشۇ ئىدىيىۋى مەزمۇننى بەلگىلىك كومپوزىتسىيە شەكلى (بەدىئىي قۇرۇلما)، تىل، تۇر ۋە ژانىر ئارقىلىق تەشكىللەيدۇ. ئۇنداقتا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلى دېگەن نېمە؟ ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئىچكى تەشكىلىي قۇرۇ- لۇشى ۋە تاشقى ماددىي قۇرۇلۇشى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئەسەرنىڭ شەكلى يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى تەسۋىرلەپ ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتىكى ئۇسۇل ھەم ۋاستىلىرىنىڭ يىغىندىسىدۇر.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلى ئاساسەن ئەسەرنىڭ كومپوزىتسى- يىسى، تىلى، ژانىر ـ تۈرلىرى قاتارلىق كونكرېت شەكىل ئامىللىرىدىن ئايرىلغاندا، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇننى گەۋدى- لەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، شۇنىڭدەك ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئەمما بۇ خىل ئىپادىلەش ۋاستىلى- رىنىڭ ئۆزى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلى بولالمايدۇ. چۈنكى باشقا ئىدېئولوگىيە فورمىلىرىمۇ ئۆز مەزمۇننى ئىپادىلەشتە مۇشۇ ۋاستىلەردىن پايدىلىنىدۇ. بىراق ئۇنىڭدا بۇ ۋاستىلەر بەدىئىي ئوبراز يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ. پەقەت ئەدەبىي ئەسەر- لەردىلا بۇ ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنى- يەتلىرىگە ئاساسەن تەشكىللەپ، مۇئەييەن ئىدىيىۋى مەزمۇنغا، جانلىق ۋە كونكرېت بەدىئىي ئوبراز يارىتىشقا خىزمەت قىلدۇر-

www.uyghurkitap.com

غاندىلا، ئاندىن ئۇلار ئەدەبىي ئەسەر شەكلىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولالايدۇ.

مەلۇمكى، بەدىئىي ئوبراز ئەدەبىي ئەسەر مەزمۇنى بىلەن شەكلىنىڭ ئورگانىك ھالدا باغلانغان بىر پۈتۈن گەۋدىسى بولۇپ، يالغۇز تېما، باش تېما قاتارلىق مەزمۇنغا تەئەللۇق بولغان ئامىللارنىلا ئەمەس، كومپوزىتسىيە، تىل، ژانىر - تۈر قاتارلىق شەكىلگە تەئەللۇق بولغان ئامىللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بەدىئىي ئوبراز يارىتىش ئالاھىدىلىكلىرىنى، كومپوزىتسىيە تۈزۈش، تىل ئىشلىتىش خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە ھەر خىل ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش لازىم.

### 2. ئەدەبىي ئەسەر شەكلىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللار

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللار ئاساسەن كومپوزىتسىيە، تىل، ژانىر ۋە تۈرلەر، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇل - ۋاستىلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

1) كومپوزىتسىيە (بەدىئىي قۇرۇلما)

ھەربىر پارچە ئەدەبىي ئەسەر ئۆز ئالدىغا مۇكەممەل بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن تەركىبىي قىسىملار (ئېپىزوت) دىن تەركىب تاپىدۇ. يازغۇچىلار ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ماتېرىياللارنى قانداق تەشكىللەش، پېرسوناژلارنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش، سۇژېتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، كۆرۈنۈشلەرنى قانداق جايلاشتۇرۇش، بېشى بىلەن ئاخىرىنى قانداق باغلاش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرىدۇ. پەقەت ئەسەرنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنى بىر - بىرىگە باغلاشتۇرۇپ مۇكەممەل بىر بەدىئىي پۈتۈنلۈكنى ھاسىل قىلغاندىلا، ئاندىن بەدىئىي ئەسەرنىڭ

مەزمۇننى بىر تۇتاش هالدا تەشكىللەپ، مۇكەممەل ئوبرازنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرمۇشتىن ئېلىنغان ماتېرىياللارنى تېما ۋە باش تېمىنى ئېچىپ بېرىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئەسەر بۆلەكلىرىنىڭ ئورنىنى بەلگىلەپ، بەلگىلىك تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە بارلىق بۆلەكلەرنى بىر - بىرىگە تەبىئىي هالدا باغلاپ، بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش ئەدەبىي ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ. يەنى ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيىسى ئەسەرنىڭ پۈتۈنلۈكى بىلەن بۆلەكلىرى، بۆلەكلىرى بىلەن بۆلەكلىرى ئارىسىدىكى ئومۇمىي مۇناسىۋەتتۇر.

كومپوزىتسىيە — بەدىئىي ئەسەر شەكلىنىڭ مۇهىم بىر ئامىلى بولۇپ، ئۇ مەزمۇنغا قارىتا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. خۇددى بىر بىنا سېلىش ئۈچۈن ئارخىتېكتور ئالدى بىلەن قانچە دېرىزە قويۇش، ئىشىكنى قاياقتىن ئېچىش، قانچە ئېغىز ئۆي سېلىش، هەربىر ئۆينىڭ چوڭلۇقىنى قانچىلىك قىلىش ... قاتارلىق تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى پىلانلىغاندىن كېيىن ئىش باشلىغانغا ئوخشاش، يازغۇچىلارمۇ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ سۇژېتىنى تاللىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۈستىدە ئەستايىدىل باش قاتۇرىدۇ. مانا بۇلار ئەدەبىي ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيىلىك قۇرۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ناۋادا كومپوزىتسىيە ياخشى تۈزۈلسە، ئۇنداق ئەسەرلەرنىڭ باش تېمىسى روشەن گەۋدىلىنىپ، بەدىئىي زوقلاندۇرۇش كۈچى ئاشىدۇ.

ئۇنداق بولسا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ سۇژېتى بىلەن كومپوزىتسىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

سۇژېت بىلەن كومپوزىتسىيە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىككى مۇهىم ئامىلى بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن هەم مۇناسىۋەتلىك هەم پەرقلىق. ئۇلارنىڭ پەرقىنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن كۆرگىلى بولىدۇ.

بىرىنچى، هەرقانداق ئەدەبىي ئەسەردە كومپوزىتسىيە بولى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۇ، لېكىن ھەممىلا ئەدەبىي ئەسەردە سۇژىتنىڭ بولۇشى ناتا-
يىن. مەسىلەن، ئادەتتە لىرىك شېئىرلاردا تۇرمۇش ۋەقەلىرىنىڭ
راۋاجلىنىش جەريانى (سۇژىت) تەسۋىرلەنمەستىن، ئاساسەن شا-
ئىرنىڭ رېئاللىق ھەققىدىكى ھېسسىياتى بايان قىلىنىدۇ. ئەمما
ئۇنىڭدا كومپوزىتسىيە بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ كومپوزىتسىيىسى سۇژىتقا
تەئەللۇق بولغان بۆلەكلەردىن تاشقىرى، يەنە سۇژىتقا تەئەللۇق
بولمىغان بۆلەكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى پروزا ئەسەرلە-
رى ۋە سەھنە ئەسەرلىرىدىكى مۇقەددىمە، لىرىك چېكىنىش،
قىستۇرما بايان، خاتىمە قاتارلىقلار ئەمەلىيەتتە سۇژىتنىڭ ياردەم-
چى ۋاستىلىرى بولۇپ، ئۇ ئەسەر كومپوزىتسىيىسىنى تېخىمۇ
مۇكەممەللەشتۈرىدۇ ھەمدە ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلاشتا بەل-
گىلىك رول ئوينايدۇ.

ئۈچىنچى، سۇژىتلىق ئەسەرلەردە، سۇژىت كومپوزىتسىيە-
نىڭ پەقەت ئادەتتىكى بىر بۆلىكى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى
ئالاھىدە بىر بۆلىكىدۇر. شۇڭا ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيىسى سۇ-
ژىت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇنىدۇ. گەرچە سۇژىت
ئەدەبىي ئەسەر مەزمۇنىنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىل سۇ-
پىتىدە مۇستەقىل تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن
ئۇ كومپوزىتسىيىلىك قۇرۇلما ئارقىلىق رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە
بولالايدۇ.

قىسقىسى، سۇژىت بىلەن ئەدبىي ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيە-
سىنى مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتى تەرىقىسىدە چۈشە-
نىش كېرەك.

رېئال تۇرمۇشنىڭ ئۆزى خىلمۇخىللىققا ئىگە بولغانلىقى
ئۈچۈن، تۇرمۇشنىڭ مۇشۇ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئەدەبىي ئەسەر-
نىڭ كومپوزىتسىيىسىمۇ خىلمۇ خىل بولىدۇ. بۇ ھال ئەدەبىي
ئەسەر كومپوزىتسىيىسىنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس، تۇراقلىق قائىد-

دىسى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. كومپوزىتسىيە جەزمەن مۇكەممەل، پۇختا ھالدا تۈزۈلۈشى كېرەك. چۈنكى ئوخشاش بولمىغان ژانىر - تۈرلەرنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، كىنو، دراما كۆرۈنۈش، پەردىلەرگە بۆلۈنىدۇ. شېئىرلار مىسرا، كوپلېتلارغا بۆلۈنسە، رومان، پوۋېستلار قىسىم، بۆلۈم، بابلارغا بۆلۈنىدۇ. قىسقىسى، كومپوزىتسىيىسى ياخشى تۈزۈلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر كىتابخانلاردا مۇئەييەن ئېستېتىك تەسىرات پەيدا قىلالايدۇ.

2) ئىپادىلەش ئۇسۇلى

ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئەدەبىي ئەسەر شەكلىنىڭ مۇھىم ئامىللىرى. ئۇ ئەدەبىياتنىڭ رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى بىر خىل ۋاستىسى بولۇپ، ئادەتتە بەدىئىي ئۇسۇل ياكى ئىپادىلەش ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ خىلى كۆپ. بۇ يەردە پەقەت تەسۋىر، بايان، لىرىكا، مۇھاكىمە قاتارلىق دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان بىر نەچچە خىل ئاساسلىق بەدىئىي ئۇسۇل ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى، تەسۋىر. تەسۋىرلەش — ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئوبرازلىق تىل ئارقىلىق پېرسوناژ ۋە شەيئىلەرنىڭ ھالىتى، ئالاھىدىلىكىنى كونكرېت، جانلىق تەسۋىرلەپ بېرىدىغان بىر خىل ئۇسۇل.

ھەرخىل تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئەسەرنىڭ باش تېمىسىنى چوڭقۇر ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا ھەر خىل تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرىنىڭ پېرسوناژ خاراكتېرىنى ۋە باش تېمىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى رولىنى كونكرېت تەتقىق قىلىش كېرەك. ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلى ئوخشاش بولمىغانلىقى، يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىدە پەرق بولغانلىقى، بولۇپمۇ ھەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىسى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەربىر يازغۇچىنىڭ تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش-تىمۇ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بولىدۇ. تەسۋىر ئاساسەن شەيئىلەر بىلەن پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشكە قارىتىلغان. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتىنى تەسۋىرلەشكە تايىنىپلا تولۇق ئېچىپ بەرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا يازغۇچى پېرسوناژلارنىڭ ئىرادىسى، ئارزۇ ـ ئىستىكى، قىزىقىشى، ھېس ـ تۇيغۇسىنى بىۋاسىتە تەسۋىرلەپ بېرىشى لازىم. بولۇپمۇ پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك. چۈنكى پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك پائالىيىتىنى ياخشى تەسۋىرلىگەندە، ئاندىن پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلى-رىنى روشەن ئېچىپ بەرگىلى بولىدۇ. مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى پسىخىكا تەسۋىرىنىڭ ماھىرلىرىدىن ئىدى. لۇشۈن: «روھىي دۇنيانى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگۈچىلەر كىشىلەر تەرىپىدىن پسىخولوگلار دەپ قارىلىدۇ. بولۇپمۇ دوستىيوۋىس-كىيغا ئوخشاش يازغۇچىلار شۇنداق دەپ قارىلىدۇ، ئۇ پېرسوناژ-لارنى تەسۋىرلىگەندە ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتىنى تەسۋىرلىمەيدۇ دېسەكمۇ بولىدۇ. ئۇ پەقەت تەلەپپۇزى، ئاۋازىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھېسسىياتىنىلا ئەمەس، بەلكى چىراي ۋە قەددى ـ قامىتىنىمۇ ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستى-گە روھىي دۇنيا چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇرۇلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇغان ھامان كىشىدە روھىي جەھەتتىن ئۆزگىرىش بولىدۇ» دېگەنىدى. پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى پائالىيىتىنى تەس-ۋىرلەش ئۇسۇلى خىلمۇ خىل بولىدۇ. مەسىلەن، پېرسوناژلار-نىڭ مونولوگى، ئۇلارنىڭ ئەسلىمىسى، تەسەۋۋۇرى، چۈشى قا-تارلىقلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىنى سۈ-رەتلەپ بەرگىلى بولىدۇ.

تەسۋىر، پېرسوناژ ۋە شەيئىلەرنى كونكرېت، جانلىق تەس-

ۋىرلەپ، ئوبرازلىق ھالەتنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن كى-
تابخانلارنى خۇددى ئاشۇ كىشىنى كۆرۈۋاتقاندەك، ئاشۇ شارائىتتا
بولۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ.

ئىككىنچى، بايان. بايان قىلىش يازغۇچىنىڭ پېرسوناژ ھەم
ۋەقەلىكلەرنى كونكرېت تونۇشتۇرۇش ۋە چۈشەندۈرۇشى بولۇپ،
ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە دائىم قوللىنىلىدىغان ئاساسلىق ئىپادى-
لەش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى. بەدىئىي ئىپادىلەش كۆچى جەھەتتىن
قارىغاندا، بايان تەسۋىرنىڭ ياردەمچى ۋاسىتىسى ھېسابلىنىدۇ.
لېكىن ئەسەرنى شەكىللەندۈرگەن بىر پۈتۈن گەۋدىدىن، مەسى-
لەن، پېرسوناژلارنىڭ كەچۈرمىشى، ئىش - ئىزلىرىنى ۋە ئۇ-
لارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چىگىش، مۇرەككەپ مۇناسىۋەتنى كۆر-
سىتىپ بېرىش، پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگىنى ئۆز ئارا باغلاش،
ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىنى تونۇشتۇرۇش قاتارلىق-
لاردىن قارىغاندا، جەزمەن بايان قىلىشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق
بەدىئىي ئۇسۇلنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بايان ئەسەردە تەس-
ۋىرلەنگەن ھەرقايسى تەرەپلەردىكى كۆرۈنۈشلەرنى بىر پۈتۈن
گەۋدە قىلىپ بىرلەشتۈرەلەيدۇ، ئەسەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان تۇر-
لۇك ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشتە ياردەم قىلالايدۇ. ئەدەبىي
ئەسەرلەردە يازغۇچى ھەمىشە دېگۈدەك تەسۋىر بىلەن باياننى گى-
رەلەشتۈرۈپ قوللىنىدۇ. بەزىلەر بايان ئىچىگە تەسۋىرنى قىستۇ-
رىدۇ، بەزىلەر تەسۋىر ئىچىگە باياننى قىستۇرىدۇ. بايان كىتاب-
خانلارنى پېرسوناژ ۋە ۋەقەلىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىۋېلىش ئىم-
كانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. تەسۋىرلەش كىتابخانلارنى چوڭقۇر چۈ-
شەنچىگە، ھېس - تۇيغۇغا ۋە روشەن تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ.

ۋەقە ۋە پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن
بەزىدە تەرتىپلىك بايان، بەزىدە قايتۇرما بايان يەنە بەزىدە قىستۇر-
ما بايان شەكلى قوللىنىلىدۇ. تەرتىپلىك باياندا ۋەقەنىڭ تەرەققى-
يات جەريانى، پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشى ۋاقتىنىڭ تەر-

تىپى بويىچە بايان قىلىنىدۇ. قايتۇرما باياندا ئالدى بىلەن ۋەقە-لىكنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك بولغان قىسمىنى ياكى بىرەر ئىشنىڭ نەتىجىسىنى تەسۋىرلەپ، ئاندىن ۋەقەنىڭ پەيدا بولۇشى سەۋەبلە-رى ھەم جەريانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل بايان قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغاندا ئەسەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغىلى، تېمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولى-دۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان قايتۇرما بايان ۋەقەلىكنىڭ ھەممىسىنى تەتۈرىسىگە بايان قىلىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى قايتۇرما باياندا ۋەقەلىكنىڭ مەلۇم قىسمى ئالدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن سىرت، باشقا جايلىرى تەرتىپلىك بايان قىلىنىدۇ. قىستۇرما بايان مەر-كىزىي ۋەقەنى بايان قىلىش جەريانىدا تېما ياكى پېرسوناژلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا بىرەر ۋەقە ياكى پارچىلارنى قىستۇرۇپ بايان قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تەرتىپلىك بايان ۋە قايتۇرما بايانغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۇ پەقەت تولۇقلاپ كۆرسى-تىش يۈزىسىدىن مەلۇم دېتاللارنى كىرگۈزۈپ بايان قىلىش ئۇ-سۇلىدىن ئىبارەت. مۇنداق باياننىڭ بەزىلىرى، ئاساسىي ۋەقەنى تولۇقلاش، بەزىلىرى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈ-رۈش، يەنە بەزىلىرى مەلۇم قوشۇمچە ئىزاھ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

ئۈچىنچى، لىرىكا. لىرىكا بىزگە گرېك تىلىدىن رۇس تىلى ئارقىلىق كىرگەن ئاتالغۇ. بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەسلى مەنبەسى «لىرا» بولۇپ، لىرا گرېكلارنىڭ چېكىپ چالىدىغان قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابى. تىلىدىكى لۇغەت مەنىسى «ھېسسىيات قوزغىتىشچان» دېگەنلىك بولۇپ، ئەدەبىياتتىكى ئىستېمال مەنىسى «ئاپتورنىڭ ئۆز ئەسىرىدە ئىزھار قىلغان ياكى ئىپادىلىگەن سۇبيېكتىپ تە-سىراتى ۋە ھېسسىياتى» دېگەنلىك بولىدۇ. ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە ئىزھار قىلغان ھەقىقىي ھېسسىياتى بىلەن كىتابخانلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ھېس - ھاياجانغا چۆمدۈرىدۇ. ئاپتور ئۆز

لىرىكىسىنى ئەسىرىدە ھەم بىۋاستە ئىپادىلىشى، ھەم ۋاستىلىك ئىپادىلىشى مۇمكىن. لىرىكا كۆپرەك شېئىرىي ئەسەرلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەنلىكتىن، پىزاژ (تەبىئەت مەنزىرىسى) لىرىكىسى، سىياسىي لىرىكا، ئىنتىم (شائىرنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشى) لىرىكا قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

تۆتىنچى، مۇھاكىمە مۇھاكىمە، ئاپتورنىڭ ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان شەيئىنىڭ مەلۇم تەرىپى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ خۇلاسە پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ئارقىلىق مەلۇم بىر نۇقتىئىنەزەر، قائىدىنى ئىسپاتلىشى ياكى چۈشەندۈرۈشىدىن ئىبارەت. مۇھاكىمىنىڭ كىتابخانلارنىڭ ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى ئىگىلىۋېلىشىغا ياردىمى بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئاپتور مۇھاكىمە ئارقىلىق پېرسوناژغا بولغان پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ ياكى شۇ ئىش - ھەرىكەتكە بولغان تونۇش ۋە نۇقتىئىنەزىرىنى ئىزھار قىلىدۇ. روشەنكى، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمە مەنتىقىلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى بويىچە يېزىلغان ماقالىگە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش مۇۋاپىق بولۇشى، بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تەسۋىر، بايان، لىرىكا، مۇھاكىمە قاتارلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى گەرچە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ۋە ئۆزگىچە رولغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۆزئارا سىڭىشىدۇ ۋە ماسلىشىدۇ. يازغۇچىلار ئوبراز يارىتىش ئېھتىياجى ئۈچۈن يۇقىرىدىكى خىلمۇخىل ئۇسۇللارنى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىدۇ.

### 3. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىنىڭ مۇناسىۋىتى

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىنىڭ مۇناسىۋىتى دىئالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋىتىدە ئىبارەت. لېكىن مەزمۇن بە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەن شەكلىنىڭ مۇناسىۋىتىدە مەزمۇن ئاساس بولۇپ، ئۇ بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئۆزىگە خاس شەكلىنى يارىتىپ، ئۆز ماھىيەتىنى ئەنە شۇ شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. مەزمۇن بىلەن شەكىل ئۆزلىرىنىڭ قارشى تەرىپىنى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەرتى قىلىدۇ ۋە بىر - بىرىگە تايىنىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار ئاساسىدا چۈشىنىش مۇمكىن:

1) مەزمۇن شەكلىنى بەلگىلەيدۇ. مەزمۇننىڭ شەكىلنى بەلگىلەيدىغانلىقى — مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ دىئالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋىتىدىكى مۇھىم تەرەپ. شۇڭا مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان بەلگىلىك شەكىلنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەزمۇننىڭ مۇنداق يېتەكچىلىك رولىنى ئالدى بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىدىن ئىسپاتلاش مۇمكىن. يەنى ھەرقانداق يازغۇچى ئىجادىيەتنىڭ بىرىنچى قەدىمىدە، تۇرمۇشنى ئۆگىنىش جەريانىدا ھاسىل قىلغان باي تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يارىتىش ماتېرىيالى (پېرسوناژ، ۋەقە قاتارلىقلار) غا ئىگە بولىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تۈرەلمە ئوبرازى ۋە كاللىسىدا پەيدا قىلغان باش تېمىغا ئاساسەن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ۋەقەنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، سۇژىتلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىدۇ. ئاندىن بەدىئىي تەپەككۇر قىلىش، شۇنىڭدەك بەلگىلەنگەن مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان مۇكەممەل شەكىلنى تېپىش ئىمكانىيەتى بولىدۇ. مۇشۇ جەريانلاردىن كېيىن بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەر يارىتىپ چىقالايدۇ.

يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندىمۇ، يازغۇچىنىڭ قايسى خىلدىكى ئەدەبىيات شەكلىنى تاللىشىنى ئاساسەن ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى بەلگىلەيدۇ. لۇشۈن: «ئازراق تەسىرلەنگىنىمدە قىسقا ئەسەرلەرنى يازدىم»، «بىرقەدەر رەتلىك

ماتېرىيالغا ئېرىشكىنىمدە بولسا، ھېكايە يازدىم»[1] دېگەنىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، لۇشۈن ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇنغا قاراپ، ئوخشاش بولمىغان شەكىللەرنى تاللىغان. ئەگەر بىر يازغۇچى قاتناشقان پېرسوناژلار كۆپ، ۋەقەلىكى مۇرەككەپ بولغان مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولسا، ئۇ ھالدا لىرىك شېئىر، ھېكايە شەكىللىرى ئۇنىڭغا لايىق كەلمەيدۇ. ئۇنىڭغا بىر قەدەر لايىق كېلىدىغىنى ھەجىم جەھەتتىن چوڭراق بولغان كۆپ پەردىلىك دراما ياكى رومان شەكلى بولىدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىن قارىغاندا، شەكىلنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى ھامان ئەدەبىيات ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىجتىمائىي مەزمۇننىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىگە باغلىق بولىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. مەسىلەن، ئېلىمىزنىڭ «4 - ماي» دەۋرىدە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، ئاممىباب تىلنى قوللىنىش، ژانىر جەھەتتە يېڭى شېئىر، يېڭى ھېكايە، يېڭى دراما قاتارلىق ئەدەبىي شەكىللەر بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ لۇشۈن باشلامچىلىق قىلغان يېڭى فىليەتون شەكلى رېئال كۈرەشنىڭ جىددىي تەلىپىگە زىچ ماسلاشتى. دېمەك، تۈرلۈك ئەدەبىي شەكىللەرنىڭ ئۆزگىرىشى، بىر خىل يېڭى ئەدەبىيات شەكلىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۆزگىرىشى ئەدەبىياتنىڭ تەسۋىرلەش ئوبيېكتى ھەم مەزمۇنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ يۈز بېرىدۇ. ئەدەبىي ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئۆزگىرىشى شەكىلدىن تېز ھەم گەۋدىلىك بولىدۇ. چۈنكى شەكىل بىر قەدەر مۇقىم بولىدۇ.

2 ) شەكىلنىڭ نىسبىي مۇستەقىللىقى. ئەدەبىي ئەسەر مەز-

[1] «〈ئۆزۈم تاللىغان توپلام〉غا سۆز بېشى»، «لۇشۈن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، IV توم، 348 - بەت.

مۇنى پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىگە خاس شەكىل بىلەن ئىپادىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شەكىل مەزمۇنغا ئاكتىپ تەسىر قىلىش ئارقىلىق ئەدەبىي ئەسەر مەزمۇنىنىڭ مۇكەممەل ئىپادە قىلىنىشىغا ياردەم قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەكىل پاسسىپ ھالەتتىكى نەرسە بولماستىن، بەلكى ئۇ پەيدا بولغاندىن كېيىن مەزمۇنغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ نىسبىي مۇستەقىللىقى بولىدۇ. بۇ ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرى بولۇپ، بۇ نەزەرىيە بىزگە مۇكەممەل بەدىئىي شەكىل ياردەمشىنىڭ ئەسەر ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئىپادىلەشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى تونۇتىدۇ. مۇكەممەل بەدىئىي شەكىل مەزمۇننى تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ چوڭقۇر ئىپادىلەپ بېرىشكە ياردەم بېرىدۇ. مەزمۇنغا مۇۋاپىق بولمىغان شەكىل، مەزمۇننىڭ پۈتۈنلۈكىنى بۇزىدۇ ياكى مەزمۇننىڭ ئىپادىلىنىشىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەر شەكلىنىڭ نىسبىي مۇستەقىللىقى تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، ئەدەبىي ئەسەر شەكلىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئۆزگىرىشى كۆپىنچە مەزمۇننىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئۆزگىرىشىدىن ئارقىدا قالىدۇ. شۇڭلاشقا ئەدەبىيات تەرەققىياتى تارىخىدا، يېڭى مەزمۇننىڭ كۆپىنچە كونا شەكىل بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنىدىن ئىبارەت بۇ كلاسسىك شېئىرىي شەكىل يەنىلا كەڭ قوللىنىلىپ، يېڭى دەۋرنىڭ مەزمۇننى ئىپادىلەپ بەرمەكتە. لېكىن بۇنداق كونا شەكىللەرنىڭ يېڭىچە مەزمۇنلارنى ئىپادىلەشتە مۇۋاپىق ئىسلاھ قىلىنغانلىقىنىمۇ كۆرىمىز. چۈنكى ھەربىر خىل شەكىلنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيىتى، نىسبىي مۇستەقىللىقى بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئادەتتە بىر خىل مەزمۇن ھەر خىل شەكىل

بىلەن، ھەر خىل مەزمۇن بىر خىل شەكىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇلار ئەدەبىي ئەسەر شەكلىنىڭ نىسبىي مۇستەقىللىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ نۇقتىلاردىن ئەدەبىي ئەسەر شەكلىنىڭ مەزمۇنغا بولغان ئاكتىپ تەسىرىنى كۆرەلەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىيات تارىخىدىكى نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر يازغۇچىلار يالغۇز ئۆز ئەسىرىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن زور ئەمگەك سىڭدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز ئەسىرىنىڭ شەكلى ئۈچۈنمۇ قاتتىق باش قاتۇرىدۇ. بۇ نۇقتىنى كۆپلىگەن يازغۇچىلارنىڭ شەكىل ئامىللىرىدىن بىرى بولغان تىل ھەققىدە كۆپ ئىشلىگەن ئەمەلىي پاكىتلىرىدىن ئېنىق كۆرەلەيمىز. ماياكوۋىسكىي بىر مىسرا شېئىرنى قاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى ئون ئىككى قېتىم يازغان، بىر قاپىيىنى مۇۋاپىق كەلتۈرۈش ئۈچۈن 64 قېتىم ئۆزگەرتكەن. ل. تولستوينىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» رومانى تولۇق يەتتە قېتىم ئۆزگەرتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا شەكىل يەنە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات شەكلى ئۆزىگە خاس مىللىي، تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە بولۇپ، مىللىي شەكىلنى شۇ مىللەت خەلقى ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ئۇ كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە.

3) ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىنىڭ بىرلىكى.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلى بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. خۇددى بېلىنسكىي ئېيتقاندەك: «بارلىق بەدىئىي ئەسەرلەر قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي شەرتلىرىدىن بىرى مەزمۇن بىلەن شەكىل، شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ مۇناسىپ بىرلىشىشى، شۇنىڭدەك ئەسەرنىڭ ئورگانىك پۈتۈنلۈكىدىن ئىبارەت». شۇڭا مەزمۇن بىلەن شەكلىنىڭ بىرلىكى ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىق بەلگىلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئەدەبىي ئەسەر بەدىئىيلىكىنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر.

www.uyghurkitap.com

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىنىڭ مۇناسىۋىتى قارمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىك مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بولغاچقا، شەكىل ئەسەر مەزمۇننى ئىپادىلەشكە ئۇيغۇن بولغاندا، مەزمۇن بىلەن شەكىل ئورگانىك ھالدا بىرلىشىدۇ، ئەكسىچە، شەكىل مەزمۇننى ئىپادىلەشكە ئۇيغۇن بولمىغاندا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بىر قەدەر روشەنلىشىدۇ. پەقەت مەزمۇن بىلەن شەكىل زىچ بىرلەشكەندىلا، ئاندىن ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى مەيدانغا كېلىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى ھەم مەزمۇننى بەلگىلەش، ھەم ئەنە شۇ مەزمۇنغا ماس كېلىدىغان شەكىل ئۈستىدە ئىزدىنىش جەريانى. چۈنكى بۇ ئىككى تەرەپ يەككە ـ يېگانە ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. خۇددى ئەسەرنىڭ مەزمۇنى پەقەت شەكىل ئارقىلىقلا ئىپادىلىنىپ تۇرغانغا ئوخشاش، شەكىلنىڭ بارلىق ئامىللىرىمۇ بەدىئىي ئىجادىيەتتە كونكرېت مەزمۇننى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىنىڭ بىرلىكى ئەدەبىي ئوبرازدا كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. ئوبرازنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلى بولىدۇ. يازغۇچى بىر پۈتۈن بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئەسەرنىڭ مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بەدىئىي ئوبراز يارىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ يىغىندىسى بىلەن ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوبرازنى پەقەت مەزمۇن ياكى شەكىل دەپ ھېسابلاشقا بولمايدۇ. ھەرقانداق ئوبراز مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ ئورگانىك بىر پۈتۈنلۈكىدۇر. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ۋە قانۇنىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي ئەسەرلەردە كونكرېت ئوبرازدا مۇئەييەن ھالدا بىرلىشىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئوبرازدىن ئايرىلغان ھالدا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىنى ئىگىلەش تەس. بۇنداق بىرلىك ئەدەبىي ئەسەر-

نىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلى ئارىسىدا ئۆزئارا باغلىنىش، ئۆزئارا سىڭىشىش، ئۆزئارا ئۆتۈشۈش خاراكتېرى ئاساسىدا كونكرېت نامايان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ئۆزئارا بىر - بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى شەرت قىلىدۇ.

## مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. مەزمۇن دېگەن نېمە؟ شەكىل دېگەن نېمە؟

2. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى دېگەن نېمە؟ ئۇ قايسى ئىككى تەرەپتىن تەشكىل تاپىدۇ؟

3. ئەدەبىي ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئامىللىرى قايسىلار؟

4. تېما دېگەن نېمە؟ خام ماتېرىيال دېگەن نېمە؟ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

5. باش تېما دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ تېما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق؟

6. پېرسوناژ دېگەن نېمە؟ پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشتە كۆپرەك قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللار قايسىلار؟

7. سۇژېت دېگەن نېمە؟ سۇژېتنىڭ بۆلەكلىرى قايسىلار؟

8. شارائىت دېگەن نېمە؟ شارائىتنى ياخشى تەسۋىرلەش ئۈچۈن نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

9. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلى دېگەن نېمە؟ ئەدبىي ئەسەرنىڭ شەكلىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللار قايسىلار؟

10. كومپوزىتسىيە دېگەن نېمە؟ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ سۇژېتى بىلەن كومپوزىتسىيىسىنىڭ پەرقى قەيەردە؟

11. تەسۋىر دېگەن نېمە؟ بايان دېگەن نېمە؟ لىرىكا دېگەن نېمە؟ مۇھاكىمە دېگەن نېمە؟ ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى رولى قانداق؟

12. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىنىڭ مۇناسىۋ-

www.uyghurkitap.com

ۋىتى قانداق؟

13. ئەدەبىي ئەسەر شەكلىنىڭ نىسبىي مۇستەقىللىقى قاي-
سى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

14. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىنىڭ بىرلىكى
ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ.

# VI باب

## ئەدەبىياتنىڭ ژانىر - تۈرلىرى

بەدىئىي ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن ئۆزئارا ئوخشاشلىق ۋە پەرقلىق تەرەپلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇ مۇشۇ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مۇئەييەن گۇرۇپپىلارنى (تۈرلەرنى) تەشكىل قىلىدۇ. مۇنداق ئوخشاشلىق ۋە پەرقلىق تەرەپلەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئەدەبىيات ئىلمىدە ئەدەبىي ژانىر دېگەن ئاتالغۇ قوللىنىلىدۇ. ئەدەبىي ژانىر تۈرمۇشنى بەدىئىي تەسۋىرلەش شەكلى سۈپىتىدە تارىخىي يوسۇندا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىياتى ۋە يوقىلىشى ئەدەبىيات تارىخىدىكى مۇھىم جەريان ھېسابلىنىدۇ.

ئەدەبىيات تۈرلۈك ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەدەبىيات تارىخىدا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ژانىر - تۈرلەرگە بۆلۈشتە ھەرخىل ئۇسۇللار مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بەزىلەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىل جەھەتتىكى خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، نەزم ۋە نەسر (پوئېزىيە ۋە پروزا) دەپ ئىككى چوڭ ژانىرغا بۆلسە، يەنە بەزىلەر ئاساسەن ئەدەبىياتنىڭ ئوبراز يارىتىش شەكلىنى نەزەردە تۇتۇپ، شېئىر، ئېپىك ئەسەر (پروزا)، تىياتىر (سەھنە ئەسەرلىرى)، نەسر قاتارلىق تۆت ژانىرغا بۆلدى. يەن - مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، كىنو سەنئىتى (كىنو سىنارىيىسى) ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۈر بولۇپ قوشۇلۇپ، جەم-

www.uyghurkitap.com

ئىي بەش تۈر بولدى. ھەربىر ژانىر ئۆز ئالدىغا يەنە بىر قانچە تۈرلەرگە ئايرىلدى.

ئەدەبىياتنىڭ ژانىر ۋە تۈرلىرى قانچە خىل بولۇشتىن قەتـ-ئىينەزەر، ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ ئوبراز يارىتىش سەنئىتى ئىكەنلىـ-كىدەك تۈپكى قانۇنىيىتىگە بويسۇنىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى ژانىر ۋە تۈرلىرىگە مەنسۇپ بولغان ھەر خىل ئەدەبىي ئەسەرلەر-نىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش شەكلى ھەمدە ئوبراز يارىتىش ئۇسۇللىرى جەھەتتە ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوخشاشمىغان ئالاھىدىلىكلىرى بار.

## § 1 . شېئىر

شېئىر ئەڭ دەسلەپتە خەلق قوشاقلىرى ئاساسىدا راۋاجلىـ-نىپ يازما ئەدەبىياتقا سىڭىپ كىرگەن. ئۇ ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ تۈپكى ئەدەبىي شەكلى بولۇپ كەلگەن. مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ھېس - تۇيغۇنى لىرىك ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەش سەنئىتى ياكى ئوبرازلىق تىل سەنئىتى دې-مەكتۇر. تار مەنىدىن ئېيتقاندا، شېئىر نەسرنىڭ ئەكسىچە، بىرەر ئوبرازلىق پىكىرنى رىتىم، ۋەزىن ۋە قاپىيە ئارقىلىق ئىخچام ۋە تەرتىپلىك ئىپادىلەش سەنئىتى دېمەكتۇر. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، شېئىر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەڭ مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇن، كۈچلۈك ھېسسىيات، مول تەسەۋۋۇر، جانلىق، ئوبرازلىق تىل، بەلگىلىك ئاھاڭ ۋە رىتىمغا ئىگە بولغان ئەڭ ئىخچام بەدىئىي شەكىلدىن ئىبارەت.

ھازىر تىلىمىزدا ئىيتىلىۋاتقان «شېئىر» دېگەن ئاتالغۇنىڭ لۇغەت مەنىسى «سەزمەك»، «تۇيماق»، «ھېس قىلماق»، «كۈيلىمەك» دېگەنلىكتۇر.

### 1. شېئىرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

بىرىنچى، شېئىردا رېئال تۇرمۇش ۋە ھېس - تۇيغۇ ئەڭ مەركەزلىك ھالدا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئەكس ئەتتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. گەرچە بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن شېئىرلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ. چۈنكى شېئىرلاردا كۈيلىنىدىغىنى شائىرنى ئەڭ كۈچلۈك ھاياجانلاندۇرىدىغان تۇرمۇش ۋەقەلىكى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېپىك ئەسەرلەر، درامىلارغا ئوخشاش پېرسوناژلارنىڭ تاشقى قىياپىتى بىلەن ئىچكى دۇنياسىدىكى پائالىيەتلەر تەپسىلىي بايان قىلىنمايدۇ. پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە بۇ توقۇنۇشلارنى پەيدا قىلىدىغان جەريانلار بىر - بىرلەپ تەسۋىرلەنمەيدۇ، بەلكى تۇرمۇشتىكى ئەڭ تىپىك شەخس ۋە ۋەقەلەرنى، شائىرنىڭ ئەڭ چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولغان ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئەڭ مەركەزلىك ھالدا ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈشلا تەلەپ قىلىنىدۇ. سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، شېئىرنىڭ مەزمۇنى شائىرنىڭ يۈرىكىدە زور ھاياجان قوزغىغان. تاللىنىش ۋە تاۋلىنىشتىن ئۆتكەن ۋەقە ياكى ھادىسىدۇر. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ تۈپ نەرسىدۇر.

ئىككىنچى، شېئىردا كۈچلۈك ھېسسىيات ۋە مول تەسەۋۋۇرنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەردە ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى ۋە تەسەۋۋۇرى بولۇشى مۇقەررەر بولسىمۇ، لېكىن باشقا ژانىرلارغا قارىغاندا، شېئىردىكى ھېسسىيات تېخىمۇ كۈچلۈك، تەسەۋۋۇر تېخىمۇ مول بولىدۇ. ھېسسىيات ۋە تەسەۋۋۇر شېئىرنىڭ قانىتى بولۇپ، شېئىر ئاشۇ قانات ئارقىلىق پەرۋاز قىلىدۇ.

شېئىرنىڭ تۈپ ئاساسىي ئىدىيىسى ھېسسىياتتۇر، ئەگەر شېئىردا ھېسسىيات بولمايدىكەن، ئۇنداق شېئىر جېنىدىن، ھاياتىدىن مەھرۇم بولىدۇ. چۈنكى شېئىرنىڭ ئەڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ھەقىقەت بىلەن كىشىلەرنى مەنتىقە جەھەتتىن قايىل قىلىش ئەمەس، بەلكى ھېسسىيات بىلەن كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈشتۇر. ئەگەر شېئىردا كۈچلۈك ھېسسىيات بولمىسا، ئۇ كىشىلەرنىڭ مەنىۋى سېزىمىنى قوزغىيالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن شېئىرنى رېئال ھايات تەرىپىدىن ئۇرغۇپ، جۇش ئۇرۇپ چىقىدىغان كۈچلۈك ھېسسىياتلارنىڭ بىرىكمىسى دېيىش مۇمكىن.

كۈچلۈك ھېسسىيات، مول تەسەۋۋۇر — شېئىر ئىجادىيىتىدىكى مۇھىم ئامىللار بولۇپ، بۇ ئىككىسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ، چۈنكى شېئىرنىڭ ھېسسىي خۇسۇسىيىتى بىلەن شائىرنىڭ باي تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتى ئۆز ئارا باغلانغان ۋە بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بىر تەرەپتىن، شائىرنىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ھېسسىياتى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، شائىر تەسەۋۋۇر ياردىمى بىلەن ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى چوڭقۇر ئىپادىلەيدۇ. ئەمما شائىرنىڭ ھېسسىياتى باي رېئال تۇرمۇش ئاساسىغا قۇرۇلۇشى لازىم. شۇ چاغدىلا تۈرلۈك بەدىئىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئومۇملاشتۇرغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، شېئىردا ئوبرازلىق تەپەككۇر بولۇشى لازىم. ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە رېئاللىقنى ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. لېكىن شېئىردا باشقا ئەدەبىي ژانىرلارغا قارىغاندا ئوبرازلىق كۈچلۈك بولىدۇ. شېئىرىي ئوبراز پەقەت ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش شەكلى ئارقىلىقلا بارلىققا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شېئىر ھايات ۋەقەلىكلىرىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدراكىي كۈچ ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى.

شائىر شېئىردا مەلۇم بىر ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋەقەلىكە-
دىن ئالغان چوڭقۇر تەسىراتىنى ئاساسەن تۇرلۇك تەمسىل، ئوخ-
شىتىش، جانلاندۇرۇش، كىنايە، مۇبالىغە قاتارلىق تەسۋىرىي
ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كىتابخان كۆرەلەيدىغان، ھېس قىلالايدى-
غان، تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان سەنئەت مەنزىرىسىنى ياكى گۈزەل
شېئىرىي ئوبرازنى يارىتىدۇ ياكى جانلىق تۇرمۇش كارتىنىسى
بىلەن سۇبيېكتىپ لىرىك تۇيغۇنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ،
ئابستراكت نەرسىلەرنى كونكرېت، جانلىق، ھېسسىي نەرسىگە
ئايلاندۇرىدۇ. مانا بۇ شېئىردىكى ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش
جەريانىدۇر.

تۆتىنچى، شېئىرنىڭ تىلى ئىخچام، دەل ۋە ئېنىق بولۇ-
شى، ئىپادىلەش كۈچىگە باي بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىخ-
چام بولۇش — بەدىئىي جەھەتتىن ئىپادىلەش مەسىلىسى، شۇنداق-
لا پىكىر مەزمۇنىنى قانداق قىلىپ ئەڭ مۇۋاپىق سۆز - ئىبارىلەر
بىلەن تولۇق، ناھايىتى چىرايلىق ئىپادىلەش مەسىلىسىدۇر.

5) شېئىرنىڭ تىلى ئاھاڭدار ۋە مۇزىكىلىق بولىدۇ. چۈنكى
شېئىردا رىتىم، قاپىيە ھەم ۋەزىن بولىدۇ. رىتىم بىلەن قاپىيە
ئاھاڭدارلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## 2. شېئىرنىڭ تۈرلىرى

شېئىرلار ئۆزىنىڭ مەزمۇن خاراكتېرىگە ئاساسەن لىرىك
شېئىر ۋە ئېپىك شېئىردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنى-
دۇ.

### 1) لىرىك شېئىر

لىرىك شېئىر شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى، ئىدىيە-
سى، كۆزقارىشى، تەسىراتى، چۈشەنچىسىنى ئاساس قىلغان تىل
سەنئىتىدۇر. ئۇنىڭدا سۇژىتمۇ، كونكرېت شەيئى ۋە شارائىتنىڭ
تەسۋىرىمۇ بولماستىن، بەلكى ئىپىك ھېسسىيات، باي تەسەۋۋۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە جانلىق تىل ئارقىلىق شائىرنىڭ ھېس - تۇيغۇسى بىۋاستە بايان قىلىنىدۇ.

بەزى لىرىك شېئىرلاردا، گەرچە ۋەقەلەر ۋە پېرسوناژلار بولسىمۇ، لېكىن بۇ يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن ۋە يىغىنچاقلانغان ۋەقەلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنىلا پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن. ل. مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاب»، ت. ئېلىيۇپنىڭ «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» قاتارلىق شېئىرلىرى لىرىك شېئىرلارنىڭ تىپىك مىساللىرىدۇر.

لىرىك شېئىرلار شائىرنىڭ شېئىردا ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات خاراكتېرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، قەسىدە (مەدھىيە)، مەرسىيە (ئېلېگىيە)، مۇھەببەت لىرىكىلىرى ۋە ھەجۋىي شېئىر قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

قەسىدە — مەدھىيىلەش ۋە ماختاش خاراكتېرىدىكى بىر خىل شېئىرىي شەكىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قەسىدە شېئىرىيەت بارلىققا كەلگەن دەسلەپكى دەۋرلەردىن باشلاپلا، خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا كەڭ جارى قىلىنغان بولۇپ، بۇنداق قەسىدىلەردە خەلقنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرى مەدھىيىلەنگەن. ھازىرقى زاماندىكى قەسىدىلەر روشەن ئىجتىمائىي خاھىشقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋەتەن، خەلق، داھىيلار، خەلق قەھرىمانلىرى مەركەزلىك ھالدا كۈيلىنىدۇ.

مەرسىيە (تەزىيەنامە) — ئاساسەن قايغۇ - ھەسرەتنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل شېئىر شەكلى بولۇپ، ماتەم ياكى تەزىيە ئۈچۈن يېزىلىدۇ، ئۇ ۋاپات بولغان ئاتاقلىق شەخسلەر، ئىنقىلابىي قەھرىمانلارنى ئۆزىگە تېما قىلغان بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇلارغا بولغان مۇھەببىتى ۋە سېغىنىشى، ئۇلارنىڭ ۋاپاتىغا بولغان ئېچىنىش قايغۇسى لىرىك مۇلاھىزىلەر بىلەن تەسىرلىك بايان قىلىنىدۇ. مەرسىيە شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى تېمىسى

بولۇپ قەدىمكى دەۋر شېئىرىيىتىگە كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنداقلا ھازىرقى شېئىرىيىتىمىزدىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئە. ئەختەمنىڭ ل. مۇتەللىپنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان «ئېچىنىش» ناملىق شېئىرىغا ئوخشاش شېئىرلار بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

مۇھەببەت لىرىكىسى — بۇنىڭدا ئاساسەن مۇھەببەت كۈيلىنىدۇ. ئۇ تۇرمۇشتىن ئېلىنغان تەسىرات ئارقىلىق كىتابخانلاردا ئېستېتىك تۇيغۇ قوزغىتىپ، ئالىيجاناب، ساغلام ئەخلاقىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرىدۇ. مۇھەببەت لىرىكىلىرىمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ كەڭ تېمىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ھەجۋىي شېئىرلار — ھەجۋىي شېئىر رېئال تۇرمۇشتىكى ناچار ئادەم ۋە ناچار ئىشلارنى پاش قىلىش ئاساسىدا يېزىلغان شېئىرلاردۇر. ئۇ ئادەتتە «ساتىرا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

تىلنىڭ ئۆتكۈر، ئاچچىق، قىسقا ھەم چوڭقۇر مەنىلىك بولۇشى، مەسخىرە ۋە كىنايە ئارقىلىق تىپىك شېئىرىي ئوبراز يارىتىش — ھەجۋىي شېئىرلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىدۇر. مەسىلەن، تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «ۋالاقتەككۆرۈپنىڭ ئۆلۈمى»، ل. مۇتەللىپنىڭ «ئەپەندى بولماق» دېگەن شېئىرلىرى بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە لىرىك شېئىرلار ئىپادىلىگەن مەزمۇن خاراكتېرىگە قاراپ سىياسىي لىرىكا، ئىنتىم (شەخس) لىرىكا، پېيزاژ (تەبىئەت) لىرىكىسى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

سىياسىي لىرىكا — ئاساسەن زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تېما قىلغان ھالدا، ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ كۆز قارىشى ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىرلارغا قارىتىلغان.

ئىنتىم لىرىكا — بىۋاسىتە ھالدا شائىرنىڭ ئىچكى دۇنياسى

www.uyghurkitap.com

ياكى قەلبىنىڭ لىرىكىلىق ئىزھارى ياكى شائىرنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرىگە باغلىق بولغان تۈرلۈك ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى شېئىرلاردۇر.

پېزاژ لىرىكىسى—تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى سۈرەتلەش ئار-قىلىق شائىرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىققا بولغان پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىرلاردۇر.

2) ئېپىك شېئىر

ھەر خىل كونكرېت پېرسوناژ ياكى ۋەقەلەر ئاساسىي ئوب-يېكت قىلىپ تەسۋىرلەنگەن شېئىرىي ئەسەرلەر ئېپىك شېئىر دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا مۇئەييەن سۇژېت ۋە جانلىق شەخسلەر ئوبرازى بولىدۇ. ئۇنىڭدا بىر تەرەپتىن ۋەقەلىك بايان قىلىنغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شائىرنىڭ مول ھېسسىياتى ئەسەردىكى شەخسلەر خاراكتېرىگە سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ. ئېپىك شېئىرلاردا گەرچە پېرسوناژ ۋە ۋەقەلەر تەسۋىرلەنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى ئوبراز ئېپىك ئەسەرلەر ياكى درامىلارغا ئوخشاش تەپسىلىي ۋە ئىزچىل بايان قىلىنمايدۇ.

ئېپىك شېئىرلار ئۆزىنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇن خاراكتېرىگە ئاساسەن داستان (پوئېما)، باللادا، شېئىرىي مەسەل، شېئىرىي دراما (ئېپىتىششى) قاتارلىق شەكىللەرگە بۆلۈنىدۇ.

داستان (پوئېما)—كونكرېت ۋەقە ۋە پېرسوناژلارنى جان-لىق تەسۋىرلەش ئارقىلىق مەلۇم تارىخىي دەۋردىكى قەھرىمانلار-نىڭ تىپىك خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان، بەلگىلىك سۇژېتقا ئىگە بولغان چوڭراق ھەجىمدىكى شېئىرىي ئەسەرلەر-دۇر.

داستانلاردا ھەم ئېپىكلىك ھەم لىرىكىلىق خۇسۇسىيەت بولىدۇ.

داستاندا مۇكەممەل ھېكايە ۋە پېرسوناژ بولىدۇ. ئەنە شۇ ھېكايە ۋەقەلىكلىرىنى تەسۋىرلەش، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى-

نى سۇرەتلەش ئارقىلىق ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بايان قىلىنىدۇ.

داستاندا تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىرەر ۋەقە ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ مەركىزىدە سۇژىت بىلەن قەھرىمان تۇرىدۇ. داستان قەھرىمانىنىڭ مەيدانى كەڭ، ھەرىكىتى تېز، چاققان، مەزمۇنلۇق بولىدۇ. ئەنە شۇلاردىن پايدىلىنىپ، كەڭ ۋەقەنى بايان قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، نىمشېھىتنىڭ «پەرھاد ـ شىرىن»، ل. مۇتەللىپنىڭ «مۇھەببەت ھەم نەپرەت» ناملىق ئەسەرلىرى داستانلارنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

باللادا — ھەجىم جەھەتتىن ئانچە چوڭ بولمىغان، ئەمما بەلگىلىك سۇژىتقا ئىگە فانتازىيىلىك شېئىرىي ئەسەردۇر. ئۇنىڭ ئادەتتىكى داستانلاردىن پەرقى شۇكى، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقە ۋە پېرسوناژلار يازغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇرى ئاساسىدا فانتازىيىلىك يول بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ۋەقە ۋە پېرسوناژلار داستانلاردىكىدەك مەنتىقىلىق تەرتىپ بويىچە تەپسىلىي ۋە ئىزچىل بايان قىلىنماستىن، بىرقەدەر ئەركىن ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. تېيىپجان ئېلىيۇپنىڭ «ئىگىلىك سۇ»، تۇرسۇن مۇھەممەت پەخرىددىننىڭ «يولۋاسنىڭ ھېكايىسى» قاتارلىق باللادالىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

شېئىرىي مەسەل — شېئىرىي يول بىلەن بايان قىلىنغان ئەقلىيە خاراكتېرلىك سىمۋوللۇق شېئىرىي ئەسەر. يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ «قوشچى بىلەن چاشقان» ناملىق مەسىلى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

شېئىرىي دراما — دراماتىك ئامىللارغا ئىگە شېئىرلار شېئىرىي دراما دېيىلىدۇ.

3) ۋەزىنلىك شېئىر

مەلۇم تەرتىپ ۋە قائىدىگە ئاساسەن يېزىلغان شېئىرلار ۋەزىنلىك شېئىر دەپ ئاتىلىدۇ. ۋەزىنلىك شېئىرلارنىڭ ھەربىر

باب، كۆپلىت ھەم مىسرالىرى مەلۇم ئۆلچەملىك سۆز ـ تۇراقلىرى ئېنىق ۋە رەتلىك، رىتىمى كۈچلۈك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. «ۋەزىن» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى «ئۆلچەم»، «تارازا» دېگەنلىك بولۇپ، شېئىردىكى سۆزلەرنى مۇنتىزىم ئاھاڭغا سالىدىغان قېلىپ ياكى ئۆلچەم ۋەزىن دەپ ئاتىلىدۇ.

ئادەتتە ۋەزىنلىك شېئىرلار ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن بارماق ۋەزىنلىك شېئىر ۋە ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

بارماق ۋەزىنلىك شېئىر — بىر خىل مىقداردىكى بوغۇملارنىڭ بىر قاتار تەكرارلىنىشى نەتىجىسىدە رىتىم ھاسىل قىلىدىغان، بەزى بوغۇملارنىڭ مىقدارىغا ئاساسلانغان شېئىرىي سىستېما بارماق ۋەزىنلىك شېئىر دەپ ئاتىلىدۇ. بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلارنىڭ مىسرالىرىدىكى بوغۇملار سانى ئاساسەن باراۋەر بولۇش بىلەن ئۇلار مەلۇم تەرتىپتە گۇرۇپپىلىنىپ، بىر خىل رىتىمنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. بۇ نامنىڭ ئۆزىمۇ مىسرالاردىكى بوغۇملار سانىنىڭ بارماق بىلەن سانىلىشىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلارنىڭ تۈرى بوغۇملارنىڭ سانى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا مىسرالاردىكى بوغۇم سانى ھەرقاچان تەڭ، باراۋەر بولۇۋەرمەيدۇ، شۇڭا ئۇ تەڭ بوغۇملۇق ۋە ئارىلاش بوغۇملۇق شېئىرلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

تەڭ بوغۇملۇق شېئىرلار — ھەرقايسى مىسرالاردىكى بوغۇملار سانى باراۋەر بولغان تۈزۈلۈشتىكى شېئىرلار تەڭ بوغۇملۇق شېئىر دەپ ئاتىلىدۇ.

ئارىلاش بوغۇملۇق شېئىرلار — ئۇزۇن ۋە قىسقا مىسرالار ئارىلىشىپ كەلگەن، يەنى مىسرالاردىكى بوغۇملار سانى ئاز ـ كۆپلۈكتە پەرقلىنىدىغان شېئىرلار ئارىلاش بوغۇملۇق شېئىر

دېيىلىدۇ.

ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىر — «ئارۇز» ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، لۇغەت مەنىسى «ئەن»، «كەڭلىك» دېگەنلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىستېمال مەنىسى «ئۆلچەم» ياكى «قېلىپ» دېمەكتۇر. ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىر دېگىنىمىز — شېئىر مىسرالىرىدىكى سوزۇق (ئۇزۇن) ۋە ئۇزۇك (قىسقا) تاۋۇشلارنىڭ مەلۇم تەرتىپ بىلەن ئالمىشىپ كېلىپ، شېئىردىكى رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىقنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان شېئىرىي سىستېما ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىر دەپ ئاتىلىدۇ. ئارۇز ۋەزىنىدە رىتىمنىڭ مەيدانغا كېلىشى بارماق ۋەزىندىكىگە ئوخشاش مىسرالاردا بوغۇملارنىڭ مىقدارىغا ۋە مەلۇم تەرتىپتە گۇرۇپپىلىشىپ كېلىشىگە باغلىق بولماي، بەلكى سوزۇق ۋە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە ئالمىشىشى ۋە تەكرارلىنىشىغا باغلىق بولىدۇ.

ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىرلاردا ۋەزىندىكى تۇراقلارنىڭ رىتىملىقلىقى، ئاھاڭدارلىقى ۋە بۇ ئاھاڭدارلىقنىڭ شېئىردىكى پۈتۈن مىسرالار بويىچە ئوخشاشلىقى ئۇنىڭ بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلاردىن پەرقلىنىدىغان تۈپ بەلگىسىدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىرلاردا ۋەزىن ئېھتىياجى بويىچە سۆزلەر پارچىلىنىپ، بوغۇملار بويىچە تۇراقلارغا بۆلۈنىدۇ. بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلاردا سۆزلەر پارچىلانماستىن مەنە پۈتۈنلۈكى بويىچە تۇراقلارغا بۆلۈنىدۇ.

تىلىمىزدىكى بارلىق سۆزلەر مەلۇم ۋەزىنگە ئىگە بولىدۇ. ۋەزىن دېگىنىمىز، شېئىردىكى سۆزلەرنى مۇنتىزىم ئاھاڭغا سالىدىغان ئۆلچەم، قېلىپ دېمەكتۇر.

ئارۇز ۋەزىنىدە ۋەزىنلەردىن مىسرالار ھاسىل بولىدۇ. ۋەزىنلەرنىڭ مەلۇم قانۇنىيەتلىك تەرتىپتە تەكرارلىنىشىدىن بەھرىلەر ھاسىل بولىدۇ. ۋەزىن — مىسرا ۋە بەھرىلەرنى تەشكىل قىلغۇچى بىرلىكتۇر. ئارۇز ۋەزىنىدە پەئۇل، پەئىلۇن، مەپائىيلۇن،

www.uyghurkitap.com

مەپائىلۇن، مەپئۇل، مەپئۇلۇن، پائىلۇن، پائىلاتۇن، مۇستەپئىلۇن دېگەنگە ئوخشاش 30تىن ئارتۇق ۋەزىن تۈرى بار.

ئارۇز ۋەزىندە بىر خىل ۋەزىندىن تۈزۈلگەن ياكى ئاھاڭ جەھەتتىن بىر - بىرىگە يېقىن بىرنەچچە ۋەزىندىن تۈزۈلگەن مىسرالار گۇرۇپپىسى بىر بەھرىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئارۇز ۋەزىنىنىڭ بەھرلىرى كۆپ خىل بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ئارۇز ۋەزىنىنىڭ بەھرلىرىنى تۆۋەندىكىدەك سخېما ئارقىلىق كۆرسىتىش مۇمكىن.

| № | ۋەزىن نامى | سىزىق بەلگىسى | ھەرپ ئىپادىسى | بەھرى | ئاھاڭ ئىپادىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | پائىلاتۇن | – –V– | AA B A | رەمەل | ناي نى ناي ناي |
| 2 | پائىلۇن (پائىلات) | –V– | A B A | رەمەل | ناي نى ناي |
| 3 | پەئىلاتۇن | – –VV | A A B B | رەمەل | نى نى ناي ناي |
| 4 | پەئىلۇن | –VV | A B B | رەمەل | نى نى ناي |
| 5 | مەپائىيلۇن | – – –V | A A A B | ھەزەج | نى ناي ناي ناي |
| 6 | مەپائىلۇن | –V–V | A B A B | ھەزەج | نى ناي نى ناي |
| 7 | مەپائىيلۇن | V– –V | B A A B | ھەزەج | نى ناي ناي نى |
| 8 | مەپائىل (پەئۇلۇن) | – –V | A A B | مۇتەقارىب | نى ناي ناي |
| 9 | پەئۇل | –V | A B | مۇتەقارىب | نى ناي |
| 10 | مەپئۇل | – – | A A | مۇتەقارىب | ناي ناي |
| 11 | مەپئۇلۇن | – – – | A A A | ھەزەج | ناي ناي ناي |
| 12 | مەپئۇلۇ | V– – | B A A | ھەزەج | ناي ناي نى |
| 13 | مۇستەپئىلاتۇن | – –V– – | A A B A A | رەجەز | ناي ناي نى ناي ناي |
| 14 | مۇستەپئىلۇن | –V– – | A B A A | رەجەز | ناي ناي نى ناي |
| 15 | پەئىلۇ | V– | B A | ھەزەج | ناي نى |
| 16 | مۇپتەئىلۇن | –VV– | A B B A | مۇسنەرىغ | ناي نى نى ناي |

ئىزاھات: ئوزۇن بوغۇم (ئۇرغۇلۇق) نىڭ بەلگىسى «–»، ھەرپ ئىپادىسى «A»، قىسقا بوغۇم (ئۇرغۇسىز) نىڭ بەلگىسى «V»، ھەرپ ئىپادىسى «B». بەلگىلەر ئوڭدىن سولغا ئوقۇلىدۇ.

يۇقىرىقى سىخېمىدا كۆرسىتىلگەن ۋەزىنداش سۆزلەرنىڭ نامىلىرى (تەپئىلىلىرىنى) بىر - بىرىگە قوشۇش ئارقىلىق ھەر-خىل ۋەزىن ھاسىل قىلىنىدۇ ھەمدە مۇشۇ ۋەزىن نامىلىرىنىڭ تۈرلۈك تەكرارلىنىشى ۋە ئۆز ئارا قوشۇلۇشى بىلەن، ئارۇز ۋەزنىنىڭ خىلمۇ خىل بەھرلىرى بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن،

ھەزەج بەھرى — بۇنىڭ تەپئىلى مەپائىلۇنىنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ئىبارەت.

| | | | |
|---|---|---|---|
| زىمىستان كۆر | مىگەن بۇلبۇل | باھارنىڭ قەد | رىنى بىلمەس |
| جاپانى چەك- | مىگەن ئاشىق | ۋاپانىڭ قەد | رىنى بىلمەس |
| مەپائىلۇن | مەپائىلۇن | مەپائىلۇن | مەپائىلۇن |
| —V—V | —V—V | —V—V | —V—V |

مانا بۇ مەپائىلۇنىنىڭ بىر بېيىتتا تولۇق سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ھەزەج بەھرى.

ئۇيغۇر مىللىي شېئىرىيىتىدىكى ۋەزىنلىك شېئىرلار (ئا-رۇز ۋەزنى ۋە بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مىسرا تۈزۈلۈشى، قاپىيىلىنىش تەرتىپى بىر - بىرىگە ئوخشىمى-غانلىقى تۈپەيلىدىن، مەسنەۋى، غەزەل، مۇسەللەس، مۇرەببە، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەببە، مۇسەممەن، مۇتەسسە، تەر-جىئى بەند، مۇستەھزات، مۇۋەششەھ، مۇساۋىيان تەرەپەيىن، مۇھتەمىلات، رۇبائىي، مۇئەمما، قىتئە...قاتارلىق خىلمۇخىل شەكىللىرىگە ئىگە بولغان.

4) چاچما (ئەركىن) شېئىر

شېئىر مىسرالىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، مىسرا تۈزۈلۈ-شى، كۇپلېتلارغا بۆلۈنۈشى، بوغۇم سانى ۋە باشقا جەھەتلەردىن نىسبەتەن ئەركىنرەك بولغان شېئىري سىستېما، چاچما (ئەركىن) شېئىر دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چاچما شېئىرلاردا رىتىم ۋە قاپىيىگە بەلگىلىك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىلسىمۇ، ئەمما ۋەزىنلىك شېئىرلاردەك رىتىم، تۇراق، قاپىيە ۋە باشقا جەھەتلەرگە تولۇق ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىنمايدۇ.

چاچما شېئىرلارنىڭ توزۇلۇشى شېئىردا ئەكس ئەتتۈرۈلمەكچى بولغان ئىدىيىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە شائىر ھېسسىياتىنىڭ دولقۇنى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاپتوردىن چىن ۋە جانلىق ئىدىيىۋى ھېسسىيات، يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت، ئالاھىدە تىل بايلىقى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. پەقەت شۇ چاغدىلا شائىرنىڭ كۈچلۈك لىرىك ھېسسىياتى، ئۈمىد ـ ئارزۇسى ئىنچام، جانلىق ۋە تەسىرلىك ھالدا كونكرېت ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، يۈكسەك شېئىرىي ئوبراز مەيدانغا كېلىدۇ.

چاچما شېئىرلار رىتىم ۋە قاپىيە جەھەتتىن ئەركىنرەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قالايمىقان يېزىلىۋېرىدىغان تەرتىپسىز مىسرالارنىڭ يىغىندىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىگە يارىشا بەلگىلىك تەرتىپ ـ قائىدىسى بار. چاچما شېئىرلاردا قانچە مىسرادىن كېيىن بىر قاپىيە كېلىشى شەرت قىلىنمىسىمۇ، ئەمما بەلگىلىك بىر مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ھەربىر شېئىرىي بۆلەكنىڭ ئاخىرىغا قاپىيە كېلىش لازىم، ئۇنىڭ مىسرالىرى شۇنداق تەرتىپتە تۈزۈلۈشى كېرەككى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە شېئىردىكى ئىنتوناتسىيە شائىرنىڭ پىكىرلىرىنى، روھىي ھالىتىنى، ھېسسىياتىنى تولۇق ئىچىپ بېرەلەيدىغان بولسۇن، شۇ چاغدىلا ئۇ كۈچلۈك ئاھاڭدارلىققا ۋە مۇزىكىلىققا ئىگە بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مۇھەممەتجان سادىقنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى ئەركىن (چاچما) شېئىرلارنىڭ ياخشى نەمۇنىسىدۇر.

5) نەسرىي شېئىر

نەسرىي شېئىر نەسرىي ئەسەرلەر بىلەن شېئىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان ئەدەبىي شەكىل بولۇپ، ئۇنىڭدىكى شېئىرىي

پىكىر نەسرىي تىل شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ۋە ھېچقانداق شېئىرىي قائىدىلەر بىلەن چەكلەنمەيدۇ. نەسرىي شېئىرلارنى ئىنچىكىلەپ قارىمىغاندا، ئۇنى نەسرىي ئەسەرلەردىن پەرقلەندۇ. رۇش تەس، ئەمما شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، نەسرىي شېئىرلاردا شېئىرىي كەيپىيات، شېئىرىي ھېسسىيات، شېئىرىي ئىدىيىۋى مەزمۇن، قىسقىسى شېئىرلارغا خاس مەنىۋى مۇھىت بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭدا گەرچە رىتىم، قاپىيە بولىسىمۇ، ئۇ كىشىلەرنى بەلگىلىك شېئىرىي كۈچ بىلەن چوڭقۇر ھاياجانلاندۇرۇپ، ئۇلارغا لىرىك تۇيغۇ بېغىشلىيالايدۇ.

نەسرىي شېئىرلاردا ئىپادىلەشنىڭ بايان قىلىش ۋە تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرى ئىشلىتىلمەيدۇ. ئاساسىي جەھەتتىن خۇددى ۋەزىنلىك ھەم چاچما شېئىرلاردەك، ئاپتورنىڭ ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان شەيئىلەرگە قارىتا ھېس ـ تۇيغۇسى، مۇھەببىتى ۋە نەپرىتى مول تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇرگە تايىنىپ ئوبرازلىق ئىپادىلىنىدۇ. قىسقىسى، لىرىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

نەسرىي شېئىرلار شېئىرىي تىزما شەكىلدە ئەمەس، بەلكى بايان شەكلىدە يېزىلغاچقا، ئۇنىڭدا تۇراقلىق ۋەزىن ۋە قاپىيە بولمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى گارمونىيىسىدە كىشىنى شېئىرىي تۇيغۇ بىلەن جەلپ قىلىدىغان شېئىرىي سېزىم بولىدۇ. مەسىلەن، ئا. ت. ئۆتكۈرنىڭ «قاشتېشىغا مەدھىيە»، «شېئىر ۋە شائىر» قاتارلىق نەسرىي شېئىرلىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

## § 2 . پروزا

### 1. پروزىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

1) پروزا ھەققىدە چۈشەنچە

پروزا (ئېپىك ئەسەر) ئەدەبىياتنىڭ ئىش ـ ۋەقەلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

روشەن پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق بايان قىلغۇچى بىر خىل شەكىلدۇر. كونكرېت ئېيتقاندا، پروزا پېرسوناژ، سۇژېت ۋە مۇھىتنى كونكرېت تەسۋىرلەش ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەدەبىي تۈردىن ئىبارەت. پروزىنىڭ كومپوزىتسىيىسىدە پېرسوناژ، سۇژېت ۋە شارائىتتىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي ئامىل بولىدۇ، لېكىن پروزا يالغۇز ئىش، ۋەقەلەرنى بايان قىلغۇچى ھېكايە ـ رومانلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. پروزىنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيىتى ھەققىدە ۋ. گ. بېلىنسكىي مۇنداق دېگەندى: «ئۇ باشقا ژانىردىكى بارلىق شېئىرىي ئامىللار بىلەن بىرلەشكەن، يەنى ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ ۋەقەلىكنى تەسۋىرلىگەندىكى ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىدىغان لىرىك شېئىرىي تۈيغۇسىمۇ بار، پېرسوناژلار ئۆزىنى تېخىمۇ روشەن ھەم گەۋدىلىك ئىپادىلەيدىغان ۋاستە — دراما ئامىلىمۇ بار، باشقا ژانىردىكى شېئىرلاردا مۇمكىن بولمايدىغان غايىۋانە بايان، مۇھاكىمە ۋە ساۋاقلار ھېكايە - رومانلاردا ئۆزىنىڭ قانۇنىي ئورنىغا ئىگە بولىدۇ». بۇ پروزىنىڭ شېئىر ۋە درامىغا قارىغاندا كۆپ دەرىجىدە ئەركىن بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تېخىمۇ كەڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

2) پروزىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

بىرىنچى، پروزا مەزمۇن جەھەتتىن ئەڭ كەڭ، ئەڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ ھەجمى چەكسىز بولۇپ، ۋاقىت، ئورۇن، بوشلۇق، شارائىتنىڭ ھېچقانداق چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇ سۇژېتنى قانات يايدۇرۇش، پېرسوناژلارنى سىزىپ بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى قولايلىق شارائىتقا ئىگە.

ئىككىنچى، تىل ئىشلىتىش جەھەتتە، پروزىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا پېرسوناژ تىلى بىلەن بايان قىلغۇچىنىڭ تىلىدىن ئوخشاشلا پايدىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئىز-

چۈن ئاپتور ھەرخىل ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن ئەركىن ھالدا پايدىلىنىپ، پېرسوناژلار ئوبرازىنى بىۋاستە يارىتالايدۇ.

ئۈچىنچى، پروزا ئەسەرلىرىنىڭ كومپوزىتسىيىسىدىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدا باش تېمىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن سۇژىت تەدرىجىي راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. پېرسوناژلارنى مەيدانغا چىقىرىش، مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەش، ۋەقەلەرنى ئۆز ئارا باغلاش جەھەتلەردە خالىغانچە بايان قىلىش مۇمكىن. ئېپىك ئەسەرلەردە كومپوزىتسىيە ئادەتتە سۇژىتتىن چوڭ بولىدۇ. (مۇقەددىمە، خاتىمە، لىرىك چېكىنىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئېپىك ئەسەرلەردە ئىپادىلەيدىغان تۇرمۇش ھەرقانداق ئەدەبىي ژانىرغا قارىغاندا كەڭ بولىدۇ.

## 2. پروزىنىڭ تۈرلىرى

پروزا ئەسەرلىرىنى تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى خىلمۇ خىل بولۇپ، تېمىسىنىڭ دەۋرى بويىچە تارىخىي ئېپىك ئەسەرلەر، ھازىرقى زامان ئېپىك ئەسەرلىرى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئادەتتە كۆپرەك ئۇچرايدىغان تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى — ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ ھەجمى ۋە شەكلى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە قاراپ بۆلۈشتۇر. پروزا ئۆزىنىڭ ھەجمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، پېرسوناژلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، سۇژىتلىرىنىڭ مۇرەككەپ - ئاددىيلىقى، تېماتىك دائىرىسىنىڭ كەڭ - تارلىقىغا قاراپ ھېكايە، پوۋېست، رومان دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) ھېكايە — ئادەتتىكى ھېكايە، مىكرو ھېكايە، شەخس ھېكايىلىرىگە بۆلۈنىدۇ.

ئادەتتىكى ھېكايە — تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى بىرەر مەسىلە ياكى ئۆز ھەجمىگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ ۋە مۇرەككەپ بولغان مەزمۇننى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان پروزا ئەسەرلىرى ھېكايە دەپ ئاتىلى-

دۇ. ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، مەزمۇن جەھەتتە، ھېكايىلەردە كۆپىنچە تۇرمۇشنىڭ مەلۇم ئۇزۇندىلىرى ئېلىنىدۇ. ۋەقەلىكلەر ئاددىيىراق بولىدۇ ياكى بىرەر تىپىك ۋەقە مەركەزلىك ھالدا تەسۋىرلىنىدۇ، ئىجتىمائىي ھاياتتىكى خىلمۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەش تەلەپ قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ھېكايىلەر ئادەتتە قىسقا، ئىخچام بولىدۇ.

ئىككىنچى، ھېكايە قىسقا بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ سۇژېتى ئىخچام، باش تېمىسى رومانغا قارىغاندا ئاددىي بولىدۇ. ھېكايىنىڭ قىسقا بولۇشىنى ئۇنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى بەلگىلىگەن. مەسىلەن، لۇشۈننىڭ «دورا»، «بەخت تىلەش» قاتارلىق ھېكايىلىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ.

ئۈچىنچى، ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلىك پەقەت بىرنەچچە سائەت ياكى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە يۈز بەرگەن تىپىك ۋەقەلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزى ھېكايىلەردە گەرچە پېرسوناژلارنىڭ پۈتۈن ئۆمرى ياكى يېرىم ئۆمرى يېزىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يەنىلا تۇرمۇشتىكى ۋەقەلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۇزۇندىلىرىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، مۇپاسساننىڭ «مارجان»، نورۇز روزىنىڭ «مۆمىننىڭ مومىغا چىقىشى» قاتارلىق ھېكايىلەر بۇنىڭ تىپىك مىسالى.

تۆتىنچى، ھېكايىنىڭ پېرسوناژلىرى ئانچە كۆپ بولمايدۇ، ئومۇمەن بىر ياكى ئىككى پېرسوناژنىڭ ھاياتىدىكى بىرەر خاراكتېرلىك ۋەقە ياكى كەچۈرمىشلىرى يېزىلىدۇ. گەرچە بەزى ھېكايىلەرنىڭ پېرسوناژلىرى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار پەقەت ھېكايىدىكى بىر ياكى ئىككى باش قەھرىماننىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

بەشىنچى، ھېكايە قىسقا ھەم ئىخچام بولغانلىقتىن، ئۇ رېئاللىقنى تېز ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ جەھەتتىن ھېكايىلەرنىڭ

تېمىسى قويۇق دەۋر روھىغا ئىگە. بەزى ھېكايىلەردە گەرچە تارىخىي ۋەقەلەر يېزىلسىمۇ، لېكىن ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا يەنىلا نۆۋەتتىكى رېئال تۇرمۇشقا ئېتىبار بېرىلىدۇ.

مىكرو ھېكايە — ھېكايىنىڭ ئەڭ كىچىك ھوجەيرىسى ئادەتتە مىكرو ھېكايە دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر پروزىسىدا مىكرو ھېكايىلىك يېقىندىن پەيدا بولغان بىر خىل شەكىل بولۇپ، غەرب ئەدەبىياتىدىن خەنزۇ ئەدەبىياتى ئارقىلىق سىڭىپ كىرگەن. مىكرو ھېكايىلەرنىڭ سەھىپىسى ئادەتتىكى ھېكايىلەردىنمۇ كىچىك بولىدۇ. ئۇ ئادەتتە بىر ـ ئىككى بەت، ھەتتا بىرنەچچە قۇر بولۇپ مۇئەييەن بىر پىكىرنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا پېرسوناژلارنى ھېكايىلەردىكىدەك كەڭ سۈرەتلەپ بېرىشمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ. پەقەت ھېكايە قاتلىمىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان مەۋھۇم ئوبرازلار ئارقىلىق كىتابخانلاردا بىر خىل ئېستېتىك سېزىم پەيدا قىلىدۇ. كومپوزىتسىيە جەھەتتىمۇ ھېكايىلەردىكىدەك مۇكەممەل قۇرۇلما ۋە سۇژېت راۋاجىنىڭ تەرتىپى بولمايدۇ. ئۇ ھامان كىتابخانلارنىڭ ئالدىغا مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي مەسىلىنى قويۇش بىلەن تۈگەللىنىدۇ.

شەخس ھېكايىلىرى — ئۇ ھازىرقى زامان شەرق ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ئەدەبىي شەكىللەرنىڭ بىرى بولۇپ بەدىئىي تەسۋىر جەھەتتىن بىرلا شەخسنىڭ روھىي ھالىتى، ئىچكى ئالىمى يېزىلىدۇ. لىرىك ئاتاندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئادەملەرنى «ھاياتلىق كىرىزىسلىرى ۋە خاتىرجەمسىزلىك، ۋەيرانچىلىقلار» بىلەن بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، خاتىرجەم، تىنچ تۇرمۇش يارىتىشقا دەۋەت قىلىش مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

2) پوۋېست

پوۋېست — «ئوتتۇراھال»، «ئوتتۇرىچە» دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئادەتتە روماندىن كىچىكرەك، ھېكايىدىن چوڭراق ئوتتۇراھال تۈركۈمدىكى بىر ئېپىك ئەسەردىن ئىبارەت.

پوۋېست مەزمۇن جەھەتتىن ھېكايىگە قارىغاندا خېلى مۇرەككەپ سۇژىتقا ئىگە، ئۇ گەرچە رومانداك بىر پۈتۈن دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەتراپلىق ئىپادىلەپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن بىر تارىخىي دەۋرنىڭ ئەھمىيەتلىك بولغان مۇھىم بىر تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، تىپىك مۇھىت ئىچىدىكى قەھرىمانلارنىڭ تىپىك ئوبرازىنى يارىتىدۇ. پوۋېستتا كۆپىنچە تۇرمۇشتىكى تىپىك ۋەقەلەر تاللىنىۋېلىنىپ، پېرسوناژ ھاياتىنىڭ بىر قىسمى ياكى پۈتۈن جەريانى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق، مۇئەييەن تارىخىي دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، لۇشۈننىڭ «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى»، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «خاسىيەتلىك قار»، نۇر مۇھەممەت توختىنىڭ «چۆل ئوغلى» قاتارلىقلار بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

3) رومان

ھەجىم جەھەتتىن چوڭراق بولغان، بەلگىلىك تارىخىي دەۋرنىڭ بىر پۈتۈن ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ كەڭ كارتىنىسىنى سىزىپ، تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ بېرىدىغان چوڭ تىپتىكى ئېپىك ئەسەر رومان دېيىلىدۇ.

رومان مۇرەككەپ سۇژىتلىق ئېپىك ئەسەر بولۇپ، ئۇ تېما جەھەتتىن كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە.

رومانىنىڭ تۆپكى ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، رومانىنىڭ ھەجمى چوڭ بولغانلىقتىن، ئۇ مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە. تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىنى ۋە پېرسوناژ خاراكتېرىدىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار ئارقىلىق بىرقەدەر مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەسۋىرلەپ، بىر دەۋر ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز» رومانىدا

قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ شاھ مەخسۇت ۋە ياڭ زېڭشىن ۋەكىللىك-
دىكى فېئودال كۈچلەرگە قارشى كۈرىشىنى تەسۋىرلەپ، شىنخەي
ئىنقىلابىدىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان ئىجتى-
مائىي ۋەزىيىتىنى ھەر تەرىپلىمە ئەكس ئەتتۇرگەن.
ئىككىنچى، روماندا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن ئىجتىمائىي تۇر-
مۇش بىر قەدەر باي ۋە كەڭ بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدا بىر ئاساسىي
باش تېمىنىڭ سىرتىدا يەنە بىر مۇنچە قوشۇمچە تېمىلارمۇ بولۇپ،
ئۇلار باش تېمىنى تېخىمۇ روشەن ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت
قىلىدۇ. سۇژىتمۇ بىر لىنىيە بويىچە بولماستىن، بەلكى بىرقانـ-
چە لىنىيىلەر بويىچە راۋاجلىنىپ، ئاساسىي سۇژىتقا ئورگانىك
ھالدا باغلىنىدۇ.
ئۈچىنچى، روماندا مۇرەككەپ تۇرمۇش ھادىسىسى سۈرەت-
لەنگەچكە، ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئاساسىي
پېرسوناژلار بىلەن ئاساسلىق بولمىغان پېرسوناژلار بولىدۇ.
شۇنداقلا بۇ پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە را-
ۋاجلىنىش جەريانى بولىدۇ. ئاساسلىق بولمىغان پېرسوناژلارنىڭ-
مۇ ئۆز لايىقىدا پائالىيەت مەيدانى بولىدۇ. شۇڭا مۇنەۋۋەر روما-
لار ئۇرغۇنلىغان بەدىئىي تىپلارنى يارىتىپ، تىپىك پېرسوناژلار
كوللېكتىپىنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ. مەسىلەن، «قىزىل راۋاقتى-
كى چۈش» رومانى 400 دىن ئارتۇق پېرسوناژدىن تەركىب تاپقان
ئىنتايىن زور بىر پۈتۈن بەدىئىي گەۋدىدىن ئىبارەت بولۇپ،
ئۇنىڭ ئىچىدە بەدىئىي تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن پېرسوناژلار
20 ـ 30 دىن كەم ئەمەس.
تۆتىنچى، رومانلارنىڭ تېمىسى كۆپ ۋە خىلمۇ خىل بولىدۇ
ھەمدە بۇ جەھەتتە ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭدا
تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۇرۇشكىمۇ، بۈگۈنكى رېئال تۇر-
مۇشنى تەسۋىرلەشكىمۇ، ئىلمىي فانتازىيىنى ئاساس قىلىشقىمۇ
بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# § 3 . تىياتىر

تىياتىر ئومۇمەن تاماشىبىنلار ئالدىدا سەھنىدە ئوينىلىدىغان ئويۇنلارنىڭ ئورتاق ئاتىلىشى.

تىياتىر — ئىجتىمائىي ھاياتتىكى رېئال زىددىيەت ۋە توقۇ-نۇشلارنى سەھنىدە پېرسوناژلارنىڭ كونكرېت ھەرىكەتلىرى، دى-ئالوگلىرى ۋە مونولوگلىرى ئارقىلىق بىۋاستە ۋە جانلىق گەۋ-دىلەندۈرۈپ بېرىدىغان، ئەدەبىيات، گۈزەل- سەنئەت، ناخشا - مۇزىكا ۋە ئۇسسۇللار مۇناسىپ ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن سەھنە سەنئىتىدۇر.

## 1. تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

### 1) تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

بىرىنچى، بىۋاستىلىكى. تىياتىردىن ئىبارەت بۇ ئەينەك كىشىلىك ھاياتنى، ئىنسانلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ پەقەت سەھنىدە ئوينىلىدى-غان بىر خىل سەنئەت بولۇپ، ئارتىس، تاماشىبىن ۋە سەھنىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ. شۇڭلاشقا تىياتىر سەنئى-تىنىڭ ئوبرازى بىۋاستىلىككە ئىگە بولۇپ، ئارتىسنىڭ سەھنى-دىكى جانلىق ھەرىكىتى ۋە تىلى ئارقىلىق سەھنە ئەسىرىنىڭ ـەزمۇنى تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا روشەن گەۋدىلىنىدۇ. ئۇ ـەرگىز ئەدەبىياتنىڭ باشقا تۈرلىرىدەك ئابستراكت تىل ۋە باشقا ـەر خىل تەسۋىرىي ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئوقۇرمەنلەر-ـڭ كاللىسىدا ۋاستىلىك ھالدا ئوبراز شەكىللەندۈرمەيدۇ، بەل-ـى بىۋاستە ھالدا تاماشىبىنلارنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش سېزىمىغا يىنىپ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا جانلىق ئوبراز شەكىللەندۈرىدۇ.

ئىككىنچى، كونكرېتلىقى. تىياتىر سەنئىتىنىڭ بىۋاستى-

لىك ئالاھىدىلىكى بىلەن كونكرېتلىقى ئۆز ئارا چەمبەرچاس باغ-
لانغان بولۇپ، كونكرېتلىق پەقەت تىياتىرنىڭ بىۋاستىلىك خۇ-
سۇسىيىتى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بىۋاستىلىك بىلەن كونك-
رېتلىق تىياتىرنى كۈچلۈك تەسىرلەندۈرۈش ۋە تەربىيىلەش رو-
لىغا ئىگە قىلىدۇ، سەھنە ئوبرازلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە ئارتىس
ئۆزىنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتى، قايغۇ ۋە شادلىقى بىلەن كىشى-
لەرنىڭ تەقدىرىنى، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئارىسىدىكى زىددى-
يەت - توقۇنۇشلارنى تاماشىبىنلار ئالدىدا جانلىق گەۋدىلەندۈرى-
دۇ.

ئۈچىنچى، ئۇنىۋېرساللىقى. تىياتىر بىر خىل ئۇنىۋېرسال
سەنئەت بولۇپ، ئاساسەن سەھنىدە ئويۇن كۆرسىتىشنى مەقسەت
قىلىدۇ. تىياتىرنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە نىشانى پەقەت ئارتىسلار
ئىجراسىدا سەھنىدە تەقلىدىي ئويناش ئارقىلىق تولۇق نامايان
بولىدۇ. لېكىن بىر تىياتىرنىڭ سەھنىلەشتۈرۈلۈشى كۆپ خىل
سەنئەت شەكىللىرىنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ،
يەنى ئەدەبىيات (سەھنە ئەسىرى)، گۈزەل سەنئەت (رەسىم،
نەقىش)، مۇزىكا، ئۇسسۇل، بىناكارلىق قاتارلىق ھەر خىل سەن-
ئەت شەكىللىرى بىرلەشكەن بولىدۇ. بۇنداق كۆپ خىل سەنئەت
شەكىللىرى سەھنە ئەسىرىنىڭ باش تېمىسىنى ئىپادىلەش، سەھ-
نە ئوبرازىنى يارىتىش ئېھتىياجىغا بويسۇنىدۇ.

تۆتىنچى، كوللېكتىپچانلىقى. ئۇنىۋېرساللىق تىياتىر سەن-
ئىتىنىڭ كوللېكتىپلىق ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن،
بىر تىياتىرنى سەھنىلەشتۈرۈش ئۈچۈن دراماتورگ، رېژىسسور،
كومپوزىتور، مۇزىكانت، رەسسام، گىرىمچىك، سۈۋىتچىك،
سەھنە لايىھىلىگۈچى ۋە كىيىم لايىھىلىگۈچى قاتارلىق بىر مۇنچە
سەنئەتكارلار كوللېكتىپى قاتنىشىدۇ. دېمەك، ھەرقانداق بىر
تىياتىر يۇقىرىقىدەك سەنئەت كوللېكتىپىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى
ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بەشىنچى، تىياتىرخانا خاراكتېرى. تىياتىر سەنئىتى تىياتىرخانا خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، بۇنى تىياتىرنىڭ ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تىياتىرنىڭ تىياتىرخانا سەنئىتى دېيىشكە بولىدۇ. تىياتىرنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تىياتىرخانىنىڭ ئىچىدە كۆرىدىغان بولغانلىقىمىزدىن، ئۇ ۋاقىت ۋە تىياتىرخانا خاراكتېرىگە ئىگە. چۈنكى ھەرقانداق تىياتىرنى پەقەت نەق سورۇن، نەق ئورۇندا ئولتۇرۇپ كۆرۈپ ھوزۇرلىنىشقا ۋە سەھنىدىكى ۋەقەلىككە ئىنكاس قايتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

2) سەھنە ئەسىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئەدەبىي ئاساسى سەھنە ئەسەرلىرى ھېسابلىنىدۇ. مەلۇمكى دراماتورگلارنىڭ سەھنە ئەسىرى يېزىشتىكى مەقسىتى كىتابخانلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تاماشىبىنلارغا سەھنىدە كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا ئاپتور ئۇنى سەھنە سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە يازىدۇ. سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، دراماتىك توقۇنۇش — زىددىيەت ۋە توقۇنۇش، سەھنە ئەسەرلىرىدىكى سۇژېت راۋاجىنىڭ ئاساسىدۇر. توقۇنۇش بولمىسا سەھنە ئەسەرلىرىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى پەقەت دراماتىك توقۇنۇش ئارقىلىقلا سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ سۇژېتىنى قانات يايدۇرغىلى، پېرسوناژ خاراكتېرىنى روشەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. دەرۋەقە، ئەدەبىياتنىڭ باشقا تىپىك تۈرلىرىدىمۇ زىددىيەت — توقۇنۇش بولۇشى كېرەك. لېكىن سەھنە ئەسەرلىرىدە بۇ خىل توقۇنۇش تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە كەسكىن بولىدۇ. چۈنكى سەھنە ئەسەرلىرى ۋاقىت، ئورۇن چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، زىددىيەتلەرنى مەركەزلىك ئىپادىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، سەھنە ئەسىرىنىڭ تىلى — سەھنە ئەسىرىدە پېرسوناژ تىلى ئاساس قىلىنىدۇ. پېرسوناژ تىلى ئىخچام، مەزمۇنلۇق ھەم ئىندىۋىدۇئاللىقا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئاپتور تىلى

بولمايدۇ. سەھنە ئەسىرى پېرسوناژ تىلىدىن باشقا يەنە سەھنە چۈشەندۈرۈشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۈچىنچى، كومپوزىتسىيىلىك تۈزۈلۈشى — سەھنە ئەسىرىنىڭ كومپوزىتسىيىسى مۇكەممەل بولۇشى كېرەك. كومپوزىتسىيە سۇژىتنى بىر تەرەپ قىلىش، زىددىيەت - توقۇنۇشلارنى تەدرىجىي ئۆتكۈرلەشتۈرۈش، پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشكە ماسلاشتۇرۇلۇشى كېرەك. تىياتىر ئىپادىلىمەكچى بولغان ۋەقەنىڭ جەريانى تىياتىرنى سەھنىدە كۆرسىتىشكە كەتكەن ۋاقىتتىن كۆپ ئۇزۇن بولىدۇ. شۇڭا سەھنە ئەسىرىنى پەردە، كۆرۈنۈشلەرگە بۆلۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھەربىر پەردىدە سۇژىت راۋاجىنىڭ چوڭ بىر باسقۇچى كۆرسىتىلىدۇ. كۆرۈنۈشلەر ۋەقەنىڭ ۋاقتى، ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىپادىلەيدۇ. تىياتىردا سۇژىتنىڭ تەپسىلىي جەريانىنى سەھنىدە كۆرسىتىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن مۇھىم زىددىيەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى سەھنىگە، يەنە بىر قىسىم جەريانىنى سەھنىنىڭ سىرتىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ سۇژىتى كۆپ ھاللاردا ۋەقەنىڭ راۋاجلىنىش تەرتىپى بويىچە قانات يايىدۇ.

## 2. تىياتىرنىڭ تۈرلىرى

تىياتىر سەنئىتىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغاچقا، ئۇنى تۈرلەرگە بۆلۈشمۇ بىرقەدەر مۇرەككەپ. بىز پەقەت تارىخىي ھالدا مەزمۇن ئالاھىدىلىكى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى پەرقلەرگە ئاساسەن ماكرولۇق دراما، تراگېدىيە، كومېدىيە قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلىمىز.

1) دراما — دراما يۇنان تىياتىرلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن يېڭىچە تىياتىر بولۇپ، ئۇ ئەينى زاماننىڭ رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان.

درامىنىڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكى دىئالوگنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي

www.uyghurkitap.com

ژاستىسى قىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. قىسقىسى، درامىدا پېرسوناژلار خاراكتېرى، ۋەقەلىك تەرەققىياتى پېرسوناژلارنىڭ ئۆزئارا دىئالوگى ئارقىلىق كۆرسىتىلىدۇ. درامىنىڭ ۋەقەلىكى دەۋر ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولغان تىپىك ئىجتىمائىي تېمىلار بولۇپ، ئۇنىڭدا زىددىيەت ۋە توقۇنۇش ناھايىتى كەسكىن بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداقلا دراما تىلى ناھايىتى جانلىق، چۈشىنىشلىك، ئىخچام، مەزمۇنلۇق ۋە جەلپ قىلارلىق بولۇشى شەرت. گەرچە بەزى درامىلاردا ناخشا - مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل قاتارلىق سەنئەت ئامىللىرى بولسىمۇ، ئۇلار دراما ئۈچۈن بىردىنبىر ئاساسلىق ئامىل ئەمەس.

ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ دراما سەنئىتى شۇ مىللەت خەلقلەرنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى تىياتىرلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مىللىي تىياتىرلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر درامىسىغا ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتىن خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر درامىلىرى كۆپرەك ناخشا - مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. مەسىلەن، زۇنۇن قادىرنىڭ «غۇنچەم»، «توي»، «گۈلنىسا» قاتارلىق درامىلىرى ئەنە شۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

ناخشا بىلەن مۇزىكا بىرلەشتۈرۈلگەن تىياتىر شەكلى ئادەتتە «ئوپېرا» دەپ ئاتىلىدۇ. ياۋروپا تىياتىرچىلىقىدا ئوپېرا ئۆزىگە خاس بىر تۈر بولۇپ، ئۇنىڭدا باشتىن - ئاخىر ناخشا ۋە مۇزىكا ئاساس قىلىنىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگ ۋە مونولوگلىرىمۇ ناخشا ۋە مۇزىكا ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تىياتىرچىلىقى ئاساسىدا راۋاجلانغان ئۇيغۇر ئوپېرالىرىدا سۆز، مۇزىكا ۋە ناخشىلار بىر گەۋدىگە ئايلانغان بولۇپ، دىئالوگ بىلەن مونولوگ ئۇنىڭدىكى ناخشا، مۇزىكىغا بويسۇنغان ھالدا، ناخشا ئارىلىقىدا مۇزىكىنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى بىلەن

سۆز قىستۇرۇش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، «غېرىب - سەنەم»، «رابىئە - سەئىدىن» قاتارلىقلار ئوپېرانىڭ مۇشۇ شەكلىگە مەنسۇپ.

درامىنىڭ بۇ خىل شەكىللىرىدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ «ئۇسسۇللۇق دراما» دەپ ئاتىلىدىغان تۈرىمۇ مەۋجۇت. ئۇسسۇللۇق درامىدا ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىيات جەريانى، پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى ئاساسەن، ئارتىسنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدا يەنىلا دراما ۋەقەلىكى بولىدۇ. ئۇسسۇللۇق دراما ئارتىستىن يۈكسەك ماھارەتنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ئارتىسلار تىلسىز ھالدا پەقەت ئۇسسۇل ھەرىكىتى ئارقىلىق پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىدۇ ۋە دراماتىك توقۇنۇشلارنى ئىپادىلەپ، بەلگىلىك ئىدىيىنى ئالغا سۈرىدۇ. ئۇسسۇللۇق درامىلار «بالىت تىياتىرى» ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

دراما گەرچە تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتە يۇقىرىقىدەك بىرقانچە تۈرلەرگە بۆلۈنسىمۇ، لېكىن ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇن ماھىيىتى جەھەتتە ھامان نىسبىي ئورتاقلىققا ئىگە.

2) تراگېدىيە — گرېك تىلىدىن كىرگەن ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇنىڭدا تىياتىرنىڭ باش قەھرىمانى بەختسىزلىككە ئۇچراش، مەغلۇب بولۇپ ئۆلۈپ كېتىشتەك پاجىئە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. تراگېدىيىنىڭ باش قەھرىمانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىجابىي شەخسلەر ھەتتا قەھرىمان شەخسلەردىن بولىدۇ. تراگېدىيىدە باش قەھرىمانلار ئىزدەنگەن تەرەققىيپەرۋەر، غايە ۋە شۇ غايە يولىدىكى ھەققانىي ئىشلار كونكرېت تارىخىي شەرت - شارائىتتا قارشى تەرەپنىڭ ئۈستۈنلۈكى سەۋەبى بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇنداقلا تراگېدىيىدىكى دراماتىك توقۇنۇش ھەمىشە ئەسەردىكى ئىجابىي باش قەھرىماننىڭ مەلۇم بىر ھەققانىيەت يولىدا كۈرەش قىلىپ قۇربان بولۇش تەقدىرىگە يولۇقىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن بۇنداق «قۇربان بولۇش» نىڭ ئارقىسىدا ھەمىشە

باش قەھرىماننىڭ غەلىبىسىدىن دېرەك بېرىدىغان، كىشىنى خۇشال قىلىپ، ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىدىغان ئاكتىپ رومانتىزمىلىق غايە بولىدۇ. ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تراگېدىيە ئەكس ئەتتۈرگەن زىددىيەت - توقۇنۇشلارنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرىمۇ ئۆزگىرىدۇ. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدىمۇ ھەر خىل زىددىيەت كۆرىشى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، تۇرمۇشتا تراگېدىيە يەنىلا مەۋجۇتتۇر. شۇڭلاشقا سوتسىيالىزم شارائىتىدىمۇ تراگېدىيە يارىتىش مۇمكىن، بىراق ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنى بىلەن ئىدىيىۋى ئەھمىيىتى ئۆتمۈشتىكى تراگېدىيىدىن گەۋدىلىك ھالدا پەرقلىنىدۇ. ئاشۇ قەھرىماننىڭ ۋاقىتلىق مەغلۇب بولۇشى ۋە قىسمەن كىشىلەرنىڭ قۇربان بولۇشى پەقەتلا سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى جەريانىدىكى بىر ئەگرى - توقايلىق، شۇنىڭ ئۈچۈن تراگېدىيە يازغاندا پەقەت ئېچىنىشلىق ۋە بەختسىزلىكنىلا تەسۋىرلەش ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنى ئېچىنىشلىق تۇيغۇغا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇلارغا غەلىبە تۇغرىسىدا ئىشەنچە ۋە بېشارەت بېرىپ، ئۈمىدۋارلىق روھ بىلەن خەلقنى تەربىيىلىشىمىز كېرەك.

3) كومېدىيە — كومېدىيە ھەجۋ، مۇبالىغە ۋە مەسخىرە قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق تۇرمۇشتىكى ناچار ۋە نامۇۋاپىق ھادىسىلەرنى ھەمدە خاراكتېر جەھەتتىكى مەلۇم كەمچىلىك، نۇقسانلارنى پاش قىلىپ ۋە تەنقىدلەپ، كىشىلەرنى تازا كۈلدۈرىدۇ، كومېدىيىنىڭ يېشىمىمۇ ئادەتتە خۇشاللىق ۋە غەلىبە تەنتەنىسى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

كومېدىيە كۈلكە سەنئىتى بولۇپ، كۈلكە ئۇنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر. ئۇنىڭدا كۆپرەك ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ياكى كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەر، ۋاقىتلىق ئۇقۇشماسلىقلار تەسۋىرلىنىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ھاياتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئىپادىلەپ، كۈل-

كە. ئارقىلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەسىلەن، گوگولنىڭ «رېۋىزور» ناملىق مەشھۇر كومېدىيىسى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

كومېدىيە مەسخىرە ۋە ھەجۋ خاراكتېرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن يۇمۇرلۇق كومېدىيە ۋە ساتىرىك كومېدىيە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

يۇمۇرلۇق كومېدىيىدە «كۈلدۈرۈش» ئۇسۇلى ئارقىلىق مەلۇم خاراكتېرلىك كەمچىلىك، نۇقسانلار ياخشى نىيەتتە تەنقىدلىنىپ، كىشىلەرگە تەربىيە بېرىلىدۇ. يازغۇچى بۇنداق كومېدىيىدە ئۆزى ياراتقان پېرسوناژلىرىغا ھېسداشلىق پوزىتسىيىسى بىلەن قارايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ يارىماس قىلىقلىرىنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن مۇبالىغە قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، نورمال تۇرمۇشقا ئۇيغۇنلىشالمىغانلىقىنى گەۋدىلىك ھالدا كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ساتىرىك كومېدىيە مەلۇم ھادىسىنىڭ كۈلكىلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئۈزۈل - كېسىل ئىنكار قىلىدۇ. ئۇنىڭ چىرىك ماھىيىتىنى كەسكىن پاش قىلىدۇ. بۇنىڭدىمۇ مۇبالىغە ۋە ھەجۋ ئارقىلىق كىشىلەرنى يامان ئىللەتلەرگە قارشى كۈرەشكە چاقىرىدۇ. مەسىلەن، «ئىككى بايغا بىر مالاي»، «ئۈژمە سايىسى» قاتارلىقلار ساتىرىك كومېدىيىنىڭ ئۈلگىسىدۇر.

4) تراگېكومېدىيە — ھەم تراگېدىيىلىك ھەم كومېدىيىلىك ئامىللارغا ئىگە بولغان تىياتىر شەكلى. ئۇ ئادەتتىكى دىرامىغا يېقىنراق بولۇپ، كۆپىنچە تراگېدىيە بىلەن كومېدىيىنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ. تراگېدىيىدە ھەل بولمىغان زىددىيەتلەر تراگېكومېدىيىدە ھەل بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. تراگېكومېدىيىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، سەلبىي پېرسوناژلار بىر مەزگىل ھەددىدىن ئېشىپ، خالىغانچە زورلۇق - زومبۇلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ. لېكىن ئىجابىي پېرسوناژلار كەسكىن ئېلىشىش ئارقى-لىق ئاخىر ياۋۇزلار كۈچلەرنىڭ جاجىسىنى بېرىدۇ، يەنى تراگېـ-كومېدىيىنىڭ ئالدىنقى قىسمى تراگېدىيە، كېيىنكى قىسمى كو-مېدىيە بولۇپ، ئىجابىي پېرسوناژلار غەلىبە قىلىدۇ. مەسىلەن، «غېرىب - سەنەم» بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

## § 4 نەسىر

### 1. نەسىرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

1) نەسىر دېگەن نېمە؟

نەسىر ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ ئەركىن شەكلى بولۇپ، كەڭ مە-نىدىن ئالغاندا، نەسىر بايان خاراكتېردىكى بارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر. ئەدەبىياتتىكى نەسىر بولسا ھەم لىرىك، ھەم ئېپىك، ھەم دراماتىك ئەسەرلەرنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئەركىن، ئىخچام ئەمما جەڭگىۋار بولغان بىر خىل ئەدەبىي ژانىردۇر.

2) نەسىرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

بىرىنچى، نەسىرنىڭ ماتېرىيال تاللاش دائىرىسى كەڭ بولى-دۇ. ماتېرىيال تاللاش جەھەتتە زامان، ماكان ۋە شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭدا ئادەملەرنى يېزىشقىمۇ، ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى يېزىشقىمۇ، تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى سۈرەتلەش-كىمۇ، ھايۋاناتلار دۇنياسىنى تەسۋىرلەشكىمۇ بولىدۇ.

ئىككىنچى، نەسىر قويۇق لىرىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ۋە كۈچلۈك ئوبرازچانلىققا ئىگە. بەزى بايان نەسىرلەردە پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىلىشىمۇ مۇمكىن، لېكىن نەسىرلەردە ئاساسەن لىرىك ئوبراز يارىتىلىدۇ. پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىلغان بايان نەسىرلەردىمۇ لىرىك ھېسسىيات قويۇق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، نەسىرنىڭ كومپوزىتسىيىسى (قۇرۇلمىسى) ئەركىن ۋە جانلىق بولىدۇ. نەسىردە ئېپىك نەسىرلەردىكىدەك مۇكەممەل ۋەقەلىك بولمايدۇ. شېئىردەك مۇقىم شەكىل بولمايدۇ. تىياتىردەك دراماتىك توقۇنۇش بولۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ. نەسىردە بىردەم ئادەمنى يېزىشقا، بىردەم لىرىكىنى ئىزهار قىلىشقا، بىردەم نەرسىلەرنى تەسۋىرلەشكە ياكى ئۇلارنى كىرىشتۇرۇپ تەسۋىرلەشكە بولۇۋېرىدۇ. لېكىن نەسىردە ئېنىق بىر مەركىزىي ئىدىيە بولۇشى كېرەك.

تۆتىنچى، نەسىرنىڭ ھەجمى ئىخچام، سەھىپىسى كىچىك بولىدۇ. ئەڭ قىسقا ھېكايىلەردىنمۇ قىسقا بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا نەسىرنىڭ تىلى خۇددى شېئىرىيەت تىلىغا ئوخشاش جانلىق، يارقىن، ئوبرازلىق ۋە ئىخچام بولۇشى لازىم.

بەشىنچى، نەسىرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى خىلمۇ خىل بولىدۇ. نەسرىي ئەسەرلەر ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ، لىرىك ئەسەرلەرنىڭ جۇملىدىن مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن ئوخشاشلا پايدىلىنىدۇ.

## 2. نەسىرنىڭ تۈرلىرى

### 1) لىرىك نەسىر

لىرىك ھېسسىيات ئىپادە قىلىنغان نەسىرلەر لىرىك نەسىر دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئالغان ئىدىيىۋى تەسىراتىنى بايان قىلىش ئاساس قىلىنىدۇ. لىرىك نەسىرلەر قىسمەن بايانىي ۋەقەنى چەتكە قاقمايدۇ. لېكىن ھېس - تۇيغۇنى ئىپادىلەش ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. لىرىك نەسىرنىڭ تىلى شېئىرىي تىلغا ئوخشاش ئوبرازلىق ۋە مۇزىكىلىقققا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، گوركىينىڭ «بورانقۇش قوشىقى» لىرىك نەسىرنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

### 2) بايان (ئېپىك) نەسىر

باyan نەسىر ئادەم ھەم ۋەقەلەرنى بايان قىلىش ئاساس قى-لىنغان نەسىر بايان نەسىر دېيىلىدۇ. ئۇ بىرەر ئەھمىيەتلىك ۋەقەنى پېرسوناژلار ئارقىلىق تەسۋىرلەپ، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بايان نەسىردە مۇكەممەل ھېكايە سۇژىتى بولۇش تەلەپ قىلىنمىسىمۇ، ئەمما پېرسوناژ ئوبرازى ئارقىلىق مەلۇم ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

3) مۇھاكىمىلىك نەسىر

مەلۇم ۋەقە ياكى ھادىسىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئىجتىما-ئىي مەسىلىلەر ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشنى ئاساس قىلىدى-غان نەسرىي ئەسەرلەر مۇھاكىمىلىك نەسىر دېيىلىدۇ. ئۇنى بەدىئىي خاراكتېرلىك سىياسىي مۇھاكىمە دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدا مۇھاكىمە بىلەن بايان بىرلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ. فېلىيە-تون، ئاخبارات ئەدەبىياتى ۋە ئەدەبىي خاتىرە قاتارلىقلارمۇ مۇھا-كىمىلىك نەسىرگە كىرىدۇ.

فېلىيەتون— ھەم ئەدەبىي ھەم سىياسىي مۇھاكىمىلىك خا-راكتېرگە ئىگە، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك بولۇپ، بايان، لىرىكا، سىياسىي مۇھاكىمە قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈلگەن جانلىق، ئەر-كىن شەكىل. ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ سىياسىي خاھىشى بىۋاسىتە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ئىخچام، قىسقا بولۇپ پاكىتقا ئاساسلىنىدۇ. ساتىرىك ۋە يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئوخشىتىش، كىنايە قاتارلىق ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن، ل. مۇ-تەللىپنىڭ «ئەجەل ھودۇقۇشىدا»، «پادىشاھ ساھۇرايىلىرى ئې-غىر ھالسىرايدۇ» ناملىق فېلىيەتونلىرى ناھايىتى زور ئىجتىما-ئىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەدەبىي ئاخبارات— يازغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش ھەق-قىدىكى چۈشەنچىلىرىگە ئاساسەن، ھەقىقىي ئادەم ۋە ھەقىقىي ۋەقەلەرنى بەدىئىي ئۇسۇل ئارقىلىق توغرا ۋە تېز ۋاقىتتا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەدەبىي شەكىل ئەدەبىي ئاخبارات دەپ ئاتى-

لىدۇ. ئەدەبىي ئاخبارات بىلەن ئەدەبىياتنىڭ بىرلەشتۈ-رۈلۈشى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتور ھەم مۇخبىر، ھەم يازغۇچى بولۇشى كېرەك. ئەدەبىي ئاخباراتتا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر پارچە-پارچە ھېكايىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، باش تېما ئارقىلىق ئۆزئارا چېتىلىدۇ. مەسىلەن، ۋېي ۋېينىڭ «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز كىم» ناملىق ئەسىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

ئەدەبىي خاتىرە ۋە تەزكىرە — كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ۋەقەلەر-نى خاتىرە شەكلىدە تەسۋىرلەپ بېرىدىغان بىر خىل نەسرىي شە-كىل ئەدەبىي خاتىرە دەپ ئاتىلىدۇ. ئەدەبىي خاتىرە خىلمۇ خىل بولىدۇ. نىسبەتەن گەۋدىلىك بولغىنى ساياھەت خاتىرىسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، ت. ئېلىيۇپىنىڭ «تۈركىيىدىكى 20 كۈن»، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» قاتارلىق نەسرلىرى ساياھەت خاتىرىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

تەزكىرە ئەدەبىياتى — شەخسلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش تارىخى بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن تەسۋىرلىنىدىغان نەسرىي ئەسەردۇر. چىن-لىق تەزكىرە ئەدەبىياتىنىڭ جېنى. مۇبالىغە قىلىشقا ۋە توقۇشقا بولمايدۇ. لېكىن ئۇ ئەدەبىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن ئاپتور مۇھىم ۋە تىپىك ۋەقەلەرنى تاللاپ ئىشلىتىدۇ. زۆرۈر بولغان بەدىئىي پىششىقلاش ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەتتىكى تەرجىمىھالدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە ئەسلىمىلەر» تەزكىرە ئەدەبىياتى تۈرىگە كىرىدۇ.

## § 5. كىنو

### 1. كىنو سەنئىتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

#### 1) كىنو ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى

كىنو — لېنتىغا ئېلىنغان سۈرەت ياكى كۆرۈنۈشنى كۈچلۈك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلېكتر نۇرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېكراندا ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل يېڭى تىپتىكى ئۇنىۋېرسال سەنئەت. كىنو گرېكچە سۆز بولۇپ، «قىمىرلاش»، «مىدىرلاش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا كەشپ قىلىنغان بولۇپ، بىر ئەسىر جەريانىدا تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى.

بىرىنچى باسقۇچ — 1895 - يىلى ئەنگلىيىلىك ئاكا - ئۇكا لۇمىرلار «جانلىق فوتوگرافىيە» تېخنىكىسى ئاساسىدا تۇنجى قېتىم كىنو ئىشلىگەندىن تارتىپ، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى (1914 - 1918 - ) غىچە بولغان ئارىلىق.

ئىككىنچى باسقۇچ — تەخمىنەن 1918 - يىلىدىن 1930 - يىللىرىغىچە بولغان دەۋر. بۇ باسقۇچقا كەلگەندە كىنو ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە بولغان بىر خىل ھۈنەر - سەنئەت بولۇپ شەكىللەندى. بۇ باسقۇچتىكى كىنولارمۇ ئاۋازسىز بولۇپ، ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەش ئاساس قىلىندى.

ئۈچىنچى باسقۇچ (تەخمىنەن 1930 - 1940 يىللار) — بۇ باسقۇچ كىنو سەنئىتىنىڭ خېلى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ۋە دۇنياۋى كۆلەملىك ئومۇملىشىش دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. 1930 - يىللىرىدىن تارتىپ كىنو پلېيونكىسىغا ئاۋاز چۈشۈرۈش تېخنىكىسى بارلىققا كەلدى.

تۆتىنچى باسقۇچ — 1950 - يىلىدىن باشلاپ، دۇنيادا رەڭلىك كىنو ئىشلەش تېخنىكىسى سىناق قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى تېزلا رەڭلىك بەدىئىي ھېكايە فىلىملەر بارلىققا كەلدى.

2) كىنو سەنئىتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

بىرىنچى، ئاممىۋىلىقى — كىنو پۈتكۈل سەنئەت تۈرلىرى ئىچىدە ئاممىۋىلىقى ئەڭ كۈچلۈك بولغان بىر خىل سەنئەت ھېسابلىنىدۇ. ئالايلۇق، ئادەتتە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كىتابخانلىرى پەقەت مەلۇم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان كىشىلەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە رومانلارنىڭ سەھىپىسى

چوڭراق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى بىرنەچچە سائەت ئىچىدە ئوقۇپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ تىراژىمۇ چەكلىك بولىدۇ. كىنونى كۆرۈش سەزگۈسىگە ئىگە بارلىق كىشىلەر، ساۋاتلىق، ساۋاتسىز، قېرى - ياش، شەھەر - يېزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۆرەلەيدۇ. تىياتىر كىنوغا ئوخشاش ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن خالىغان يەرگە يۆتكەپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەھنە چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا كىنو ئاممىۋىلىقى ئەڭ كۈچلۈك، تەسىرى ئىنتايىن چوڭ سەنئەتتۇر.

ئىككىنچى، ئۇنىۋېرساللىقى — ھەرخىل سەنئەت تۈرلىرى ئىچىدە كىنونىڭ ئۇنىۋېرساللىقى كۈچلۈك بولغان بىر خىل سەنئەت. ئۇ ئەدەبىيات، تىياتىر، گۈزەل سەنئەت، مۇزىكا، ئۇسسۇل، بىناكارلىق قاتارلىق سەنئەت ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا يەنە ئۇ پەن - تېخنىكا بىلەنمۇ زىچ بىرلىشىپ كەتكەن.

ئۈچىنچى، چىنلىقى — كىنو يۇكسەك دەرىجىدىكى چىنلىققا ئىگە. چىنلىق ئەدەبىياتنىڭ جېنى. لېكىن كىنو يۇقىرى دەرىجىدىكى چىنلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ئېپىك ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋاقتى ئۇزۇن، ھەربىر ئادەم يەككە ئوقۇيدۇ. كىنو ئىككى سائەت ئىچىدىلا تۈگەيدۇ. بىرنەچچە مىڭ ئادەم بىرلا ۋاقىتتا كۆرىدۇ. ئەگەر چىنلىقتىن سەللا چەتنەپ كەتسە، بىرى سەزمىگەننى يەنە بىرى سېزىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ چىنلىقى يۇقىرى بولۇشى كېرەك.

تۆتىنچى، كىنونىڭ ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى — كىنو ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش ئىپادىلەش ۋاسىتىسى ۋە سەنئەت قانۇنىيىتىگە ئىگە. كىنودىكى ئەڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىسى «كۆرۈنۈش»تىن ئىبارەت. بىر كىنو نۇرغۇنلىغان كۆرۈنۈشلەردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ.

بەشىنچى، بەدىئىي قۇراشتۇرۇش — كىنونى بىر گەۋدىگە

www.uyghurkitap.com

ئايلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى. كىنودىكى كۆرۈنۈشلەرنى قۇراشتۇرۇش «مونتاژ» دېيىلىدۇ. ئەگەر كىنونىڭ بەدىئىي قۇراشتۇرۇشى ياخشى بولسا، زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارنى مەركەزلىك ئىپادىلىگىلى، پېرسوناژ ئوبرازىنى ياخشى ياراتقىلى بولىدۇ.

## 2. كىنو سىنارىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرى

### 1) كىنو سىنارىيىسى

كىنو سىنارىيىسى دېگەندە ئاساسەن كىنو ئەدەبىياتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ماھىيەت جەھەتتىن باشقا ئەدەبىي ژانىرلارغا ئوخشاش تىل سەنئىتى كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. ئۇ ئىشلەتمەكچى بولغان فىلىمنىڭ مەزمۇنىنى بەدىئىي تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن بىر خىل مۇستەقىل ئەدەبىي ژانىر بولۇپ، كىتابخانلارنىڭ ئوقۇشىنى تەمىن ئېتىدۇ. لېكىن سىنارىيە ئاپتورلىرى، كىنو تەسىرىنى كىتابخانلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مۇھىمى كىنوغا ئېلىش ئۈچۈن يازىدۇ. كىنو سىنارىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە كىشىلەردە بەدىئىي زوق ھاسىل قىلىشىمۇ پەقەت كىنو ئارقىلىق بولىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق كىنو سىنارىيىسى كىنو ئوبرازىنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق بولۇشى، كىنو سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

### 2) كىنو سىنارىيىسىنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرى

بىرىنچى، كىنو — ئوبرازلاشتۇرۇلغان سەنئەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئوبرازلىرى كۆرۈش سەزگۈسى ئارقىلىق يارىتىلىدۇ. شۇڭا كىنو ئوبرازىنى كۆرۈش سەزگۈسى ئوبرازى دەپ ئاتايدۇ. كۆرۈش سەزگۈسى ئوبرازىنىڭ ئالاھىدە بىر خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ كونكرېت، روشەن، جانلىق ۋە ھەرىكەتچان بولۇشى، شۇنداقلا تاماشىبىنلارنىڭ شۇ ئوبراز ئىپادىلىگەن ھەممە نەرسىلەرنى ئېكراندا ئوچۇق كۆرەلەيدىغان بولۇشىدۇر.

ئىككىنچى، كىنو سىنارىيىسىدە پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى روشەن ۋە كۈچلۈك ئىپادىلىنىشى لازىم. چۈنكى ھەرىكەت پېر-

سوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى بولۇپ، تىپىك پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ بىرقاتار كونكرېت ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، كىنودىكى پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگى ۋە مونولوگى چوڭقۇر ۋە ئىخچام بولۇشى لازىم. تىياتىر سەنئىتىدىكىگە ئوخشاش دىئالوگ ۋە مونولوگنىڭ كۆپ بولۇشى كىنونىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭا كىنودا دىئالوگ ئاز بولۇپ، ۋەقەلىك ھەرىكەت ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ. شۇڭا دىئالوگ ئاز ھەم ساز بولۇشى كېرەك.

تۆتىنچى، كىنو سىنارىيىسىدە كومپوزىتسىيىنىڭ ئىخچام بولۇشى بىلەن سۇژېتنىڭ مۇكەممەل بولۇشىغا دىققەت قىلىش لازىم. كىنو ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن، پېرسوناژ، ۋەقەلىكلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش لازىم. باش ـ ئاخىرىنى ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق سۇژېت تۈزۈلۈشىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. بولۇپمۇ كىنونىڭ باشلىنىشى يېڭىچە ۋە ئالاھىدە بولۇش، يېشىمى تەبىئىي بولۇشى كېرەك.

## مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. ئەدەبىياتنى تۈر ۋە ژانىرلارغا بۆلۈشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟
2. شېئىر دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى قانداق؟
3. شېئىرلار مەزمۇن خاراكتېرىگە ئاساسەن نەچچىگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟ ھەرقايسىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بايان قىلىڭ؟
4. بارماق ۋەزنىلىك شېئىر دېگەن نېمە؟ ئارۇز ۋەزنىلىك شېئىر دېگەنچۇ؟ بۇ ئىككىسىنىڭ ئاساسىي پەرقى قەيەردە؟
5. چاچما شېئىر دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بايان قىلىڭ؟

6. نەسرىي شېئىر قانداق بولىدۇ؟
8. پروزا دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى قانداق بو-
لىدۇ؟
9. پروزا نەچچىگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟ ھەر قايسى-
سىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى بايان قىلىڭ؟
10. تىياتىر سەنئىتى قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟
11. سەھنە ئەسىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى قانداق؟
12. تىياتىر قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟ ھەرقايسى-
سىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى بايان قىلىڭ؟
13. نەسىر دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ توپ خۇسۇسىيەتلىرىنى
بايان قىلىڭ؟
14. نەسىر قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟ ھەرقايسى-
سىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىڭ؟
15. كىنو ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى قانداق باسقۇچلارنى بېسىپ
ئۆتكەن؟
16. كىنو سەنئىتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى قانداق بولىدۇ؟
17. كىنو سىنارىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرى نېمە-
لەردىن ئىبارەت؟

# VII باب

## ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانى

خەلق ئاممىسىغا ئەڭ كېرەكلىك ئىجتىمائىي رولى ۋە بەدىئىي قىممىتى ئەبەدىيلىككە ئىگە نادىر ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى نادىر ئەسەرلەر ۋاقىت سىناقلىرىدىن ئۆتكەن، كلاسسىك مەدەنىيەت خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان، شۇنىڭ بىلەن مىللەتنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقىغا ئايلانغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا يازغۇچىلارنىڭ تىرىشىپ نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. لېكىن خەلققە ئەڭ كېرەكلىك بولغان نادىر ئەسەرلەر ئاسانلىقچە ياكى تاسادىپىي مەيدانغا كېلىپ قالمايدۇ، بەلكى نادىر ئەدەبىي ئەسەرلەر يازغۇچىنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدىكى كەڭلىككە، چوڭقۇرلۇققا، ئىنچىكىلىككە ئىگە ئىجادىيەت جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈشى، يۈكسەك ئىجتىمائىي قىزغىنلىق، مىللىي مەسئۇلىيەت ۋە بەدىئىي تەپەككۇر، بەدىئىي دىت ۋە بەدىئىي ماھارەت بىلەن كۈچىنىپ ئىشلىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈمى، بەدىئىي قىممىتى ۋە ئەبەدىي تەسىرى بار ئەسەرلەر جەمئىيەتتە، تەبىئەتتە ۋە مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت بولغان، ئەمما يازغۇچىنىڭ مېڭىسىنىڭ سىرتىدا تۇرغان نەرسىلەرنىڭ، ئوقۇم ـ چۈشەنچىلەرنىڭ يازغۇچىنىڭ مېڭىسىگە كىرىپ ئۆزگىرىش، ئىنكاس قىلىنىش ھالىتى — ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئىبارەت «بىرىنچى تەبىئەت» نىڭ بەدىئىي ئوبرازدىن ئىبارەت «ئىككىنچى تەبىئەت» كە ئايلىـ

www.uyghurkitap.com

ىنىش جەريانىنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىي
ئىجادىيەت جەريانى — مۇرەككەپ، ئىنچىكە ۋە مۇشەققەتلىك
مەنىۋى ئەمگەك جەريانىدۇر. ھەربىر ئەسەر، بولۇپمۇ نادىر ئەـ
سەر يازغۇچىدىن ئىبارەت تىل سەنئەتكارىنىڭ مۇشۇنداق ئەدەبىي
ـ مەنىۋى ئىجادىيەت جەريانىدىكى تەر بىلەن قېنى ئېقىپ تۇرغان
ئەمگىكى ئارقىلىق پۈتۈپ چىقىدۇ. روسىيە كلاسسىك ئەدەبىياتىـ
نىڭ ۋە پەلسەپىسىنىڭ پېشۋاسى چېرنىشۋىسكىينىڭ ئىجتىمائىي
تۇرمۇشنى «بىرىنچى تەبىئەت» نىڭ بەدىئىي ئىپادىلىنىشى ۋە
ئىنكاسى بولغان ئەدەبىي ئەسەرنى «ئىككىنچى تەبىئەت» دەپ
ئاتىشىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل شۇ يەردە.

دېمەك، ئەدەبىيات يازغۇچىنىڭ رېئاللىقنى ئېستېتىك ئىنـ
كاس قىلىشى بولۇپ، ئۇ رېئاللىقنىڭ بىر خىل سۇبيېكتىپلىشىـ
شى، كۆپ خىللىشىشى ۋە ئادەملىشىشى ئارقىلىق ئىنكاس قىلىـ
نىشىدۇر، شۇ سەۋەبتىن ئەدەبىيات ئەمگىكى ناھايىتى مۇرەككەپ
روھىي ئەمگەك جەريانى. مۇشۇنداق ئىجادىيەت جەريانى گويا پىلە
قۇرۇتىنىڭ مەشۇت چىقارغىنىغا ئوخشايدىغان نازۇك مەنىۋى
مەشغۇلاتتىۇر. شۇڭا ھەرقايسى مىللەت يازغۇچىلىرى بىرىنچىـ
دىن، ئالدى بىلەن ئۆزلىرىدە ئىجادىيەتنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىنى
تولۇق ھازىرلىشى، ئىككىنچىدىن، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ پۈتـ
كۈل جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، بۇ جەرياندىكى بەدىئىي مەشـ
غۇلاتلارنى نەتىجىلىك تاماملىشى، ئۈچىنچىدىن، ئەسەر ئورىگىـ
ناللىرى ئۈستىدە تۈزىتىش، چىقىرىۋېتىش، تولۇقلاشتىن ئىباـ
رەت قايتا ئىشلەش ئىشىنى ئەستايىدىللىق بىلەن بېجىرىشى
لازىم.

## § 1 . ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ زۆرۈر شەرتلىرى

### 1 . ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئۇنىڭ سۇبيېكتى بىلەن ئوبيېكتى

ئەدەبىي ئىجادىيەت ئالاھىدە بىر خىل پائالىيەت ھادىسىسى.

ئەدەبىي ئىجادىيەت دېگەن نېمە؟ ئەدەبىي ئىجادىيەت — ئادەمنىڭ بىر خىل ئالاھىدە مەنىۋى پائالىيىتى ۋە ئاڭ پائالىيىتىدىن ئىبارەت ئەمگەك جەريانى. بىر تەرەپتىن مەنىۋى پائالىيەت بىلەن ئاڭ پائالىيىتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئىككى خىل پائالىيەت ھەم ئىجادىيەت سۇبيېكتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ھەم ئىجادىيەت ئوبيېكتى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئېستېتىك (گۈزەللىك) قىممىتىگە ئىگە بولغان مەنىۋى پائالىيەت بىلەن ئاڭ پائالىيىتى، مەيلى ئىجادىيەت جەريانى، شۇنداقلا مەيلى ئىجادىيەت جەريانىدا ئىشلەۋاتقان يازغۇچىنىڭ پسىخىكىلىق ھەرىكىتى بىلەن تەپەككۇر شەكلى قاتارلىقلاردا بولسۇن، بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا ئالاھىدە پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت — يازغۇچىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى، ئۇنىڭ (يازغۇچىنىڭ) مۇستەقىل ئىجادىيەت خاسلىقىنىڭ نامايان بولۇشىدۇر.

ئەدەبىي ئىجادىيەت — ئىنسانلارنىڭ بىر خىل ئىجادىيەت پائالىيىتى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ باشقا ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىگە ئوخشاش مۇنداق ئىككى شەرتنى ھازىرلىشى كېرەك. بىرى، ئىجادىيەت سۇبيېكتى، يەنە بىرى، ئىجادىيەت ئوبيېكتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىنسانلارنىڭ بىر خىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالاھىدە مەنىۋى ئىجادىيەت پائالىيىتى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىجادىيەت سۇبيېكتى بىلەن ئىجادىيەت ئوبيېكتى ئوتتۇرىسىدا مۇستەھكەم باغلىنىش قانۇنىيىتى مەۋجۇت. پەقەت ئىجادىيەت سۇبيېكتى بىلەن ئىجادىيەت ئوبيېكتى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش قانۇنىيىتى بولغاندىلا، ئاندىن ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

ئۇنداقتا، ئىجادىيەت سۇبيېكتى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادنيەت بىلەن بولغان باغلىنىشلىق قانۇنىيىتى قانداق بولىدۇ؟

ئىجادىيەت سۇبيېكتى دېگىنىمىز — دەل يازغۇچىنىڭ ئۆزى. يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرى پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، بەلگىلىك ژانىر – تۈردىكى ھەم بەلگىلىك ھەجىمدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان يازغۇچى — ئىجادىيەت سۇبيېكتى دەپ ئاتىلىدۇ. يازغۇچىدىن ئىبارەت ئىجادىيەت سۇبيېكتىنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بولىدۇ. بۇ قانۇنىيەت تەشەببۇسكارلىق بىلەن پائالىيەتچانلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ يەردىكى يازغۇچىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن پائالىيەتچانلىقى ئۇ ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ تارىخىي شارائىتى بىلەن جەمئىيەتنىڭ تىزگىنلىشىدە بولىدۇ. يازغۇچى مۇشۇ شارائىت ۋە كونتروللۇق ئىچىدە ئۆز تۇرمۇشىنى، تەجرىبىسىنى، ئىدىيىسىنى، ھېسسىياتىنى، قابىلىيىتىنى ۋە ئېستېتىك ئىقتىدارىنى نامايان قىلالايدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ XI ئەسىردە، ئىسلام – ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى بولغان قاراخانىيلار دەۋرىدە ياشىغان ۋە مۇشۇ دەۋردە «قۇتادغۇبىلىك» نى ئىجاد قىلغان. گەرچە ئۇ داستانىدا «ئادىل پادىشاھلىق» غايىسىنى، جەمئىيەتنى ۋە دۆلەتنى بىلىملىكلەر ئىدارە قىلىش ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پەلسەپە ۋە ئەدەبىياتتا ئۇلۇغ بۇرۇلۇش ياسىغان بولسىمۇ، لېكىن داستاندا ئىسلام دىنىغا خاس چۈشەنچىلەرمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ل. تولستوي ئۆز ئەسەرلىرىدە مۇستەبىت چارپادىشاھنى ۋە چار پادىشاھ دەۋرىنى چوڭقۇر

پاش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەمدىلا يېمىرىلىشكە باشلىغان يانچىلىق تۈزۈم دەۋرى بىلەن 1905 - يىلى باشلانغان ئىشچىلار ھەرىكىتى دەۋرى ئارىلىقىدا ياشىغاچقا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە «زورلۇق بىلەن قارشى تۇرماسلىق» ئىدىيىسى ئىپادىلەندى.

ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ پۈتكۈل جەريانى مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە ھەرىكەت جەريانى بولۇپ، ھەربىر يازغۇچىدا شۇ يازغۇچىغا خاس ئەھۋال مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئىجادىيەت ھەرىكەت شەكلىنى مۇنداق ئۈچ خىلغا بۆلۈش مۇمكىن. بىرى، تاشقى قاتلام ھەرىكىتى، بۇ يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئوبيېكتىنى بايقاپ بېكىتىش جەريانىدىكى ھەرىكەت. يەنە بىرى، ئىچكى قاتلام ھەرىكىتى، بۇ يازغۇچىنىڭ پىسخىك دۇنياسىنىڭ ھەرىكىتى. ئۈچىنچى بىرى، يېقىن قاتلام ھەرىكىتى، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ كۆزدىكى ھەرىكەت ۋە يازغۇچى ھالىتىنىڭ ھەرىكىتى.

ئومۇمەن، ئەدەبىي ئىجادىيەت سۇبيېكتى بولغان يازغۇچى مەلۇم دەۋر شارائىتى بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى كونتروللۇقىدىكى تەشەببۇسكارلىقى ۋە پائالىيەتچانلىقى ئارقىلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، تۇرمۇش بىلىمى ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقىتىدۇ. مۇكەممەل تەربىيىلەنگەن، تۇرمۇش بىلىمى، تەجرىبىسى، ھېسسىياتى مول، ئېستېتىك ۋە پىسخىكىلىق ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان ئىجادىيەت سۇبيېكتى — يازغۇچى بولماي تۇرۇپ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتىنى كەڭ، چوڭقۇر ۋە ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرغىلى بولمايدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بولۇشى ئۇنىڭ ئۈنۈملۈك قانات يېيىشى ئۈچۈن يەنە بىر ئامىل بولۇشى شەرت. ئۇ بولسىمۇ ئىجادىيەت ئوبيېكتى. ئۇنداقتا ئىجادىيەت ئوبيېكتى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ؟

كۆرۈنۈشتىن قارىغاندا، ئىجادىيەت ئوبيېكتى — تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىچىدىكى ئوبيېكتىپ

ۋەقە ـ ھادىسىلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇلار ئىجادىيەت ئوبيېكتىنىڭ ماھىيەتلىك قانۇنىيىتى بولالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىجادىيەت ئوبيېكتى ئىجادىيەتكە كىرىشكەن ئىجادىيەت سۇبيېكتىنىڭ (يازغۇچىنىڭ) ئەمەلىيىتى بىلەن پائالىيەت دائىرىسى ۋە بۇلار بىلەن يازغۇچى يارانتقان ئوبيېكت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئوبيېكتىپ تەرەپلەردىن ئىبارەت. يەنى ئىجادىيەت ئوبيېكتى يازغۇچىنىڭ ئەمەلىيەت ۋە پائالىيەت دائىرىسى، شۇنداقلا مۇشۇ دائىرە ئىچىدە ياتمىغان ئوبيېكتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەلگىلەردىن ئىبارەتتۇر.

ئىجادىيەت ئوبيېكتىمۇ قانۇنىيەتلىك بولىدۇ. ئىجادىيەت ئوبيېكتى بىرىنچىدىن، بەلگىلىك تارىخىي شارائىت بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئايرىلغان ھالدا مەۋجۇت بولالمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىجادىيەت سۇبيېكتىدىن ئايرىلغان ھالدا مەۋجۇت بولالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىجادىيەت ئوبيېكتى مول مەزمۇنغا ئىگە بولغان ئامىلدۇر. تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى ۋە كىشىلىك دۇنيادىكى ھەر خىل ۋەقە ـ ھادىسە كۆرۈنۈشلىرى دېگۈدەك ئىجادىيەت ئوبيېكتىنىڭ مەزمۇنلىرى بولالايدۇ.

لېكىن، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى بارلىق قانۇنىيەتلىك مەۋجۇت نەرسە ـ شەيئىلەر ئىچىدە، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تۈپلۈك ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىسى بولغان ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەنبەسى، ئەدەبىي ئەسەر بىر خىل ئوبرازلىق ئىنكاس قىلىنىشتۇر.

ئەدەبىي ئىجادىيەت بىر خىل مەنىۋى تۇرمۇش. ئۇ ھامان ماددىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ تىزگىنلىشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەلگىلىنىشى بىلەن مەۋجۇت بولىدۇ. شۇڭا ئامېرىكا ئەدەبىي تەنقىدچىسى م. ئابرامىس ئۆزىنىڭ «كۆز ۋە نۇر» ناملىق ئەسىرىدە ھەرقانداق بىر سەنئەت ئەسىرىدە مۇنداق تۆت

ئامىلنىڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى. بۇ تۆت خىل ئامىلنىڭ فورمۇلىسى مۇنداق:

دۇنيا

ئەسەر

زوقلانغۇچى سەنئەتكار

ئىجادىيەت سۇبيېكتى بىلەن ئىجادىيەت ئوبيېكتى هامان مۇستەھكەم بىر گەۋدە سۈپىتىدە ئۆزئارا يېقىن مۇناسىۋەتلىك.

ئىجادىيەت سۇبيېكتى بىلەن ئىجادىيەت ئوبيېكتىنىڭ بىرلىكى مۇنۇ ئىككى تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرى، ئىجادىيەت سۇبيېكتىنىڭ ئېستېتىك پسىخىكىسى بىلەن ئىجادىيەت ئوبيېكتىنىڭ ئېستېتىك خۇسۇسىيەتلىرى بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ.

يەنە بىرى، ئىجادىيەت سۇبيېكتىنىڭ ئېستېتىك ئىزدىنىشى بىلەن ئىجاد قىلىنغان بەدىئىي ئوبراز بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ.

خۇلاسە شۇكى، ھەرقانداق بىر تارىخىي دەۋردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئىجادىيەت سۇبيېكتى بىلەن ئىجادىيەت ئوبيېكتى تەڭلا مەۋجۇت بولۇشى لازىم. بۇ ئىككىسى بىرلىككە ئىگە بولۇشى، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىشى زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

## 2. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ زۆرۈر شەرتلىرى

ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ كەڭ، چوڭقۇر، ئۈنۈملۈك قانات يېيىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىجادىيەت سۇبيېكتى بولغان يازغۇچى ئۆزىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىنى هازىرلىشى كېرەك. يازغۇچى هازىرلايدىغان ئىجادىيەت شەرتلىرى ئەمەلىيەتتە، يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك ۋە پسىخىك خىسلىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇن-

داقتا، ئىجادىيەت سوبيېكتى بولمىش يازغۇچى رەسمىي ئىجادى-يەتكە كىرىشتىن ئىلگىرى قايسى زۆرۈر شەرتلەرنى ھازىرلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ؟ يازغۇچى ھازىرلاشقا تېگىشلىك زۆرۈر شەرتلەر مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك:

1. پۇختا تۇرمۇش ئاساسى، مول ئەمەلىي تەجرىبە، كەڭ بىلىم جۇغلانمىسى.

ئىجتىمائىي تۇرمۇش — ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ بىرىكمىسى. ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى ھەر خىل ۋەقە - ھادىسىلەرنى، پېرسوناژلارنى، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي شارائىتلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، يەنە ئىجتىمائىي ئاڭنى، جەمئىيەت پسىخىكىسىنى، مىللىي خاراكتېرنى ۋە ھېسسىياتنى، دەۋر ۋەزىيىتى بىلەن تارىخىي كۆرۈنۈشلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىجادىيەت ئوبيېكتى سۈپىتىدە ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ يارىلىش مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ بىر قانۇنىيەت، بۇ قانۇنىيەتنى ئىنكاس نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرگەندە، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىنكاس قىلىنغۇچى تەرەپ بولۇپ بىرلەمچى ئورۇندا، ئەدەبىي ئەسەر ئىنكاس قىلغۇچى تەرەپ بولۇپ ئىككىلەمچى ئورۇندا تۇرىدۇ. يەنە بۇ قانۇنىيەتنى چىنلىق ۋە بەدىئىي چىنلىق نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرگەندە، چىنلىق ئەدەبىياتنىڭ جېنى، بەدىئىي چىنلىق ئۇنىڭ تۈپكى پرىنسىپى. ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋەقە - ھادىسىلىرى تەبىئىي ھالەتلىك چىنلىق، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتكەن چىنلىق — سەنئەت ۋە ئېستېتىكا قانۇنىيىتى ۋە پرىنسىپى بويىچە يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن، تىپىكلەشكەن بەدى-ئىي چىنلىقتۇر. كىشىلىك جەمئىيەت ۋە تەبىئەتتىكى تەبىئىي چىنلىق — بەدىئىي چىنلىقنىڭ كېلىش مەنبەسى.

دېمەك، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمگىكىنىڭ ئوبيېكتى ئىنسانى-يەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل

ئىجتىمائىي تۇرمۇش. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بۇ ئوبيېكتىپ قانۇ-
نىيىتى يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشتىن بۇرۇنقى بىر
مۇھىم شەرتىنى پۇختا تۇرمۇش ئاساسىغا، مول ئەمەلىي تەجرى-
بىگە، كەڭ بىلىم جۇغلانمىسىغا ئىگە بولۇشنى بەلگىلىگەن.
يازغۇچى ئىجادىيەتنىڭ بۇ زۆرۈر شەرتىنى تولۇق ھازىرلىمىسا
ياخشى ئەسەرلەرنى، بولۇپمۇ نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلالمايدۇ.

ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۈيۈك ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» نى ئىجاد قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىر قانچە يىل يۇرتمۇ يۇرت ئايلىنىپ كېرەكلىك بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ماتېرىياللارغا ئىگە بولۇپ، پۇختا تۇرمۇش ئاساسىنى، كەڭ تۇرمۇش تەجرىبىسىنى ۋە كەڭ بىلىم جۇغلانمىسىنى ھاسىل قىلغان. شۇنداقلا ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى، ئومۇمىي سىياسىتى، ھاۋا، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ھادىسىلىرى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ئاڭ، قىممەت قارىشى ھەققىدە ئىشەنچلىك پاكىتلارغا، چۈشەنچىگە ۋە قاراشقا ئىگە بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقالىغان.

ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىدىن ئا. ئۆتكۈر بىلەن ئايشەم ئەخمەدى خەلق قەھرىمانى خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا XX ئەسىرنىڭ 20 ـ 30 ـ يىللىرىدا ئېلىپ بېرىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى تېما قىلىپ «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» ۋە «ئۈچمەس ئىزلار» قاتارلىق رومانلارنى يازدى. ئۇلار رومانىنى رەسمىي يېزىشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت جەريانىغا كىرىشىشتىن بۇرۇن، خوجىنىياز ھاجىنىڭ يۇرت ـ مەھەللىلىرىنى، قوزغىلاڭ باشلانغان، ئۇلغايغان ۋە قانات يايغان يۇرت ـ ماكانلارنى ئارىلاپ، ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈپ ئېلىپ بېرىپ، پۇختا تۇرمۇش ئاساسىغا، بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك مول تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ۋە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي بىلىملەرگە ئىگە بولدى. بۇ خىل ئاساسلار بۇ ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يازغۇچىنىڭ رومانلىرىغا يۈكسەك چىنلىق، ھەقىقىيلىق ۋە ئەبەدىي تەسىرلىك بەخش ئەتتى.

يۇقىرىدىكى پاكىت مىساللىرى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، يازغۇچىدا مۇئەييەن تۇرمۇش ئاساسى، ئەمەلىي تەجرىبە ۋە كەڭ بىلىم جۇغلانمىسىدىن ئىبارەت شەرتلەر ھازىرلانغاندا، ئۇ ياخشى، نادىر ئەسەرلەرنى يارىتالايدۇ. نېمە ئۈچۈن يازغۇچىدا بۇ شەرت ھازىرلىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ؟ بىرىنچىدىن، تۇرمۇش — ئەدەبىياتنىڭ تەسۋىرلەش ۋە ئىپادىلەش ئوبيېكتى، ئەدەبىياتنىڭ بارلىق ماتېرىيالى دېگۈدەك تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. بۇ يازغۇچىنىڭ پۇختا تۇرمۇش ئاساسىغا ئىگە بولۇشىنى بەلگىلىگەن. ئىككىنچىدىن، ئەدەبىياتنىڭ جېنى چىنلىق، شۇنداقلا گۈزەللىكنى بايقاش، گۈزەللىكنى ئىپادىلەش، ئېستېتىك تەربىيىنىڭ رولىنى جارى قىلىشتىن ئىبارەت. ئەدەبىياتتا ئىپادىلەنگەن بارلىق گۈزەللىك خىسلەتلىرىمۇ تۇرمۇشتىكى گۈزەللىكلەردىن كەلگەن. بۇ قانۇنىيەتمۇ يازغۇچىنىڭ مول تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇشىنى بەلگىلىگەن. ئۈچىنچىدىن، يازغۇچى تۇرمۇش تەسۋىرى ئارقىلىق رېئال دۇنيانى ئىپادىلىگەندە، يازغۇچى - سەنئەتكارنىڭ پسىخىكىلىق دۇنياسىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلۈۋاتقان نازۇك پسىخىك دۇنيامۇ ماھىيەتتە رېئال كىشىلىك ھاياتنىڭ (ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ) بىر قىسمى، ئەلۋەتتە. بۇ يازغۇچىنىڭ كەڭ بىلىمگە ئىگە بولۇشى ئارقىلىق باي تەسەۋۋۇرغا، چوڭقۇر ئىدىيىگە، ئۆتكۈر غايىگە ئېرىشىشىنى بەلگىلىگەن.

يازغۇچى پۇختا تۇرمۇش ئاساسىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

بىرىنچى، تۇرمۇشنى، تۇرمۇشنىڭ كەڭلىك، موللۇق، چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىشى ۋە چۈشىنىپ يېتىشى كېرەك. چۈنكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش

كەڭ، رەڭدار، مول ۋە چوڭقۇر، بۇ جەھەتتە تۇرمۇش چەكسىز-لىككە ئىگە. يازغۇچى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، ئۇنىڭ كەڭ-لىكى، رەڭدارلىقى، موللۇقى، چوڭقۇرلۇقى دەرىجىسىدىن بە-لىپ يەتكەندىلا، ئاندىن ئۆزى يازماقچى بولغان ئەسەر ئۈچۈن پۇختا تۇرمۇش ئاساسىغا ئىگە بولالايدۇ.

ئىككىنچى، يازغۇچى ئۆزى تەسۋىرلەپ ئەكس ئەتتۈرىدىغان تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈشى، مۇشۇ تۇرمۇشقا نىسبەتەن «قىز-غىنلىق بىلەن بېرىلىپ كېتىش» پوزىتسىيىدە بولۇشى كېرەك. چۈنكى يازغۇچى ئالدى بىلەن ئۆزى تېماتىك مەزمۇن قىلماقچى بولغان بەلگىلىك تۇرمۇش ھادىسىسىنى «قىزغىنلىق بىلەن بېرى-لىپ كېتىش» پوزىتسىيىدە تۇرۇپ سۆيگەندە، ئاندىن ئۇ مول، پۇختا تۇرمۇش ئاساسىغا ئىگە بولالايدۇ. ئۈچىنچى، يازغۇچى تۇرمۇشنى كۆزەتكەندە، دىققىتىنى تۇرمۇشنىڭ مەلۇم تەرىپىگە ياكى مەلۇم نۇقتىسىغا قارىتىشى زۆرۈر. مۇشۇنداق قىلىش، يازغۇچىنى مول تۇرمۇش ئاساسىغا ئىگە قىلىدۇ.

يازغۇچى بولۇشنىڭ بىر مۇھىم شەرتى — بىلىملىك بو-لۇش. كەڭ بىلىم جۇغلانمىسى — يازغۇچىغا ئۆتكۈر ئەقلىي تەپەككۇر، ئوبرازلىق تەپەككۇر، مول تەسەۋۋۇر، ماھارەت ۋە بەدىئىي تېخنىكا بەخش ئېتىدۇ. ئەدەبىيات تارىخىغا نەزەر سال-ساق، نۇرغۇن مەشھۇر نادىر ئەسەرلەر بىلىم قۇرۇلمىسى كەڭ ۋە مۇرەككەپ، ئەقلىي تەپەككۇرى بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇرى تىرەن، بەدىئىي دىت، بەدىئىي ماھارەت ۋە تېخنىكىسى يۇقىرى يازغۇچىلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. ئىسخىل، سوفوكىل، دانتى، سېرۋانتىس، شېكىسپېر، گىيۇتى، بالزاك، تولستوي، ئا. س. پۇشكىن، گوركىي، لۇشۈن، گومورو، ماۋدۇنلارنىڭ شۇنداقلا فارابى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، نەۋا-ئى، سەبۇرى، نىزارى، نازىمى، ل. مۇتەللىپ، تەۋپىق، ز. قادىرى، ت. ئېلىيۇپ، ئا. ئۆتكۈر، ق. تۇردى ۋە ز. سابىرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلالىشى، ئۇلارنىڭ بىلىملىك يازغۇچى ـ سەنئەتكار ئىكەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

يازغۇچى ئۈچۈن كەڭ بىلىم جۇغلانمىسىغا ئىگە بولۇشنىڭ مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئەھمىيىتى بار: (1) يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشنى كەڭ دائىرىدە ئىگىلىشىگە مەنىۋى تۈرتكە بولىدۇ. (2) يازغۇچىنىڭ ئادەملەرنى ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت، تارىخ، ئەخلاق، پسىخىكا، ئېستېتىك نۇقتىدىن، شۇنداقلا كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ چىنلىق دەرىجىسى جەھەتتىن تونۇپ چۈشىنىشكە، ئادەملەرنى ستېرېئولۇق ھالدا ئىپادىلىشىگە، بۇنىڭ بىلەن ئادەملىك ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئىگىلىۋېلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. (3) يازغۇچىنىڭ ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى بايقاپ ئېلىشقا، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى زىددىيەت ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا، بۇنىڭ بىلەن ئوبراز سىستېمىسىنى مەنتىقىلىق تۇرغۇزۇپ، چىن ـ ھەقىقىي، تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازنى يارىتىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

كەڭ بىلىم جۇغلانمىسى — ئەدەبىي بىلىم، تۇرمۇش بىلىمى ۋە ئۇنىۋېرسال بىلىمدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا بىرىنچىدىن، يازغۇچى بىلەن يۇقىرى كەسپىي قىزغىنلىق بىلەن بېرىلىپ ئۆگىنىپ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىلمىگە ئائىت مول بىلىملەرنى، ئىلمىي ئۇچۇرلارنى ئۆگىنىشى، ئىگىلىشى لازىم. چۈنكى يازغۇچىدا مول ئەدەبىي بىلىم جۇغلانمىسى بولغاندىلا ئاندىن ئۇ ئىجادىيەتتە كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئىككىنچىدىن، يازغۇچى ئامالىنىڭ بارىچە، ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن بىلىملىرى بىلەن تۇرمۇش بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە، بۇ بىلىملەر ھەققىدە ماھىيەتلىك ساۋاتقا ئىگە بولۇشى كېرەك. چۈنكى يازغۇچىدا ئۇنىۋېرسال بىلىم جۇغلانمىسى بولغاندىلا ئاندىن ئۇ رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تېخىمۇ ئەتراپ-

لىق، چوڭقۇر ۋە ئىلمىي هالدا چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ ۋە چەكسىز كىشىلىك تۇرمۇش دۇنياسىدىن ئۆز ئىجادىيىتى ئۈچۈن كېرەكلىك ماتېرىيال پاكىتلىرىغا (دېتاللارغا) ئېرىشەلەيدۇ.

### 2. توغرا دۇنيا قاراش، ئېستېتىك قاراش ۋە سەنئەت قارىشى بولۇش

تارىختىكى ئۇلۇغ كلاسسىك يازغۇچىلار ئالدى بىلەن ئۆز زامانىسىدىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلار ئىدى. ئۇلار قان - تەرى بىلەن يازغان ئەسەرلىرىدە يۈكسەك غايىنى، پەلسەپىۋى هېكمەتلەرنى ئىپادىلىگەن، خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئىرادىسىنى، مەدەنىيەت ئېڭىنى، قىممەت قارىشىنى ئىپادىلىگەن. ئۇلار ئەدەبىي ئىجادىيەتتە هەم ئىدىيىۋىلىك هەم بەدىئىيلىك، هەم ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە قىممەت جەهەتتە، هەم بەدىئىي ئۈنۈم ۋە قىممەت جەهەتتە ئاجايىپ كاتتا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئالايلى، ئۇيغۇر كلاسسىك مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخىدىكى جۇۋا خېنىم، كاماراجىۋا، سوجىۋا، پىرخۇيلان، فارابى، يۈسۈپ خاس هاجىپ، م. قەشقىرى، ئەهمەد يۈكنەكى، نەۋائى، ئاتائى، لۇتپى، نىزارى قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى يېتىلگەن مۇتەپەككۇرلار ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە كىرگەن خەلقلەرنىڭ هەرقايسى دەۋردىكى پەلسەپىۋى، ئەخلاقى، ئىجتىمائىي، دىنىي ۋە مەدەنىيەت قاراشلىرى، غايىلىرى ۋە ئىرادىلىرى ئىپادىلەنگەن.

هەرقايسى ئەل ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەتتە ئاجايىپ نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىدىكى مۇهىم سەۋەب - شەرت ئامىللىرىنىڭ بىرى دەل ئۇلارنىڭ توغرا بولغان دۇنيا قاراشقا، ئېستېتىك قاراشقا ۋە سەنئەت قارىشىغا ئىگە بولغانلىقىدۇر.

ئۇلۇغ شائىر يۈسۈپ خاس هاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«شائىرلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بابىدا» مۇنداق يازىدۇ:

4392 كېلۇر ئەمدى شائىر بۇ سۆز تەرگۈچى،
كىشىلەرنى ماختاپ ۋە ھەم سۆككۈچى.
4393 قىلىچتىن ئىتتىكرەك بۇلارنىڭ تىلى،
قىلدىنمۇ نازۇكراق تەپەككۇر يولى.

جۇڭگونىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى لۇشۈنمۇ: «ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەلقنىڭ روھى چاچقان ئوت يالقۇنى، شۇنداقلا خەلق روھىنى يېتەكلەيدىغان ئىستىقبال چىرىغىنىڭ نۇرى» دېگەنىدى.

بۇ ھېكمەتلەر ئىجادىيەتنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى يازغۇچىلاردا توغرا دۇنيا قاراش، ئېستېتىك قاراش ۋە سەنئەت قارىشىنىڭ بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

دۇنيا قاراش — كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت دۇنياسىغا قارىتا ئومۇمىي قارىشى ۋە نۇقتىئىنەزەرىنىڭ يىغىندىسى. دۇنيا قاراش كىشىلەرنىڭ تەبىئەتكە، جەمئىيەتكە ۋە پۈتكۈل ئالەمگە بولغان پوزىتسىيىسىنى بەلگىلەش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. دۇنيا قاراش بىرىنچىدىن، نىسبىي ئۆزگىرىشچانلىقتا ۋە نىسبىي مۇقىملىقتا ئىگە مەنىۋى ھادىسە. ئىككىنچىدىن، تارىخىيلىقتا، (سىنىپلار مەۋجۇت جەمئىيەتتە) سىنىپىيلىقتا ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىجتىمائىي ھادىسە. ئۈچىنچىدىن، روشەن دەرىجىدە ھەرىكەتچانلىقتا، ئەمەلىيەتچانلىقتا ۋە ئۈنۈمدارلىقتا ئىگە مەنىۋى ھەرىكەت تۈرتكىسى.

دۇنيا قاراشنىڭ تۈرلىرى كۆپ. ئاساسلىقى: پەلسەپە قارىشى، سىياسىي قاراش، ئىقتىساد قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، ئەخلاقىي قاراش ۋە دىنىي قاراش قاتارلىقلار. دۇنيا قاراش — ئىجادىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. يازغۇچى ئۇچۇن دۇنيا قاراش، ئېستېتىك قاراش ۋە سەنئەت قارىشىنى ئۆز ئىچىگە

ئالغان توغرا دۇنيا قاراشقا ئىگە بولۇش ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى
يازغۇچى ئەمەلىي ئىجادىيەت جەريانىدا كىمنى يېزىش، كىمگە
مەدھىيە ئوقۇپ كىمنى سۆكۈش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش رېئاللى-
قىنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى ھالقىلىق مە-
سىلىگە دۇچ كېلىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا يازغۇچىدىكى دۇنيا
قاراش بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى
بەلگىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئىستېتىك ۋە سەنئەت
قارىشىنى بەلگىلەپ، ئەسەردىكى ئاساسىي خاھىشنى يورۇتۇش
رولىنى ئوينايدۇ. ئەدەبىي گۈللىنىش (1453 ـ 1616) دەۋرىدە
ياۋروپادا مۇنداق ئىككى خىل يازغۇچىلار مەيدانغا كەلگەن. بى-
رى، فېئودالىزم تۈزۈمىگە ۋە ئىلاھىي ھاكىمىيەتكە قارشى تۇر-
غۇچى يازغۇچىلار. بۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە فېئودالىزمنى ۋە ئىلا-
ھىي ھاكىمىيەت چىرىكلىكىنى پاش قىلدى، تەنقىدلىدى. يەنە
بىرى، ئىلاھىي ھاكىمىيەتكە چوقۇنغۇچى يازغۇچىلار. ئۇلار ئە-
سەرلىرىدە پاسسىپ دىنىي ئەقىدىچىلىكنى، روھىي چۈشكۈنلۈك-
نى ۋە غايىسىزلىقنى تەرغىب قىلدى. بىرىنچى خىل يازغۇچىلار
ئىلغار قاراشتىكىلەر بولسا، ئىككىنچى خىل يازغۇچىلار پاسسىپ
دۇنيا قاراشتىكىلەر ئىدى.

نېمە ئۈچۈن يازغۇچىلار توغرا ئېستېتىك قاراش، سەنئەت
قارىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توغرا، ئىلغار دۇنيا قاراشقا ئىگە
بولۇشى شەرت؟

بىرىنچىدىن، دۇنيا قاراش (بۇ يەردە ئىلغار، ئىلمىي قا-
راش كۆزدە تۇتۇلىدۇ) يازغۇچىنىڭ توغرا ئىجادىيەت مەقسىتى-
نى، مۇددىئاسىنى، ئۇنىڭ قايسى پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ ئىجادى-
يەت بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى
بەلگىلەيدۇ. ئۇلۇغ ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرى يۈسۈپ خاس ھا-
جىپ «قۇتادغۇبىلىك» ئارقىلىق كىشىلەرگە بىر ئادىل پادىشا-
لىق»نى قۇرۇشنىڭ، دۆلەتنى ۋە خەلقنى ئادىل قانۇن بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئادىل باشقۇرۇش، ئەل ۋە دۆلەتنى بىلىملىكلەر ئىدارە قىلىش
لازىملىقىنى ئەسەرنىڭ بېشىدىلا ئېيتىپ ئۆتكەنىدى. فرانسىيە
دراماتورگى موللېر دراملىرى ئارقىلىق «كىشىلەرنىڭ يامان
ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتمەكچى» بولغانىدى. ئامېرىكا يازغۇچىسى
مارك تۋېن ئۆزىنىڭ «ھىكلىبىرى فىننىڭ كەچۈرمىشلىرى»
دېگەن ئەسىرىدە قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى ھۆرىيەتپەرۋەرلىك ئىدى-
يىسىنى ئىپادىلىدى. XIX ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ
پېشۋاسى ئا. نىزارى ھەقىقىي ۋەقەگە ئاساسەن ئىجاد قىلغان
«رابىئە ـ سەئىدىن» داستانىدا فېئوداللىق نىكاھ ۋە نەسەبچىلىك
تۈزۈمگە قارشى ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى نامايان قىلدى. ئۇ
بۇ داستاننى يېزىشتا ئىنسانپەرۋەرلىك قارىشىنى يېتەكچى قىلغا-
نىدى.

ئىككىنچىدىن، دۇنيا قاراش يازغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي تۇر-
مۇشنى كۆزىتىشى، ئۇنى ئۆگىنىپ تەتقىق ـ تەھلىل قىلىشىدا
يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا،
يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى ئۇنىڭ تۇرمۇشنى چۈشىنىش مەيدانى-
نى ۋە تۇرمۇشقا باھا بېرىش مەيدانىنى بەلگىلەيدۇ. پەقەت ئىلغار
دۇنياقاراش يېتەكچىلىكىدە يازغۇچىلار تۇرمۇشنى ھەقىقىي كۆ-
زىتەلەيدۇ، تۇرمۇش قاينىمىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تۇرمۇشنى چوڭ-
قۇر ۋە كەڭ چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. روسىيە ۋە سابىق سوۋېت
ئىتتىپاقى يازغۇچىسى ماكسىم گوركىي ئىلغار دۇنيا قاراش يې-
تەكچىلىكىدە ئەمگەكچىلەر مەيدانىدا چىڭ تۇرغاچقا، ئەمگەكچى
خەلقنىڭ ھاياتىنى چوڭقۇر كۆزىتەلىدى، تۆۋەن قاتلامدىكى ئەم-
گەكچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى چۈشىنىپ، ئۇنى «مېنىڭ ئۇنىۋېرسى-
تېتلىرىم» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە تەسىرلىك تەسۋىرلەپ بېرەل-
دى. ئۇيغۇر يازغۇچىسى ئايشەم ئەخمەد تارىخىي تېمىدىكى رومانى
«مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ» نى يېزىشتا ئالدى بىلەن تارىخىي
ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش بىلەن قومۇل ۋاڭلىرى تارىخىغا

توغرا باها بەردى. ئۇ بۇ رومانىنى يېزىشتا ۋە مۇھەممەت بېشىر-نىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قارىشى-نى يېتەكچى قىلدى.

ئۈچىنچىدىن، يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى، بولۇپمۇ ئېستېتىك قارىشى بىلەن سەنئەت قارىشى، ئۇنىڭ تۇرمۇش دېتاللىرىنى جۇغلىشىغا، تاللىشىغا، تۇرمۇشنى ئىپادىلىشى ۋە تۇرمۇشقا قارىتا ئۆزىنىڭ باھاسىنى بېرىشىگە نىسبەتەن يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، يازغۇچىنىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشى، بولۇپمۇ ئىلغار ئېستېتىك ۋە سەنئەت قارىشى ئۇنىڭ كىشىلىك غايىسىنى ۋە تولۇق سەنئەت پوزىتسىيىسىنى بەلگىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يازغۇچى ئىلغار دۇنيا قاراش، بولۇپمۇ ئېستېتىك قاراش بىلەن سەنئەت قارىشى يېتەكچىلىكىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللان-غاندا ئاندىن بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە بەدىئىي قىممەت يارىتالايدىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلالايدۇ. بەدىئىي ئۈنۈم ۋە بەدىئىي قىممەت يارانقاندىلا ئاندىن ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە قىممەت ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا بەدىئىي ئۈنۈم ۋە بەدىئىي قىممەت بىر يازغۇچى ئۈچۈن يالغۇز نەزەرىيە مەسىلىسىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھە-مى ئەمەلىي مەسىلە، ھەربىر يازغۇچى ئۆزىنىڭ كىشىلىك قىم-مەت قارىشى بىلەن بەدىئىي (سەنئەت) پوزىتسىيىسى بويىچە مەلۇم سەنئەت قىممىتىنى ئىزدەپ تاپالايدۇ. چۈنكى يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئېستېتىك ۋە سەنئەت غايىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرى-شىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىجتىمائىي تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى بىلەن تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرىنى گۈزەل، نەپىس قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. بىلىنىسكىي نۇقتىئىنەزەرى بويىچە ئېيتقاندا، رېئال تۇرمۇشنىڭ ئۆزى گۈزەل، بىراق بۇ يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تەسۋىرىدە ۋە ئوب-رازلىرىدا تېخىمۇ گۈزەل نەرسىگە. كۆركەم شەكىلگە ئايلىنى-دۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەيۋەتلىك تارىم ئويمانلىقى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقى تو-
لىمۇ كۆركەم ۋە گۈزەل. لېكىن ئۇ ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر-
نىڭ بەدىئىي ئەسەرلىرىدە ئاجايىپ «ئىككىنچى تەبىئەت» كە ئاي-
لىنىپ تېخىمۇ كۆركەم ۋە گۈزەل بولۇپ كەتكەن. بۇ دەل
تالانتلىق يازغۇچىنىڭ زامانىمىزغا لايىق ئىلغار ئېستېتىك قارشى
بىلەن سەنئەت قارىشىنىڭ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىنىشقا
نىسبەتەن يېتەكچىلىك رول ئوينىغانلىقىدىن ئايرىلمايدۇ.

ئومۇمەن، يازغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي قاراش، ئېستېتىك قا-
راش ۋە سەنئەت قارىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلغار دۇنيا قارىشى
بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ كۈچىيىشىگە ۋە
تەپەككۇر يوللىرىنىڭ راۋانلىقىغا قارىتا تۈرتكىلىك رول ئويند-
سا، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۇنىڭ
دۇنيا قارىشىنىڭ تېخىمۇ ئىلغارلىقىقا، ئىلمىيلىكىكە ۋە زامانىۋى-
لىقىقا قاراپ ئۆزگىرىش ئەمەلىيىتىگە نىسبەتەن تۈرتكىلىك رول
ئوينايدۇ.

يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشى، يېڭىلىنىشى ۋە
تەرەققىي قىلىشى بىر نورمال مەنتىقى ھادىسە. يازغۇچىنىڭ دۇنيا
قارىشى بىرىنچىدىن، ئىلغارلىققا قاراپ يۈزلىنىشى، ئۆزگىرىشى
ۋە يېڭىلىنىپ تەرەققىي قىلىشى كېرەك. بۇنىڭدا يازغۇچىنىڭ
ئالدى بىلەن ئىلغار ئادەم بولۇشى ھەممىدىن مۇھىم. ئىككىنچى-
دىن، كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ ئۆزگىرىشى، يېڭىلىنى-
شى ۋە تەرەققىي قىلىشى لازىم. يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى
قانچىكى كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولسا، تەپەككۇر يوللى-
رى راۋانلىشىپ پىكرى موللىشىپ بارىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئىل-
مىيلىككە ۋە ئىجادىيلىققا قاراپ ئۆزگىرىشى، يېڭىلىنىشى ۋە
تەرەققىي قىلىشى لازىم، چۈنكى يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى قان-
چىكى ئىلمىي ۋە ئىجادىي ئامىللارغا باي بولسا، كىشىلىك تۇر-
مۇش رېئاللىقىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشى، تەتقىق قىلىشى،

ئۇنى بەدىئىي ئوبرازدا گەۋدىلەندۈرۈشى شۇنچە ئۇنۇملۇك بولىدۇ.

## 3. يۇقىرى مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەربىيىلىنىشى بىلەن يېتىلگەن بەدىئىي ماھارەت بولۇش

ئەدەبىي ئىجادىيەت تۇرمۇشنى بەدىئىي ئىپادىلەش بىلەن ئېستېتىك ئىجاد قىلىشتۇر. شۇڭا يازغۇچى مەدەنىيەت ـ سەنئەت جەھەتتە مۇكەممەل تەربىيىلەنگەندە ۋە ئۆزىدە يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ـ ئىقتىدارنى يېتىلدۈرگەندە، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ «ئىقتىدار، جۈرئەت، تونۇش ۋە كۈچ» تىن ئىبارەت شەرتلەرنى ھازىرلىغاندا، ئاندىن ھەقىقىي تىل سەنئەتكارىغا ئايلىنالايدۇ.

بىر يازغۇچىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى مۇكەممەل بولسا، شۇنداقلا ئۇ يۇقىرى يېتىلگەن بەدىئىي ماھارەت ۋە بەدىئىي تېخنىكىغا ئىگە بولالىسا، ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتكە ۋە شانۇ شۆھرەتكە ئىگە بولىدۇ. قىرغىزىستان يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوۋ «ئاق پاراخوت»، «يۈز يىلغا تەڭ بىر كۈن» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، ھەتتا پۈتۈن ئىنسانىيەت كۆڭۈل بۆلگەن دۇنياۋى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئالەمشۇمۇل زىلزىلە پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دۇنياۋى يازغۇچىغا ئايلىنىپ قىرغىز مىللىتىگە، جۈملىدىن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە زور ئابرۇي، شەرەپ ئېلىپ كەلدى. چىڭغىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بۇ نەتىجىلىرى بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ پۇختا تۇرمۇش ئاساسىغا، مول ئەمەلىي تەجرىبىگە، كەڭ بىلىم جۇغلانمىغا ۋە ئىلغار دۇنيا قاراشقا ئىگە بولغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ مەدەنىيەت سەنئەت كەسپى جەھەتتە يېتەرلىك تەربىيىگە ئىگە بولغانلىقى، ئۆزىدە يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە يېزىق-

چىلىق تېخنىكىسىنى يېتىلدۈرگەنلىكى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرى مەمتىمىن ھوشۇر، ئەختەم ئۆمەر، مۇھەممەت باغراشلارمۇ ئىجادىيەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي ئىقتىدار، ماھارەت ۋە تېخنىكا جەھەتلەردىكى ئىلغار ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ بەلگىلىك زور نەتىجىگە ئېرىشتى. بۇ ئۇلارنىڭ بەدىئىي تەربىيىلىنىشىگە، يېزىقچىلىق ماھارىتىنى ۋە تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن ئايرىلمايدۇ.

ئەدەبىيات تارىخىدىكى تەسىرى بار يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەتتە ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سىرلارنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا شۇنى چۈشىنىمىزكى، بىر يازغۇچى بەدىئىي تەربىيىلىنىش بىلەن بەدىئىي دىت، بەدىئىي ماھارەت ۋە يېزىقچىلىق تېخنىكىسى جەھەتتە يۈكسەلگەندە، ئۇنىڭدا يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيە، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە يېزىقچىلىق تېخنىكىسى غالىبانە جۇرئەت، يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت تۆت ئەڭگۈشتەر بولغاندىلا ئاندىن ئۇ نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلالايدۇ. شۇڭا بىر مىللىي يازغۇچى يۇقىرى بەدىئىي تەربىيىلىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىنى، قائىدە-پرىنسىپلىرىنى ئىگىلىۋېلىشى، شۇنداقلا يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت ۋە يېزىقچىلىق تېخنىكىسىغا ئىگە بولۇپ ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. يۇقىرى بەدىئىي تەربىيىلىنىش — ئەدەبىيات - سەنئەت ئىلمىنىڭ ئومۇمىي نەزەرىيە بىلىملىرىنى، قانۇنىيەتلىرىنى، قائىدە - پرىنسىپلىرىنى تولۇق ئىگىلەش بولۇپ، ئۇ يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتە چوقۇم ھازىرلىشى زۆرۈر بولغان ساپا ئاساسى. ئۇ مۇشۇ شەرتنى ھازىرلىغاندا ماھارەتتە پىشىپ يېتىلىدۇ. تېخنىكىسىدا چېۋەرلىشەلەيدۇ. شۇڭا يۇقىرى بەدىئىي تەربىيە — يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە يېزىقچىلىق تېخنىكىسىنىڭ مەنىۋى ۋە ئىلمىي ئاساسىدۇر.
ئۇنداقتا يۇقىرى بەدىئىي تەربىيىنىڭ يازغۇچىنىڭ ئىجادىيە-تىدىكى رولى ۋە ئەھمىيىتى قانداق بولىدۇ؟

جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئۇلۇغ شائىر لى بەي پەلسەپە قارىشى جەھەتتە داۋجا پەلسەپىسى ئېقىمىغا مايىل بولسا، ئەدەبى-يات ئەنئەنىسى جەھەتتە «نەزمىنامە» ئەنئەنىسى ئېقىمىغا مايىل ئىدى. ئۇ بۇ جەھەتتە ئۆزىنى پۇختا تەربىيىلىگەن. دۇفۇمۇ بىلىم دائىرىسى كەڭ شائىر ئىدى. بۇ ئىككى شائىر دائىم بەدىئىي تەربىيىلىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ تۇرغانىدى. نەۋائى بىلەن نىزا-رىلارمۇ سوقرات، ئەپلاتون، ئارستوتىل، فارابى، يۇسۇپ خاس ھاجىپلارنىڭ پەلسەپە، ئەدەبىيات - سەنئەت قاراشلىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ، ئىجادىي ئۆزلەشتۇرۇپ ئۆز زامانىسىدىكى مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارغا ئايلانغانىدى. شۇنداقلا ئۇلار ئۆزىدە يۇقىرى بە-دىئىي ماھارەت يېتىلدۇرۇپ، «خەمسە جىلىك ئېقىمى» ئەدەبىيا-تىنىڭ يېزىقچىلىق تېخنىكىسىنى تولۇق ئىگىلەپ ئىجادىيەتتە ئالەمشۇمۇل نەتىجە ياراتتى. بۇ مىسال ئەدەبىي - بەدىئىي تەربى-يىلىنىشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى رولىنى ۋە ئەھمىيىتىنى چۈشەندۇرىدۇ.

يۇقىرى بەدىئىي تەربىيىلىنىش بىرىنچىدىن، يازغۇچىنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەرگە بىلىملىك، ئىقتىدارلىق كىشىگە ئايلىنى-شىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يەنى بەدىئىي تەربىيىلىنىش يازغۇچىغا مول مەدەنىيەت ۋە سەنئەت بىلىمى ئاتا قىلىدۇ ۋە ئۇنى يۇكسەك بەدىئىي سەۋىيىگە ئېرىشتۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن، يازغۇچىنىڭ كۆزىتىش، تەھلىل - تەتقىق قىلىش، باھا بېرىش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى بىلەن تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرىنى تېخىمۇ زور ھاياتى كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، يازغۇچىنىڭ خىلمۇ خىل ئەدەبىيات - سەنئەت شەكىللىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىرلىنىش، ئۆتۈشۈش ۋە كېڭىيىش قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلىۋېلىشقا، ئىجادى-

يەتتە بۇ قانۇنىيەتنى گەۋدىلەندۈرۈشكە زور ياردەم قىلىدۇ. تۆ-تىنچىدىن، يازغۇچىنىڭ ئالدىنقىلارنىڭ بەدىئىي نەتىجىلىرىنى، ئەدەبىي ئەنئەنىلىرىنى ئۆگىنىشنى، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشنى، بۇ نەتىجە، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ۋە ئەنئەنىلەرنى ئىجادىيەتكە ئەمەلىي تەتبىقلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. بە-شىنچىدىن، يازغۇچىنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى تەربىيىلەپ مەز-مۇن، شەكىل، ئۇسلۇب ۋە ئۇسسۇل جەھەتلەردە ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ مىللىي ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

پۇختا تۇرمۇش ئاساسى، ئەمەلىي تەجرىبە، مول بىلىم جۇغلانمىسى ۋە ئىلغار دۇنيا قاراش، يۇقىرى مەدەنىيەت ـ سەن-ئەت سەۋىيىسى — ئىجادىيەتنىڭ زۆرۈر شەرتى. لېكىن مۇشۇ شەرتلەرنى ھازىرلىغان بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، يەنە يازغۇچى ئۆزد-دە يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن بەدىئىي تېخنىكىسىنى ھازىر-لىشى لازىم. ئىلغار ئىدىيە، مول تۇرمۇش ئاساسى، ئاز ـ تولا مەدەنىيەت بىلىمى بولسىلا ياخشى ئەسەر چىقىۋەرمەيدۇ. ياخشى ۋە نادىر ئەسەرنى ئىجاد قىلىشنىڭ بىر مۇھىم ھالقىسى بەدىئىي ماھارەت ۋە يۇقىرى يېزىقچىلىق تېخنىكىسى بولۇشىدىن ئىبا-رەت. شۇڭا ئىجادىيەتتە بەدىئىي ماھارەت ۋە يېزىقچىلىق تېخنى-كىسىغا سەل قاراش خاتا. شۇڭا ماكسىم گوركىي بىلەن لۇشۈن بەدىئىي ماھارەتنى ئۆگىنىشنى، ئۆزلەشتۈرۈپ ۋايىغا يەتكۈزۈش-نى تەلەپ قىلىشقانىدى. يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە بەدىئىي يېزىقچىلىق تېخنىكىسى بولمىسا، ياخشى ئەسەر ئىجاد قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە بەدىئىي يېزىقچە-لىق تېخنىكىسى ئەسەرنى يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىگە ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئېرىشتۈرۈشنىڭ تېخنىكىلىق ئاساسىدۇر. بەدىئىي ما-ھارەت بىلەن بەدىئىي يېزىقچىلىق تېخنىكىسىنى قانداق چۈشە-نىش بىر ئىلمىي مەسىلە ۋە ئەمەلىي مەسىلە.

بەدىئىي ماھارەت بىلەن بەدىئىي تېخنىكا قابىلىيىتى بىر ـ
بىرىگە مۇناسىۋەتلىك، ئەمما پەرقلىق ئىككى خىل ئۇقۇم. ماھا-
رەت بىلەن تېخنىكا يېتىلگەن ئادەمدە، جۈملىدىن بىر يازغۇچىدا
بولۇشقا تېگىشلىك ئىككى خىل خىسلەت ۋە ئەۋزەللىكتۇر. ماھا-
رەت يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىقتىدار بولۇپ، ئۇ ئادەمدىكى تېخنى-
كىلىق ئىقتىدارنى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جەھەتتە بەدىئىي
ماھارەت كەڭرەك ئۇقۇم، بەدىئىي تېخنىكا تارراق ئۇقۇم. بەدى-
ئىي ماھارەت — يازغۇچىنىڭ بىر ئەسەر ئۈستىدە ئىجادىيەتنى
ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلىشى، لايىھىلىشى بىلەن شۇ ئەسەرنى ئىجاد
قىلىشنى مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشتۈرۈپ ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە قىم-
مەت يارىتىشنى كۆرسىتىدۇ. بەدىئىي تېخنىكا بولسا ئەدەبىي
ئىجادىيەتنى قىلالايلىشنى، يەنە ئەسەرنى يازالىشنى كۆرسىتى-
دۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بەدىئىي ماھارەت بەدىئىي تېخنىكا
ئىقتىدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ يازغۇچىنىڭ ئۇزاق
يىللىق ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا بەدىئىي تەربىيىلىنىش،
بەدىئىي ماھارەت ۋە بەدىئىي تېخنىكىسىنى يېتىلدۈرۈش جەريانى-
دىكى بىلىم ۋە ئىقتىدارىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلىشىشى-
دىن ئىبارەت.

بەدىئىي ماھاردت دېگەن نېمە؟

بەدىئىي ماھارەت — پىشىپ يېتىلگەن ئىجادىيەت ۋاسىتى-
سى، بەدىئىي ئوبرازنى يارىتىش تېخنىكىسى ۋە تۇرمۇشنى بەدى-
ئىي ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ يىغىندىسى. يەنە بىر تۈرلۈك قى-
لىنىپ ئېيتقاندا، بەدىئىي ماھارەت — يازغۇچىنىڭ ھەر خىل
پىشقان بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى، ئوبراز يارىتىش تېخنىكىسىنى ۋە
تۇرمۇشنى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى قوللىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى ئا. فادېيۋ ماھارەت
مەسىلىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى: «يازغۇچى ئۈچۈن مۇھىم
بولغان بەدىئىي ماھارەت مەسىلىسى ئاپتورنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قارشىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئۇنىڭدىكى ھەر خىل تۇرمۇش ھادىسە-لىرىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ھەل قىلىنىدۇ». دېمەك، بەدىئىي ماھارەت يازغۇچىدىكى پىشىپ يېتىلگەن ئوبرازلىق تەپەككۇر قا-بىلىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇ گەرچە يازغۇچىنىڭ تۇر-مۇش ئاساسى، ئىلغار دۇنيا قارىشى، مول بىلىم جۇغلانمىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ئەمما مەلۇم نىسبىي مۇستە-قىللىققا ئىگە ئالاھىدە نەرسە. شۇڭا بەدىئىي ماھارەت ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مۇھىم شەرتى ھېسابلىنىدۇ.

نېمە ئۈچۈن بەدىئىي ماھارەتنى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بىر مۇھىم زۆرۈر شەرتى دەيمىز؟

بۇنىڭ مۇنداق ئۈچ سەۋەبى بار: بىرىنچى، بەدىئىي ماھارەت تۇرمۇشنى سەنئەتكە ئۆزگەرتىشنىڭ بىر مۇھىم ۋاستىسى. يۈك-سەك بەدىئىي ماھارەت بولغاندىلا يازغۇچى تۇرمۇشتىكى ئېستېتى-كا (گۈزەللىك) نى چوڭقۇر بايقاپ، ئۇنى تەسىرلىك ئىپادىلەپ، تۇرمۇشنى كىشىلەرنى مەڭگۈ زوقلاندۇرىدىغان سەنئەتكە ئايلاندۇ-رالايدۇ. ئىككىنچى، بەدىئىي ماھارەت بەدىئىي ئوبرازنى بايقاش، ئۇنى بەدىئىي ۋاستىلەر ياردىمى بىلەن يۈكسەك قىلىپ يارىتىش ۋە ئۇنى ناھايىتى تەسىرلىك تەسۋىرلەشنىڭ ۋاستىسى. يازغۇچى-دا يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ بەدىئىي ئوب-رازنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتالايدۇ. بەدىئىي ئوبرازنىڭ يادروسى بولغان پېرسوناژ ئوبرازىنى تەسىرلىك تەسۋىرلەپ بېرەلەيدۇ. ئۈچىنچى، بەدىئىي ماھارەت — يازغۇچىدا يۇقىرى ماھارەت ۋە يېزىقچىلىق تېخنىكىسى بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ يۇقىرى بەدى-ئىي ئىپادىلەش كۈچى بولىدۇ. شۇڭا بەدىئىي ئىپادىلەش كۈچىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بەدىئىي ماھارەتنى تەربىيىلەپ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

يازغۇچى قانداق قىلغاندا پىشقان ماھارەتنى يېتىلدۈرەلەيدۇ؟

ماھارەت — سىرلىق نەرسە ئەمەس. بەدىئىي ماھارەتمۇ

خۇددى شۇنداق، ئەلۋەتتە. يازغۇچى تىرىشىپ ئۆگەنسىلا، كۆپ مەشىق قىلسىلا ئۆزىدە بەدىئىي ماھارەتتىن ئىبارەت سىرلىق كۈچنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. بىرىنچى، يازغۇچى ھامان ئىزدىنىش روھىغا، ئىجادچانلىق خىسلىتىگە ئىگە بولۇپ باي تۇرمۇش ئېقىمى بىلەن ئىلغار پىكىر ئېقىمىغا، شۇنداقلا تارىخنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئېقىمى بىلەن ساغلام، مول مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە زامانىۋىلىقنى ئىگە مەدەنىيەت ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىشى، شۇ ئاساستا تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشى، ئىزدىنىپ كۆزىتىش ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

ئىككىنچى، يازغۇچى ئۆزى مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ ۋە ئەلنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى، چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى، شۇنداقلا مۇشۇ زاماندىكى داڭلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشى، ئۇلاردىن تېگىشلىك تەسىراتقا، بىلىمگە ئىگە بولۇشى، بۇ تەسىرات ۋە بىلىملەرنى ئۆز ئىجادىيىتى ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشى لازىم.

ئۈچىنچى، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ، يۇقىرى قىزغىنلىق ۋە ئىلھام قۇدرىتى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشى، كۆپ مەشىق قىلىشى، ئۆز ئەسەرلىرىگە يەڭگىللىك بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىقى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپتە بولۇپ، ھەربىر ئەسىرنى يۇكسەك مىللىي مەسئۇلىيەت ۋە كەسپىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئىجاد قىلىشى كېرەك.

## § 2 . ئىجادىيەت جەريانى

يازغۇچى ئىجادىيەتنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىنى ھازىرلىغاندىن كېيىن، مۇۋەككەپ، جەددىي ۋە ئىنچىكە مەنىۋى ئەمگەك جەريانى ئىجادىيەت جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانى — يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئوبراز-نى ھاسىل قىلىشى، ئىجاد قىلىشى ۋە ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزۈش-دىن ئىبارەت پۈتكۈل جەرياندۇر. ئىجادىيەت جەريانى يازغۇچى-نىڭ تۇرمۇش رېئاللىقىغا بولغان چۈشەنچىسى، پوزىتسىيىسى ۋە باھاسى بىلەن شۇلارنى بەدىئىي ئىپادىلەشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يازغۇچى ئىجادىيەت جەريانىدا بىر تەرەپتىن، مەلۇم قائىدە ـ پرىنسىپ، ئۇسسۇل بويىچە ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ئىشلەيدۇ.

ئۇنداقتا ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانى قانداق باسقۇچلارغا ئاي-رىلىدۇ؟

ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانى بۇنداق ئۈچ قەدەم باسقۇچ بويىچە قانات يايىدۇ. بىرى، خام ماتېرىيال توپلاش باسقۇچى. بۇ ئادەتتە بەدىئىي تەييارلىق باسقۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى، بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش باسقۇچى. ئۈچىنچى بىرى، بەدىئىي ئەسەرنى رەسمىي يېزىپ پۈتتۈرۈش باسقۇچى (بەدىئىي ئىپادىلەش باسقۇ-چى)

## 1. خام ماتېرىيال توپلاش

خام ماتېرىيال توپلاش — ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بىرىنچى قەدەم باسقۇچى. شۇڭا بۇ باسقۇچنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە ئۇسۇلىنى بىلىۋېلىش لازىم.

(1) خام ماتېرىيال، ئۇنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئورنى ۋە ئەھمى-يىتى

ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەييارلىق باسقۇچى — كېرەكلىك خام ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش ۋە ئىلغاش جەريانىدۇر. بۇ باس-قۇچنىڭ ئومۇمىي مەشغۇلات جەريانى نەتىجىلىك بولسا كېيىنكى باسقۇچلار، يەنى بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش، بەدىئىي ئىپادىلەش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ.

مەلۇمكى، باي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى تەجرىبىسى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئاساسى. مۇشۇ باي تەجرىبىلەر ۋە يازغۇچىنىڭ مۇشۇ تەجرىبىلەرنى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا باشتىن كەچۇرۇش جەريانىدا ھاسىل قىلغان ئىدىيىسى، باھاسى ۋە غايە-لىرى دەل ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ خام ماتېرىيالى بولىدۇ.

ئالايلى، ئىككى يازغۇچى ياشىغان تارىخىي شارائىت ئوخ-شاش، ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي مۇھىتمۇ ئاساسەن ئوخشاشلىققا ئىگە. لېكىن ئىجادىيەتكە كىرىشكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى سۇپەت ۋە ئالاھىدىلىكلەر جەھەتتە ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ يەردىكى سەۋەب ئۈچ تۈرلۈك: بىرى، ئىدىيىۋى سەۋىيە پەرقى، يەنە بىرى، يازغۇچى-نىڭ بەدىئىي تەربىيىلىنىش جەھەتتىكى پەرقى، ئۈچىنچى بىرى، يازغۇچىلار جۇغلىغان خام ماتېرىياللار پەرقى.

خام ماتېرىيالنىڭ قانداقلىقى ئەسەر سۈپىتىنى ۋە ئالاھىدى-لىكىنى شەكىللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

خام ماتېرىيال مۇنداق ئىككى تەرەپنى ياكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش كەچۈرمىشى. ياز-غۇچى تۇرمۇشقا چۆكۈپ، تۇرمۇشنى كۆزىتىش، تۇرمۇشتىن تەسىرلىنىش، تۇرمۇشنى تەتقىق قىلىش ۋە تەھلىل قىلىش ئار-قىلىق ئۆزىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بىر شائىر گېنرىخ گېيىنىدىن، قانداق قىلغاندا، شېئىردا دۇنيادىكى ھادىسىلەرنى چوڭقۇر ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدىغانلىقىنى سورى-غاندا، گېنرىخ گېيىنى: پەقەت تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ كۆزى-تىش، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق خام ماتېرىياللارنى توپلىغاندا، ئاندىن شائىر رېئال دۇنيانى چوڭقۇر ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغانلى-قىنى ئېيتقانىدى. يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش كەچۈرمىشى بىر تەرەپ-تىن، يازغۇچىنىڭ بىۋاسىتە تۇرمۇش كەچۈرمىشىنى (تەجرىبى-سىنى) ئۆز ئىچىگە ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ۋاسىتىلىك

www.uyghurkitap.com

تۇرمۇش تەجرىبىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە بىرى، يازغۇچىنىڭ كۆزىتىش ۋە تەسىراتى. يازغۇچى پەقەت كۆزەتكەندە شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ھېس قىلالايدۇ. كۆزىتىش يولى بىلەن كېرەكلىك پاكىتلارغا ئىگە بولالايدۇ. يازغۇچى تۇرمۇشتىن تەسىرلەنگەندىلا، ئۇ ئىلھامغا ئېرىشىپ جىددىي ھەرىكەتكە كېلەلەيدۇ. ل. تولستوي يازغان «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «تىرىلىش»، «ئاننا كارىنىنا» دۇنياۋى كلاسسىك ئەسەرلەردۇر. «تىرىلىش» بىلەن «ئاننا كارىنىنا» ل. تولستوينىڭ بىۋاستە تۇرمۇش كەچۈرمىشى ئارقىلىق توپلىغان خام ماتېرىياللار ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان. «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» ناملىق زور ھەجىملىك تارىخىي رومانىنى ئىجاد قىلىشتا 1805 ـ 1820 ـ يىللىرىغىچە داۋاملاشقان سوۋرووۋ، گۇتۇزوف رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان روسىيە ۋەتەن ئۇرۇشىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆرۈش، بۇ ۋەقەگە قاتناشقان ھەمدە بۇ ۋەقەنى كۆرگەن كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش جەريانىدا ھاسىل قىلغان ۋاستىلىك تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىنى خام ماتېرىيال قىلغان. ئۇيغۇر يازغۇچى ئابدۇللا تالىپ «قاينام ئۆركىشى» رومانىنى يېزىشتا ھەم بىۋاستە ھەم ۋاستىلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى خام ماتېرىيال قىلغان. چۈنكى ئا. تالىپ ئەينى دەۋردە «قاينام ئۆركىشى» نىڭ ئاساسىي پېرسوناژى ل. مۇتەللىپ بىلەن بىر مەزگىل بىللە ياشىغانىدى. س. ئەزىزىنىڭ «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان»، پەرھات جىلاننىڭ «مەھمۇت قەشقىرى»، يۇسۇپ ئىلياسنىڭ «ئېغىر تىنىقلار» قاتارلىق رومانلار ئاشۇ يازغۇچىنىڭ تارىخىي ھۆججەتلەر، ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار ئاساسىدا ھاسىل قىلغان ۋاستىلىك تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەييارلىق باسقۇچى — خام ماتېرىيال توپلاش جەريانىنى نەتىجىلىك قانات يايدۇرۇشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى رولى ۋە ئەھمە-

يىتى چوڭ. بىرىنچىدىن، يازغۇچى تۇرمۇشنى بىۋاستە ۋە ۋا-
سىتىلىك كۆزىتىش ئارقىلىق ئىجادىيەتنىڭ دېتاللىرىغا ۋە ئىدى-
يىۋى ھېسسىياتىغا ئېرىشەلەيدۇ. ئىككىنچىدىن، يازغۇچىنىڭ
تۇرمۇش كەچۈرمىشىنىڭ موللۇقى، كەڭلىكى ۋە تارىخى
رېئاللىققا ئۇيغۇنلۇقى — ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك
بولۇشىنىڭ ئاساسى. يازغۇچى مەلۇم تارىخىي دەۋرنىڭ، مەلۇم
يۇرت - ماكاننىڭ، مەلۇم ئەل - مىللەتنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت
خام ماتېرىياللارنى نەتىجىلىك جۇغلىيالىسا، شۇ دەۋر، شۇ
يۇرت - ماكان، شۇ ئەل - مىللەتنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز ئەسىرىدە
تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئىدىيىۋى
ھېسسىيات — خام ماتېرىيالنىڭ بىر مۇھىم ئامىلى. يازغۇچى-
نىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىتىش ۋە تەسىر-
لىنىش ئارقىلىق ھاسىل بولغان ئۇل، ئىنچىكە ۋە تەسىرلىك
ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئەسەرگە چىن ھېسسىيات، ئەبەدىيلىك
تەسىر بېغىشلايدۇ.

(2) خام ماتېرىيال توپلاشنىڭ ئۇسۇلى

خام ماتېرىيال توپلاشنىڭ يولى كۆپ خىل. ئاساسلىقى —
كۆزىتىش، خاتىرىلەش، تەسىرلىنىش ۋە تەجرىبە ھاسىل قىلىش-
تۇر. ئۇنىڭ ئۇسۇلى ئىككى خىل. بىرى، بىۋاستە تۇرمۇش
تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ماتېرىيال توپلاش. يەنە بىرى، ۋاستى-
لىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئارقىلىق خام ماتېرىيال توپلاش.

بىۋاستە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئارقىلىق خام ماتېرىيال
توپلاش يازغۇچىلارنىڭ خام ماتېرىيال جۇغلاشتىكى ئاساسىي يولى
ۋە ئۇسۇلى. بىۋاستە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئارقىلىق خام ماتې-
رىيال جۇغلاشتا بىۋاستە كۆزىتىش ئېلىپ بېرىش بىلەن بىۋاس-
تە باشتىن كەچۈرۈش مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىۋاستە كۆزىتىش
ۋە بىۋاستە باشتىن كەچۈرۈش جەريانىدا يازغۇچىنىڭ كۆزى،
قۇلىقى قاتارلىق سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ سېزىم ئىقتىدارى يازغۇچى-

www.uyghurkitap.com

نىڭ ئاساسىي ئېنېرتسىيە كۈچى بولىدۇ. چېخوپ مۇنداق دېگەنىدى: «يازغۇچى جەزمەن ئۆزىنى نەزىرى ئۆتكۈر، ئەبەدىي ھارماس كۆزەتچى قىلىپ چېنىقتۇرۇشى لازىم! شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ئۆزىڭىزنى كۆزىتىش ئادىتىڭىزگە ئايلانغانغا قەدەر... ئىككىنچى تۇغما تەبىئىتىڭىزدەك بولۇپ قالغانغا قەدەر چېنىقتۇرۇشىڭىز كېرەك.»

كۆزىتىش — بىر خىل پسىخىكىلىق ئىقتىدار. بەدىئىي ئىجادىيەتتە كۆزىتىش بىر خىل ئېستېتىك كۆز نۇرى بولۇپ، ئۇ يازغۇچى سۇبيېكتىپ دۇنياسىنىڭ بىرىنچى ئېغىزى، ئۇ بىر ھەرىكەتسىز ئاۋاز ـ سادا. شۇڭا يازغۇچىنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇشى، سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ھەرىكەت فۇنكسىيىسى يۇقىرى بولۇشى لازىم. بىۋاستە باشتىن كەچۈرۈش — يازغۇچى ئۆزى بايقىغان، ھېس قىلغان، ئەسىرى ئۈچۈن بەدىئىي دېتاللار قىلماقچى بولغان تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى بىۋاستە باشتىن كەچۈرۈش، ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبيېكتىنىڭ شەكلى، ئورنى، ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە بىۋاستە بىلىمگە ۋە تەسىراتقا ئىگە بولۇش دېمەكتۇر.

يازغۇچى بىۋاستە كۆزىتىش ۋە باشتىن كەچۈرۈش جەريانىدا خاتىرىلەش، تەسىرلىنىش قاتارلىق بىۋاستە تەجرىبىلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. چۈنكى خاتىرىلەش ئارقىلىق يېزىلغان خاتىرىلەش بىلەن تەسىرلىنىش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن تەسىراتلار — خام ماتېرىياللارنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا يازغۇچىنىڭ بىۋاستە كۆزىتىش ۋە بىۋاستە باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق خام ماتېرىياللارنى توپلاشقا چېۋەر بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. يەنى بىرىنچىدىن، يازغۇچىنىڭ سەزگۇ ئەزالىرى — ئۇنىڭ كۆزى، قۇلىقى قاتارلىقلارنىڭ ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇشى، يازغۇچىنىڭ كۆزىنىڭ كۆزىتىش ۋە بىۋاستە باشتىن كەچۈرۈش ۋە بايقاش قابىلىيىتىنى دائىملىق تەربىيىلەپ

تۇرۇشى، ئۇستۇرۇشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، يازغۇچى تۇرمۇشنى ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشنى كۆزىتىشنى ئۆزىنىڭ ئۇمۇرلۇك ئىجادىيەت ئادىتىگە ئايلاندۇرۇپ، بۇ ئادەتنى ئىجادىيەتنىڭ بىر مۇھىم مەنبەسى قىلىش لازىم. قايسى يازغۇچىدا مۇشۇ ئادەت شەكىللەنسە شۇ يازغۇچى تۇرمۇشنى كۆزىتىش بىلەن تۇرمۇشنى ئۆگىنىشنى، بىۋاسىتە كۆزىتىش بىلەن بىۋاسىتە باشتىن كەچۈرۈشنى بىرلەشتۇرۇپ مېڭىش كېرەك.

ۋاستىلىك تەجرىبىلەر ئارقىلىق خام ماتېرىيال توپلاش — يالغۇز تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەر ئىجادىيىتى ئۈچۈنلا مۇھىم جەريان بولۇپ قالماستىن، يەنە رېئال تۇرمۇش تېمىسىدىكى ئەسەرلەر ئىجادىيىتى ئۈچۈنمۇ مۇھىم جەرياندىن ئىبارەت. چۈنكى يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى بىلەن بىۋاسىتە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى هامان چەكلىك بولىدۇ. ئۇ ھەممىلا تۇرمۇش كەچۈرمىشىنى ۋە تەجرىبىنى بىۋاسىتە باشتىن كەچۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا يازغۇچىنىڭ ۋاستىلىك تۇرمۇش كەچۈرمىشى بىلەن تەجرىبىلەرنى باشتىن كەچۈرۈش، يەنە ۋاستىلىك كەچۈرمىشلەرگە ۋە تەجرىبىلەرگە ئىگە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

يازغۇچى ۋاستىلىك تەجرىبە ئارقىلىق خام ماتېرىيال توپلاشتا بىرىنچىدىن، كۆپ ئوقۇش، كۆپ كۆزۈش، كۆپ تاللاش ئېلىپ بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك تارىخىي يازما ماتېرىياللارغا، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما ماتېرىياللىرىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىش، مۇناسىۋەتلىك شاھىتلار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ سۆھبەتلەشىش، بۇ ئارقىلىق ئىشەنچلىك ماتېرىياللارغا ئىگە بولۇش لازىم. ئۈچىنچىدىن، يازغۇچى بىۋاسىتە تەجرىبە، كەچۈرمە ۋە باشتىن كەچۈرۈش بىلەن ۋاستىلىك كەچۈرمە، تەجرىبە ۋە باشتىن كەچۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش زۆرۈر. يازغۇچى ئەخمەت تۇردى «ئاي يامغۇرى» رومانىنى يېزىشتا مۇشۇ ئۇسۇلغا ئەھمىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەرگەن. مەتىمىن ھۇشۇر «نۇزۇگۇم» پوۋېستىنى يېزىشتا ھەم موللا بىلالنىڭ «نۇزۇگۇم قىسسىسى»نى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەن ھەم خەلق ئىچىدىكى نۇزۇگۇمغا ئائىت رىۋايەتلەرنى توپلىغان. باش يازغۇچى ئەسئەت سۇلايمان «ئۇيقۇغا كەتكەن كرورەن گۈزىلى» پوۋېستىنى يېزىشتا كرورەن گۈزىلى — ئۇيغۇرلارنىڭ ئانىسى توغرىسىدىكى جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى ئۆگىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

دېمەك، خام ماتېرىيال توپلاش — ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق جەريانى.

## 2. بەدىئىي پىكىر يۇرگۈزۈش

يازغۇچى كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان تۇرمۇش خام ماتېرىياللىرىنى كىشىلەر قەلبىنى تېخىمۇ ھاياجانغا سېلىپ ئۇلارغا بىلىم، تەربىيە، ئېستېتىك زوق ۋە گۈزەل ھېسسىيات بېغىشلايدىغان ئەسەر قىلىپ يېزىشتا، بەدىئىي پىكىر قىلىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. بەدىئىي پىكىر قۇدرىتىنىڭ ئىلھام كۈچى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەڭ جىددىي، ئاچقۇچلۇق ئىجادىيەت جەريانى ھېسابلىنىدۇ.

### 1. بەدىئىي پىكىر قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى

بەدىئىي پىكىر قىلىش دېگەن نېمە؟

يازغۇچى خام ماتېرىياللارنى جۇغلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مېڭىسىدە چوڭقۇر ئوي - پىكىر، كۈچلۈك ئىپادىلەش ئۈمىدى، بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئومۇمىي سىماسى شەكىللىنىدۇ. بۇ دەل بەدىئىي پىكىر يۇرگۈزۈش باسقۇچى جەريانىدۇر.

بەدىئىي پىكىر يۇرگۈزۈش باسقۇچى — يازغۇچىنىڭ مەقسەتلىك، پىلانلىق ئېلىپ بارىدىغان ئىجادىي ئەمگەك جەريانى. يەنى بەدىئىي پىكىر يۇرگۈزۈش — يازغۇچىنىڭ تەسىراتتىن چوڭقۇر ئويلىنىشقا، ئويلىنىشتىن بايقاپ يېتىشكە يېتىپ، ئا-

خىر بەدىئىي ئوبرازنى شەكىللەندۇرۇشتىن ئىبارەت تاۋلاپ پىشۇ-
رۇش جەريانىدىن ئىبارەت. يەنە بىر تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا،
بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش باسقۇچى بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى مەر-
كىزىي پائالىيەت ۋە ھالقىلىق مۇھىت بولۇپ، يازغۇچى توپلىغان
خام ماتېرىياللار بىلەن ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىدىكى تەسىرات-
لارنىڭ بەدىئىي ئوبرازغا ئايلىنىشتىن ئىبارەت ئىجادىي ئەمەلى-
يەت جەريانىدۇر.

باش تېما ۋە ئىدىيىنىڭ شەكىللىنىشى — بەدىئىي پىكىر
يۈرگۈزۈش باسقۇچىنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى.

بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانى ئىنتايىن مۇرەككەپ
بولىدۇ. لېكىن نۇرغۇن يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسى-
دىن قارىغاندا، بۇ جەريان قانۇنىيەتلىك بولىدۇ. بۇ قانۇنىيەت
مۇنداق: بىرى، يازغۇچىنىڭ كەچۈرمىشى، تەسىراتى ۋە ئىجادى-
يەت ئىشتىياقى تۈرتكىسىدە خام ماتېرىيالنىڭ مەنىسى ئۈستىدە
قايتا - قايتا ئويلىنىپ، ئەڭ كېرەكلىك، ماھىيەتلىك دېتاللارنى
تاللاپ ۋە تاۋلاپ چىقىش، ئاخىرىدا تېما بىلەن باش تېمىنى
بەلگىلەش، يەنە بىرى، يازغۇچىنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئويلىنىشى
جەريانىدا ئۇنىڭ مېڭىسىدە بىر بىۋاستە ئوبراز جانلىنىش. شۇ-
نىڭ بىلەن ئىجادىيەت مۇددىئاسى تېخىمۇ روشەنلىشىپ، تېما،
باش تېما ۋە بىر قاتار بەدىئىي ئوبرازلار بىرلىشىپ كېتىش،
ئاخىر بەدىئىي ئەسەر مەيدانغا كېلىش.

ل. تولستوينىڭ «تىرىلىش» رومانى ئاشۇنداق قانۇنىيەتلىك
بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانىنىڭ مەھسۇلى. «تىرىلىش»
رومانىنىڭ ئەسلى سۇژىتى «كىنىنىڭ ھېكايىسى» بولۇپ، ھېكايە
ل. تولستوينى قايتا - قايتا قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن. ل. تولس-
توي بۇ ھېكايە ئۈستىدە نۇرغۇن ئويلىنىش، بەدىئىي پىكىرلىرى-
نى قايتا - قايتا يىغىلاش ئارقىلىق رومانىنىڭ تېمىسىنى، باش
تېمىسىنى ۋە ئوبرازلىرىنى شەكىللەندۇرۇپ شەخسىنىڭ روھىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هالىتىنى، ئەدەپ - ئەخلاقىنى ئەيىبلەيدىغان ۋەقەلىكنى ۋە شەخسلەرنى ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي ھالەتنى ئەيىبلەيدىغان ۋەقەلىكلەرنى ۋە شەخسلەرنى تەسۋىرلەيدىغان رومان ئىجاد قىلغان.

بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش باسقۇچى — يازغۇچىنىڭ ئەڭ جىددىي ھالەتكە كىرگەن، ئەڭ قىزغىن بولغان جەريانىدۇر. بۇ جەريان بىرىنچىدىن، يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ، ئىلھامىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىجادىيەت ئىشتىياقىنى تېخىمۇ جانلاندۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ ئويلىنىشىنى، تاللىشىنى ۋە تاۋلىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تېمىنى تېخىمۇ جايىدا تاللىشىغا، باش تېمىنى ئېنىق بەلگىلىشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، پېرسوناژلارنى ئوبدان ئاپىرىدە قىلىپ، ئەسەر شەكلىنى ئوبدان بەلگىلەپ، ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىشقا كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ.

2. بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ باسقۇچلىرى ۋە شەكلى

1) بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ باسقۇچلىرى

بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى، بەدىئىي ئوبرازنىڭ تۆرەلمە (بىخلىنىش) باسقۇچى.

بۇ باسقۇچ يازغۇچى كۈچلۈك ھېسسىيات تۈرتكىسىدە ئىجادىيەتكە كىرىشكەندە پەيدا بولىدۇ. يەنى ئۇنىڭ كاللىسىدا بەدىئىي ئوبرازنىڭ تۆرەلمىسى ھاسىل بولىدۇ.

بەدىئىي ئوبراز تۆرەلمىسىنىڭ ھاسىل بولۇش ۋاقتى بەزىدە ئۇزاقراق، بەزىدە قىسقىراق بولىدۇ. ھەممىلا بەدىئىي تۆرەلمىنىڭ بەدىئىي ئوبراز بولۇپ شەكىللىنىشى ناتايىن. پەقەت تەبىئىي ھالدا، تولۇق پىشىپ يېتىلگەن تۆرەلمىلەرلا ئاخىر مۇكەممەل بەدىئىي ئوبرازغا ئايلىنىدۇ.

ئۇنداقتا بەدىئىي ئوبراز تۆرەلمىسى قانداق پەيدا بولىدۇ؟ بەدىئىي تۆرەلمە (1) يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈشى جەريانىدا تەبىئىي ۋە تاسادىپىي پەيدا بولۇپ قالىدۇ. (2) بەزى يۇرت - ماكان، ئارخېئولوگىيىلىك ئوبيېكت كۆرۈنۈشلىرى بىلەن تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى بەدىئىي ئوبراز تۆرەلمىسىنى پەيدا قىلىدۇ. (3) بەدىئىي تۆرەلمە يەنە يازغۇچىغا كۈچلۈك تەسىر قىلغان ۋەقە - ھادىسىلەر ۋە كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئۇنىڭدا ھاياجانلىق ھېسسىيات قوزغىشى جەريانىدا پەيدا بولىدۇ.

ئىككىنچى، بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئۆسۈش باسقۇچى.

بۇ باسقۇچتا يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇ ھېس قىلغان ئوبرازلار تېخىمۇ كونكرېتلىشىدۇ، چوڭقۇرلىشىدۇ ۋە جانلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا يازغۇچى مۇنداق ئىككى نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. بىرى، بەدىئىي ئوبرازنىڭ تاشقى ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئوبرازنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرىدۇ ۋە جانلاندۇرىدۇ. يەنە بىرى، بەدىئىي ئوبراز ئوبيېكتىنىڭ ئىچكى ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى يۇقىرى ئىگىلەپ، ئۇنىڭ تېخىمۇ تىپىك ۋە ئەھمىيەتلىك تەرەپلىرىنى قېزىپ چىقىدۇ. شۇڭا يازغۇچى بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئۆسۈش باسقۇچىدا، بەدىئىي ئوبرازنىڭ يادروسى بولغان پېرسوناژنى ۋايىغا يەتكۈزۈشكە كۈچىنىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر تەرەپتىن، پېرسوناژنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈشى، يەنە بىر تەرەپتىن، پېرسوناژنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن، پېرسوناژنى تېخىمۇ تولۇقلاپ مۇكەممەللەشتۈرۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، بەدىئىي ئوبرازنىڭ تولۇق شەكىللىنىش باسقۇچى.

بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانىنىڭ بۇ باسقۇچى — كۆزىتىش جەريانىدا بايقاپ بىخلاندۇرغان، كۆكلەنگەن بەدىئىي

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئوبرازلارنى تولۇق ئۆگىنىش، چۈشىنىش ۋە ئۇلارنى ئىگىلەش جەريانىدىن ئىبارەت. يازغۇچى بۇ باسقۇچلۇق ئەمگەك جەريانىنى بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە بەدىئىي توقۇلما كۈچى بىلەن قانات يايدۇرىدۇ. بۇ باسقۇچتىكى ئەڭ ھالقىلىق نەرسە يازغۇچىنىڭ باي، كۈچلۈك بەدىئىي تەسەۋۋۇرى. بەدىئىي ئوبراز — بەدىئىي تەسەۋۋۇرسىز يارىتىلمايدۇ. ئەگەر يېتەرلىك، كۈچلۈك، باي بەدىئىي تەسەۋۋۇر بولمىسا، ئاخىرقى ھېسابتا بەدىئىي ئوبراز تولۇق شەكىللىنەلمەيدۇ. مۇبادا يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇرى نامراتراق، ئاجىزراق بولسا، بەدىئىي ئوبرازمۇ دېگەندەك مۇكەممەل شەكىللىنەلمەيدۇ. شۇڭا بەدىئىي ئوبرازنىڭ تولۇق، مۇكەممەل شەكىللىنىش باسقۇچىدا يازغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇرىنىڭ باي، كۈچلۈك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

### 2) بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ شەكلى

بەدىئىي ئىجادىيەت — ئەركىن، ئازادە مەنىۋى ئەمگەك جەريانى. شۇڭا بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ بىر قېلىپلاشقان شەكلى بولۇشى ناتايىن. لېكىن نۇرغۇن مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ مۇنداق ئىككى شەكلى بار. بىرى، بىر تەرەپتىن ئويلاپ مۇھىم نۇقتىلىرىنى خاتىرىلەش، يەنە ئويلاپ، يەنە خاتىرىلەش شەكلى. يەنە بىرى، رەسمىي يېزىشتىن ئىلگىرى «يېزىقچىلىق پروگراممىسى» تۈزۈۋېلىش شەكلى. بۇ شەكىل ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانىنى نەتىجىلىك قانات يايدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم. بۇ خىل «يېزىقچىلىق پروگراممىسى» نى تۈزۈش شەكلى رومان قاتارلىق ئېپىك ئەسەرلەر ئىجادىيىتىدە كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. ئادەتتە يازغۇچىلارنىڭ ئېپىك ئەسەرلەر ئىجادىيىتىدە تۈزۈۋېلىنغان «يېزىقچىلىق پروگراممىسى» تېزىسى مۇنۇ ئۈچ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. پېرسوناژلار تىزىملىكى. بۇ پېرسوناژلارنىڭ ئىتىنىڭ

كېلىپ چىقىشى، فىزولوگىيىلىك ۋە پسىخىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى، مەدەنىيەت ۋە كەسپىي سەۋىيىسى، خاراكتېر تەرەققىياتى، ئۇلارنىڭ ئەسەردىكى ئورنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. ۋەقەلىكنىڭ (سۇژېت ھېكايىسىنىڭ) مۇھىم نۇقتىلىرى. بۇ پېرسوناژلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى، ۋەقەلىكنىڭ ئاساسىي قىسمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە تەرەققىياتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3. مەزمۇننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە جايلاشتۇرۇلۇشى. بۇ باش تېمىنى ئېچىپ بېرىش مەسىلىسى بىلەن ھەرقايسى پېرسوناژنىڭ ئەسەرنىڭ باش تېمىنى ئېچىپ بېرىشتىكى رولى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 3. بەدىئىي ئىجادىيەت ۋە ئىلھام

### 1) بەدىئىي ئىپادىلەش

يازغۇچى خام ماتېرىياللارنى توپلاشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت تەييارلىقىنى تاماملىغاندىن كېيىن، بەدىئىي تەپەككۇر يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە ئۆتۈپ تېما ۋە باش تېما مەنىسىنى تاۋلاپ پىشۇرۇش، بەدىئىي ئوبرازنى بىخلاندۇرۇش، قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، بەدىئىي شەكلىنى تاللاشتىن ئىبارەت بىر قانچە ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن يازغۇچى ئىجادىيەت جەريانىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىغا — رەسمىي يېزىش باسقۇچىغا قەدەم تاشلاپ، بەدىئىي ئوبراز بىر پۈتۈن ئېستېتىك سىستېما بولۇپ شەكىللىنىدىغان رەسمىي ئەسەرنى يېزىپ پۈتتۈرىدۇ. بۇ دەل بەدىئىي ئىپادىلەش جەريانى باسقۇچى بولۇپ بىر پۈتۈن ئىجادىيەت ئەمگىكى جەريانىدىكى ئاساسلىق بەدىئىي ئەمگەكتۇر.

يازغۇچى بەدىئىي ئىپادىلەش باسقۇچىدا ئۆزىنىڭ بەدىئىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، ئەدەبىياتنىڭ بارلىق ئىپادىلەش ۋا-
ستىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئوبراز يارىتىپ، ھېكايە ۋە-
قەلىكلىرىنى ياكى لىرىك ھېسسىياتنى نەپىس قىلىپ تەسۋىر-
لەپ، ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ ئىجادىيەت مەھسۇلى بول-
مىش — ئەسەرنى يورۇققا چىقىرىدۇ. دېمەك، بەدىئىي ئىپادى-
لەش جەريانى — يازغۇچىنىڭ تىل ماتېرىياللىرىدىن ۋە باشقا بەدى-
ئىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ بىر پۈتۈن بەدىئىي ئوبراز نامايان
بولىدىغان ئەدەبىي ئەسەرنى يېزىپ تاماملاش باسقۇچىدۇر. يەنە
بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بەدىئىي پىكىرنىڭ تىل ماتېرىيال-
لىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك بەدىئىي ۋاستىلەر ياردىمى بىلەن مەلۇم
بەدىئىي شەكىلدىكى مۇقىم ئەسەرگە ئايلىنىش جەريانى بەدىئىي
ئىپادىلەش جەريانى دەپ ئاتىلىدۇ.

يازغۇچىنىڭ تۈپلۈك ۋەزىپىسى — مىللەتنىڭ ئومۇمىي ھا-
لىتىنى ۋە ساپاسىنى نامايان قىلىدىغان ۋە مىللەتنىڭ تەرەققىيات-
نى ئىلگىرى سۈرۈشكە مەنىۋى تۈرتكە بولىدىغان نادىر ئەسەرلەر-
نى يارىتىشتۇر. نادىر ئەسەر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى جە-
ھەتتىكى مەلۇم سەۋىيىسىنى نامايان قىلىپ، مىللىي مەدەنىيەت-
نىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسىگە ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ۋەكىل-
لىك قىلىدۇ. شۇڭا ئىدىيىۋىلىكى، بەدىئىيلىكى بىرلىككە كەل-
گەن، كۆچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە، تەسىرلەندۈرۈش
كۈچىگە ئىگە، ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن زور بىر
تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتىشنى قولغا كەلتۈرۈش
كېرەك...بۇنىڭدىن مەلۇمكى، نادىر ئەسەر 1) تەسىرى كەڭ،
چوڭقۇر، ئەبەدىي بولغان، ۋەكىللىك خاراكتېرى گەۋدىلىك بول-
غان كلاسسىك ئەسەر قىممىتىگە ئىگە ئەسەردۇر. 2) ئىدىيىۋى-
لىكى بىلەن بەدىئىيلىكى، تارىخلىق دەرىجىسى بىلەن ئېستېتىك
دەرىجىسى يۇقىرى دەرىجىدە بىرلىككە كەلگەن، كۆچلۈك سېھرىي
قۇدرەت ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە ئەسەردۇر. 3) ئاممى-

نىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن، مىللىي ئاۋام ۋە مىللەت رەھبەرلىرى تەرىپىدىن مەڭگۈلۈك تەربىيە، بىلىم ۋە گۈزەللىك زوقى بېرىش قىممىتىگە ئىگە، ۋاقىت سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەر دەپ قارالغان ئەسەردۇر. شۇڭا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە نادىر ئەسەرلەر ئىجادىيىتىگە ئەھمىيەت بې-رىشكە، نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشنى پۈتكۈل مىللىي ئەدەبى-يات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ھالقىسى، ۋەزىپە نىشانى ۋە يۈكسەك پەللىسى دەپ بىلىشكە توغرا كېلىدۇ.

نادىر ئەسەرلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىجاد قىلىشتا ئىجادىيەت جەريانىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىش، ئىجادىيەت جەريانىنىڭ خام ماتېرىيال توپلاش (بەدىئىي تەييارلىق)، بەدى-ئىي پىكىر يۈرگۈزۈش (بەدىئىي ئەمەلىيىتىگە كىرىش تەييارلى-قى) ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش باسقۇچلىرىنى نەتىجىلىك تاماملاش لازىم. بۇ ئۈچ جەريان باسقۇچىنىڭ ھەممىسى مۇھىم، ئەلۋەتتە. لېكىن بۇلار ئىچىدە ئەڭ قىيىنى، ئەڭ مۇھىمى مۇرەككەپ بەدىئىي ئىپادىلەش (يېزىقچىلىق) جەريانى باسقۇچىدۇر.

ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش باسقۇچى-دا مۇنداق ئۈچ خىزمەت بېجىرىلىدۇ. بىرى، ئورىگىنالىنى (ئە-سەر تېكىستىنى) رەسمىي پۈتتۈرۈش. يەنە بىرى، يېزىلىپ پۈتكەن ئورىگىنال ئۈستىدە تەكرار - تەكرار ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش. ئورىگىنال ئۈستىدە تەكرار - تەكرار ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش بەدىئىي ئەسەرنى ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشنىڭ بىر مۇھىم شوتىسى، تەكرار - تەك-رار ئۆزگەرتىش يازغۇچىنىڭ كەسپىي ئەخلاقى ۋە كەسپىي مەس-ئۇلىيىتى تۇيغۇسىنىڭ كونكرېت ئەسەر ئۈستىدە نامايان بولۇشى-دۇر. شۇڭا يازغۇچى ئورىگىنالنى تەكرار - تەكرار ئۆزگەرتىشكە كۈچ سەرپ قىلىپ بىر تەرەپتىن بەدىئىي پىكىرنىڭ مۇۋاپىق بولمىغان تەرەپلىرىنى جىددىي ئۆزگەرتسە، يەنە بىر تەرەپتىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بەدىئىي تەسۋىرنىڭ (ئاساسلىق تىل تەسۋىرىنىڭ) مۇۋاپىق بولمىغان، گۈزەل بولمىغان، مۇكەممەل بولمىغان تەرەپلىرىنى ئۆزگەرتىش زۆرۈر. بالزاك ئورىگىنال تېكىستىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن كەم دېگەندە 10 ـ 12 قېتىم ئۆزگەرتىشكە ئادەتلەنگەن. گوگول، ھەربىر ئەسەرنى كەم دېگەندە سەككىز قېتىم ئۆزگەرتىش كېرەك دەپ قارىغان. ل. تولستوي ھەربىر ئەسىرىنى يۇقىرى كەسپىي ئەخلاق ۋە كەسپىي مەسئۇلىيەت مىزانىدا ھەم تۇيغۇسىدا تۇرۇپ يازاتتى. ئەسەر پۈتكەندىن كېيىن تەكرار ـ تەكرار ئۆزگەرتىش ئېلىپ باراتتى. ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ل. تولستوي «ئورمانلىقتا ئۈچ كۈن» دېگەن ھېكايىسىنى 29 قېتىم ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئېلان قىلغان. ئۇ بۇ ھېكايىسىنىڭ 45 نۇسخىسىنى قالدۇرغانىدى. ل. تولستوي 1852 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىكى بۇ خاتىرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى: «يازىمەن، ئۆزگەرتىمەن دېگەن خىيالنى مەڭگۈ تاشلىۋېتىش كېرەك. ئۈچ ـ تۆت قېتىم ئۆزگەرتىش كۇپايە قىلمايدۇ» بۇ سۆز مۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرىدۇ. يازغۇچى يېزىش ئۈچۈن، قۇرۇق نام ئۈچۈن يازماسلىقى، بەلكى ئۇ مىللەتنىڭ ھەقىقىي مەنىۋى بايلىقىغا ئايلىنالايدىغان نادىر ئەسەرلەرنى يېزىش ئۈچۈن يېزىشى كېرەك. بىرلا قېتىم يېزىپ، ئېلان قىلىشقا ئالدىراش — كەسپىي ئەخلاقسىزلىق ياكى كەسپىي مەسئۇلىيەتسىزلىكتۇر. ئۈچىنچى بىرى، ئەسەرنى رەسمىي ئېلان (نەشر) قىلىپ تارقىتىش.

2) بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئىلھام مەسىلىسى

ئىلھام — بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئىنېرتسىيىلىك كۈچى، پىلتىسى. ئىلھام بولماي، ئىلھام قوزغالماي تۇرۇپ، يازغۇچى بەدىئىي پىكرىنى چوڭقۇرلاشتۇرالمايدۇ، بەدىئىي ئوبراز سىماسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سىزالمايدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى تارىخىي ۋە ئەمەلىي پاكىت-

لار ئىلھامنىڭ ئىجادىيەتنىڭ كۈچلۈك سېھرىي قۇدرىتى ئىكەنلى-
كىنى، ئىلھامنىڭ بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈشتە ھەل قىلغۇچ رول
ئوينايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. ل. تولستوي مۇنداق دېگەنىدى:
«ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەر پەقەت بەزىدە يازغۇچىنىڭ قەلبىدىلا
مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ باشتىن كەچۈرگەن تۇرمۇشىدىن
كەلگەن نەتىجە بولۇپ، دەل ئانىنىڭ ھامىلىدار بولغىنىغا ئوخ-
شايدۇ.» تەبىئىي ۋە تۇساتتىن قوزغالغان ئىلھام — يازغۇچىنىڭ
بىر ياخشى ئەسەرنى يارىتىشنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى قۇدرىتى-
دۇر. ل. تولستوي 1896 ـ يىلى بىر ئاختاملىقتا كېتىۋېتىپ
نەپىس ئۆسۈملۈك قىرىنىمىزنى كۆرۈپ قېلىپ، ھاجى مورادنى
دەرھال ئېسىگە ئالغان ـ دە، ئىلھامى پارتلاپ كەلگەن. بۇنىڭ
بىلەن «ھاجى موراد» ناملىق مەشھۇر پوۋېستىنى ئىجاد قىلغان.
گوگول 1840 ـ يىلى «قىرقىۋېتىلگەن بىر تۇتام ساقال» ناملىق
تراگېدىيىسىنى ئىلھامى تەبىئىي ۋە تاسادىپىي قوزغالغان روھىي
ھالەتتە يازغاچقا، تراگېدىيە ياخشى يېزىلغان. گوگول ئىلھامنىڭ
بۇ تراگېدىيىنى يېزىشتىكى رولىنى سۆزلەپ مۇنداق دېگەن:
«كاللامدىكى ئوي ـ پىكىرلار خۇددى ئۇركۈۋېتىلگەن بىر ئۈۋا
ھەرىدەك قىمىرلاپ تۇراتتى. مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇم بارغانسېرى
ئۆتكۈرلىشىپ باراتتى. ئاھ، بۇ نەقەدەر خۇشاللىق ـ ھە؟
...دېمەك، ئىلھام پىكىر يوللىرىنى، تەسەۋۋۇر يوللىرىنى راۋان-
لاشتۇرىدۇ، بەدىئىي ئوبراز سىماسىنى يازغۇچىنىڭ كۆز ئالدىدا
خۇددى ھەيۋەتلىك تاغدەك نامايان قىلىۋېتىدۇ. ئىلھام يازغۇچى-
نىڭ ئىجادىي كۈچىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭغا يېڭىچە ئوي ـ پىكىر-
لارنى، يېڭىچە بەدىئىي ئوبرازلارنى ۋە بەدىئىي تەسۋىرلەرنى بې-
غىشلايدۇ. ئىلھام — بەدىئىي ئىجادىيەت جەريانىدا پىكىرنى،
تەسەۋۋۇر يوللىرىنى ئېچىش رولىنى ئويناپ ئۇنىڭ ھېسسىي
بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە سەكرىشىگە ياردەم بېرىدۇ. يازغۇچى
ئىلھام كۈچى ئارقىلىق تۇرمۇش گۈزەللىكىدىن سەنئەت گۈزەللى-

www.uyghurkitap.com

كىنى نۇرغۇن تەبىئىي ئوبرازلار دېڭىزىدىن چىن ـ ھەقىقىي بەدىئىي ئوبرازنى، نۇرغۇن ۋەقەلەر ئىچىدىن ھەقىقىي تارىخىي ۋە ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە ۋەقەلەرنى سۈزۈپ ئالالايدۇ. ئۇنداقتا ئىلھام دېگەن نېمە؟

يازغۇچى بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانىدا تاسادىپىي پۇرسەت تۈپەيلىدىن قوزغالغان، ئىجادىي كۈچنى يۈكسەك دەرىجىدە جارى قىلدۇرىدىغان مەنىۋى ھالەت ئىلھام دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىلھام تاشقى دۇنيا تەسىرىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئورگان چوڭ مېڭىسىگە كىرىش جەريانىدا ئادەمنىڭ پسىخىكىلىق دۇنياسىدا قوزغالغان روھىي ھالەت ھادىسىسىدىن ئىبارەت.

ئىلھام ھەممە ئادەمدە، ھەممە كەسپىي ئەھلىلەردە بولىدۇ. لېكىن ئىلھامنىڭ ئادەملەردىكى يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. يازغۇچىنىڭ ئىلھامى باشقا كىشىلەرگە قارىغاندا پەۋقۇلئاددىراق بولىدۇ. يازغۇچى ئىجادىيەتكە كىرىشكەن چاغدا، ئۇنىڭدا قوزغىلىدىغان ئىلھام مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

بىرىنچى، ئىلھام پارتلاشچانلىقتا ئىگە روھىي ھالەت ھادىسىسى. بۇ ئۇنىڭ تاسادىپىيلىقتا ئىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىلھام يازغۇچى مەلۇم بىر گۈزەللىك قىممىتىگە ئىگە شەيئى ـ ھادىسىلەرنى كۆرگىنىدە. ياكى ئۇلارنى ئەسلىگىنىدە تاسادىپىي قوزغىلىپ پارتلاپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت روھىنى ئۇرغۇتۇپ تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر يوللىرىنى روشەنلەشتۇرىدۇ.

ئىككىنچى، ئىلھام بىۋاسىتىلىككە ئىگە روھىي ھالەت ھادىسىسى. يازغۇچى شەيئى ـ ھادىسىلەرنى بىۋاسىتە كۆزىتىش ياكى ۋاسىتىلىك كۆزىتىش جەريانىدا، ئاشۇ شەيئى ـ ھادىسىلەر ھەققىدە بەلگىلىك تەسىرگە ۋە بىلىمگە ئىگە بولىدۇ. مەلۇم بىۋاسىتە شەيئى ـ ھادىسە بولمىسا، يازغۇچىدا ئىلھام قوزغالمايدۇ. ئامې-

ـرىكا پسىخولوگى ئانود. فىلاننىڭ قارىشىچە، مەيلى ئىجادىيەتـ
نىڭ پسىخولوگىيىلىك تەجرىبە جەريانى قانداق بولسۇن، ئىلھام
ھامان بىۋاسىتە كۆزىتىشتىن قوزغىلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىلھام ئىجادىيلىقتا ئىگە روھىي ھالەت ھادىسىـ
سى. ئىلھام ئىجادىي پىكىرنى پەيدا قىلىش، بۇ پىكىرنى كۈچەيـ
تىش، تەپەككۇر يوللىرىنى زورايتىش رولىنى ئوينايدۇ. يازغۇـ
چى ئىلھام قوزغالغاندا، ئۇنىڭدىكى پىكىرلار، ھېسسىياتلار سەكـ
رەش ھاسىل قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر خىل
بەدىئىي دۇنيا نامايان بولىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىلھام
بولمىسا ئىجادىيەت ۋە كەشپىيات مەيدانغا كەلمەيدۇ. نيۇتون،
دارۋىن، كيۇرى ئەر ـ خوتۇنلار، ئېينىشتېيندەك ئۇلۇغ ئالىمـ
لارنىڭ كەشپىياتلىرىمۇ ئىلھام قۇدرىتىگە تايىنىپ مەيدانغا كەلـ
گەن ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئىلھامنىڭ سېھرىي كۈچى تېخىمۇ زور
بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

لېكىن، ئىلھام چۈشەنگىلى، ئىگىلىگىلى بولمايدىغان سىرـ
لىق نەرسە ئەمەس، ئىلھام — تىرىشچانلىقنىڭ، ئىجادىي خاسـ
لىقنىڭ، چوڭقۇر كۆزىتىشچانلىقنىڭ مەھسۇلى. شۇڭا يازغۇچى
قانچىكى تىرىشقان بولسا، يۇقىرى كۆتۈرۈش، تەھلىل ۋە ھۆكۈم
قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسا، ئىجادىي خاسلىقى روشەن ۋە مول
بولسا، ئۇ چوقۇم ئىلھامغا ئېرىشىپ، نادىر ئەسەرلەرنى يارىتالايـ
دۇ.

يازغۇچى ھەقىقىي ئىجادىي ئىلھامغا ئېرىشىش ئۈچۈن بىرىنـ
چىدىن، ئوبيېكتىپ شەرتلەرنى ھازىرلىشى، يەنى مول، چىن
تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى توپلىشى، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى باشـ
تىن كەچۈرۈشى لازىم. ئىككىنچىدىن، سۇبيېكتىپ جەھەتتىن،
ھېسسىياتىنى ۋە روھىي دۇنياسىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېـ
رىپ، روھىي دۇنياسىنى بېيىتىپ، مۇللاشتۇرۇپ ۋە روشەنلەشـ
تۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىلھامنىڭ كېلىش مەنبەسى ئوب-
يېكتىپ دۇنيا. ئۇنى قوبۇل قىلىپ قوزغاتقۇچى مەنبە دەل
يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسى. شۇڭا ئىجادىيەتتە ئوبيېكتىپ
دۇنيا رېئاللىقى بىلەن سۇبيېكتىپ دۇنيا ئارزۇسى بىر گەۋدىگە
ئايلانسا، ئاندىن ئىلھام پارتلايدۇ. روسىيە كلاسسىك كومپوزىتو-
رى چايكوۋسكىي مۇنداق دېگەنىدى. «ئىلھام چىرايلىق قول
پۇلاڭلىتىش ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ئوخشاش پۈتۈن كۈچىنى
سەرپ قىلىپ ئىشلىگەن ۋاقىتتىكى پسىخىك ھالەتتۇر.» دې-
مەك، بەدىئىي پىكىرنى قوزغاش، كۈچەيتىش، كېڭەيتىش ۋە
راۋانلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان ئىلھام يازغۇچىدىكى تەبىئىي
ئىستېداد ۋە ماھارەت بىلەن ئۇنىڭ نەچچە ھەسسە تىرىشچانلىقى-
نىڭ بىرىكمە مەھسۇلى. يازغۇچىدىكى تالانت بىلەن سۇبيېكتىپ
تىرىشچانلىق قانچىكى بىرىكىپ كەلسە، ئىلھامنىڭ قوزغىلىشى
ۋە ئېنېرتسىيىلىك كۈچى شۇنچە زور بولىدۇ. گېرمانىيە پەيلا-
سوپى گېگىل مۇنداق دېگەنىدى: «ئەڭ بۈيۈك تالانت ئىگىسى
يېشىل ئوتلاقتا مۇز ـ غۇر شامال يۈزۈمگە ئۇرسۇن، دەپ كۆك
ئاسمانغا نەزىرىنى تىكىپ كۈن بويى ياتسىمۇ، نازۇك ئىلھام
ھېچقاچان ئۇنىڭغا يولاپ قويمايدۇ.» دېمەك، يازغۇچى ھەقىقىي
ئىلھامغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەم تالانتلىق بولۇشى ھەم تىرىشچان
بولۇشى كېرەك. ئەمما يازغۇچى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بەدىئىي
پىكىر يۈرگۈزۈش باسقۇچى جەريانىدا ھەقىقىي، چىن ۋە تەبىئىي
ئىلھامغا مۇراجىئەت قىلىشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ بىر دەملىك
ئىلھامغا، ياكى يالغان ۋە ساختا ئىلھامغا ئالدىنىپ قىلىپ زورۇ-
قىپ ئەسەر يازماسلىقى زۆرۈر. زورۇقۇپ يازغان ئەسەر ئىدىيە-
ۋىلىك جەھەتتە پاك ۋە يۈكسەك، بەدىئىيلىكتە چىن ۋە يۇقىرى
بولۇشى ناتايىن. شۇڭا يازغۇچىنىڭ ھەردائىم شېئىرىي تۇيغۇغا،
ئۇچۇر مىقدارىغا، چىن ـ ھەقىقىيلىققا باي بولغان شەيئىلەر،
ھادىسىلەر، كۆرۈنۈشلەر ۋە شەخسلەر بىلەن ئۇچرىشىشقا، كۆرۈ-

شۇپ سۆھبەتلىشىشكە ماھىر بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى مۇشۇنداق قىلغاندا مول تۇرمۇش تەجرىبىسىگە، بىلىم جۇغلانمىسىغا ۋە چىن - ھەقىقىي ئىدىيىۋى ھېسسىياتقا ئىگە بولالايدۇ. بۇ خىل تەجرىبە، بىلىم، تەسىرات ۋە ئىدىيىلەر مەلۇم بىر پۇرسەتتە ئۇنىڭغا ئىلھام قۇدرىتى بېغىشلاپ، ئۇنىڭ مەلۇم تېما ئۈستىدە ئەسەر يېزىش ئىستىكىنى قوزغايدۇ. فرانسىيىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى دىستان «ئۆتكەن ئىشلار» ناملىق رومانىنى، ئۇنىڭ بىر قېتىم يول بويىدا چىرايلىق بىر قىزنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭدىن تەسىرلەنگەندە قوزغالغان ئىلھام كۈچى بىلەن يازغانىدى. شۇڭا رومان چىقىلىقا، ھېسسىياتقا ۋە غايىگە باي بولغاچقا جامائەت ئىچىدە زور زىلزىلە پەيدا قىلغان.

ئومۇمەن، ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانى — يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەتنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىنى ھازىرلاش جەريانى، كۆڭۈل قويۇپ خام ماتېرىيال توپلاپ پېرسوناژنى بايقاش، بىخلاندۇرۇش، شەكىللەندۈرۈش جەريانى، ئاندىن تەبىئىي، چىن، ھەيۋەتلىك ئىلھام بىلەن بەدىئىي پىكىر قىلىپ ئەسەرنى رەسمىي يېزىپ پۈتتۈرۈش ۋە ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىش جەريانى.

## مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. تۆۋەندىكى ئاتالغۇلارغا تەبىر بېرىڭ:

ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئىجادىيەت سۇبيېكتى، ئىجادىيەت ئوبيېكتى، ئىجادىيەت جەريانى، بەدىئىي پىكىر قىلىش، ئىلھام.

2. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىنى بايان قىلىڭ.

3. تۆۋەندىكى سوئاللارغا قىسقىچە جاۋاب بېرىڭ.

1) نېمە ئۈچۈن يازغۇچىنىڭ پۇختا تۇرمۇش ئاساسى، مول ئەمەلىي تەجرىبىسى، كەڭ بىلىم جۇغلانمىسى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ؟

www.uyghurkitap.com

2) نېمە ئۈچۈن يازغۇچىنىڭ توغرا دۇنيا قاراشقا، سەنئەت قارىشىغا، ئېستېتىك قاراشقا ئىگە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ؟

3) نېمە ئۈچۈن بەدىئىي ماھارەتنى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بىر مۇھىم شەرتى دەيمىز؟

4. ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانى قايسى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ؟ ھەربىر باسقۇچنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

5. خام ماتېرىيال توپلاش ئۇسۇلىنى بايان قىلىڭ.

6. بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانى قانداق بولىدۇ؟

7. ئىلھامنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

8. ئۆزىڭىز ياخشى كۆرۈپ ئوقۇغان بىر نادىر ئەسەر مىسالى ئارقىلىق بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ ئىجادىيەت جەريانىنىڭ بىر مۇھىم باسقۇچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىڭ.

باب VIII

# ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى

## قىسقىچە ئومۇمىي چۈشەنچە

دۇنيادا 2000 دىن ئارتۇق مىللەت، 6000 خىلغا يېقىن مىللىي تىل ۋە يەرلىك تىل بار. دۇنيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى تارىخى بولسۇن، ياكى ھازىرقى زامان، مۇشۇ زامان مەدەنىيىتى تارىخى بولسۇن، نۇرغۇن ـ نۇرغۇن مىللەتنىڭ يارانقان مىللىي مەدەنىيەتلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك خەزىنىسى ھېسابلىنىدۇ.

بىر مىللەت چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي تىلى، مىللىي فىزىئولوگىيىسى، مىللىي پسىخىكىسى، مىللىي تۇرمۇش مەزمۇنى ۋە شەكلى، مىللىي مەدەنىيىتى ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بار. مۇشۇ مىللىي خاسلىقلار بىر مىللەتنى باشقا مىللەتلەردىن روشەن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. روشەن ۋە گەۋدىلىك مىللىي خاسلىق — مىللەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىكى مىللىيلىكى ياكى مىللىي ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت. مۇشۇ مىللىي خاسلىق ئۇنىڭ مەدەنىيىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا مەدەنىيەتنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولسا مىللىي خاسلىقتۇر. يەنى مىللىي ئالاھىدىلىكتۇر. مىللىي ئالاھىدىلىك گەۋدىلىك ۋە روشەن ھالەتتە بولغاندا، ئاندىن دۇنياۋىلىققا ئۆتۈل سىلىنغان بولىدۇ. مىللىي ئەدەبىيات — مىللىي مەدەنىيەتنىڭ

چوڭ بىر قىسمى. ئۇنىڭدا مىللەتنىڭ ھەممىلا ئالاھىدىلىكلىرى ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ. شۇڭا ئەدەبىيات ئالدى بىلەن مول مىللىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان ئالاھىدە ئاڭ شەكلى، ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسى.

نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەيمىز؟ بىرىنچىدىن، ئەدەبىياتنىڭ ئىنسانشۇناسلىق ئىلمى خاراكتېرىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ئىنساننى تەسۋىرلەپ، ئۇنى ئوبراز ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. بۇ ماھىيەتتە ئەدەبىيات ئىنساننى تەتقىق قىلىدۇ دېگەنلىك. ئەدەبىيات ئىنساننى تەسۋىرلىگەندە، ئىپادىلىگەندە، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ياراتقاندا، ئۇ مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ تۇرمۇشىنى، پسىخىكىسىنى ۋە مەدەنىيەت ئېڭىنى ئىپادىلىمەي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئەدەبىياتنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولغان ئادەم (ئىنسان) ھەممىدىن ئاۋۋال مەلۇم كونكرېت مىللەتتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي بىرلىك ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بەلگىلىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يازغۇچى ئالاھىدە پىكىرلىك ئىجادىي تالانت ئىگىسى بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا مەلۇم بىر كونكرېت مىللەت ئادىمى. ئۇنىڭ تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىدە، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدە، تەپەككۇر پىكىر يۈرگۈزۈشلىرىدە ۋە پۈتكۈل مەدەنىيەت ئېڭىدا ئۆزى مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى گەۋدىلەنمەي مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق سۇبيېكتىپ تەرەپمۇ ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بەلگىلىگەن. ئىككىنچىدىن، ئەدەبىياتنىڭ سەنئەتلىك خاراكتېرىدىن قارىغاندا، ئەدەبىيات — تىل سەنئىتى، تىل — ئۇنىڭ ئاساسىي ماتېرىيالى ۋە بىرىنچى ئامىلى. ھەرقانداق بىر مىللەت ئەدەبىياتى مىللىي ئانا تىلىنى ماتېرىيال قىلىپ، مىللىي تىلنىڭ ئىستىلىستىك ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، مىللىي پسىخىكىسىنى تەسۋىرلەپ ئىپادىلەيدۇ.

مىللىي تىل — ئەدەبىياتقا مول مىللىي شەكىل ئۆزگىچىلىكى بېغىشلايدۇ. ئۇچىنچىدىن، ھەرقانداق بىر مىللەت بەلگىلىك تارىخىي، ئىجتىمائىي شارائىت بىلەن جۇغراپىيىلىك رايون مۇھىتىدا ياشايدۇ. مىللەتنىڭ تارىخىدا، ئىجتىمائىي ھاياتىدا ۋە جۇغراپىيىلىك رايون مۇھىتىدا شۇ مىللەتنىڭ پسىخىكىسى، تۇرمۇشى، ئادەتلىرى، مەدەنىيەت ئېڭى، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي فورماتسىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن تارىخىي ۋەقە - ھادىسىلەر، تىپىم ۋە سىمۋول خاراكتېرلىك بەلگىلەر، مىللەتنىڭ غۇرۇرىنى ھاسىل قىلغان تاغ - دەريالار، كۆللەر ۋە باشقا تەبىئىي شەيئى - نەرسىلەر بولىدۇ. بۇلارمۇ ئەدەبىياتقا مول مىللىي خۇسۇسىيەت بېغىشلايدۇ.

ئومۇمەن، ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى - ئوبيېكتىپ مەۋجۇت قانۇنىيەت. بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مول مىللىي ئالاھىدىلىكى شۇ مىللەتنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىسى. كەڭلىككە، چوڭقۇرلۇققا، روشەنلىككە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە مىللىي ئالاھىدىلىك ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقلىقىنى، خاسچانلىقىنى، ئېستېتىك رولى ۋە قىممىتىنى تېخىمۇ تولۇقلايدۇ، بېيىتىدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ. شۇڭا ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ئىجابىي خاراكتېرلىك قانۇنىيەت. ئۇنى تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۇرۇش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## § 1 . ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ مۇھىملىقى

### 1 . مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ مەنىسى

مىللىيلىك ياكى مىللىي ئالاھىدىلىك — خۇددى بەدىئىي ئوبرازغا، بەدىئىي چىنلىققا ئوخشاش ئەدەبىياتنىڭ جېنى ۋە كۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تۈپكى خىسلىتى. ئۇ بىر مىللەت ئەدەبىيا-
تىنى باشقا مىللەت ئەدەبىياتىغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچىلىككە
ئىگە قىلىدۇ ۋە شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنى دۇنيا ئەدەبىياتىدا خاس
ئورۇنغا مۇيەسسەر قىلىدۇ. ئۇ هامان خاراكتېر بىلەن بىللە
بولۇپ، خاراكتېرغا نۇر ۋە قان بېغىشلايدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن
مىللىي ئالاھىدىلىك — بەدىئىي خاراكتېر بىلەن بەدىئىي ئۇسلۇب-
نىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ.

ماركس «مۇقەددەس ئائىلە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن-
دى: «قەدىمدىن تارتىپ هازىرغىچە هەرقانداق مىللەت مەلۇم
جەھەتتە باشقا مىللەتتىن ئۈستۈن بولۇپ كەلدى.» ماركس دەۋات-
قان مەلۇم جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك كۆپ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ. بۇ مىللەت بۇ جەھەتتە باشقا مىللەتلەردىن ئۈستۈنرەك
بولسا، ئۇ مىللەت يەنە بىر ئۆزگىچىلىكى جەھەتتە ئۈستۈنرەك
ئورۇندا تۇرىدۇ. دېمەك بىر مىللەت ئۆزىدىكى مەلۇم ئارتۇقچى-
لىق ياكى ئالاھىدە خاسلىقى بىلەن باشقا مىللەتلەردىن ئۈستۈن-
رەك ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ خىل ئۈستۈنلۈك (ئۆزگىچىلىك،
پەرقلەر) كۆپرەك مىللىي مەدەنىيەتتە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ چوڭ
بىر قىسمى بولغان ئەدەبىيات - سەنئەتتە گەۋدىلىك ئىپادىلىنى-
دۇ. موڭغۇل، تىبەت، قىرغىز قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەر
قەدىمدىن تارتىپ بۈيۈك، ھەيۋەتلىك تاغ - ئېدىرلاردا ياشاپ
چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن خەلقلەردۇر. گەرچە
ئۇلار سانائەت، سودا - سېتىق ۋە يازما ئەدەبىيات جەھەتلەردە
دۇنياۋى سەۋىيە يارىتالمىغان بولسىمۇ، ئەمما خەلق ئەدەبىياتى
ئىجادىيىتىدە «جانغىر»، «گېسىرۋاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «ما-
ناس» قاتارلىق زور ھەجىملىك ئېپوسلارنى يارىتىپ ئالەمشۇمۇل
تەسىر پەيدا قىلدى ۋە شۆھرەت قازاندى. ئۇلار مۇشۇ ئېپوسلار
بىلەن دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە بولدى.
ئۇيغۇرلار ئاسىيادىكى كلاسسىك مەدەنىيەت ياراتقان ئۇلۇغ مىل-

لەتلەرنىڭ بىرى. كلاسسىك مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت-
نىڭ بەزى ژانىرلىرىدا جىۋا خىنىم، كامارا جىۋا، سوجىۋا،
پىرخويلان، فارابى، م. قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد
يۈكنەكى، نەۋائى، سەككاكى، ئاتايى، نىزارى، نازىم قاتارلىق
كلاسسىكلار ئاجايىپ نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىپ جۇڭگو ئەدەبىيا-
تىدىلا ئەمەس، ئاسىيا ئەدەبىياتىدا، تۈركىي تىللىق مىللەتلەر
ئەدەبىياتىدا، جۈملىدىن دۇنيا ئەدەبىياتىدا پەخىرلىك ئورۇنغا
ئىگە بولغانىدى.

ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي
جەريانغىچە پىشىپ يېتىلىپ تۇرغاچقا ئۇ يوقالمايدۇ، تارالمايدۇ،
ئاجىزلاشمايدۇ، بەلكى تەرەققىي قىلىدۇ، كېڭىيىدۇ، كۈچىيىپ
تۇرىدۇ.

ئۇنداقتا، ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى نېمە؟ بىر
مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ باشقا مىللەت ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئۆزىدە
ھازىرلىغان خاسلىق ئالاھىدىلىكى — ئەدەبىياتنىڭ مىللىيلىكى
ياكى مىللىي ئالاھىدىلىكى دېيىلىدۇ.

تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىياتنىڭ مىللىي
ئالاھىدىلىكى دېگىنىمىز — بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇ-
شى، مىللىي پسىخىكىسى، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە
ئۇسلۇبىدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ شۇ مىللەت ئەدە-
بىياتىنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىنىڭ، ئىدىيىۋىلىكى بىلەن بەدى-
ئىيلىكىنىڭ مۇستەھكەم بىرلىكىدە ئىپادىلىنىش خاسلىقىدۇر.

ئەدەبىياتتىكى مىللىي خۇسۇسىيەت، مىللىيلىك، مىللىي-
لەشتۈرۈش ۋە مىللىي ئۇسلۇب دېگەن ئۇقۇملار ئوخشىمىغان
تارىخىي دەۋردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە قوللىنىلدى ۋە شەرھلەن-
دى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلى-
نىڭ، ئىدىيىۋىلىكى بىلەن بەدىئىيلىكىنىڭ بىرلىكىدە ئىپادىلە-
نىشىدۇر.

www.uyghurkitap.com

مىللىيلىك ياكى مىللىي ئەدەبىيات ئالاھىدىلىكى — بىر
مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى. ئەدە-
بىياتنىڭ بۇ بەلگىسى جاپالىق ئىجادىي ئەمگەك، ئۇزاق يىللىق
ئىزدىنىش، بىر مىللەت ئەدىبلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق
شەكىللىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىك-
نى مۇنۇ ئاساستا شەكىللىنىدۇ دېيىشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى
شۇ مىللەت تارىخىي تەجرىبە ـ ساۋاقلارنىڭ توپلىنىشى، رەتلىنى-
شى، قانۇنىيەتلىك ھالدا پىشىپ يېتىلىشى ئاساسىدا شەكىللىنى-
دۇ. شۇڭا مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ شەكىللىنىشى بىر خىل تاسا-
دىپىيلىق ياكى بىر دەملىك ئىش ئەمەس، ئۇ ئەدەبىياتنىڭ ئۇزاق
تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە ۋاقىت سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ تا-
رىختىن تارىخقا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۇلىنىپ مېڭىشىنىڭ مەھسۇ-
لى.

ئىككىنچى، ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى — مەدەنىيەت
ۋە ئەدەبىياتنىڭ تارىخىي ۋارىسلىقى، بۇ خىل ۋارىسلىقنىڭ ئىز-
چىللىقى، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات تارىخىدىكى نۇرغۇن قېتىملىق
ئىسلاھات ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق، شۇنداقلا ئۇزاق يىل
داۋاملاشقان، يىلتىز ۋە مەنبە خاراكتېرلىك مىللىي مەدەنىيەت
ئېڭىنىڭ تۈرتكىسىدە شەكىللىنىدۇ. دېمەك، مىللىي مەدەنىيەت
ئەدەبىياتتىكى ۋارىسلىق ئىزچىللىقى، ئىسلاھات ۋە يېڭىلىق يا-
رىتىش، ئىلغار مىللىي مەدەنىيەت ئېڭى — ئەدەبىياتنىڭ مىللىي
ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىللاردۇر.

ئۈچىنچى، ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى بىر مىللەت
ئەدەبىياتىنىڭ باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتى بىلەن ئالاقىلىشىپ
ئۇچرىشىپ تۇرۇشى، ئۆزىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈپ ئىلغار ئەدەبى-
ياتلاردىن تەسىرلىنىشى، ئىلغار تەسىرلەرنى قوبۇل قىلىپ،
ئۇلارنى ئۆزىدە بار ئەۋزەللىكلەر ئاساسىدا ئۆزلەشتۈرۈشى ئاسا-

سىدا شەكىللىنىدۇ. بېكىنمە ھالەتلىك جەمئىيەتتە، ئەلدە، مىل-
لەتتە تەرەققىيات زور بولمايدۇ. ئىشىك، دېرىزىسى ئېچىلمايدى-
غان ئۆي ئاسانلىقچە گۇمران بولىدۇ. بىر مىللەت ئىشىكنى كەڭ
ئېچىپ، دۇنياغا يۈزلىنىپ باشقا مىللەتلەر بىلەن قانچىكى كۆپ
ئۇچراشسا، ئۇنىڭ تەرەققىياتى شۇنچە تېز بولىدۇ. ئۇيغۇرلار
1500 يىللىق بۇددا مەدەنىيىتى تارىخىدا ۋە 1100 يىللىق ئىسلام
مەدەنىيىتى تارىخىدا خېلى كۆپ دۇنياۋى ئەسەرلەرنى ياراتتى.
بولۇپمۇ XX ئەسىردىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەتتە ئاجايىپ زور نەتىجە
ياراتتى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VI
- V ئەسىردىن مىلادىيە XVIII - XIX ئەسىرگىچە ئۇيغۇرلار تاشقى
دۇنيا بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتى، قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن
تاشقى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ
ئىلغار تەسىرلىرىنى كۆپرەك قوبۇل قىلدى. بۇ خىل ئۇچرى-
شىش، قوبۇل قىلىش ئۇيغۇر كلاسسىك بۇددا مەدەنىيىتى بىلەن
ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. XX
ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ مەملىكەتكە
ۋە دۇنياغا يۈزلىنىشىدە زور ئىلگىرىلەش بولدى. بۇ خىل ئىلگى-
رىلەش ئۇلارنىڭ زامانىۋى مەدەنىيىتىنى، ئەدەبىيات - سەنئىتى-
نى، كىنوچىلىقىنى، تېلېۋىزىيە ئەدەبىيات - سەنئىتىنى شەكىل-
لەندۈرۈشتە زور رول ئوينىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ژانىر -
تۈرلەرنىڭ تەرەققىياتى، تېمىنىڭ كېڭىيىشى، ئەسەرلەرنىڭ سە-
ۋىيىسى جەھەتتە چوڭ يۈكسىلىش بولدى. 1980 - 2000 -
يىللار ئىچىدە نەشر قىلىنغان رومان 100 دىن ئېشىپ كەتتى.
نەچچە يۈزلىگەن پوۋېست سەھنە ئەسىرى، كىنو ۋە تېلېۋىزىيە
تىياتىرى ئەسىرى كەينى - كەينىدىن نەشر قىلىندى.

دېمەك، مىللىي ئەدەبىيات — تۇرغۇن ھالەتلىك مەدەنىيەت
ھادىسىسى ئەمەس، بەلكى ھەرىكەتچان، تىرىشچان، تەرەققىيات
ھالىتىدىكى ھادىسە. مىللىي ئەدەبىيات— بىر مىللەتنىڭ دۇنيا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەدەبىياتى مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئۇلۇغ تۆھپىسى. كۆپ مىللەت-لىك دۆلەتلەر ئوچۇن ئېيتقاندا، بۇ تۆھپە ئالاھىدە ئورۇندا بو-لۇپ، دۆلەتنىڭ ۋە ھەربىر كونكرېت مىللەتنىڭ ئېپتىخارى ھې-سابلىنىدۇ. شۇڭا مىللەتلەر مەدەنىيىتى ھادىسىسىگە نىسبەتەن سوغۇق قانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا، مىللەتلەرنى ئالدىراپلا «مەدەنىيەتلىك تۆۋەن دەرىجىلىك مىللەت» ياكى «مەدەنىيەتلىك ئالىي دەرىجىلىك مىللەت» دەپ تۈرگە ئايرىشقا زادى بولمايدۇ.

## 2. مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتى

مىللىي ئالاھىدىلىك ئېنىرتسىيىلىك مەنىۋى كۈچ بولغاچقا، ئۇنىڭ مىللىي ئەدەبىيات تەرەققىياتىدىكى رولى ئالاھىدە. بۇ رول مۇنداق:

بىرىنچى، ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكىنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش خاسلىقىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى بىلدۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش بىلىملىرىنى ئۆستۈرۈشىگە ياردەم قىلىدۇ. شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى چۈشىنى-شىنى ئىلگىرى سۈرۈپ خەلقلەر دوستلۇقىنى كۈچەيتىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى مۇختار ئەۋېزوپ «ئاباي»، «ئاباي يولى» ناملىق يىرىك رومان يېزىپ ئابايدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەدىب، پەيلاسوپ، پېداگوگىكىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق پۈتكۈل قازاق خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى مۇپەسسەل ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ رومان ھەرقايسى مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن ئالەمشۇمۇل تەسىر پەيدا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى مىللەت خەلقىنىڭ قېرىنداش قازاق خەل-قىنى چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇيغۇرلار مول كلاسسىك ئەدەبىياتقا ۋە خەلق ئەدەبىياتىغا ئىگە ئۇلۇغ مىللەت. ئۇيغۇرلار-نىڭ قەدىمدىن تارتىپ دۇنياغا تونۇلۇشىدا ئۇلار ياراتقان نادىر

كلاسسىك ئەسەرلەر بىلەن خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى مۇھىم
رول ئوينىدى. كەڭ خەنزۇلار ئاممىسى بىلەن ئىلمىي خادىملى-
رى، چەت ئەللەرنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىرى مۇشۇ كلاسسىك نادىر
ئەسەرلەردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق ئۇي-
غۇرلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت تارىخىنى
چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىدى.

ئىككىنچى، مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى
تەربىيىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلى-
كى بىر تەرەپتىن، كىشلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئېڭىنى تەر-
بىيىلەش، مىللىي خاراكتېرىنى ۋە غۇرۇرىنى موللاشتۇرۇش،
ساغلاملاشتۇرۇش رولىنى ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مىللىي
ئانا تىلنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تىلنىڭ لۇغەت
فوندىنى بېيىتىش، ساپلاشتۇرۇش، ھەمدە خەلق ئاممىسىنىڭ
مىللىي ئانا تىلدا راۋان پىكىر قىلىش، چىرايلىق سۆزلەش،
ئەدەبىي تىلنى ئومۇملاشتۇرۇپ، مىللەتنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى
ئالاقىسىنى ياخشىلاش رولىنى ئوينايدۇ. كلاسسىك ئەدەبىيات
بىلەن ھازىرقى زامان يىرىك ئەسەرلىرى بولمىغان مىللەتلەردە
مىللىي تىل تولۇق شەكىللەنمەيدۇ. قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك-
كە، مول، يارقىن مىللىي خاسلىققا ئىگە يىرىك مىللىي ئەدەبى-
ياتنىڭ مەۋجۇتلۇقى — مىللىي ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللەنگەنلى-
كىنىڭ بىر يارقىن بەلگىسى.

ئۈچىنچى، ئېستېتىك تەربىيە جەھەتتە، ئەدەبىياتنىڭ مىل-
لىي ئالاھىدىلىكى ئېستېتىك زوقلىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتى-
دۇ، ئېستېتىك تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىدۇ. كىشلەر بىر پار-
چە مىللىي ئەدەبىي ئەسەر ئارقىلىق شۇ مىللەت تۇرمۇشىدىكى
گۈزەللىكتىن، شۇ مىللەت خاراكتېرىدىكى گۈزەللىكتىن، شۇ
مىللەت ئەخلاقى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىكى گۈزەللىكتىن زوقلىنى-
دۇ. شۇنداقلا شۇ مىللەت ۋۇجۇدىدىكى رەزىللىكلەردىن نەپرەتلى-

www.uyghurkitap.com

نىدۇ. ھەرقايسى ئەل كىتابخانىلىرى لۇشۇننىڭ «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» ناملىق دۇنياۋى پوۋېستىنى ئوقۇش ئارقىلىق ھەم ئۇلۇغ خەنزۇ مىللىتىنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەتلىكىدىن، ئاجايىپ ئېستېتىك ئارتۇقچىلىقلىرىدىن، مىسلىسىز ئىجادكارلىق روھى، يۈكسەك ئەمگەك ئىقتىدارىدىن سۆيۈنسە، ھەم ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان روھىي غالىبىيەتچىلىك ئىللەتلىرىدىن نەپرەتلىنىدۇ. شۇنداقلا لۇشۇننىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلاش پىسخىك ئاجىزلىقلىرىنى تۈگىتىش جەھەتتە بىر مەيدان ئىنقىلاب قوزغىغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. بۇ ۋەجىدىن «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» نى لۇشۇننى ئۇلۇغ ئەدىب دەرىجىسىگە ھەم ئۇلۇغ ئىنقىلابچى دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن دەۋر بۆلگۈچ ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» دا گەۋدىلەنگەن قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك، ئىلغار مىللىي روھ، يېڭىچە تارىخنى يارىتىش روھى لۇشۇنگە يۇقىرى باھا، ئالەمشۇمۇل شەرەپ بەخش ئەتتى.

تۆتىنچى، ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى — مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەبىي تەسىرلىنىشنى كېڭەيتىپ ئەدەبىي ئالاقىنى كۈچەيتىدۇ. مەلۇمكى، ئىران ـ پارس ئەدەبىياتى، ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى ئەدەبىياتى، غەربىي ئاسىيا ئەللىرى ئەدەبىياتى ۋە ئەرەب ئەللىرى ئەدەبىياتى مول، گەۋدىلىك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەدەبىياتلاردۇر. بولۇپمۇ يۇقىرىدىكى ئەللەر ۋە مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى تېخىمۇ شۇنداق. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ كلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مىللىي ئالاھىدىلىك باي، يارقىن ۋە گەۋدىلىك. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نەچچە مىڭ يىل جەريانىدا ئىران ـ پارس ئەدەبىياتى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا ئەدەبىياتلىرى، ئەرەب ئەللىرى ئەدەبىياتى بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ئالاقىلىشىش جەريانىدا بىر تەرەپتىن،

ئاشۇ ئەل ۋە مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مەزمۇن، بەدىئىي شەكىل، ئەدەبىي ئۇسلۇب، ھەتتا تىل ۋاستىلىرى جە-ھەتتە كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ ئاشۇ تەرەپلەردە يۇقىرىدىكى ئەدەبىياتلارغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ئىران - پارس، ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى ئەدەبىياتى، غەربىي ئاسىيا ۋە ئەرەب ئەللىرى ئەدەبىياتى ئوتتۇرى-سىدىكى ئەدەبىي ئالاقە ئىشلىرى نەچچە مىڭ يىل، نەچچە يۈز يىل داۋاملاشتى. ئۇلۇغ پارس كلاسسىكى سەئىدى ئەينى دەۋردە قەشقەردە ئالتە ئاي ئىلىم تەھسىل قىلغانىدى، ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبى-ياتىنىڭ بەزى تەسىرلىرىنى قوبۇل قىلغانىدى. ئۇيغۇر ئەدىبلى-رىمۇ ھازىرغىچە سەئىدىنى ئۇستاز تۇتۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ «گۈلىستان»، «بوستان» قاتارلىق ئۇلۇغ ئەسەرلىرى نەچچە يۈز يىل بۇرۇنلا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇيغۇرلار ئىچىگە كەڭ تارقالغان. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى «خەمسە» داستانلىرى دەل ئاشۇنداق تەسىرلىنىش ۋە ئەدەبىي ئالاقىنىڭ مەھسۇلى.

بەشىنچى، ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى — ئەدەبىيات ئىلمىنى مول نەزەرىيە بىلەن، ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى يېڭى ماتې-رىياللار بىلەن تەمىن ئېتىش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ خىل نەزەرىيە ۋە تەتقىقات ماتېرىياللىرى يەنە ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلى-كىنىڭ كۈچىيىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى — مىللەتلەر ئەدەبىياتى-نىڭ ئىجادىيەت، ئىلمىي تەتقىقات جەھەتلەردىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغاچقا، ئۇنى تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بىرىنچى، ئەدەبىياتنىڭ مىل-لىي ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىش يازغۇچى بىلەن كىتابخان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، يازغۇچىنىڭ خەلققە، تۇرمۇشقا يېقىن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىشىشىنى، خەلقنىڭ يازغۇچىغا بولغان مۇھەببىتىنى چوڭقۇر-
لاشتۇرۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ سان ـ سۈپەتتە يۇقىرى كۆتۈ-
رۈلۈشىگە پايدىلىق. ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ بىر
ئىسىل مەزمۇنى ئەسەردە ساغلام ئىنقىلاب خاراكتېرلىك مىللىي
روھنىڭ بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل مىللىي روھ يازغۇچى-
دىكى مىللىي روھنىڭ قايسى دەرىجىدە بولۇشىغا باغلىق. ۋىنگ-
رىيىنىڭ كلاسسىك شائىرى پېتوفى ساغلام، گۈزەل ۋە ئىنقىلا-
بىي ئىقتىدارغا باي مىللىي روھتىكى ئەدىب ئىدى. ئۇ ئۆز
ئەسەرلىرىدە ۋىنگىرىيە خەلقىنىڭ مۇستەملىكىگە، مىللىي خور-
لۇققا قارشى ئىنقىلاب قىلىشتەك ئىسىل مىللىي روھى بىلەن
ئۆزىدىكى مىللىي روھنى زىچ بىرىكتۈرۈپ، ئېخىمۇ ئۇلۇغۋار،
گۈزەل، سەپەرۋەرلىك قۇدرىتى زور مىللىي روھنى ئىپادىلىگەچ-
كە، ئۇنىڭ ھەربىر ئەسىرى ۋىنگىرلارنىڭ مەنىۋى قۇدرىتىگە
ئايلىنىپ كەتكەنىدى. روسىيە يازغۇچىسى گوگولمۇ ئۆز ئەسەر-
لىرىدە مىللىي روھنىڭ ئىپادىلىنىشىگە ئەھمىيەت بەرگەنىدى.
ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەسەردە مىللىي روھنىڭ ئىپادىلىنىش دەرىجە-
سى يازغۇچىدىكى مىللىي روھنىڭ دەرىجىسى بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك. مىللىي روھى كۈچلۈك ۋە باي بولمىغان، شۇنداقلا ئىنقى-
لابىي خاراكتېرلىك بولمىغان مىللەت روناق تاپالمايدۇ، ھەتتا
ئايرىم تارىخىي شارائىتتا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىمۇ ساقلىيالمايدۇ.
ئا. ئۆتكۈرى، ل. مۇتەللىپ، ب. ئەزىزى، نۇر بوساقوپ، ت.
ئېلىيوپ، نىمشېھىت شېئىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىگە تېز
تارقىلىشى، زور تەسىر قوزغىشىدىكى بىر سەۋەبمۇ بۇ شېئىرلاردا
مىللىي روھنى گەۋدە قىلغان مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ مول يار-
قىن بولغانلىقىدۇر. ئىككىنچى، ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدى-
لىكىنى تەتقىق قىلىش — ھەرقايسى مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تە-
رەققىيات قانۇنىيىتى بىلەن مەۋجۇتلۇق قانۇنىيىتىنى كەشىپ
قىلىشقا، بۇ ئارقىلىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى بېيىتىشقا پايدى-

لىق. مىللىي ئالاھىدىلىكنى تەتقىق قىلغاندىلا، مىللىي ئەدەبى-
ياتنىڭ خاسلىق قانۇنىيىتىنى كەشىپ قىلغىلى، بۇ خىل قانۇن-
يەتنى كەشىپ قىلغاندا، مەلۇم نەزەرىيىۋى قاراشقا ئىگە بولغىلى
بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قى-
لىش — مىللىي ئەدەبىياتنىڭ خورىماس يىلتىزى بولغان مىللىي
ئالاھىدىلىكلەرنى تېخىمۇ كۆكلىتىشكە، چېچەكلىتىپ مېۋە بې-
رىشكە پايدىلىق. بۇ خىل تەتقىقات مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ
زامانىۋىلىشىشىغا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىشىگە تېخىمۇ
پايدىلىق. شۇڭا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى
تەتقىق قىلغاندا، مىللىيلىك بىلەن زامانىۋىلىقنى، مىللىي مەدە-
نىيەت ئېڭى بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەت ئېڭىنى بىرىكتۈرۈش
ئاساسىدا تەتقىق قىلىش زۆرۈر. بىلىش كېرەككى، مىللىي ئالا-
ھىدىلىك، بولۇپمۇ مىللىي پسىخىكىدىكى ئارتۇقچىلىقلار —
مىللىي ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ گەۋدىسى. زامانىۋىلىق بولسا
ئۇنىڭ قانىتى. زامانىۋىلىق — مىللىي ئالاھىدىلىكنى يىلتىز
قىلىپ كۆكلىسە، مىللىي ئالاھىدىلىك — زامانىۋىلىقنى نىشان
قىلىپ كامالەتكە يېتىدۇ. شۇڭا مىللىي ئالاھىدىلىكنى زامانىۋى-
لىققا، دۇنياۋىلىققا ۋە كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈپ تەتقىق قىلىش
ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش
ئەدەبىيات تەرەققىياتىدا ئىسلاھ قىلىش ۋە ئىلگىرىلىتىش رولىنى
ئوينىغاچقا ئەزەلدىن ئۇلۇغ زاتلار، ئالىملار ۋە ئەدىبلەر ئەدەبىيات-
نىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش مەسىلىسىگە
ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ماركس ۋە ئېنگېلسلار قەدىمە-
كى رىم ۋە يۇنان ئەدەبىي مىراسلىرىنى، ئۇلاردىكى مول، خورى-
ماس مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى بايقاپ، يۇقىرى باھالىغانىدى.
ۋ. ئى. لېنىنمۇ ل. تولستوي، ئا. س. پۇشكىنلار ھەققىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توختالغاندا، بۇ ئەدىبلەرنىڭ رۇس خاراكتېرىنى جانلىق قىلىپ تەسۋىرلىگەنلىكىدىن مەمنۇن بولغانىدى. رەئىس ماۋزېدۇڭمۇ لۇشۇنگە باھا بەرگەندە ئۇنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە جۇڭگو مىللىتىنىڭ ئېسىل خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىنى ئالاھىدە ماختىغانىدى. ئۇ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»، «شېئىر ھەققىدە بىر پارچە خەت» قاتارلىق ماقالىلىرىدە، جۇڭگو مىللەتلىرى ئەدەبىياتىنىڭ خەلق ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان جانلىق مىللىي شەكلىگە، مىللىي ئۇسلۇبقا، يارقىن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشىنى تەكىتلىگەنىدى. جۇ ئېنلەي زۇڭلىمۇ ئەدەبىياتنىڭ «ئىنقىلاۋىلىشىشى، مىللىيلىشىشى ۋە ئاممىۋىلىشىشى» لازىملىقىنى تەكىتلىگەنىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ «شائىرلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا» دېگەن بابىدا، نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس»، «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە، ل. مۇتەللىپ، نىمشېھىت، ت. ئېلىيوپلار ئۆز ماقالىلىرىدە ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشىنى ئۆز دەۋرىگە لايىق ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلىگەنىدى.

ئىنسانىيەت تارىخى XXI ئەسىرگە يۈزلەنگەن تارىخىي شارائىتتا، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ تەكىتلەش، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش تېخىمۇ مۇھىم. چۈنكى مىللەتنىڭ ئۆمرى ئەڭ ئۇزاق بولىدۇ. ئۇ ئاسانلىقچە يوقالمايدۇ، بەلكى تېخىمۇ روناق تاپىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى كۆپ قۇتۇپلىشىۋاتقان، ئىقتىساد يەر شارىلىشىۋاتقان، مەدەنىيەت كۆپ مەنبەلىشىۋاتقان بۈگۈنكى تارىختا مىللىي ئەدەبىياتنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. مىللەتلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە ئورتاق گۈللەنمىسە، مىللەتلەر ئەدەبىياتى ياخشى تەرەققىي قىلالمايدۇ.

قانداق قىلغاندا، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللەت-

لەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ؟
بۇنىڭدا مۇنداق ئۈچ نۇقتا مۇھىم: بىرى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز ئەدەبىياتىنىڭ ئەۋزەل ئىقتىدارىنى ۋە خاسلىقىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. ئۆزىنى ئاساس قىلىش، ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش — مىللىي ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ راۋان يولى. يەنە بىرى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئومۇملۇقنى نەزەرگە ئېلىپ، شوۋىنىزملىق ۋە نىگىلىزملىق (مىللىي ئىنكارچىلىق) تىن ساقلىنىپ، باشقا مىللەتلەر، باشقا ئەللەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىدىكى ئېسىل نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە، قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈشكە تېخىمۇ دادىل يۈزلىنىشى كېرەك. بۇنىڭدىكى مۇھىم مەسىلە، مەدەنىيەتنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يەر شارىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتۇر. ئۈچىنچى بىرى، مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش، قەدىمكى ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارسلىق قىلىش، ئىسلاھ قىلىش، ئىجاد قىلىشنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىشتۇر.

## 2 § . ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىلىرى

### 1 . ئومۇمىي چۈشەنچە

بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى چوڭقۇرلۇقتا، كەڭلىكتە ۋە خىلمۇ خىللىقتا ئىگە. شۇ سەۋەبتىن مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئوبرازلىق ئىنكاسى بولغان مىللىي ئەدەبىيات ئىپادىلىگەن مەزمۇنى جەھەتتە چوڭقۇرلۇقتا ۋە كەڭلىككە، شەكىل ژانىرى جەھەتتە رەڭدارلىققا ئىگە. گەرچە مىللىي ئىجتىمائ-

www.uyghurkitap.com

ئىي تۇرمۇش چوڭقۇر، كەڭ. رەڭگارەڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ
ئىچىدە مىللەتنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرىنى، تۇرمۇش تەرەققىياتى
قانۇنىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ماھىيەتلىك تەرەپلىرى بو-
لىدۇ. ھەقىقىي مىللىي يازغۇچى مىللىي تۇرمۇشنىڭ شۇ ماھى-
يەتلىك تەرەپلىرىنى ئۆز ئەسىرىدە ئىپادىلەپ، شۇ ماھىيەتلىك
تەرەپلەرگە مىللىي روھنى، مىللىي ئېستېتىك غايىنى سىڭدۇ-
رۇپ، مىللەتنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە مەنىۋى مەدەتكە ئىگە قىلى-
دۇ. شۇڭا بىر مىللەت ئۈچۈن كېرىكى ئۇلۇغ تالانتلىق يازغۇچى-
لار، بولۇپمۇ ئەڭ كېرىكى شائىرلار، تالانتلىق مىللىي شائىر
يازغۇچىلاردۇر. رۇسىيە كلاسسىك ئەدەبىي تەنقىدچىسى بېلىنس-
كى «رۇسىيىنىڭ قەدىمكى شېئىرلىرى» دېگەن ماقالىسىدە مۇن-
داق دېگەن: «بىر مىللىي شائىر بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن
بىر ئۇلۇغ كىشى بولۇش، ئۆز مىللىتىنىڭ روھىنىڭ ۋەكىلى
بولۇشى كېرەك. لېكىن شۇنى بىلىش كېرەككى، ئۇلۇغ تالانت-
لىق شائىرنىڭ مىللىي شائىرغا ئايلىنىشى (ئۆزگىرىشى) ھەر-
گىز مىللىيلىك ئۇنى ئۇلۇغ شائىرغا ئۆزگەرتىدۇ، دېگەنلىك
ئەمەس» بۇ ھېكمەت بىزگە مۇنداق بىر قانچە ھەقىقەتنى
چۈشەندۈرىدۇ. بىرى، مىللىي شائىر — مىللەتنىڭ ساغلام، ما-
ھىيەتلىك روھىنىڭ ۋەكىلى، شۇڭا، ئۇ ئالدى بىلەن ئادەتتىكى
شائىر ئەمەس، بەلكى بىر ئۇلۇغ ئىنساندۇر. يەنە بىرى، تالانت-
لىق بولۇش — مىللىي شائىر بولۇشنىڭ بىر شەرتى، لېكىن
تالانتلىق يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسىلا مىللىي شائىر بولۇۋەرمەي-
دۇ. ئۈچىنچى بىرى، مىللىي شائىرنىڭ بىر گەۋدىلىك ئالاھىدى-
لىكى — ئۇنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە مول، يارقىن مىللىيلىكنى
ئىپادىلىگەنلىكىدە. ئەمما مىللىيلىك مول بولسىلا مىللىي شېئىر
(ئەسەر) ياكى مىللىي شائىر دېگىلى بولمايدۇ. بىر شائىر ۋە
يازغۇچى ئۆز مىللىتىنىڭ روھىغا، تەقدىرىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك
قىلالايدىغان تېمىلارنى يورۇتۇپ، مىللەتنىڭ مىللىي ئىجتىمائىي

تۆرمۇشىدىكى، ئۆرپ - ئادەتلىرىدىكى، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى-
دىكى، مەنىۋى قىياپىتىدىكى ئەڭ ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى ئىپادى-
لەپ بېرىپ، مىللەتنىڭ قەلب دۇنياسىدا بىر نۇرانە يۇلتۇزغا
ئايلانغاندا ئاندىن ئۇ چىن - ھەقىقىي تالانتلىق مىللىي شائىرغا
ئايلىنالايدۇ. ئەدەبىيات تارىخىدىكى يۈسۈپخاس ھاجىپنى، دانتى-
نى، شېكسپېرنى، بايروننى، فىتوفىنى، لۇشۈننى، ئا. س.
پۇشكىننى، ئابايىنى، نەۋائىنى، تەۋپىقنى، ئا. ئۆيغۇرنى تالانت-
لىق مىللىي شائىر - يازغۇچىلار دېيىش مۇمكىن. ئالايلى:
يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە بىرىنچىدىن، «ئادىل
پادىشاھلىق» غايىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئىككىنچىدىن، «قۇ-
تادغۇبىلىك ئىدىيىسىنى روشەنلەشتۈرۈش، دۆلەتنى قانۇن بى-
لەن، ئەدەپ - ئەخلاق بىلەن باشقۇرۇش، ئەلنى، ھاكىمىيەتنى
بىلىملىكلەر ئىدارە قىلىش» ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۈ-
چىنچىدىن، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل تەبىقىلەر مۇناسىۋىتىنى
ئىلمىي ھەل قىلىپ جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قى-
لىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش نۇقتىئىنەزەرىنى ئوتتۇرىغا
قويىدى. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى قاراخانىيلار جەمئىيىتى ئۈچۈن،
ئاساسىي مىللەت ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ماھىيەتلىك مە-
سىلىلەر، ئىدىيىلەر ۋە غايىلەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ دەۋر
جەمئىيىتىدە، ھەدەپ ئەرەب - پارس تىل مەدەنىيىتىگە خۇراپىي-
لارچە چوقۇنۇش ئەۋج ئېلىپ كەلگەن شارائىتتا ئۇلۇغ ئەدىبنىڭ
بۇ يىرىك داستانىنى ئۇيغۇر تىل - يېزىقى بىلەن يېزىشى — بىر
خىل ئۇلۇغۋار مىللىي روھنىڭ نامايەندىسى ئىدى. نەۋائىمۇ 52
مىڭ مىسرالىق «خەمسە» ناملىق ئەسىرىدە، باشقا نۇرغۇن ئە-
سەرلىرىدە بىر تەرەپتىن، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ
پەلسەپىۋى قارىشى، ھايات - مامات قارىشى، ئىلىم - پەن
قارىشى، ئەدەبىيات - سەنئەت قارىشى، دىنىي قارىشى، مۇھەب-
بەت قارىشى قاتارلىق ماھىيەتلىك تەرەپلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غان ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى، قەھرىمانلىق روھىنى، چىن مۇھەببەت ـ ۋاپادارلىق روھىنى نامايان قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ (تىلىنىڭ) تىل مەدەنىيىتى بەيگىسىدە ئەرەب ـ پارس تىلىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى نامايان قىلدى. بۇ نەۋائىدىكى مىللىي روھنىڭ ئىپادىسى ئىدى. دېمەك ھەرقانداق ساغلام بىر مىللىي روھ، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى مىللىي ئالاھىدىلىكى مول، گەۋدىلىك بولغان ئەسەرلەردە ئىپادىلىنىپ تۇرغاچقا، ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ پۈتكۈل تارىخىي تەرەققىياتىدا بېيىغان، سۈزۈلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان خاسلىق ئالاھىدىلىكى يىغىندىسىدىن ئىبارەت. ئۇ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇن ئامىللىرىدا، شەكىل ئامىللىرىدا ۋە مىللىي ئەدەبىياتنىڭ باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتى بىلەن تەسىرلىنىشى جەريانىدىكى ئۆزگىرىشلەردە ئىپادىلىنىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، 1) ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇن ئامىللىرىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئامىللار مىللىي خاراكتېر ۋە مىللىي ئوبرازلىق كۆرۈنۈش، مىللىي تېمىدىن ئىبارەت. 2) ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى — ئەدەبىياتنىڭ شەكىل ئامىللىرىدا ئاساسلىقى مىللىي تىل، ژانىر ۋە بەدىئىي ماھارەت ۋاسىتىلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. 3) ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى مىللىي ئەنئەنىلەر، ئەدەبىي ئالاقىلەر ۋە ئەدەبىي تەسىرلەرنىڭ گەۋدىلىنىشىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئومۇمەن، مىللىي خاراكتېر ۋە ئوبرازلىق كۆرۈنۈشلەر، مىللىي تېما ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ مەزمۇن ئامىللىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي بەلگىلەر بولسا، مىللىي تىل، مىللىي ژانىر ـ تۈرلەر ۋە ماھارەتكە ئائىت بەدىئىي ۋاسىتىلەر تېخنىكىسى ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ شەكىل ئامىللىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي بەلگىلەر ھېسابلىنىدۇ.

## 2. ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ مەزمۇن بەلگىلىرى

### مىللىي خاراكتېر

#### مىللىي خاراكتېرنىڭ مەنىسى

تىل سەنئىتى دەپ ئاتالغان ئەدەبىيات — خاراكتېر يارىتىش سەنئىتى. يەنى بەدىئىي ئوبراز ۋە بەدىئىي تىپ يارىتىش ئەمەلىيەتتە ئوبرازلىق تەپەككۇرنى قوللىنىپ خاراكتېر يارىتىش جەريانى پېرسوناژغا ئالاھىدىلىك (خاراكتېر) بېرىش جەريانىدۇر.

خاراكتېر دېگەن ئاتالغۇ گرېكچە سۆز (charakter) بولۇپ مەنىسى بەلگە، ئالاھىدىلىك دېگەنلىكتۇر. خاراكتېر — كونكرېت ئادەمنىڭ خاس ۋە ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ يىغىندىسى. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ يىغىندىسى خاراكتېر ياكى ئالاھىدىلىك دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەردە يارىتىلغان خاراكتېر — بەدىئىي خاراكتېر بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ كونكرېت پېرسوناژ ئوبرازى شەكلىدە ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت.

بەدىئىي خاراكتېر — ئادەمنىڭ كونكرېت ئوبرازدا ئىپادىلەنگەن تولۇق خۇسۇسىيىتى بولغاچقا، ئۇ مىللىي ئەدەبىياتتا مىللىي تۈس ئالىدۇ. چۈنكى ئەدەبىي ئەسەردە يارىتىلغان پېرسوناژ مەلۇم بىر مىللەتكە تەۋە كونكرېت ئادەم. شۇڭا پېرسوناژدا بىر تەرەپتىن، شۇ شەخسنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى ئىپادىلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭدا ئۇ مەنسۇپ بولغان مىللەت كىشىلىرىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىمۇ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا يارىتىلغان خاراكتېر گەۋدىلىك ھالدىكى مىللىي خاراكتېردۇر.

مىللىي خاراكتېر دېگىنىمىز — بىر مىللەت كىشىلىرىگە خاس بولغان جىسمانىي، مەنىۋى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى سۈپەت-

لىرىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، ئۇ مىللەتنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي
تۇرمۇش تەرەققىيات تارىخىدا پېشىپ يېتىلگەن ۋە مۇكەممەللەش-
كەن ئالاھىدىلىكىدۇر. ئەدەبىياتتا يارىتىلغان مىللىي خاراكتېر
بىر مىللەتنىڭ روھىي ماھىيىتىنىڭ، تەقدىرى ۋە غايىسىنىڭ
پېرسوناژ خاراكتېرىدىكى ئىنكاسى، يازغۇچى ـ شائىرنىڭ ئۆز
مىللىتى تۇرمۇشىدىن ئالغان تەسىراتىنىڭ جەۋھىرى.

ئەدەبىياتتا يارىتىلغان مىللىي خاراكتېر — پېرسوناژ خا-
راكتېرى يادرو قىلىنغان بەدىئىي خاراكتېرنى چوڭقۇرلاشتۇرى-
دۇ، كېڭەيتىدۇ، مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مىللىي
ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ ۋە
ئەدەبىي تەسىرلىنىشنىڭ ئىپادىلىنىش دەرىجىسىنى تېخىمۇ يۇق-
سەكلىككە ئىگە قىلىدۇ. گەۋدىلىك، يارقىن، ئەبەدىي تەسىرچان-
لىققا ئىگە خاراكتېرلارنى، جۈملىدىن مىللىي خاراكتېرلارنى
يارىتىش — ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى مەركىزىي مەسىلە. شۇڭا
مىللەتنىڭ روھىغا، تەقدىرىگە ۋە غايىسىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك
قىلىدىغان چىن ـ ھەقىقىي مىللىي خاراكتېرلارنى يارى-
تىش، مىللىي شائىر ـ يازغۇچىلارنىڭ مىللىي مەسئۇلىيىتى.
گوگول مۇشۇنداق يۈكسەك مىللىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن
«سەۋدايى خاتىرىسى» نى يېزىپ رۇس خەلقىنىڭ خاراكتېرىنى
ياراتقان ۋە بۇ ئارقىلىق رۇسلارنى ئەبەدىيلىككە ئىگە تەسىرگە
قىلغان، لۇشۈن بولسا، مۇشۇنداق يۈكسەك مىللىي مەسئۇلىيەت
تۇيغۇسى بىلەن «سەۋدايى خاتىرىسى» نى يېزىپ، خەنزۇ مىللى-
تىگە خاس مىللىي خاراكتېرنى ۋە خەنزۇ خەلقى ئەبەدىي تەسىرلى-
نىدىغان روھنى ئىپادىلىگەن. ز. قادىرمۇ مۇشۇنداق مىللىي
بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن «چېنىقىش» ھېكايىسىنى يېزىپ، ئۇيغۇر
دېھقان مەتنىيازنىڭ تراگېدىيىلىك ۋە كومېدىيىلىك خاراكتېرىنى
يارىتىپ، ئۇيغۇرلارنى پىسخىك ئاجىزلىقلاردىن ساقلىنىشقا دە-
ۋەت قىلغان.

ئەدەبىيات تارىخىدا يارىتىلغان نۇرغۇن ئەبەدىي قىممەتكە ئىگە بەدىئىي ئوبرازلارغا مىللىي خاراكتېر تامغىسى بېسىلغان. لىن دەيىيۇ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، تاتىيانا «يېۋگېينى - ئونېگىن»، سەنەم «غېرىب - سەنەم» رابىيە «رابىئە - سەئىدىن»، لەيلى «قەشقەر كېچىسى»، جۇلىتتا «رومېئو بىلەن جۇلىتتا»، پىلىيۇشكىن «ئۆلۈك جانلار» قاتارلىق مەشھۇر ئايال قەھرىمان ئوبرازلىرىدا، ئۆزى مەنسۇپ بولغان مىللەت ئاياللىرىنىڭ مىللىي خاراكتېرى (قەھرىمانلىق خاراكتېرى، گۈزەللىك خاراكتېرى) روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن مىللىي خاراكتېرنىڭ چىن مەنىسى — بىر مىللەت مىللىي روھىنىڭ جانلىق ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. شۇڭا گوگول مۇنداق دېگەنىدى: «ھەقىقىي مىللىي خاراكتېر يېزا ئاياللىنىڭ چەكسىز ئۇزۇن چاپىنىنى تەسۋىرلەشتە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا مىللىي روھنىڭ بولىشىدۇر. شائىر ھەتتا باشقا ئەللەر دۇنياسىنى تەسۋىرلىگەندىمۇ ئۇنى مىللىي خىسلەتكە ئىگە بولغان كۆزى ۋە تۇيغۇسى، سۆزلىگەن سۆزى، ئۆز قېرىنداشلىرىنى گويا شۇنداق ھېس قىلغان ۋە شۇنداق دېمەكچى بولغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرەلەيدىغان بولسىلا، ئۇنىڭدىمۇ مىللىيلىك بولۇشى مۇمكىن.

## مىللىي خاراكتېرنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە گەۋدىلىنىشى

بىرىنچى، مىللىي خاراكتېر — ناھايىتى روشەن مىللىي تۇرمۇش پەرقىنى كۆرسەتكۈچى ئاساسىي بەلگە. ناھايىتى چىن ھەقىقىي مىللىي خاسلىققا ئىگە ئامىل. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا يارىتىلغان بەدىئىي خاراكتېرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، شۇ مىللەت تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى، بۇ خىل تۇرمۇشنىڭ باشقا مىللەتلەر تۇرمۇشىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. شەرق ئەدەبىياتى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دا، پارس، ئەزەرى، تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەت يازغۇچىلىرى «پەرھاد ـ شېرىن» تېمىسىدا داستانلار يېزىشقان. گەرچە ماۋزۇلار ئوخشاشلىقتا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ھەربىر مىللەت يازغۇچىسى ياراتقان پەرھاد بىلەن شېرىننىڭ خاراكتېرىدا شۇ مىللەتنىڭ مىللىي تۇرمۇشى، مىللىي خاراكتېرى، مىللىي خاراكتېرىنىڭ يادروسى بولغان مىللىي روھى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچى، مىللىي خاراكتېر — زامان، ماكان ۋە تارىخىي تەرەققىيات خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شۇڭا مىللىي خاراكتېر مەلۇم دەرىجىدە نىسبىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولغان مىللىي خاسلىقتۇر. بۇ خىل خۇسۇسىيەت مۇنداق ئۈچ تەرەپتە گەۋدىلىنىدۇ. بىرى، مىللىي خاراكتېر نىسبىي تۇراقلىققا ئىگە. شۇڭا بىر مىللەت خاراكتېرىدىكى بەزى ئامىللار ئۇزاققىچە مۇقىم ھالەتتە ساقلىنىپ تۇرىدۇ. يەنە بىرى، مىللىي خاراكتېر ئۆزگىرىشچانلىققا ـ تەرەققىياتچانلىققا ئىگە. ئۇ دەۋرلەرنىڭ ئالمىشىشى، تۇرمۇش تەرەققىياتى، كىشىلەرنىڭ ئاڭ جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ، تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. ئۈچىنچى بىرى، مىللىي خاراكتېر ۋارىسچانلىققا ئىگە. ئالايلى، ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىدىكى «نەسىرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»، «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى»، «موللا زەيدىن لەتىپىلىرى» ئۈچ خىل تارىخىي دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئېسىل لەتىپە ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدۇر. لېكىن بۇ لەتىپىلەردىكى ئاساسىي پېرسوناژلار — نەسىرىدىن ئەپەندى، سەلەي چاققان، موللا زەيدىن ۋۇجۇدىدا ئىپادىلەنگەن ئىسيانكارلىق، قەيسەرلىك، ھەييارلىق ۋە ئادالەتنى ياقلاش روھى دەۋر ئالاھىدىلىكىنى كۆرسەتسىمۇ، لېكىن نىسبىي تۇراقلىقنى ساقلىغان، بىر ـ بىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ بارغان.

ئۈچىنچى، مىللىي خاراكتېر — كونكرېت ژانىر، تۈر ۋە بەدىئىي شەكىل ئامىللىرىدا روشەن گەۋدىلىنىدۇ. شۇڭا بىر

مىللەت ئەدەبىياتىدا بارلىقلىغان مىللىي خاراكتېر ھامان ئوبراز-لىق كۆرۈنۈشلەر بىلەن بەدىئىي مۇھىت ئىچىگە سىڭىپ كېتىدۇ. چۈنكى يازغۇچى مىللىي خاراكتېرلارنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئېپىك ژانىر - تۈردىكى ئەسەرلەردە ئوبرازلىق كۆرۈنۈشلەر — سۈژىت تەسۋىرىگە، شارائىت تەسۋىرىگە ئالاھىدە ئىشلەيدۇ، لىرىك ژانىر - تۈردىكى ئەسەرلەردە مەنىۋى مۇھىت تەسۋىرىگە كۈچ سەرپ قىلىدۇ.

داۋانچىكنىڭ يولى قاتتىق، تاۋۇزى تاتلىق،
داۋانچىكدا بىر يايرىم بار قەمبەرخان ئاتلىق.
قەمبەرخاننىڭ ئۆرزىمە چېچى يەرگە تېگەمدۇ،
قەمبەرخاندىن سوراپ بېقىڭ ئەرگە تېگەمدۇ؟

بۇ ئۇيغۇر خەلق قوشىقى پاك مۇھەببەت ھېسسىياتى چىن - ھەقىقىي مەنىۋى مۇھىت كۆرۈنۈشىدە چىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

مەن ئۆلەرمەن، مەن ئۆلەرمەن،
يولدا قويماڭلار مېنى.
يولدا قويساڭلار قويۇڭلار،
چۆلدە قويماڭلار مېنى.

مەن ئۆلۈپ توپراقتا ياتسام،
كىم مېنى ياد ئەيلىسۇن.
دوستلىرىم غەمكىن بولۇپ،
دۈشمەنلىرىم شاد ئەيلىسۇن.

بۇ ئاجايىپ نادىر قوشاقتا ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات - مامات توغرىسىدىكى قارىشى ۋە ھېسسىياتى سۇرلۇك ۋە تراگېدىيىلىك مىللىي تۇرمۇش كۆرۈنۈشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر شا-ئىرى ت. ئېلىيۇپنىڭ مەڭگۈلۈك، ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە شېئىرى «تۇگىمەس ناخشا» دا ئاق كۆڭۈل يىگىتنىڭ چىن،

قىزغىن مۇھەببەت ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. بۇ خىل پاك ھېسسىيات شېئىردىكى ئاجايىپ بەدىئىي مۇھىت كۆرۈنۈشى، ئايدىڭ ئاخشام مەنزىرىسى، خىلۋەت، ئەمما كۆجۈم مەھەللە كۆرۈنۈشى، قانداقتۇر بىر ئۆيگە كېلىپ يارنى ئىزدەپ دېرىزە چېكىۋاتقان يىگىتنىڭ قامىتى، ئىشىكنى غىچىرلىتىپ كايىپ كەتكەن ئاپئاق ساقال بوۋاينىڭ چىگىش سوئاللىرى، يىگىتنىڭ كېلىشتۈرۈپ بەرگەن جاۋابلىرى ئايدىڭ ئاخشامدىكى جاراڭلىق، لېكىن لىرىك سادالار توغرىسىدىكى مۇھىت كۆرۈنۈشكە تەبىئىي سىڭىپ كەتكەن.

مىللىي خاراكتېر سىڭىپ كېتىدىغان ۋە گەۋدىلىنىدىغان ئوبرازلىق كۆرۈنۈشلەر بىلەن سۆژىتتىكى مىللىي تۈس بولسا بىرىنچىدىن، ئېپىك ئەسەرلەردىكى ھېكايە ۋەقەلىكى تەسۋىرى كۆرۈنۈشى بىلەن لىرىك ئەسەرلەردىكى مەنىۋى مۇھىت تەسۋىرى كۆرۈنۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچىدىن، بىر مىللەتنىڭ سىمۋول، توتېم، بەلگە خاراكتېرىنى ئالغان ھەر خىل ھادىسە، شەيئى، نەرسىلەرنىڭ تەسۋىرىي كۆرۈنۈشىنى كۆرسىتىدۇ. قىزىلگۈل، يۇلغۇن، ئاق تېرەك، چىنار، بۇلبۇل، بۆرى، يورغا ئات، ئالتۇن ئاچقۇچ، تۇلكە، تەڭرىتاغ، بوغدا، تارىم، ئىلى دەرياسى، كارىز، مىڭ ئۆيلەر قاتارلىقلار بىر خىل سىمۋول ۋە توتېم خاراكتېرلىك بەلگىلەردۇر. ئۈچىنچىدىن، تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى يۇرت ـ مەھەللە مەنزىرىلىرى كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا مىللىي خاراكتېر بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئەسەردە ئىپادىلەنگەن چىن ۋە ساغلام مىللىي روھنىڭ ئىنكاسى، ئۇ مىللەتنىڭ پىسخىك ساپاسى بىلەن ئېستېتىك تۇرمۇش ساپاسىنىڭ نامايەندىسى بولغان بەدىئىي خاراكتېرلاردا روشەن گەۋدىلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مىللىي خاراكتېر، كونكرېت، ھېسسىي، گۈزەل ئوبرازلىق كۆرۈنۈشلەردە، مەنىۋى مۇھىتنىڭ لىرىك ھالىتىدە، مىللىي تۈسى قويۇق سۆژىت لىنىيىسىدە، شۇ

سۆزىت لىنىيىسىنى تەشكىل قىلىدىغان ھېكايە ۋەقەلىكىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئومۇمەن، مىللىي خاراكتېر ناھايىتى ماھىيەتلىك ۋە قانۇنىيەتلىك نەرسە، ئۇ ئاددىي ئۇقۇم ئەمەس. چۈنكى مىللىي خاراكتېر زامان، ماكان ۋە تارىخىي شارائىت خۇسۇسىيىتىگە روشەن سىياسىي ئىدىيىۋى خاھىشچانلىققا، ئورتاق تەقدىر، غايە ئىپادىلىنىدىغان ئورتاقلىققا، كۈچلۈك دەرىجىدىكى ئىلھاملاندۇرۇش قۇدرىتىگە ئىگە مىللىي ئالاھىدىلىك بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

مىللىي خاراكتېرنى ياخشى يورۇتالىغان، ئۇنى ئوبرازلىق كۆرۈنۈشلەردە ۋە مىللىي تۇرمۇش نۇسى قويۇق بولغان سۆزىت لىنىيىسىدە روشەن گەۋدىلەندۈرەلىگەن ئەسەرلەر ھەقىقىي مىللىي ئەدەبىي ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ خېلى بىر قىسمى نادىر ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

## مىللىي تېما

### مىللىي تېما دېگەن نېمە؟

تېما — ئەدەبىياتنىڭ ئىككىنچى ئامىلى. تېما مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، تېما ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش ھادىسىسى ۋە تەبىئەت ئېكولوگىيىسى ھادىسىسى. يەنە بىرى، تېما ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن تەبىئەت ئېكولوگىيىسىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ۋە غايە. شۇڭا تېما ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسىي ئامىللاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلى، ئەنئەنىسى، جۇغراپىيىلىك تەبىئىي شارائىتلىرى پەرقلىق بولغاچقا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە يورۇتۇلىدىغان تېمىلارمۇ پەرقلىق بولۇپ، مىللىي تۈسكە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا ئەدەبىياتتا مىللىي تېما مەسىلىسى مەۋجۇت.

مىللىي تېما — تېما ئۇقۇمىنىڭ ھەرقايسى مىللەت ئەدەبىيا-
تىغا نىسبەتەن مىللىي تۈس ئېلىشى. مىللىي تېما — مىللىي
ئەدەبىياتتا تەسۋىرلەنگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرى، ئە-
سەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مىللەتنىڭ ھايات - مامات تەقدىرىگە
مۇناسىۋەتلىك ھالقىلىق مەسىلە ۋە غايە.

بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇشى مول ۋە رەڭدارلىقتا، مەدەنى-
يەت ئەنئەنىسى قەدىمىيلىكتە، ئۆزگىرىشچانلىقتا، ھەرىكەتچان-
لىقتا، شۇ مىللەت ياشىغان يۇرت - ماكان تەبىئىتىمۇ ئاجايىباتـ
لىقتا ئىگە بولغىنى ئۈچۈن، مىللىي تېمىنى شەكىللەندۈرىدىغان
مەنبەلەرمۇ تۈرلۈك - تۈمەن. لېكىن مىللىي تېمىنى شەكىللەن-
دۈرىدىغان مەنبە ئۈچ تۈرلۈك: بىرى، بىر مىللەتنىڭ مول،
كەڭلىكتە ۋە ئۆزگىچىلىكتە ئىگە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە تەبى-
ئەتتىكە دائىر ئېكولوگىيىلىك مەسىلىلەر. يەنە بىرى، بىر مىللەت-
نىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى. ئۈچىنچى بىرى، مىللىي
ئەدەبىي مىراسلار، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار، تەبىئىي
جۇغراپىيىلىك مۇھىت.

مىللىي تېما تەسىرى چوڭ، ھەتتا ئەبەدىيلىككە ئىگە تۇر-
مۇش ھادىسىسى ۋە ماھىيەتلىك مەسىلە بولغاچقا ئۇنىڭ ئەھمىيە-
تى، رولى زور بولىدۇ. ھەتتا مىللىي تېمىنىڭ ئەھمىيىتى
يازغۇچى - شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ.
ئەينى ۋاقىتتا ماركس بىلەن ئېنگېلس گېرمان مىللىتىنىڭ تەقـ
دىرىگە مۇناسىۋەتلىك تېمىنى يورۇتقان بىر درامىدىن بەك تە-
سىرلەنگەنىدى. گەرچە دراما تېخى كامالەتلىك ئەسەر دەرىجىسىگە
يېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە بولسا
گېرمانىيە خەلقى ئەڭ كۆڭۈل بۆلگەن زور مەسىلە ئىدى.

«تاھىر - زۆھرە»، «غېرىب - سەنەم» قاتارلىق ئەسەرلەر
فېئودالىزم دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يىگىت - قىزلىرىنىڭ ئەركىن-
لىك، مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە مەسىلىسىنى ئىلغار كۆز قا-

راشتا ئىپادىلىگەن نادىر ئەسەرلەر ئىدى. بۇ ئەسەرلەر يورۇتقان تېما ئەھمىيەتلىك، تەسىرلىك بولغاچقا، بىر قانچە يۈز يىلدىن بېرى كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈپ كەلدى. ھەتتا بۇ ئەسەرلەر ئوپېرا، كىنو فىلىملىرىغا ئايلانغاندىن كېيىنمۇ ئۇلار يورۇتقان مىللىي تېما يەنىلا قىممەتلىك بولۇپ كەلدى. قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى دەۋرى ( IX – XIII ئەسىرلەر ) ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى بىلەن XV – XVIII ئەسىرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەرمۇ ئەينى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى چىن ۋە غايىۋى ئىپادىلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور تېمىنى خېلى ئوبدان يورۇتۇپ بەرگەن. شۇڭا بۇ ئەسەرلەر كلاسسىك ئەسەرلەر بولۇپ ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن قەدىرلەنمەكتە.

ياۋروپا ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭمۇ ئۇلۇغ سانىلىشى، بۇ ئەدەبىياتنىڭ مىللىي تۇپراقتا يىلتىز تارتىپ، چېچەكلەپ شېرىن مېۋە بەرگەنلىكى ۋە ياۋروپادىكى ئىنگلىز، فرانسۇز، ئىسپان، گېرمان، ئىرلاند، گوللاند، ئىتالىيان، پورتېگال قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇق تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مىللىي تېمىلارنى يورۇتقانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. زامانىمىزدىكى قىرغىزىستان يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ «ئاق پاراخوت»، «يۈز يىلغا تەڭ بىر كۈن»، «قىيامەت»، «جەمىلە» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ مىللىي ۋە دۇنياۋى يازغۇچىغا ئايلىنىشىدا ئۇنىڭ قىرغىز مىللىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بەرگەنلىكىدىن ئايرىلمايدۇ. شۇڭا مىللىي تېما ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ خاسلىقتا، مول لۇقتا ۋە روشەنلىككە ئىگە قىلىدىغان ئاساسىي مەزمۇن ئامىلىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مىللىي تېمىنىڭ دائىرىسى مەسىلىسى

تارىخىي مەزمۇنى جەھەتتىن ئېيتقاندا، مىللىي تېما، تارىخىي مىللىي تېما ۋە ھازىرقى زامان مىللىي تېمىسى دەپ ئىككى چوڭ خىلغا ئايرىلىدۇ. «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «ئۆچمەس ئىزلار»، «مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ»، «مەھمۇت قەشقىرى»، «نەۋائى» قاتارلىق ئەسەرلەر تارىخىي مىللىي تېمىدىكى ئەسەرلەر بولسا، «كۆرەشچان يىللار»، «جىمجىت جۇڭغارىيە»، «ئىزدىنىش»، «ھايات شونداق»، «لېيىغان بۇلاق» (قىسىملىق رومان) قاتارلىقلار ھازىرقى زامان مىللىي تېمىدىكى ئەسەرلەردۇر.

مىللىي تېما ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر ۋە غايىنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن مۇنداق ئۈچكە بۆلۈنۈشى مۇمكىن. بىرى، زور ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى يورۇتقان ئەسەرلەر تېمىسى. يەنى زور مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇش تېمىسى. يەنە بىرى، ئادەتتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت، مۇھەببەت، نىكاھ ۋە ئائىلە مەسىلىسى تېمىسى. ئۈچىنچى بىرى، تەبىئەت ئېكولوگىيىسى تېمىسى. بۈگۈنكى دۇنيادا تەبىئەت تېمىسى مۇھىم تېما ھېسابلانماقتا. چۈنكى جەمئىيەت بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر جىددىي مەسىلە دەپ قارىلىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆز يۇرت ـ ماكانلىرىنىڭ تەبىئىتىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار. بۇ خىل مەجبۇرىيەت مىللىي يازغۇچىلارنىڭ مىللىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئاشۇرماقتا.

مىللىي تېمىنى تەشكىل قىلىدىغان مەنبەلەر كۆپ خىل، لېكىن مىللىي تېمىنىڭ دائىرىسى تۆۋەندىكى بىر قانچە ئاساسلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، بىر مىللەتتىكى سىمۋول ۋە توتېم خاراكتېرلىك، مىللىي مەنپەئەتكە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان شەيئىلەر،

هادىسىلەر ۋە مەۋجۇت مەسىلىلەر — مىللىي تېمىنىڭ بىر مۇھىم تەرىپى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەرەپ ھەر بىر مىللەت ئۇچۇن مەڭگۇ-لۈك تەسىرلەندۇرۇش قۇدرىتىگە ئىگە چوڭ تېما ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، بىر مىللەت تارىخىدىكى زور تارىخىي ۋەقە-ھادىسىلەر، مىللىي قەھرىمان شەخسلەر، ئاتاقلىق جامائەت، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئەربابلىرى — مىللىي تېمىنىڭ كەڭ ۋە تەسىرلىك بىر تەرىپىدۇر. ئۇيغۇر تارىخىدىكى دەقيانۇس، ئالىپ ئەرتوڭا (ئەفراسياپ)، جىۋاخىنىم، كاماراجىۋا، سۇجىۋا، پىرخۇيلان، كۆلتېگىن، بىلگە كۆل قادىرخان، پانتېگىن، سۇتۇق بۇغراخان، ھارۇن بۇغراخان، ئارسلانخان، سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرېشتخان، ئامانىسا خانىش، مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ، سادىر پالۋان، ئەخمەتجان قاسىمى، ئا. ئاباسوف، خوجىنىياز ھاجى، تومۇر خەلپە، ئاكا - ئۇكا مۇسابايوپلار ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ، م. قەشقىرى، ئە. يۈكنەكى، نەۋائى، ئا. نىزارى، ئا. داموللا، تەۋپىقلار مۇشۇ تېما دائىرىسىدىكى شەخسلەر ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، بىر مىللەت يۇرت - ماكانلىرىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى، شۇ سەۋەبتىن شەكىللەنگەن يەرلىك مەدەنىيەت ۋە يەرلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى. بىر مىللەتتە چوڭ جەھەتتە زور ئورتاقلىق بولسىمۇ، يەنە ھەرقايسى جايدا ياشىغان ئاھالىلەردە يەرلىك ئالاھىدىلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، شۇ سەۋەبتىن يەر-لىك مەدەنىيەت ۋە يەرلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى بارلىققا كەل-گەن بولىدۇ. ئۇيغۇرلار — ش ئۇ ئا ر دىكى ئاساسىي چوڭ يەرلىك مىللەت بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي ۋە شەرقىي رايونلىرىدا كۆجۈم ھالەتتە ياشايدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭ، ھەتتا شەرقىي شىنجاڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىت جەھەتتە ئاز - تولا پەرقلىنىدۇ. شۇڭا خوتەن، قەشقەر، يەكەن، ئاتۇش، ئاقسۇ، كۇچا، كورلا، قاراشەھەر، تۇرپان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇمۇل، ئۈرۈمچى، ئىلى، بورتالا، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئوخشىمىغان يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى مەۋجۇت.

تۆتىنچى، بىر مىللەت خەلقى ياشاپ ئاۋۇغان، شۇ مىللەتكە كۈچ ـ قۇدرەت، ئۈمىد ـ ئىشەنچ بەخت ئېتىپ تۇرۇۋاتقان ئانا تەبىئەتنىڭ مەنزىرە كۆرۈنۈشلىرى ۋە شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئانا تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى. تاغ ـ دەريالار، دېڭىز ـ كۆللەر، باياۋانلار، تۇزلەڭلىكلەر، ئويمانلىقلار، ھەيۋەتلىك ئورمانلار (بولۇپمۇ قېرى دەل ـ دەرەخلەر)، شەھەر ـ قەلئە كۆرۈنۈشلىرى — مىللىي غۇرۇرنى پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۇلغايتىدۇ. شۇڭا ھەيۋەتلىك تەبىئەت مەنزىرىلىرى مىللىي تېمىنىڭ چوڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھەيۋەتلىك تارىم، يارىش، تۇرپان، ئىلى ئويمانلىقلىرى، بۈيۈك تەڭرىتاغ، ئالتۇن تاغ، پامىر تېغى، قۇرۇم تاغلىرى بىلەن ئالتۇن تاغ، خوتەن، قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، ئاتۇش، كۇچا، قارا شەھەر، تۇرپان، قۇمۇل، ئۈرۈمـ چى، غۇلجىلار — ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر قەدىمىي شەھەرلىرى بولۇپ، يازغۇچى شائىرلارغا مەڭگۈ مىللىي تېما بېغىشلاپ تۇرىـ دۇ.

بەشىنچى، بىر مىللەت خەلقىنىڭ نىسبىي تۇراقلىقتا ۋە ئۆزگىرىش تەرەققىيات خاراكتېرىگە ئىگە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى — مىللىي تېمىنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس مەنبەسى. مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر نىسبەتەن مۇقىملاشقان، ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەزمۇنى بىلەن مەدەنىيەت ئەنئەنىسى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىپ تۇـ رىدىغان فولكلور مەدەنىيىتى ھادىسىسىدۇر. شۇڭا مىللىي ئۆرپـ ئادەت يازغۇچىلارغا مول تېما بېغىشلاپ، بىر مىللەت ئەدەبىياتىنى مول، كەڭ، چوڭقۇر مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى تەسۋىرلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. لېكىن مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر

مەسىلىسىدە مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك: 1) مىللىي ئۆرپ- ئادەتلەرنى «بىردىنبىر مەزمۇن ئامىلى»، «مىللىي روھنىڭ تۇۋرۇكى» دەپ مۇبالىغىلەشتۇرمەسلىك كېرەك. تەرەققىياتنى، ئىجىل - ئىناقلىقنى، مىللىي غۇرۇرنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق ئۆرپ - ئادەتلەرنى تېما قىلىش كېرەك. 2) مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى تېما قىلغاندا، قىزغىن بولۇش بىلەن سالماق بولۇشنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ ھەم مىللىي ئىنكارچىلىقتىن ھەم تار مىللەتچىلىكتىن ساقلىنىش كېرەك. 3) مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرگە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قاراش كېرەك. ئۆرپ - ئادەتلەرمۇ ئۆزگىرىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇ ھەرگىز دوگما ھالەتلىك نەرسە ئەمەس.

ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى موللاشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش ئۈچۈن مىللىي تېمىنىڭ خىلمۇ خىللىقىنى تەكىتلەش زۆرۈر، ئەلۋەتتە. لېكىن مىللىي تېما مەسىلىسىدە مۇنۇ ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلماي بولمايدۇ. بىرىنچىدىن، مىللىي تېما مەسىلىسىنى ئىلمىي، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدا تونۇش كېرەك. ئۆزىنى «بۈيۈك مىللەت»، باشقىلارنى بولسا «ئويغانمىغان مىللەت»، «مەدەنىيەتسىز مىللەت»، «ئۇششاق مىللەت دەپ» قاراشقا بولمايدۇ. بىر مىللەت سان جەھەتتە ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن، ئۆزىگە يارىشا تۇرمۇش شەكلى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بار. شۇڭا مىللىي تېما — ھەممە مىللەتتە ئوخشاش مەۋجۇت. ئىككىنچىدىن، مىللىي تېما مەسىلىسىدە، «كونىنى تىرىلدۈرۈش» مەسىلىلىرىگە قارشى تۇرۇش كېرەك. تارىخىي تېمىلارنى يازغاندا، مىللىي گۈللىنىشنى مۇھىم نىشان قىلىش لازىم. مودىدىن، ئىستېمالدىن قالغان كونا ئەنئەنىلەرنى قارىغۇلارچە مەدھىيىلەش خاھىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. XIX ئەسىر روسىيە ئەدەبىياتىدا سلاۋيانچىلار دېگەن بىر ئېقىم پەيدا بو-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

لۇپ، بۇ ئېقىمغا مەنسۇپ يازغۇچىلار روسىيىلىكلەرنى كونا پېتى-چە يېزىشنى — ئەسكى ئۆتەك، ماتا كۆڭلەك كىيگەن، زەي، پاكار كەپىلەردە ياشىغان ھالەتتە تەسۋىرلەشنى تەرغىب قىلىپ، روسىيىنى كونا دەۋرگە قايتۇرۇشنى ئۈمىد قىلغانىدى. لېكىن روسىيە ئەدەبىياتىدىكى بۇنداق «كونىنى تىرىلدۈرۈش مەسلىكى» بېلىنىسكىي، گوگول قاتارلىق ئىلغار يازغۇچىلار، ئەدەبىي تەن-قىدچىلەرنىڭ ھەققانىي تەنقىدىگە ۋە رەت قىلىشىغا ئۇچرىغانى-دى. ئۈچىنچىدىن، مىللىي تېما مەسىلىسىدە مىللىي ئىنكارچى-لىق خاھىشىغا قارشى تۇرۇش، ئاساسىي تېمىلارنى ئۆز مىللىتى تۇرمۇشىدىن ئىزدەشنى ئاساس قىلىش كېرەك. باشقا مىللەتلەر ۋە ئەللەر تۇرمۇشىدىن تېما تاللىغاندىمۇ، تېمىلارنى ئۆز مىللىتى ھېسسىياتى، تىلى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ غايە چىرىغى بىلەن يورۇ-تۇپ بېرىش كېرەك. مەۋلانە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «سەددى ئىس-كەندەر» داستانى قەدىمكى ماكېدونىيىلىك ئىسكەندەر زۇلقەرنە-يىن (ئالېكساندىر ماكېدونىسكى) نىڭ ھاياتىنى تېما قىلغان بول-سىمۇ، لېكىن خاراكتېرلارنى ئەسەرنىڭ خاھىشى ۋە غايىسىنى يورۇتقاندا ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەرنىڭ خاراكتېرى، غايىسى نۇقتىسىدىن تۇرۇپ ياراتقاچقا، داستان تېمىسى ئوخشاشلا تولۇق ئۇيغۇر مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولالىدى.

شۇنى بىلىش كېرەككى، مىللىي تېما — ھەقىقىي مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ بەلگىسى بولۇشى كېرەك. گەرچە تېمىسى، تىل تەسۋىرى ھازىرقى زامانچە بولسىمۇ، لېكىن خاراكتېرى، ھېس-سىياتى، ئادەتلىرى كونىچە ياكى ئەجنەبىيچە بولغان ئەسەرلەر شەكىل جەھەتتىن ھەرقانچە پارقىراق بولسىمۇ، ھەقىقىي مىللىي ئەدەبىيات بولالمايدۇ. مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ھەقىقىي مىللىي مە-دەنىيەت بولالىشى — ئۇنىڭ تېمىسىنىڭ تولۇق مىللىي تۈس ئالغانلىقىدا، خاراكتېرى ۋە ئوبرازلىق كۆرۈنۈشلىرىنىڭ مىللەت-نىڭ ھەقىقىي ساغلام روھىنى نامايان قىلالىغانلىقىدا، ئەلۋەتتە.

## 3. ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسىي شەكىل بەلگىلىرى

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلى ئۇنىڭ مەزمۇنىغا قۇدرەتلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەزمۇن ياخشى بولۇپ، شەكىل گۈزەل، ماس قەدەملىك بولمىسا، ئەسەر ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەر بولالمايدۇ. مىللىي ئەدەبىياتنىڭ شەكلى بولسا تېمىنى يورۇتۇپ، خاراكتېرلارنى يارىتىشتا مۇھىم رول ئويناپ، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا مىللىي شەكىل ھەم ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىل، ھەم ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ بۇ ئامىلى ۋە بەلگىسىنىڭ بىرىنچىسى — مىللىي تىل. ئۇنىڭدىن باشقا، مىللىي ژانىر، ماھارەت، بەدىئىي قۇرۇلما ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى.

### مىللىي تىل

تىل — ئىنسانلارنىڭ ئالاقىلىشىش ۋاسىتىسى، قورالى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي ماتېرىيالى ۋە يەرلىك مەشئىلى. مىللىي تىلسىز مىللىي مەدەنىيەتنى، جۈملىدىن، ئەدەبىيات - سەنئەتنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. مىللىي تىل بىر مىللەتنىڭ قولىدىكى ئەڭگۈشتەر، كۈچ كۆرسىتىش شەمشىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىيات — تىل سەنئىتى. تىل ئۇنىڭ بىرىنچى ئامىلى. بېلىنىسكىينىڭ قارىشىچە، بىرلىككە كەلگەن مىللىي تىل - يېزىقنى ماتېرىيال قىلىپ يارىتىلغان مىللىي ئەدەبىيات ئالىي سەنئەت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ خىل سەنئەتتە باشقا سەنئەتلەرنىڭمۇ ئامىللىرى بولىدۇ. شۇڭا مۇقەر-

رەرلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، مىللىي تىل ـ يېزىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كامالەتكە يېتىشى — مىللىي ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى بەلگىلەيدۇ.

ياۋروپادا ئوتتۇرا ئەسىرلەردە لاتىن تىل ـ يېزىقى ھۆكۈمران ئورۇندا بولۇپ، باشقا تىل ـ يېزىق بىلەن ئەدەبىي ئەسەر يېزىش قاتتىق چەكلەنگەچكە، ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ مىللىي ئەدەبىياتى تەرەققىي قىلالمىغان. «ياۋروپا ئەدەبىي گۈللىنىش» دەۋرىدە لاتىن تىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ تاشلاندى. بۇنىڭ بىلەن مىللىي تىللار تەرەققىي قىلىپ، مىللىي ئەدەبىياتنى گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن دانتى (ئىتالىيە)، چاۋسىر (ئەنگلىيە)، مارتىن ۋە ئاۋىپى (گېرمانىيە) قاتارلىقلار ئۆز مىللىتى تىل ـ يېزىقىدا دۇنياۋى كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇچىنچى يۈز يىلىدا (مىلادىيە XI ئەسىردە) ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەرەب ـ پارس تىل يېزىقى بىلەن ئەسەر يېزىش تەتۈر ئېقىمى مەيدانغا كېلىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ (خاقانىيە تىلىنىڭ) رولى ئاجىزلىشىشقا باشلىغاندا، ئۇلۇغ ئىسلاھاتچى پەيلاسوپ ۋە ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» نى ئۇيغۇر تىلى يېزىقى بىلەن يېزىپ، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ تىللار بەيگىسىدىكى غالىبانە قۇدرىتىنى نامايان قىلغانىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەرەب، پارس تىل ـ يېزىقى بىلەن ئەسەر يېزىش يەنە قايتا داۋاملىشىۋاتقان پەيتلەردە (XIV ـ XV ئەسىرلەردە) لۇتفى، سەككاكى، نەۋائىلارمۇ ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى بىلەن نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يارىتالايدىغان ئاساسىي ماتېرىيال ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. XVII، XVIII، XIX ئەسىر ئەدەبىياتىدا خىرقتى، گۇمنام، نىزارى، م س. قەشقىرى، نۆبىتى، نازىمى، ناقىسلار XX ئەسىر ئەدەبىياتىدا ئا. ئۇيغۇرى، ل. مۇتەللىپ، نىمشېھىت،

ز. قادىرى، ت. ئېلىيوپ، ئە. ئەختەم، ئا. خوجايوپ، ق. ئىمىن، ت. سامساق، ش. يالقۇن، ئە. تاتلىق، م. رەھىم، ز. سابىرى، ق. تۇردى، م. سادىق، ئى. تۇرسۇن، ر. قاسىم قاتارلىق يازغۇچى- شائىرلارمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۈچ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان نادىر ئەسەرلەرنى يازدى.

نېمە ئۈچۈن مىللىي تىلنى ئەدەبىياتنىڭ شەكىل جەھەتتىكى بىرىنچى ئاساسىي بەلگىسى دەيمىز؟

بىرىنچىدىن، مىللىي تىل — مىللىي خاراكتېرلارنى يارىتىشنىڭ، بۇنىڭ بىلەن مىللىي تېمىلارنى يورۇتۇپ بېرىشنىڭ ئاساسىي شەكىل ۋاستىسى ۋە ماتېرىيالى. بىر مىللەتنىڭ تىلى ئارقىلىق شۇ مىللەتنىڭ مىللىي روھىنى، مىللى پسىخىكىسىنى، تەپەككۇرى بىلەن غايىسىنى، شۇنداقلا سىياسىي - ئىجتىمائىي قارىشىنى، پەلسەپە قارىشىنى، مەدەنىيەت قارىشىنى، سەنئەت قارىشىنى، ئەخلاق قارىشىنى ۋە دىنىي قاراشلىرىنى بىمالال ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، تىلنىڭ ئاممىۋىلىشىشى، تەرەققىي قىلىپ تاكامۇللىشىپ تېخىمۇ زور ئورتاقلىققا ئىگە بولۇشى، شۇنداقلا مىللىي تىلنىڭ ئىجتىمائىي ۋە قانۇنىي كاپالەتكە ۋە ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشى (بۇ بىر مىللەتنىڭ دەخلى - تەرۇزسىز ھوقۇقى، ئەلۋەتتە.) ئەدەبىياتنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇللاشتۇرۇشتا، كۈچەيتىشتە ھەم تەسىرىنى كېڭەيتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل قوشاقلىرى، چۆچەك، رىۋايەت، مەسەللىرى بىلەن «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» ، «نۇزۇگۇم قوشاقلىرى» ، «سادىر پالۋان قوشاقلىرى» ، «سېيىت نوچى» قاتارلىق خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاممىۋىلاشقانلىقىنى نامايان قىلسا، كلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ مىللىي ئەدە-

بىي تىلغا قاراپ يۇزلەنگەنلىكىنى نامايان قىلدى. نىمشېھىت ئەسەرلىرى كلاسسىك ئەدەبىي تىل بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلى ئاساسىدا پىششىق ئىشلەنگەچكە، تىل جەھەتتە بۇ ئەسەرلەردە ئەدەبىيلىك بىلەن ئاممىۋىلىق بىرگەۋدىگە ئايلاندۇ-رۇلغان. ئەلقەم ئەختەم شېئىرلىرى ئاساسەن خەلق جانلىق تىلى ئاساسىدا پىششىقلانغان بولۇپ، تىلى يېنىك، راۋان ۋە ئىخچام يېپىشىپ كېلىدۇ. ز. قادىرى ھېكايىلىرى ياۋروپا رومانلىرىنىڭ بەزى ئۇسلۇبلىرى بىلەن ئۇيغۇر رىۋايەت - چۆچەكلىرىنىڭ ئۇس-لۇبىنى ئۆزئارا بىرىكتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ھەم قىسسە، رىۋايەت تۇسىگە، ھەم ھازىرقى زامان ھېكايە پۇرىقىغا ئىگە. ت. ئېلىيېۋ-نىڭ شېئىرلىرى كلاسسىك شېئىرلار تىلى، خەلق قوشاقلىرى تىلى ۋە خەلق جانلىق تىلىنىڭ ئامىللىرى ئۆزئارا بىرىكىپ كەتكەچكە، شېئىرلاردىن ھەم قەدىمىيلىك، ھەم زامانىۋىلىق ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، بىر مىللەت تىلىنىڭ فونېتىكا، گرامماتىكا، سىنتاكسىس، لۇغەت تەركىبى ۋە ئىستىل-لىستىكىلىق ۋاسىتىلەر، جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ۋە پەرق-لەر شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ يارقىن بولغان مىللىي ئالاھىدىلى-كىنى ۋە بۇ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ مىللىي ئۇسلۇبىنى، يەرلىك ئۇسلۇبىنى ۋە ئەدەبىي ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرۈش رولىنى ئوي-نايدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرلىرىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رو-لى ئالاھىدە بولغان بولسا، ھازىرقى زامان شېئىرلىرىدا ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ رولى ئالاھىدە. بەزى شائىرلار ئۆز شېئىرلىرىدا سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ رولىنى بىردەك جارى قىلىدۇ. كلاسسىك شېئىر شەكىللىرىدە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سوزۇلۇشى، ئاجىزلىشىشى ياكى كۈچىيىشى ئالاھىدە رول ئوينايدۇ.

تىلنىڭ گرامماتىكا، سىنتاكسىس جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلە-رى بىلەن پەرقلىرى — ھەرقايسى مىللەت ئەدەبىياتىدا روشەن مىللىي خاسلىقنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا قاپىيە

ئاخىرىدا كەلسە، موڭغۇللارنىڭ شېئىر ئەسەرلىرىدە باشتا كېلە-
دۇ. جۇاڭزۇ خەلق قوشاقلىرىدا قاپىيە ئوتتۇرىدا ۋە ئاخىرىدا
كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ گراماتىكا ۋە سىنتاكسىس تەرەققىياتى
جەھەتتىكى گۈللىنىش ئۇيغۇر شېئىرىي شەكلىدە ھەر خىل قاپىيە
شەكىللىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ھازىرمۇ قاپى-
يىلەر كۆپىيىپ بارماقتا.

مىللىي تىل مەسىلىسىدە مۇنداق ئىككى مەسىلىنى ئايدىڭ-
لاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. بىرى، مىللىي تىل — مىللىي ئەدەبى-
ياتنىڭ بىرىنچى بەلگىسى، لېكىن بىردىنبىر بەلگىسى ئەمەس.
مىللىي شەكىلنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە مۇكەممەل ھالەتتە بولۇ-
شى ئۈچۈن، مىللىي تىلدىن باشقا يەنە مىللىي ژانىر - تۈر،
بەدىئىي ماھارەت ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى مول بولۇش
كېرەك. بىر تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلق ئىككى زېمىندا ياشىسا،
ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتى ئۇسلۇب جەھەتتە ژانىر ۋە ماھارەت جەھەتتە
پەرقلىق بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئەنگلىيە ئىنگلىز ئەدەبىياتى
بىلەن ئامېرىكا ئىنگلىز ئەدەبىياتى، كانادا ئىنگلىز ئەدەبىياتى،
ئاۋستىرالىيە ئىنگلىز ئەدەبىياتى ئۆزئارا پەرقلىق بولغان ئەدەبى-
ياتلاردۇر. جۇڭگو ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن سابىق سوۋېت ئۇي-
غۇر ئەدەبىياتلىرىدىمۇ بەزى پەرقلەر مەۋجۇت. يەنە بىرى، بىر
مىللەت يازغۇچىسى باشقا مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتىنى شۇ مىللەت
خاراكتېرىگە ماس ھالدا ئىپادىلەپ بېرەلىسە، ئۇنىڭ ئەسىرى
ئۆزى تەسۋىرلىگەن مىللەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇ-
شى مۇمكىن. لېكىن بۇنداق ئەسەر قايسى مىللەت ئەدەبىياتىغا
تەۋە بولىدۇ — بۇ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە.

دېمەك، بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى
(جۇملىدىن يەرلىك ئالاھىدىلىك، يەرلىك ئۇسلۇبلار ۋە يازغۇچى-
نىڭ ئۇسلۇبلىرى) ئەسەرنىڭ تىلىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## مىللىي ژانىر ۋە بەدىئىي ماھارەت

مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇش چەكسىز ۋە چوڭقۇر، رەڭدار. شۇڭا ئۇنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىمۇ ھەر خىل شەكىللەرنى، ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداقلا ھەرقايسى مىللەتلەر تۇرمۇشىدىكى ئالاھىدىلىك ۋە پەرقلەر — ھەر بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا ژانىر - تۈرلەرنىڭ ۋە بەدىئىي ماھارەتنىڭ خاسلىققا ئىگە بولۇشىنى بەلگىلىگەن. مىللىي ئەدەبىياتنىڭ بۇ خىل قانۇنىيىتى مىللىي يازغۇچىنىڭ يۇقىرى ماھارەتنى ۋە ئۈنۈملۈك بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

نېمە ئۈچۈن مىللىي ژانىر - تۈر ۋە بەدىئىي ماھارەتنى ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىلىرى دەيمىز؟

بىرىنچىدىن، ژانىر - تۈرلەر نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەزمۇنى ۋە شەكلى، تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، پسىخىكىسى، ئېستېتىك ۋە زوقلىنىش ئادەتلىرى پەرقلىق بولغاچقا، بەدىئىي ئىپادىلەش شەكىللىرىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. پەۋقۇلئاددە تارىخىي شارائىتتىكى قىسمەن مىللەتلەردە ئەدەبىي ژانىر - تۈرلەر ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، باشقا كۆپلىگەن مىللەتلەردە ژانىر - تۈرلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس. بەزى ژانىر - تۈرلەر بىر مىللەتتە بەكرەك تەرەققىي قىلغان بولسا، بەزى ژانىر - تۈرلەر يەنە بىر مىللەتتە بەكرەك تەرەققىي قىلغان بولۇشى مۇمكىن. تىياتىر ژانىرى بەزى چارۋىچى ياكى كۆچمەن مىللەتلەردە نىسبەتەن ئاز، ئەكسىچە، ئېپوس، قەھرىمانلىق توغرىسىدىكى شېئىر - قوشاقلار، رىۋايەتلەر كۆپرەك ھەم بۇ خىل ژانىر - تۈرلەر نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان. چۈنكى تىياتىر ۋە رومان شەكىللىك ژانىرلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي

قىلالىشى ئۈچۈن، جىددىي دراماتىك زىددىيەتلەر توقۇنۇشى تېز - تېز ئىپادىلىنىپ، مۇرەككەپلىشىپ تۇرىدىغان كۆجۈم ئاھالە رايونلىرى ۋە شەھەرلەشكەن نوپۇس نۇقتىلىرى بولۇشى كېرەك. چارۋىچى ۋە كۆچمەن مىللەتلەردە خەلق ئېپوس ۋە داستان شەكلىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپرەك بولۇشى بىر تەرەپتىن ئۇلار تارتقان مىللىي زۇلۇمنىڭ كۆپرەك بولغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن مىللىي قەھرىمانلارنىڭ كۆپرەك چىققانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ شۇ مىللەتلەر قەلبىدە گۈزەل ئەسلىمگە ئايلىنىپ قالغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ خىل مىللەتلەردە يېزىقنىڭ كېيىنرەك شەكىللەنگەنلىكى ئاساسىي رول ئوينىغان، يېزىقنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ژانىر - تۈرلەرنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات تېخىمۇ روناق تېپىپ، تېخىمۇ مول، يارقىن، مىللىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولدى.

ئىككىنچىدىن، بەدىئىي ماھارەت، كومپوزىتسىيە ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بىر مىللەت تۇرمۇشىدىكى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى خاسلىق شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ خاسلىقىنى بەلگىلىگەن. بۇ خىل خاسلىق دەل بەدىئىي ماھارەت، كومپوزىتسىيە ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى مىللىي ئۆزگىچىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. چۈنكى مىللىي شەكىلنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسەن ژانىر - تۈرلەردىكى ئوخشاش بولمىغان ئىچكى تۈزۈلۈشلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بەدىئىيلىك جەھەتتىكى بۇ خىل بەلگىلەش خاراكتېرلىك خىسلەت روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. بۇنداق مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنىڭ تەرەققىياتىدا يازغۇچىنىڭ كومپوزىتسىيە، بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى ماھارىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مىللىي ماھارەت قويۇق مىللىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان نەرسە بولۇپ ئۇ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن خەلق ئامم-

www.uyghurkitap.com

سىنىڭ ئېستېتىك زوقلىنىش ئادەتلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت جۇغ-لىنىشىنىڭ نەتىجىسى. بەدىئىي ماھارەتنىڭ يۇقىرى بولۇشى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش سالمىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھەرقايسى مىللەتنىڭ بەدىئىي ماھارەت، كومپوزىتسىيە ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتە ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى بولۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل شۇ يەردە. خەنزۇ ئەدەبىياتىدا تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن بەدىئىي ماھارەت، كومپوزىتسىيە ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتە مۇنداق ئەنئەنە پەيدا بولغانىدى: بىرى، پروزا (نەسرىي) ژانىرىدا «تەس-ۋىرنى قويۇپ، ھەقىقىي قىياپەتنى ئىپادىلەش» ماھارىتى ۋە ئىپا-دىلەش ئۇسۇلى بارلىققا كېلىپ، ئەسەرلەرنىڭ چىنلىق دەرىجىسى ئاشۇرۇلدى. شېئىرىي ژانىردا بولسا «ئاددىي بولۇش، بېزەكسىز بولۇش، يالتىراق بولماي، مەزمۇنلۇق بولۇش» تەك ئەنئەنە پەيدا بولۇپ، شېئىرىيەت ژانىرى بەدىئىي ماھارەت، ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتە ئىلگىرى سۈرۈلدى. تىياتىر ژانىرىدا بولسا «ئەسلىي تەبىئىتىنى ئىپادىلەش» ماھارىتى پەيدا بولۇپ، تىياتىرنىڭ كوم-پوزىتسىيىسىنى ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش سەنئىتىنى كۈچەيتتى. ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردىن باشلاپ «12 مۇقام مۇزىكىسى» بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. «12 مۇقام مۇزىكىسى» نىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى مەزمۇن جەھەتتە ژانىر. تۈرلەر ۋە بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە: «شېئىرلارنىڭ مۇزىكىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش»، «شېئىرلارنى ناخشا قىلىپ ئېيتىشقا، ئاۋازلىق ئو-قۇشقا باب قىلىپ يېزىش»، «شېئىرلارنىڭ قاپىيىلىرىنى تۈز-گەندە ئۆزۈك ۋە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىش» تەك بەدىئىي ماھارەت، بەدىئىي ئىپادىلەش ئەنئەنىلىرى بارلىققا كەلدى. فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ شۆھرەتلىك

شېئىرىي ئەسەرلىرى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن «شېئىرلارنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي مەزمۇنى بىلەن رولىغا ئەھمىيەت بېرىش»، «شېئىرلار ھېكمەتلىك سۆزلەرگە ۋە پەلسەپىۋى قاراشلارغا باي بولۇش»، «شېئىرلاردا ئىلىم - مەرىپەتنى تەشەببۇس قىلىش» تەك دىداكتىك ئەنئەنىلەر پەيدا بولدى. شۇڭا ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرلىرىنىڭ مۇزىكىلىقى يۇقىرى، پەلسەپىۋى قاراشلىرى چوڭقۇر بولدى. ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر كلاسسىك پروزا (ئېپىك) ئەسەرلىرىدە: «ھېكايە سۇژىتىنى رەتلىك، باغلىنىشلىق قۇرۇش»، «ھېكايىدىن ھېكايە چىقىرىش»، «بىر ھېكايىدىن ئىككىنچى بىر ھېكايىگە ئۆتۈش» تەك بەدىئىي ماھارەت، كومپوزىتسىيىلىك قۇرۇلما ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكى شەكىللەندى. ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىي ئېپىك ئەسەرلىرىدىمۇ: «ئالدى بىلەن يازغۇچى - شائىر ئەسەرنىڭ ماۋزۇسى ھەققىدە سۆزلەش، ئىككىنچى قەدەمدە يېزىش مۇددىئاسى ھەققىدە توختىلىش، ئۈچىنچى قەدەمدە ھېكايىگە ئۆتۈش، تۆتىنچى قەدەمدە زامانداشلىرىغا نەسىھەت قىلىش، بەشىنچى قەدەمدە ئۆزىگە خىتاب قىلىش» تەك ماھارەت، كومپوزىتسىيىلىك تەرتىپ ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئومۇمىي ئەنئەنىگە ئايلانغانىدى. ھازىرقى زامان يازغۇچى - شائىرلىرىدىن بەزىلىرىمۇ مۇشۇ ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرماقتا. شائىر مامۇت زاھىت «گۈلمىرۋى» ناملىق داستانىنىڭ كومپوزىتسىيىسىنى مۇشۇ ئەنئەنە بويىچە تۈزۈپ، ھېكايە ۋەقەلىكىنى مۇشۇ ئىپادىلەش ئەنئەنىسى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرغان.

خەنزۇ ئەدەبىياتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان جۇڭگو ئەدەبىياتى بىلەن ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي ماھارەت، كومپوزىتسىيە ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلىرىنى سېلىشتۇرساق، بەدىئىي ماھارەت، كومپوزىتسىيە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىللار ۋە بەلگىلەر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر

ھېس قىلىمىز. ① جۇڭگو ھېكايە - رومانلىرى قىسسىلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ھېكايە قىلىنىشقا، پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگلىرى ئارقىلىق سۇژىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. شۇڭا سۇژىت لىنىيىسى ئېنىق، ماس قەدەملىك، ۋەقەلەر ھالقىسمان ھالەتتە بولىدۇ. ياۋروپا رومانلىرىنىڭ ھېكايە - ئېپىك خاراكتېرى كۈچلۈك بولۇپ، بايانچى تەسۋىرىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. شۇڭا ھېكايە لىنىيىسى ئۇزاققا سوزۇلىدۇ ۋە مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ. ② جۇڭگو ھېكايە - رومانلىرىدا ئاددىيلىقتا، ئاممىباپلىقتا، قۇرۇلمىنىڭ راۋان بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ياۋروپا ھېكايە - رومانلىرىدا تەسۋىرىي بايانىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا، قۇرۇلمىنىڭ نىسبەتەن مۇرەككەپ بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ③ جۇڭگو ھېكايە - رومانلىرىدا پېرسوناژ خاراكتېرى بىر قاتار ئىنچىكە ۋەقەلەرنى تەپسىلىي تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ. ئىخچام تەسۋىرلەر ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ پۈتۈن قىياپىتى گەۋدىلىنىدۇ. ياۋروپا ھېكايە - رومانلىرىدا تەسۋىرىنىڭ مۇرەككەپ، ئۇزۇن ۋە مول بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ④ ئىچكى دۇنيانى ئېچىپ بېرىش جەھەتتە ياۋروپا ھېكايە - رومانلىرى ئىچكى دۇنيا تەسۋىرىگە كۆپ سەھىپە ئاجرىتىپ، ئۇنى ئابزاسمۇ ئابزاس ناھايىتى ئىنچىكىلەپ تەسۋىرلەيدۇ. جۇڭگو ھېكايە - رومانلىرىدا بولسا، بىۋاسىتە كۆزىتىش، ئاددىي ھالدا تەسۋىرلەش، ھەرىكەتنى كۆپرەك بايان قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ⑤ جۇڭگو ھېكايە - رومانلىرىدا قەدىمكى ماقال - تەمسىللەر، مەنىسى چوڭقۇر ھېكايە - قىسسىلەر، ھېكمەتلىك سۆزلەر بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ھېكايە - رومانلىرى بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ھېكايىلىرىنىڭ، رىۋايەت - چۆچەكلەرنىڭ ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خەنزۇ ۋە ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلماقتا. بەزى رو-

مانلار ياۋروپا رومانلىرىدەك باب، پاراگرافلارغا بۆلۈنگەن بولسا، بەزى رومانلار ئۇيغۇر كلاسسىك داستانلىرىدەك ماۋزۇلارغا بۆلۈنگەن.

ئۈچىنچىدىن، بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا ئايرىم ژانىر - تۈرلەرنىڭ، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىغا بىر تەرەپلىمە باھا بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئايرىم ژانىرلار جەھەتتە باشقا مىللەتلەردىن ئېشىپ چۈشىدىغان تەرەپلىرىمۇ بار. ئالايلى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئېپىك ئەسەرلەر ژانىرى، تۈرى نىسبەتەن ئاز. ئەمما ئېپىك ئەسەرلەرگە خاس ئالاھىدىلىك شېئىرىيەت ئەسەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن مۇشائىرە، مەشرەپ، ھېكايە خاراكتېرىگە، شۇنداقلا دراما خاراكتېرىگە ئىگە شەكىل. بۇ خىل شەكىل باشقا ھالەتلەردە يوق دېيەرلىك.

ئومۇمەن، بەدىئىي ماھارەت، بەدىئىي ئىپادىلەش، كومپوزىتسىيە جەھەتتە ھەربىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مۇقىملاشقان خاسلىقى، ئەنئەنىسى ۋە قانۇنىيىتى بولىدۇ.

## § 3 . مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسى ۋە مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى

ئەدەبىيات — بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە سۈپىتىدە ئىنسانىيەت مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى. ئەدەبىياتنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى، ئۇنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىك تەردچى بولغان مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھاسىل بولۇپ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللار ۋە شەرتلەر بولۇشى كېرەك. بۇ شەرتلەر ئۈچ تۈرلۈك:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرىنچى، باي، كەڭ، چوڭقۇر، رەڭدار مىللىي ئىجتىما-ئىي تۇرمۇش. بۇ مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي مەۋجۇدىيىتىنى بەلگىلەيدىغان ئوبيېكتىپ شەرت، مەنبە.

ئىككىنچى، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، جۈملىدىن ئۇ-نىڭ بىر قىسمى بولغان مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسى. بۇ مىللىي ئەدەبىياتنىڭ مول ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشىنىڭ تارىخىي ئاساسى، مەنىۋى خىمىرتۇرۇچى ۋە تۈۋرۈكى.

ئۈچىنچى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەبىي ئالاقە ۋە مىل-لەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى. بۇ مىللىي ئالاھىدىلىك-لەرنىڭ مولىلىشىپ تاكامۇللىشىشىغا، دۇنياۋىلىشىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئوبيېكتىپ تاشقى ئامىل ۋە زۆرۈر شەرت.

## 1. مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇش

مىللىي خۇسۇسىيەت، مىللىي ئۇسلۇب دېگەنلەر نىسبىي تۇراقلىققا ئىگە. ئۇ ئايرىم ۋاقىتتا، ئالاھىدە ماكان - بوشلۇقتا شەكىللىنىدۇ ۋە ئۆزگىرىدۇ. لېكىن ئۇ، دەرىجىدىن تاشقىرى بوشلۇق، ئۆزگەرمەس مۇقىم ئامىل ئەمەس. ئۇ ھەرخىل تارى-خىي شارائىت، ماكان، زامان تەسىرىدە ئۆزلۈكسىز بېيىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ، ئىسلاھ قىلىنىدۇ، قايتا يارىتىلىدۇ.

ئادەتتە، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ شەكىللى-نىشىدە مۇھىم ئاساسىي رول ئوينايدىغان ئامىللاردىن بىرى — مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇش. مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇش باي، مول، رەڭدار بولۇپ ئۇ مىللەتنىڭ سىياسى - ئىجتىمائىي ئىقتى-سادى، پەن - مەدەنىيەت، دىن - ئېتىقاد ۋە تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق جىمى ھادىسىلەرنى ئۆز مەزمۇنى قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى مول، كەڭ، رەڭدار بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىمۇ رەڭدارلىققا ئىگە. شۇڭا بىر مىللەتنىڭ مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ تەرەققىيات ھالىتى ئەدەبىيات-

نىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي
قىلدۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. بىر مىللەت ھەر خىل تارىخىي
دەۋرلەردە ھەرخىل تۈرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى ياراتقاچقا، ئەدە-
بىياتمۇ شۇ تارىخىي دەۋرگە خاس دەۋرچانلىققا، خاھىشچانلىققا
ئىگە بولۇشتىن تاشقىرى مول مىللىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە
بولىدۇ. بۇ قائىدىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا:

بىرىنچى، بىر مىللەت مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ
موللىقى، كەڭلىكى، رەڭدارلىقى — شۇ مىللەت ئەدەبىياتى مىل-
لىي ئالاھىدىلىكىنىڭ موللىقىنى، كەڭلىكىنى، رەڭدارلىقىنى
شەكىللەندۈرۈپ، ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى زور تە-
سىرلەندۈرۈش قۇدرىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئالايلى: XX ئەسىر —
ئۇيغۇرلار ئۇچۇنمۇ بىر ئويغىنىش، ئىجاد قىلىش، گۈللىنىش
ئەسىرى بولدى. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇ-
شى ئىلگىرىكى ئەسىرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭلىككە، چوڭ-
قۇرلىققا، موللۇققا، رەڭدارلىققا ئىگە بولدى. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبى-
ياتىدا شۇ ئالاھىدىلىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە باب كېلىدىغان
نۇرغۇن شەكىل، ژانىر - تۈرلەرنىڭ شەكىللىنىشىنى كەلتۈرۈپ
چىقاردى. بۇ مەنىدە ئۇيغۇر رومانچىلىقى، تىياتىرچىلىقى، ھەتتا
كىنو - تېلېۋىزىيىچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى — ئۇيغۇرلارنىڭ ئىج-
تىمائىي تۇرمۇشىدىكى غايەت زور موللۇق، چوڭقۇرلۇق، كەڭ-
لىك ۋە رەڭدارلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئىككىنچى، مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇش بەلگىلىك ماكان،
زامان ۋە مۇھىت تەسىرى ئىلكىدە تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا مىل-
لىي ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەدەبىياتقا مول دەۋرچانلىق ئالاھىدىلى-
كى بېغىشلاشتىن سىرت، يەنە قويۇق يەرلىك خۇسۇسىيەت بې-
غىشلايدۇ. ئۇيغۇرلار ش ئۇ ئا ر نىڭ 1.650000 كۋادرات
كىلومېتىر زېمىنىنىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك تۇرمۇش كەچۈر-
دۇ. شۇڭا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەدەبىياتى بىلەن شىمالدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئەدەبىياتىدا ئاز - تولا پەرقلىق يەرلىك خاسلىقلار ئىپادىلەنگەن. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىياتىدا تەمكىنلىك، سالاپەتلىك زامانىۋىلىق روھى كۆپرەك گەۋدىلەنسە، جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىياتىدا قەدىمىيلىك، ئاشكارىلىق - روشەنلىك، شوخ-ئويناقلىق ۋە مىللىي خاسلىق روھى بىلەن مىللىي ئىختىرا روھى كۆپرەك گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىياتى كۆپرەك روسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق ئەللەر ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىياتى كۆپرەك ئەرەب، پارس، ئوردۇ، ھىندىستان ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

ئۈچىنچى، مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇش تۇرغۇن ھالەتلىك ھادىسە ئەمەس، بەلكى جىددىي، قۇدرەتلىك ۋە يېڭىلىنىش خاراكتېرلىك ھالەتتە بولغاچقا، ھامان مۇللىشىپ، چوڭقۇرلىشىپ، كېڭىيىپ بارىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مىللىي ئەدەبىياتمۇ ئىسلاھ قىلىنىش، ئۆزگىرىش، يېڭىلىنىش ھالىتىدە تەرەققىي قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل ئامىللىرى تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. شۇڭا مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنىڭ تېخىمۇ مۇللىشى، كېڭىيىشى، رەڭدارلىشىشى ئۈچۈن، مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇش تۇرغۇن ھالەتتە بولماي، جىددىي ھەرىكەت، ئۆزگىرىش ۋە ئىختىلاپ، ئىسلاھات تۈرتكىسىدە تەرەققىي قىلىشى لازىم.

## 2. مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسى

لۇشۈن ئېيتقاندەك، بىر مىللەت ئۆز ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇنداق ئىككى ئىچكى قانۇنىيەت بويىچە ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ: بىرى، ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى، يەنە بىرى، ئۆز مىللىتى ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى. مىللىي ئەدەبىيات

ئەنئەنىسى — مىللىي ئەدەبىياتنىڭ خاسلىقىنى شەكىللەندۈرىدى-
غان، تەرەققىي قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم ئىچكى ئامىل-
لاردۇر. مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسى — بىر مىللەت ئەدەبىياتى-
نىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىدە ھازىر-
لىغان، نىسبىي مۇقىملاشتۇرغان، شۇنداقلا سىستېمىلىشىپ
ئىلمىيلاشقان قائىدە - پرىنسىپلىرىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، ئۇ
مىللىي ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ تارىخى ۋە مەنىۋى ئېقىنى.
ئۇنىڭسىز ئەدەبىيات مەڭگۈ تەرەققىي قىلالمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ
گۈللەنگەن X — XII - ئەسىرلەر ئەدەبىياتىغا گەرچە ئىران،
ئەرەب، ھىندى ئەدەبىياتى زور تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ،
لېكىن بۇ خىل تەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىلگىرىكى دەۋرلەر-
دىن ئېقىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىسى تەسىرى قۇدرىتىگە يەتمەيدۇ.
نەۋائى ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەن داھىي، ياز-
غۇچى. ئۇنىڭ داھىي يازغۇچىغا ئايلىنىشىدا فارابى، يۈسۈپ خاس
ھاجىپ، ئەخمەد يۈكنەكىلەرنىڭ مول ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ
تەسىرى زور رول ئوينىغانىدى. نىزارى، نازىمى، نىمشېھىتلەر-
نىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە زور نەتىجىگە ئېرىشىشىدە نەۋائى، ئاتايى
قاتارلىق كلاسسىكلىرىمىز قالدۇرغان ئەنئەنىلەر زور رول ئويند-
دى. ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ
پېشىۋالىرى ت. ئېلىيۇپ، ئا. خوجايوپ، ئا. ئۆتكۈر، ت.
سامساق، م. رەھىم ۋە م. سادىقلارنىڭ شېئىرىيەتتە بەزى ئالا-
ھىدە نەتىجىلەرنى يارىتالىشىدىمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتى
بىلەن ئۇيغۇر خەلق ناخشا - قوشاقلىرىنىڭ ئۆلمەس ئەنئەنىسىنى
ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش مۇھىم رول ئوينىدى.

دېمەك، ئەنئەنە — قۇدرەتلىك مەنىۋى ئاساس، قورىماس،
ئەلۋەك ئېقىن. ھەربىر مىللەت ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ مىللىي
ئالاھىدىلىكلىرى شۇ مىللەتنىڭ نىسبىي مۇقىملىقىدا ۋە نىسبىي
ئۆزگىرىشچانلىقىدا ئىگە مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسى ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالايدۇ ياكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ.

مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسى مۇنداق ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1) مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسى بولسا مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ بىر مىللەتنىڭ يېتىلگەن، يول باشلىغۇچى يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە روشەن گەۋدىلىنىشىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى، بەدىئىي قارىشى، بەدىئىي تېخنىكا، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى جەھەتتىكى دىت، ماھارەتلىرىنىڭ جەملىنىشىدىن ئىبارەت. 2) مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسى — بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەرەققىيات جەريانىدا يارىتىلغان، نىسبىي مۇقىملاشقان مىللىي ئۇسلۇبلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسى ۋە شۇ مىللىي ئۇسلۇبلارنىڭ كونكرېت ئەسەرلەر ئارقىلىق روشەنلىشىشىدىن ئىبارەت. شۇڭا مىللىي ئۇسلۇب — ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم ئەنئەنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مىللىي ئۇسلۇبنىڭ جارى قىلىنىشى، ئۇنىڭ موللىشىپ بېرىشى — مىللىي ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. 3) مىللىي ئەنئەنە — بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزاق تارىخى جەريانىدا، نۇرغۇن يازغۇچىلارنىڭ مول ئىجادىيەت نەتىجىلىرى ئارقىلىق ھاسىل بولغان خاسلىقى بىلەن بىلىم، سەنئەت ۋە ئېستېتىكا ئىدىيىلىرىنىڭ سىستېمىلىشىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر رومانچىسى مەرھۇم قەييۇم تۇردى ئۇيغۇر قىسسە ـ داستانچىلىقىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ، ماۋزۇلارغا بۆلۈش، ھېكايە ئىچىدە ھېكايە پەيدا قىلىش، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ھەرىكەت ۋە روھىي جەھەتتىن ئىچچىپ بېرىش ئەنئەنىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆز رومانلىرىدا ماۋزۇلارغا بۆلۈش، ھېكايىدىن ھېكايىگە ئۆتۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ نەتىجە ياراتقان. شائىر مۇھەممەتجان سادىق ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىلىقىدىكى چاچما شېئىرىي

شەكىللەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان ۋە ۋىتمان، ماياكوۋىسكىلارنىڭ چاچما شېئىر ئەنئەنىسىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرغان بولۇپ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان چاچما شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە زور نەتىجە قازاندى.

مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسى مۇھىم ئىچكى ئامىل. لېكىن مىللىي ئەنئەنە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك مەسىلىسىدە مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بىرى، بىر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدا، سىياسىي، پەلسەپە ۋە سەنئەت قارىشىدا ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار مىللىي ئەنئەنىدىن ئايرىلمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ھامان مىللىي ئالاھىدىلىك گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. يەنە بىرى، مىللىي ئەنئەنە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك ھەر قاچان يازغۇچىنىڭ ئىجادىي خاسلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۈچىنچى بىرى، ئەنئەنە دوگما ھالەتتىكى نەرسە ئەمەس. ئۇ بېيىدۇ، كېڭىيىدۇ. شۇڭا يازغۇچىلار كونا ئەنئەنىلەرگە بەك چىڭ ئېسىلىۋالماسلىق كېرەك.

## 3. ھەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى

دۇنيادىكى ھەرقانداق شەيئى – ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىدە ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئامىللار بىلەن ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللارنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى مۇھىم رول ئوينايدۇ. مىللىي ئەدەبىياتنىڭ، جۈملىدىن ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىدە مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇش، مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسى قاتارلىق ئوبيېكتىپ ئىچكى ئامىللاردىن باشقا، مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلەر، شۇ تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن ئۆزئارا تەسىرلىنىشتىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ تاشقى ئامىلمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. مىللەتلەر ۋە مەملىكەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەبىي ئالاقە، ئەدەبىي تەسىرلىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەتىجىسىدە تارىختىن بۇيان ئەدەبىيات دۇنياۋىلىششقا قاراپ يۈز-لىنىپ «دۇنيا ئەدەبىياتى» دىن ئىبارەت ھەيۋەتلىك مەدەنىيەت پىرامىداسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۈگۈنكى زاماندا مىللەتلەر ئەدەبىياتلىرى زامانىۋى ئالاقە ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئىلگىرىكى-دىن زور دەرىجىدە ئالاقىدە ۋە تەسىرلىنىش ئىلكىدە يەر شارىلى-ششقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. چۈنكى ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىششى دۇنياۋى بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى. ھەرقايسى مىللەتلەردە بازار ئىگىلىكى قىزغىنلىقىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ئىقتىد-سادىي ـ سودا ئالاقىسىنى، دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى كۈچەيتى-دۇ. بۇ خىل كۈچىيىش مۇقەررەركى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كېڭەيتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەبىي ئالا-قىلەر تېخىمۇ قويۇقلىشىپ، ئەدەبىي تەسىرلىنىش چوڭقۇرلىشى-دۇ. بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتى شەكىللەنگەندىن كېيىن بازار ئىگى-لىكى تەرەققىياتى ئىلگىرىلەپ، قاتناش ـ نەقلىياتنىڭ تەرەققى-ياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. قاتناش نەقلىياتىنىڭ تەرەققىياتى بازار ئىگىلىكىنى دۇنياۋىلىششقا يۈزلەندۈردى. بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئەللەر، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەبىي ئالاقىلەر كېڭەيدى، ئەدەبىي تەسىرلىنىش مىسلىسىز چوڭقۇرلاشتى. بۇ-نىڭ بىلەن خۇددى ماركس بىلەن ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پار-تىيە خىتابنامىسى» دە ئېيتقاندەك: «ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى مەھسۇلاتلىرى ئومۇمنىڭ مۈلكى بولۇپ قالدى. مىللىي بىر تەرەپلىمىلىك ۋە چەكلىمىلىككە كۈندىن ـ كۈنگە ئىمكانىيەت قالمىدى، شۇنىڭ بىلەن كۆپخىل مىللىي ۋە مەھەللىۋى ئەدەبى-ياتتىن بىر خىل دۇنياۋى ئەدەبىيات ۋۇجۇدقا كەلدى.»

مىللىي ئالاقىلەرنىڭ كۈچىيىپ كېڭىيىشى، مىللەتلەر ئەدە-بىياتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرلىنىشى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ قانۇ-نىيىتى. ھەرقانداق بىر مىللەت ئەدەبىياتى چوڭ بولۇشى ياكى كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ قانۇنىيەتنىڭ سىرتىدا ئە-

مەس. تارىخشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى
ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرى قۇللۇق جەم-
ئىيەتتىن باشلانغان. ئەدەبىي ئالاقىمۇ مۇشۇ دەۋردىن باشلىنىپ
مىللەتلەر ئەدەبىياتلىرىنىڭ تەسىرلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.
قەدىمكى يۇنان ۋە رىم ئەدەبىياتى مۇشۇنداق ئەدەبىي ئالاقە نەتىجى-
سىدە ياۋروپادىن ھالقىپ مىسىر ئەدەبىياتىغا، ئەرەب ئەدەبىياتى-
غا، پارس تىللىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا، ھىندىستان ۋە جۇڭگو
ئەدەبىياتىغا، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىغا، جۈملىدىن
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇيغۇرلار بۇ-
رۇندىنلا سوقرات، ئەپلاتون، ئارستو (ئارىستوتېل) ئەسەرلىرى
بىلەن تونۇشقانىدى. ھىندىستان ۋە نېپالدا بۇددا دىنى ۋە بۇددا
مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشى — دۇنياۋى بۇددا مەدەنىيىتىنى
شەكىللەندۈردى. ئۇيغۇرلار مىلادىيىدىن بۇرۇنلا بۇددا مەدەنىي-
تىنى قوبۇل قىلىپ قەدىمكى تارىمدا، يارشىتا، تۇرپان - دۇن-
خۇاڭدا ئاجايىپ بۇددا مائارىپىنى ۋە مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەل-
تۈردى. «چاشتانى ئىلىگ بەگ»، «ئالتۇن يارۇق» كەبى يىرىك
ئەسەرلەر، «مايتىرى سىمىت» گە ئوخشاش 27 كۆرۈنۈشلۈك
دراما، قىزىل مىڭئۆي، قۇمتۇرا مىڭئۆيى، تۇرپان - دۇنخۇاڭ-
لاردىكى بۇددا تەسۋىرىي سۈرەتلىرى ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتى
دەۋرىدە يارىتىلغان. جىۋا خېنىم، كاماراجىۋا، سوجىۋا، پىر-
خۇيلان كەبى ئۇلۇغ ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيەت ئەربابلىرى دەل شۇ
دەۋر نامايەندىلىرىدۇر. مەشھۇر ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى»
مۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرى II ئەسىردە شەكىللىنىشكە باشلىغان.

«يىپەك يولى» نىڭ ئېچىلىشى ۋە تەرەققىياتى، ئۇيغۇر
دىيارىنىڭ بۇ خىل دۇنياۋى قاتناش نەقلىيات يولىنىڭ تۈگۈنى
بولۇپ قېلىشى يۇنان، پارس - ئەرەب، ھىندى ۋە ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئۇي-
غۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. قۇدرەتلىك

قاراخانىيلار پادىشاھلىقى، ئىدىقۇت پادىشاھلىقى، يەكەن ـ سەئى- دىيە پادىشاھلىقى دەۋرلىرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى زامانلاردا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە ئەللەر ئەدەبىياتى بىلەن زىچ ئالاقىدە بولۇپ، تېماتىك مەزمۇن، شە- كىل، ژانىر ـ تۇرلەر، بەدىئىي ماھارەت، ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ تەرەققىي قىلدى. فارابى، م. قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، رابغوزى، نەۋائى، ئاتايى، سەككاكى، خىرق- تى، گۇمنام، نىزارى، م س. قەشقەرى، نازىمى، ناقىس، موللا مۇسا سايرامى قاتارلىق مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات پېشۋالىرى بارلىققا كېلىپ، دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى يارات- تى.

جۇڭگو شىنجاڭ رايونى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەبىي ئالاقىلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى- نىڭ سابىق س س ر ئى مىللەتلىرى ئەدەبىياتى، ياۋروپا ئەدەبىيا- تى، ئامېرىكا ئەللىرى ئەدەبىياتى بىلەن بولغان تەسىرلىنىشىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. XX ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن تارتىپ تېخىمۇ كېڭەيگەن ئەدەبىي ئالاقىلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تراگېدى- يە، ئوپېرا، باللېت، كىنو، ئېپىزوت ۋە كۆلدۈرگە، ھەرىكەت- لىك سۈرەت فىلىم، قونچاق تىياتىرى ئەدەبىياتىنىڭ پەيدا بولۇ- شىغا سەۋەب بولدى. ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يۈزدىن ئارتۇق رومان، مىڭلاپ پوۋېست، يۈزلىگەن سىنارىيە، سەھنە ئەسىرى، ئېپىزوت ۋە كۆلدۈرگە ئەسىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ خەنزۇ ئەدەبىياتىنى گەۋدە قىلغان جۇڭگو مىللەتلىرى ئەدەبىياتى بىلەن، شۇنداقلا دۇنيا ئەدەبىياتى بىلەن زىچ ئالاقىدە بولۇپ، دۇنياۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت.

تارىخ ئىسپاتلىغان ھەقىقەت شۇكى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا-

كى ئەدەبىي ئالاقىلەر ۋە ئەدەبىي تەسىرلىنىش مىللىي ئەدەبىيات-
نىڭ زەئىپلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ تە-
رەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە
نادىر ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ.
تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئوتتۇ-
رىسىدىكى ئەدەبىي ئالاقە ۋە تەسىرلىنىش بىرىنچىدىن، مىللىي
ئەدەبىياتنىڭ تېماتىك مەزمۇنىنى كېڭەيتىش، شەكىل، ژانىرلى-
رىنى، ئۇسلۇب، ئىجادىيەت ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى رەڭدار-
لاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئىككىنچىدىن، مىللىي ئەدەبىيات-
نىڭ ساپا قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاشنى، تېخىمۇ زور ئىجتىمائىي،
بەدىئىي ۋە ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە نادىر ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا
كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى
ئەدەبىي ئالاقە ۋە ئەدەبىي تەسىرلىنىش مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ساپا
قۇرۇلۇشىدىكى بىر خىل مەنىۋى مەبلەغ ھېسابلىنىدۇ. ئۈچىن-
چىدىن، ئەدەبىياتنىڭ تارىخىي ۋە ئېستېتىك رولى نۇقتىسىدىن
قارىغاندا، مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە تەسىر-
لىنىش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلا-
شتۇرۇپ، ئىنتېرناتسىئونالىزملىق روھنى كۈچەيتىدۇ. شۇڭا
ئېيتىشقا بولىدۇكى، مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە
ۋە تەسىرلىنىش بىر خىل ئاكتىپ، ئىجادىي ۋە ئىلھامبەخش
خاراكتېرلىك ھادىسە، ئۇنى كۈچەيتىشكە، كېڭەيتىشكە ۋە چوڭ-
قۇرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە تەسىرلىنىش
ھادىسىسى ئاسادىيىي ھالدا ئەمەس، بەلكى مۇقەررەرلىك ئاستىدا
قانۇنىيەتلىك پەيدا بولىدۇ. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، بىرىنچى،
كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە بىر ھاكىمىيەت مەركىزىنىڭ
بولۇشى — مىللەتلەرنى ئۆزئارا ئالاقىلاشتۇرۇش رولىنى ئويناي-
دۇ. بىر مەركىزلىك ھاكىمىيەتنىڭ بولۇشى — مىللەتلەر ئەدە-

بىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەبىي ئالاقىنى ۋە تەسىرلىنىشنى ماس
قەدەملىك ھالدا كۈچەيتىدۇ. بۇ خىل ئامىل جۇڭگو، ھىندىس-
تان، ھىندونېزىيە، ئامېرىكا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قاتار-
لىق كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم
رول ئوينىغان. ئىككىنچى، باشقا - باشقا تۈزۈم ۋە ئەللەردە
ياشىسىمۇ لېكىن دىنىي ئېتىقاد ۋە غايىسى ئوخشاشلىقتا ياكى
يېقىنلىقتا ئىگە بولغان مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە
ۋە تەسىرلىنىش كەڭ، چوڭقۇر ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك بولىدۇ.
ئەرەب، پارس، ھىندى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام مىللەتلىرى
ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى دەل مۇشۇ
خىل سەۋەبتىن چوڭقۇرلىشىپ، كېڭىيىپ، كۈچىيىپ بارغان.
ئۈچىنچى، بىر قانچە مىللەتنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەت ۋە
مەدەنىيەت ئەنئەنىسى جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى ياكى يېقىنلىقى-
مۇ مىللىي ئەدەبىي ئالاقىنى ۋە تەسىرلىنىشنى پەيدا قىلىدىغان،
كۈچەيتىدىغان بىر مۇھىم شەرت. تۈركىي تىللىق مىللەتلەر
تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەت ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى جەھەتتە كۆپ
ئوخشاشلىقتا ۋە يېقىنلىقتا ئىگە. شۇڭا تارىختىن بۇيان بۇ مىللەت-
لەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەبىي ئالاقىلەر ۋە ئەدەبىي تەسىرلىنىشلەر
ناھايىتى كەڭ، تېز، چوڭقۇر بولۇپ كەلدى. شەرقىي جەنۇب
ئەللىرى خەلقلىرىمۇ تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەتلەر، مىللىي مەدە-
نىيەت ئەنئەنىسى جەھەتتە كۆپ ئوخشاشلىقتا ۋە يېقىنلىقتا ئىگە
بولغاچقا، بۇ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەبىي ئالاقە ۋە تەسىر-
لىنىش ھادىسىسىمۇ گەۋدىلىك.

ئۇنداق بولسا، مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە
ۋە تەسىرلىنىش قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

بىرىنچى، مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەبىي ئالا-
قە ۋە تەسىرلىنىش ئالدى بىلەن تېماتىك مەزمۇن جەھەتتە ئىپادى-
لىنىدۇ. تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىش، باش تېمىنى ساغلام-

لاشتۇرۇش ۋە ئەبەدىيلەشتۇرۇش جەھەتتە مىللەتلەر ئەدەبىياتى-
نىڭ ئۆزئارا ئالاقىسى ۋە تەسىرى ئىلھامبەخش رول ئوينايدۇ.
تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ
ئۆزئارا ئالاقىسى ۋە تەسىرلىنىش ھادىسىسى ئەدەبىياتنىڭ ئىجتى-
مائىي - سىياسىي خاھىشى، پەلسەپىۋى ئىدىيىسى، ئېستېتىك
غايىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئالاقىسى ۋە تە-
سىرلىنىش ھادىسىسى مىللىي ئەدەبىياتنىڭ شەكلى، ژانىر -
تۈرلىرى، بەدىئىي ماھارەت ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە ئىپا-
دىلىنىدۇ. بۇ خىل ئىپادىلىنىش نەتىجىسىدە مىللىي ئەدەبىيات-
نىڭ بەدىئىيلىكى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ ۋە موللىشىدۇ. ئۇيغۇرلار-
نىڭ بۇددا مەدەنىيىتى دەۋرىدە ھىندىستان خەلقلىرى مەدەنىيىتى
بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىشى ئۇيغۇر بۇددا
ئەدەبىياتىنىڭ شەكىل، ژانىر، بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە كاما-
لەتكە يېتىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇلۇغ شائىرىمىز يۈسۈپ
خاس ھاجىپ پارس - تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ پىر ئۇستازى ئوبۇلقا-
سىم پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىنىڭ بەدىئىي ماھارەت،
ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى بەزى تەرەپلىرىنى ئۆگىنىپ ئىجا-
دىي ئۆزلەشتۈرگەنىدى. «شاھنامە» نىڭ بۇ خىل ئىجادىي تەسى-
رى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئۈچىنچى، مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسى ۋە
تەسىرى ناھايىتى گەۋدىلىك ھالدا ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى ئال-
ماشتۇرۇش ۋە تارقىتىپ ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە ئىپادىلىنى-
دۇ. XVIII ئەسىردە ئەنگلىيە ئەدەبىياتىدىكى بايرون، شېللى ۋە-
كىللىك قىلغان رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى پۈتۈن ياۋروپا
مىللەتلىرى ئەدەبىياتىغا، ھەتتا پۈتۈن دۇنيادىكى ھەرقايسى مىل-
لەتلەر ئەدەبىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى. بۇنىڭ
بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا رومانتىزملىق ئەدەبىي

ئېقىم بارلىققا كېلىپ ئەدەبىيات تەرەققىياتىنى مىسلىسىز ئىلگىرى سۈردى. بالزاك، دىككىنىس، موپاسسان، گوگول، ل. تولستويلار باشلاپ بەرگەن تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىي ئېقىمى ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلى 200 يىلدىن بۇيان ھەرقايسى ئەللەر ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىپ، دۇنياۋى تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈردى. ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتى بىلەن سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىغا يىلتىز تارتقان يېڭى رېئالىزم (سوتسىيالىستىك رېئالىزم) لىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىمۇ م. گوركى، سېرافىموۋىچ، ئا. تولستويلار باشلاپ بەرگەن سوتسىيالىستىك رېئالىزم ئۇسۇلىنىڭ تەسىرى بىلەن بارلىققا كەلگەن.

1870 ـ يىللىرى بارلىققا كېلىپ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە تەرەققىي قىلغان مودېرنىزملىق ئەدەبىيات ۋە مودېرنىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاقىسىنىڭ كېڭىيىشى نەتىجىسىدە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن دۇنياغا كېڭەيدى. بۇ خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى 80 ـ يىللاردىن تارتىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا جىددىي تەسىر كۆرسەتتى. بۇ خىل تەسىر م. باغراش، ئە. ئۆمەر، ق. ئارسلان، ب. ئابدۇللا، ئە. ئوسمان، غەيرەت ئاسىم قاتارلىق يازغۇچى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلەندى.

دېمەك، ئەدەبىي ئالاقە ۋە ئەدەبىي تەسىرلىنىش — مىللىي ئەدەبىياتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇنىڭ مىللىيلىكىنى موللاشتۇرۇش، ئۇنىڭ ساپاسىنى ياخشىلاش رولىنى ئوينايدىغان، ھەتتا مىللىي ئەدەبىياتنىڭ دۇنياۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم تاشقى ئوبيېكتىپ ئامىل. بۈگۈنكى دۇنيادا، ھەرقانداق بىر ئەلنىڭ ياكى مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى بۇ ئوبيېكتىپ تەسىردىن مۇستەسنا بولالمايدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئالاقىنى كېڭەيتىش، ئەدەبىي تەسىرلىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش — بىر خىل جىددىي زۆرۈرىيەت.

ئۇنداقتا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسىنى كېڭەيتىپ، ئەدەبىي تەسىرلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

بۇنىڭدا مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچى نۇقتا، مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلەر ۋە ئەدەبىي تەسىرلىنىش ھادىسىسى ئىختىيار قىلىش، ئۆزى ئەشەببۇسكار بولۇش، بىر - بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا قانات يېيىشى زۆرۈر. مىللەتلەرنىڭ قايسى تارىخىي تەرەققىيات دەرىجىسىدىكى مىللەتلەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ باشقا مىللەتلەرنىڭ (ھەتتا ئۇلار ناھايىتى چوڭ ۋە تەرەققىي قىلغان مىللەت بولغان تەقدىردىمۇ) ئەدەبىي تەسىرىنى قوبۇل قىلىشى ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشى. زورلاشقا، زورلاش ئارقىلىق مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ.

ئىككىنچى نۇقتا، ئەدەبىي ئالاقە ۋە تەسىرلىنىش پائالىيىتىدە دادىل بولۇش، ئىدىيىنى كەڭ ئازاد قىلىش، ئۆزى تەشەببۇسكار بولۇش، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش، مىللىي بېكىنمە ھالەتلەرنى تۈگىتىش، ئومۇمەن باشقا ئەللەر ۋە مىللەتلەرنىڭ قوبۇل قىلىشقا، ئۆزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك ئەدەبىي مىراسلىرىنى، ئەدەبىي ماھارىتىنى قوبۇل قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش لازىم. بۇ نۇقتىدا ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھالەتتە بولۇشى ناھايىتى مۇھىمدۇر.

ئۈچىنچى نۇقتا، ئۆزىنىڭكىنى ئاساس قىلىش، ئېسىل، سەرخىللىرىنى قوبۇل قىلىش، باشقىلارنىڭكىنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىچكى سەۋەب — تەرەققىياتنىڭ ئىچكى ئېنېرگىيە كۈچى. بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا ئۆزىنىڭكىنى ئاساس قىلىش — مۇھىم نۇقتا. باشقىلارنىڭكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوبۇل قىلغاندا سەرخىللەرنى قوبۇل قىلىش، مىللىي پسىخىكىغا ۋە مەدەنىيەت ئېڭىغا ئۇيغۇنلىشالايدىغان مۇناسىۋەتلىك تەسىرلەرنى قوبۇل قىلغاندا، بۇ خىل تەسىرنىڭ ئۈنۈمى بولىدۇ.

## مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. تۆۋەندىكى ئاتالغۇلارغا تەبىر بېرىڭ: مىللىي ئالاھىدىلىك، ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، مىللىي خاراكتېر، مىللىي تېما، مىللىي ئۇسلۇب
2. ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى قانداق شەكىللىنىدۇ؟
3. ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ رولىنى ۋە ئەھمىيىتىنى بايان قىلىڭ.
4. مىللىي خاراكتېرنىڭ ماھىيىتى قانداق بولىدۇ؟
5. بىر - ئىككى مىسال پاكىتى ئارقىلىق مىللىي خاراكتېرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ۋە گەۋدىلىنىشىنى بايان قىلىڭ.
6. مىللىي تېمىنىڭ ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى رولى قانداق بولىدۇ؟
7. مىللىي تېمىنىڭ دائىرىسىنى بايان قىلىڭ.
8. نېمە ئۈچۈن مىللىي تىلنى ئەدەبىياتنىڭ شەكىل جەھەتتىكى بىرىنچى ئامىلى دەيمىز؟
9. نېمە ئۈچۈن مىللىي ژانىر - تۈر بىلەن بەدىئىي ماھارەتنى ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ بىر مۇھىم بەلگىسى دەيمىز؟
10. مىللىي ئەنئەنىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ رولىنى بايان قىلىڭ.
11. ھەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى قانداق بولىدۇ؟

## IX باب

# ئەدەبىي ئۇسلۇب ۋە ئەدەبىي ئېقىم

ئەدەبىي ئۇسلۇب ئەدەبىي ئېقىم — بىر خىل ئوبيېكتىپ مەۋجۇت ئەدەبىي ھادىسىلەردۇر. ئەدەبىي ئۇسلۇب شەخسىي ئىجادچانلىقنىڭ (خاسلىقنىڭ)، ئەدەبىي ئېقىم كوللېكتىپ ئىجادچانلىقنىڭ (ئىجادىي ئورتاقلىقنىڭ) مەھسۇلى بولۇپ، بۇلار ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا تەبىئىي شەكىللىنىدۇ.

ئەدەبىي ئۇسلۇب ئەدەبىي ئەسەرنىڭ قۇرۇلما ئامىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بەدىئىي سۈپەت ئامىلى، ئۇ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ يازغۇچىنىڭ روشەن خاسلىققا ئىگە بەدىئىي ئىجادىيەت قۇدرىتىنىڭ نامايان بولۇشى.

ئەدەبىي ئېقىم ئەدەبىي ئۇسلۇبقا زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ھەمراھ بولغان مۇرەككەپ ئەدەبىي ھادىسە. ئەدەبىي ئېقىم — بىر خىل ئەدەبىي ئۇسلۇبنىڭ بىر توپ يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىدە ئىپادىلىنىشى. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى — ئەدەبىياتنىڭ گۈللەپ ياشنىغانلىقىنىڭ بەلگىسى.

ئومۇمەن، ئەدەبىي ئۇسلۇب ۋە ئەدەبىي ئېقىم — يازغۇچى ئىجادىيەت خاسلىقىنىڭ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىنىڭ بىرلىكىدە گەۋدىلىنىدىغان ئاساسىي خۇسۇسىيەت. شۇڭا ئەدەبىي ئۇسلۇب بىلەن ئەدەبىي ئېقىم — ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئىلمىدىكى مۇھىم تېما. ئۇلارنى تەتقىق قىلىش، ئۇلار ھەققىدە نەزەرىيۋى بىلىمگە ئىگە بولۇش نەزەرىيە جەھەتتىنمۇ، ئەمەلىيەت جەھەتتىنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

www.uyghurkitap.com

## 1 § . ئەدەبىي ئۇسلۇب

ئەدەبىي ئۇسلۇب نىسبەتەن كەڭ مەنىلىك ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ ئادەتتە يازغۇچىنىڭ ئۇسلۇبى، ئەسەر ئۇسلۇبى، ئېقىم ئۇسلۇبى، دەۋر ئۇسلۇبى، مىللىي ئۇسلۇب قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن ئەدەبىياتتىكى ئاساسىي ئۇسلۇب — ئەدەبىي ئەسەر ئۇسلۇبى ۋە يازغۇچى ئۇسلۇبىدىن ئىبارەت. كونكرېت ئەدەبىي ئەسەر ئۇسلۇبى بولسا يازغۇچى ئۇسلۇبىنىڭ ئاساسى. شۇڭا يازغۇچى ئۇسلۇبىنى چۈشىنىپ يېتىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئۇسلۇبنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىش كېرەك.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولغان ت. ئېلىيوپ بىلەن ئە. ئەختەم يۇرتداش، زامانداش ھەم ئوخشاش شېئىرىيەت ژانىرىدا ئەسەر يازغان يازغۇچىلار. گەرچە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش بىلىمى جۇغلانمىسى، بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە بەدىئىي تەربىيىلىنىشى ئوخشاشلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئەسەرلىرىدىكى ئۇسلۇب بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ت. ئېلىيوپ شېئىرلىرى سالماق ۋە راۋان، قەدىمىيلىككە ۋە زامانىۋىلىققا ئىگە. ئە. ئەختەم شېئىرلىرى يېنىك ۋە ئويناق، خەلق قوشاقلىرىدەك ئاممىباب. يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئۇسلۇبقا قاراپ، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى بىلىشكە بولىدۇ.

### 1. ئەدەبىي ئۇسلۇب ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

#### ئەدەبىي ئۇسلۇبنىڭ تەبىرى

ئۇسلۇب گرېك تىلىدىكى style دېگەن ئاتالغۇدىن كېلىپ

چىققان بولۇپ، «ئۆزئىستىبداتى» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئۇسلۇب بىر تەرەپتىن، يېزىقچىلىقتىكى بىر خىل مۇقىملىققا ئىگە ئۇسۇلنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئىدىيىنىڭ بىر خىل مۇقىم ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇسلۇب كەڭ مەنىگە ۋە تار مەنىگە ئىگە. ئەدەبىي ئۇسلۇب دەل تار مەنىدىكى ئۇسلۇب بولۇپ، ئۇ يازغۇچى ئىجادىيەت خاسلىقىنىڭ تاشقى ئىپادىسى. ئىجادىيەت خاسلىقى — ئۇسلۇبنىڭ ئىچكى ئاساسى. XIX ئەسىردىكى فرانسىيە ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى ۋە نەسىرچى فلوبېرنىڭ قارىشىچە، ئۇسلۇب — ئادەم دېمەكتۇر. بىلىم، ئەمەلىيەت ۋە ئىختىرالار ئەسەر ئارقىلىق باشقا ئادەملەر قولىغا ئۆتىدۇ. لېكىن ئۇلار قەلەم بىلەن پۈتۈلگەن شۇ ئادەمنىڭ ئۆز خاراكتېرىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ قالىدۇ. قەدىمكى رىم سەنئەت نەزەرىيىچىسى خوللاس دېگەندەك، يۈكسەك دەرىجىدىكى ئۇسلۇب بولسا ئۇلۇغۋار قەلبنىڭ ئەكس ساداسى. دېمەك ئۇسلۇب يېتىلگەن يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە يارقىن گەۋدىلىنىشى.

ئەدەبىي ئۇسلۇب — يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقى ۋە ئالاھىدىلىكىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، مەلۇم يازغۇچىغا تەئەللۇق بولغان ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىك ۋە خاسلىقنىڭ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدە ئىپادىلىنىپ تۇرۇشى — ئەدەبىي ئۇسلۇب دېيىلىدۇ.

ئەدەبىي ئۇسلۇب ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ھادىسە بولۇپ، ئۇ يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، ئۇنىڭ ئۆز ئىستىبداتىنى، بەدىئىي دىتىنى ۋە خاھىشىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان روشەن بەلگە.

ئومۇمەن، يازغۇچىنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيىتىدە ئۈزلۈكسىز ۋە ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان مۇقىملاشقان خاسلىق ۋە ئۆزگىچە-

www.uyghurkitap.com

لىك — ئەدەبىي ئۇسلۇب دېيىلىدۇ.

بىز ئەدەبىي ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكىگە قاراپ يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقىنى بىلىپ يېتىمىز. لېكىن شۇنى بىلىش كېرەككى، يازغۇچىنىڭ شەخس خاراكتېرى بىلەن ئۇنىڭ ئېستېتىك بىلىشى، ئېستېتىك كەيپىياتى ۋە بەدىئىي قابىلىيىتى بىر گەۋدىگە ئايلانغاندا ئاندىن ئىجادىي خاسلىق بارلىققا كېلىدۇ. ئەدەبىي ئۇسلۇب — ئاشۇ ئىجادىي خاسلىقنىڭ ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يازغۇچىنىڭ شەخسىي خاراكتېرى ئۇنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقى بىلەن باراۋەر ئەمەس. پېشقەدەم يازغۇچى زوردۇن سابىر بىلەن ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر (مەكىت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى يېزىپ ھەيۋەتلىك تەكلىماكان روھىنى ئىپادىلەش جەھەتتە) قىزىقىش ۋە نىشان تاللاش تەرەپتە كۆپ يېقىنلىققا ئىگە. بۇ خىل يېقىنلىق ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقى يېقىنلىقىنى ۋە ئۇسلۇبىنىڭ ئوخشاشلىقىنى ھاسىل قىلالمىدى، بەلكى ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە بىر ـ بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان ئۇسلۇبنى ئىپادىلىدى. ز. سابىرى سۆز بىلەن ھەرىكەتنى كۆپرەك تەسۋىرلەپ، ئەسەرلىرىنى دراماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلغان بولسا، ئە. ئۆمەر كۆپرەك لىرىك تۇيغۇغا باي دىئالوگ ۋە ھەرىكەتلەرنى، شېئىرىي تۇيغۇغا باي كۆرۈنۈشلەرنى كۆپرەك تەسۋىرلەپ، ھېكايىلىرىنى لىرىكلىققا ئىگە قىلدى.

دېمەك، يازغۇچىنىڭ خاراكتېر روھى ئۇنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقىنىڭ بىر ئامىلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىردىنبىر ئامىل ئەمەس. گېگېل نۇقتىئىنەزەرى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇسلۇب ئايرىم سەنئەتكارلارنىڭ ئۆز خاراكتېرىنى ئىپادىلەش شەكىللىرى بىلەن قەلەم تەۋرىتىش جەھەتتىكى دولقۇنسىمانلىقىدا گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇسلۇب ھەققىدىكى خىلمۇ خىل چۈشەندۈرۈشلەر

ئۇسلۇب بىر خىل ئالاھىدە ئەدەبىي ھادىسە، قانۇنىيەتلىك نەرسە ۋە مۇھىم تەتقىقات تېمىسى. شۇڭا تارىختىن بېرى ئەدەبىياتشۇناسلار، ئېستېتىكشۇناسلار بۇ تېمىنى تەتقىق قىلىشقا كۆڭۈل بۆلگەن، بۇ ئۇقۇم ھەققىدە خىلمۇخىل چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ئارستوتىل ئۇسلۇبنى تىل ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلغان ۋە ئۇسلۇب كۆپرەك يازغۇچىنىڭ تىل - يېزىق جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ، دەپ قارىغان. XIX ئەسىردىكى فرانسىيە سەنئەت نەزەرىيىچىسى فلوبېرمۇ ئۇسلۇبنى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تىلى قاتارلىق تاشقى ئامىللىرى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك دەپ قارىغان. ئارستوتىلمۇ، فلوبېرمۇ ئۇسلۇبنى ئەدەبىي شەكىل ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئىچكى ئامىللىرىنىڭ ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرۈشتىكى رولىغا سەل قارىغان.

تارىختىن بۇيان ئۇسلۇب مەسىلىسىدە خىلمۇخىل چۈشەنچىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇلاردىن ئاساسلىقلىرى مۇنۇلار:

1. «ئۇسلۇب — ئېستېتىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىش ماھارىتى» دېگەن چۈشەنچە.

بۇ خىل چۈشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار ئۇسلۇب، كۆپرەك تىلدىن پايدىلىنىش ماھارىتىدە ئىپادىلىنىدىغان ئالاھىدىلىك. ئېسىل ئەدەبىي ئۇسلۇب تىلدىن قانداق پايدىلىنىشتا، سۆز - جۈملىلەرنى قانداق باغلاشتا ئىپادىلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ چۈشەنچىلەرنى ئارستوتىل (يۇنان)، فلوبېر (فرانسىيە) پەشوناتا (قەدىمكى ھىندىستان)، سىبوتسالار ئوتتۇرىغا قويغان.

2. «ئۇسلۇب — ئەسەرنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى» دېگەن چۈشەنچە.

www.uyghurkitap.com

بۇ قاراشتىكىلەر: «ئۇسلۇب — بەدىئىي شەكىلنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، بەدىئىي شەكىل ئامىللىرىنىڭ تەشكىللىك ئوينىغان رولى» دەيدۇ. بۇ قاراشتىكىلەرنىڭ ۋەكىلى سابىق س س ر ئى ئەدەبىياتشۇناسى ئىرسىبېك.

3. «ئۇسلۇب — ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىدە ئىپادىلىنىدىغان ئالاھىدىلىك.»

بۇ خىل قاراشتىكىلەر، ئۇسلۇبنى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىنىڭ بىرلىكى. ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىكنىڭ بىرلىكىدە ئىسپاتلىنىدىغان ئالاھىدىلىكتۇر، دېگەن ئىلمىي چۈشەنچىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

4. «ئۇسلۇب — يازغۇچىنىڭ مۇستەقىل ھالدىكى ئىجادىيەت خاسلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەسەردىكى ئىپادىلىنىشى.»

بۇ چۈشەنچە يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىدىكى ئېنېرتسىيىلىك ئامىللارنىڭ ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرۈشتىكى رولىنى كۆپرەك تەكىتلەيدۇ. بۇ خىل چۈشەنچە كۆپرەك ئېتىراپ قىلىنغان.

ئۇسلۇب مۇرەككەپ ئۇقۇم بولغاچقا، بۇ توغرىسىدا خىلمۇخىل چۈشەنچىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى تەبىئىي ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ.

## ئۇسلۇبنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى

دۇنيادىكى بارلىق مۇنەۋۋەر يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ ئەسەرلىرىدە، ئۇلارنىڭ ئېسىل ئەدەبىي ئۇسلۇبلىرى ئىپادىلەنگەن. مەلۇم جەھەتتە مۇنەۋۋەر ئەسەردىكى ئېسىل ئۇسلۇب ئەسەرنى چوڭقۇر، كەڭ تەسىرگە ئىگە قىلىپ، يازغۇچىغا ئۇلۇغلۇق بېغىشلايدۇ. جۇڭگو ۋە دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى چۈيۈەن، لى بەي، دۇفۇ، گۇەن خەنچىڭ، ساۋشۆچىن، لۇشۈن، ماۋدۇن، گومورو، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەۋائى، نىزارى، ل. مۇتەللىپ، ز. قادىرىلار، ئاكويلوس، دانتى، شېكسپىر، بال-

زاك، تولستويلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەر جەھەتتىكى مەڭگۈلۈك تەسىرى بىلەن ئۇلۇغلۇقى — ئۇلار ياراتقان ئېسىل ئۇسلۇبلار بىلەن باغلىنىشلىق. شۇ سەۋەبتىن ئەدەبىي ئۇسلۇبنى تەتقىق قىلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرىنچىدىن، ئەدەبىي ئۇسلۇبنى تەتقىق قىلىش — يازغۇچىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئەمگەكلىرىنى تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. بىر تەرەپتىن، ئۇسلۇبنى تەتقىق قىلىش — تەتقىقاتچىلار ۋە ئوبزورچىلارنىڭ يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت يولىنى ۋە ئىجادىيەت خاسلىقىنى چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇسلۇبنى تەتقىق قىلىش — ئوقۇرمەنلەرنىڭ يازغۇچىلارنىڭ كونكرېت ئەسەرلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئۇسلۇبنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەھمىيىتى شۇكى، ئۇسلۇب تەتقىقاتى ئەدەبىياتنىڭ بىلىش رولىنى، تەربىيە رولىنى، ئېستېتىك ۋە كۆڭۈل ئېچىش رولىنى تېخىمۇ چۈشىنىشكە، تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇشقا ياردەم قىلىدۇ. ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ ئۇسلۇبىنى تەتقىق قىلىش — ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى كېڭەيتىش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئۇسلۇب تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىلىرى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدا بارچە گۈللەرنىڭ تەڭ ئېچىلىشىنى، بارچە ئۇسلۇبلارنىڭ جارى قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بۇنىڭ بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بەدىئىي تەلىپىنى قاندۇرۇش جەھەتتە ئىلگىرى سۈرۈش، يول ئېچىش، ئىلھامبەخش رولىنى ئوينايدۇ. بولۇپمۇ ھەر خىل ئۇسلۇبلارنىڭ ئەركىن، توغرا لىنىيىلىك رىقابىتىنى كۈچەيتىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۇسلۇب تەتقىقاتى ھاياتبەخش رولىنى ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 2 . ئەدەبىي ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي ئامىللار

### ئەدەبىي ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىشى

ئەدەبىي ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىشى ۋە يېتىلىشى ئاددىي جەريان ئەمەس. ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىشى ۋە يېتىلىش تەرەققىياتى جاپاغا چىداپ ئىشلەش بىلەن ھەر تەرەپلىمە ئىجادىي ئىزلىنىشنىڭ مەھسۇلى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەيمىز؟ بىرىنچىدىن، ئەدەبىي ئۇسلۇب يازغۇچىنىڭ ئۇزۇن يىل جاپاغا چىداپ مۈرەككەپ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنى باشتىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا ئۆز قابىلىيىتىگە ۋە پەزىلىتىگە توغرا تونۇشتا بولۇش، ئىشەنچ بىلەن ئىشلەش، مىللىي ئەدەبىي مىراسلارغا دادىل ۋارىسلىق قىلىش، ئۇزلۇكسىز يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت ئىجادكارلىق روھىنىڭ نەتىجىسى. ئىككىنچىدىن، ئەدەبىي ئۇسلۇب يازغۇچىنىڭ ئۆز ئەۋزەللىكلىرىنى جارى قىلدۇرغانلىقى، ئىجادىيەت ئىدىيىسىدە ئازادلىققا ئېرىشىپ ئۆز خاسلىقى بىلەن خاراكتېرىنى بېيىتىپ، ئۇنى ئەمەلىي ئىجادىيەتتە نامايان قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئۈچىنچىدىن، ئەدەبىي ئۇسلۇب — يازغۇچىنىڭ ئىلگىرىكى دەۋر ۋە باشقا ئەللەر، مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى ئېسىل ئۇسلۇبلارنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ، ئىجادىي ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. شۇڭا يازغۇچىنىڭ روشەن خاسلىققا ئىگە ئۇسلۇبى جاپالىق ئىجادىيەت ئەمگىكى جەريانىدا مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇسلۇبنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە سۇبيېكتىپ (ئىچكى) ئامىللار بىلەن ئوبيېكتىپ ئامىللار مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئەدەبىي ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان سۇبيېكتىپ ئامىللار — يازغۇچىنىڭ ئۆزىدىكى مەنىۋى ئەۋزەللىكلەرگە باغلىق بولغاچقا، يازغۇچىنىڭ ئۆزى — ئۇنىڭ پۈتكۈل مەنىۋىيىتى

ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسىي سۇبيېكتىپ ئامىل ھې-
سابلىنىدۇ. بۇ ئامىل تۆۋەندىكى تەرەپلەرنىڭ يىغىندىسى:

### 1. يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش يولى ۋە ئۇسلۇبى

يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش يولى بىلەن تۇرمۇش ئۇسلۇبى ئەدەبىي ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسە- تىدۇ. چۈنكى ھەربىر يازغۇچىنىڭ پەقەت ئۆزىگە خاس تۇرمۇش يولى بىلەن تۇرمۇش ئۇسلۇبى، تۇرمۇش بىلىمى جۇغلانمىسى بىلەن تەجرىبىسى، تۇرمۇش قارىشى بولىدۇ. بۇلار ئەدەبىي ئۇس- لۇبنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىم ئىچكى ئاساسلاردىن بىرى ھې- سابلىنىدۇ. يازغۇچىنىڭ قانداق تۇرمۇش يولى، تۇرمۇش تەجرى- بىسى ۋە تۇرمۇش قارىشى بولسا، شۇنىڭغا ماسلاشقان ئەدەبىي ئۇسلۇبى بولىدۇ. ئېلىمىز يازغۇچىلىرىدىن ماۋدۇن ئاساسەن جۇڭگو مىللىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ تۇرمۇشىنى پىششىق بىلگەن، شۇڭا ئۇ «باھار پىلىسى»، «تۈن يانغاندا» قاتارلىق يىرىك ئە- سەرلىرىدە مىللىي بۇرژۇئازىيە تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇنىڭ بارلىق ئەسىرى دېگۇدەك جۇڭگو مىللىي بۇرژۇئازىيە تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ 30 - ۋە 40 - يىللاردىكى جۇڭگو ھاياتىنى يورۇتۇپ بەردى. جياۋشۇلى كۆپرەك دېھقانلار تۇرمۇشىدى- غا پىششىق يازغۇچى، ئۇ يېزا تۇرمۇشى ھەققىدە مول تەجرىبىگە ئىگە. شۇڭا ئۇ «كىچىككىنە ئەرخەينىڭ ئۆيلىنىشى»، «پەلەي توختىماس قول» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە، جۈملىدىن پۈتۈن ئەسە- رىدە دېھقانلار تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، قويۇق يېزا تۇرمۇش پۇرىقىنى نامايان قىلدى. دېمەك، تۇرمۇش، جۈملىدىن يازغۇچى- نىڭ تۇرمۇشى — ئەدەبىي ئۇسلۇبنى ئۇندۇرىدىغان ۋە ئۆستۈرىدى- غان مۇنبەت تۇپراق.

### 2. ئىدىيىۋى خاھىش ۋە ئۇسلۇب

يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى بىلەن ئىدىيىۋى ئۇسلۇبى، بۇ خىل خاھىشنىڭ خاراكتېرى بىلەن ئۆزگىرىش جەريانى ئەدە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىي ئۇسلۇبىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتمىگەن بىر چوڭ سۇبيېكتىپ ئامىل. يازغۇچى لاۋشىنىڭ قارىشىچە، ئىسىل ئۇسلۇبلار ئىلغار، ساغلام ئىدىيە كۈچ - قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى. ئەدەبىياتتىكى «ۋەقە - ھادىسىلەرنىڭ كۆرۈنۈش ھەيۋەتلىكى»، «ئىستېتىك يۈكسەكلىك»، «شېئىرىي تۇيغۇغا باي بولۇش»، «تىل پاساھەتلىك، ھېكمەتلىك بولۇش» قاتارلىق ئۇسلۇبلارنىڭ شەكىللىنىشى يازغۇچىنىڭ ئىلغار ۋە ساغلام ئىدىيىۋى خاھىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە «ئادىل پادىشاھلىق» ۋە بىلىم - بەخت كەلتۈرگۈچىدۇر دېگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئىدىيىنى تۆت زاتتىن ئىبارەت پېرسوناژنىڭ جىددىي دراماتىك مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق ئىچىپ بەردى. داستاننىڭ ئۇسلۇبى ناھايىتى ھەيۋەت ۋە جەلپكارلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولدى. بولار ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئىلغار ئىسلاھاتچى، ئىلغار سىياسىي ۋە ئىدىيىۋى خاھىشىدىكى زات بولغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئا. ئۆتكۈرى ئۆز ئىجادىيىتىدە سىياسىي تۈسى قويۇق جەڭگىۋار شېئىرلارنى كۆپ يېزىپ خەلقنى ئويغاتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى جىددىي مەنىۋى پارتلاشچانلىقتا، يېڭىچە روھقا ئىگە بولۇپ بىر خىل مەنىۋى پاكلىقنى ۋە گۈزەللىكنى ئىپادىلىدى. بۇ شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئىلغار پىكىرلىك كىشى بولغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇلۇغ داھىي، شائىر ئا. نەۋائى ئالەمشۇمۇل تەسىرى بار ئىنسانپەرۋەر ئىدى. شۇڭا «پەرھاد - شېرىن» قاتارلىق بەش داستانىدا ۋەقە ۋە تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، شۇ ھەيۋەتلىك تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى بىلەن تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى تەسۋىرىدە يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلىدى. دېمەك، يازغۇچىنىڭ ئىلغار ئىدىيە خاھىشى ئۇنىڭ ئەسىرىدە جىددىي كۆرۈنۈش، يۈكسەك ئىدىيىۋى ھالەت ئۇسلۇبىنى پەيدا قىلدى.

3. پىسخىكىلىق ساپا — ئەدەبىي ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان يەنە بىر مۇھىم سۇبيېكتىپ ئامىل. يازغۇچىنىڭ پىسخىكىلىق ساپاسى قانچىكى يۇقىرى بولسا، ئۇ بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان ئۇسلۇبنى يارىتالايدۇ. يازغۇچىنىڭ، پىسخىكىلىق ساپاسى — ئۇنىڭ كەيپىياتى، ھېسسىياتى، قىزىقىشى ۋە خاراكتېرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پىسخىكىلىق ساپا — يازغۇچى سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنىڭ ئاساسىي يىلتىزى. يازغۇچىنىڭ دىققەت ئېتىبار، ھېسسىيات، خاراكتېر، تىل - تەپەككۇر قابىلىيەتلىرىنىڭ يۇقىرى بولۇشى — پېرسوناژلارنىڭ پىسخىكىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قىلىپ تەسۋىرلەشنىڭ ئاساسى بولالايدۇ.

4. يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك قارىشى ۋە ئېستېتىك قىزىقىشى — روشەن خاسلىققا ئىگە ئەدەبىي ئۇسلۇبلارنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك قارىشى بىلەن ئېستېتىك قىزىقىشى — ئۇنىڭ ئېستېتىك جەھەتتە مۇكەممەل تەربىيىلىنىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەر يازغۇچى قەلىمى بىلەن يارىتىلغان ئېستېتىك (گۈزەللىك) دۇنيا. شۇڭا ئەدەبىي ئىجادىيەت — يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك قارىشى، ئېستېتىك قىزىقىشى ۋە ئېستېتىك ئىزدىنىشىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. يازغۇچىلاردىكى ئوخشىمىغان ئېستېتىك قاراش، ئېستېتىك قىزىقىش ۋە ئېستېتىك ئىزدىنىش — ئەدەبىي ئەسەرلەردە گەۋدىلىنىپ، ئوخشىمىغان ئۇسلۇبلارنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئەدەبىي ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئوبيېكتىپ ئامىللار تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. دەۋر ئامىلى، دەۋر ئالاھىدىلىكى، دەۋر تەلىپى ۋە دەۋر ئۇسلۇبى. يازغۇچى ياشىغان دەۋرنىڭ ئامىلى، بۇ ئامىللارنىڭ

ئالاھىدىلىكلىرى، شۇ دەۋرنىڭ تەلىپى، شۇنداقلا شۇ دەۋرنىڭ ئورتاق ئۇسلۇبى — ئەدەبىي ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرىدىغان ئوبيېكتىپ ئامىل ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر يازغۇچى مەلۇم دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئىجتىمائىي كەيپىيات، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋەزىيىتى ئىلكىدە ياشايدۇ. دەۋر ئامىللىرىدىكى خۇسۇسىيەت ۋە پەرقلەر يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش يولىغا، ئىدىيىۋى خاراكتېرىگە، ئېستېتىك ھالىتىگە، ئەدەبىي قىزىقىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ ئۇنىڭ ئىجادىيەت خاراكتېرىنى بېكىتىلدۈرىدۇ. ئوخشىمىغان دەۋرلەر يازغۇچىغا ئوخشىمىغان تەسىر بېرىدۇ. بىر دەۋردە ياشىغان يازغۇچى ئوخشىمىغان تۇرمۇش شارائىتىدا ئوخشىمىغان تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۇسلۇبلىرىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. دۇفۇ بىلەن لى بەي ئوخشاش دەۋردە ياشىغان، لېكىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى پەرقلىق بولغان ئىدى. بىرى، رېئالىزملىق ئەسەر يېزىپ جىددىي تەنقىد تۈسى بار ئۇسلۇب ياراتتى. يەنە بىرى، قويۇق رومانتىك تۈسى بار شېئىرلارنى يازدى. دېمەك، دەۋر شارائىتى، دەۋر تەلىپى ۋە دەۋر ئۇسلۇبى ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا، ئوخشىمىغان دەۋردە ياشىغان يازغۇچىلار ئوخشىمىغان ئۇسلۇبلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مەلۇم دەۋردە ياشىغان يازغۇچىنىڭ ئەسىرىدە شۇ دەۋرنىڭ تەلىپى، تۇرمۇش شارائىتى، مەدەنىيەت ۋەزىيىتى قاتارلىقلار ئىپادىلىنىدۇ.

2. يازغۇچى تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلغان مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى، يەنى مىللىي ئامىللارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن مىللىي تۇرمۇش ئۇسلۇبى — ئەدەبىي ئۇسلۇبنى، بولۇپمۇ مىللىي ئەدەبىي ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرىدىغان بىر مۇھىم ئوبيېكتىپ ئامىل. ھەرقانداق يازغۇچى بىر مىللەت ئەزاسى، ئۇ ئەلۋەك مىللىي تۇرمۇش زېمىنىدا ياشايدۇ. ئۇ ھامان ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مىللىي پسىخىك

ھالەت، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر، مىللىي ئىجتىمائىي، ئىقتىسا-
دىي، مەدەنىيەت مۇھىتى ھامان ئۇنىڭ ئەسىرىدە ئەكس ئېتىدۇ.
مىللىي تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن ئالاھىدىلىكى — ئەدەبىي
ئەسەردە مول مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئۇسلۇب بولۇپ
گەۋدىلىنىدۇ. مىللىي ئۇسلۇب — ئەدەبىي ئۇسلۇبنىڭ مىللىي
تۈس ئېلىشى. مىللىي ئۇسلۇب دېگىنىمىز — بىر مىللەت مەن-
ۋىيىتىنىڭ شۇ مىللەت يازغۇچىسىنىڭ ئەسىرىدە شۇ مىللەت
ئەدەبىياتىغا خاس ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى بويى-
چە گەۋدىلىنىشىدۇر. مىللىي ئۇسلۇب ئىككى خىل خۇسۇسىيەت-
كە ئىگە: بىرى، بىر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇب-
لىرى ماكرو جەھەتتە، ئوخشاشلىققا ۋە يېقىنلىققا ئىگە. يەنە
بىرى، مىكرو جەھەتتە، مىللىي ئۇسلۇب يەرلىك خۇسۇسىيەتكە
ئىگە. شۇڭا بىر مىللەت ئىچىدە خىلمۇ خىل يەرلىك سۇبيېكتلار-
دا ياشايدىغان ياكى مەلۇم يەرلىك ئاھالىنى تەسۋىرلەيدىغان يازغۇ-
چىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە يەرلىك خۇسۇسىيەت روشەن ئىپادىلىنى-
دۇ. يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ئىلىلىق بولۇپ، ئىلىلىقلار
تۇرمۇشىنى پىششىق بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ كۆپرەك ئىلى تۇرمۇشىنى
يازىدۇ. ئىلىلىقلار ئەمگەكچان، پاراسەتلىك خەلق بولۇش بىلەن
يەنە قىزىقچى، چاقچاققا ماھىر خەلق. ئۇلاردا كومېدىيىلىك
خاراكتېر كۈچلۈك. بۇ خىل يەرلىك خۇسۇسىيەت مەمتىمىن
ھوشۇر ھېكايىلىرىدە ئىپادىلەنگەن. ئەختەم ئۆمەر مەكىتلىك
بولۇپ، مەكىت دېھقانلىرى تۇرمۇشىنى پىششىق بىلىدۇ. شۇڭا
ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە دولانلىقلارغا خاس كۆتۈرەڭگۈ روھ، مەغرۇر
روھىي ھالەت، شوخلۇق خۇسۇسىيەتلەر گەۋدىلەنگەن. دېمەك،
يازغۇچىلار تەۋە بولغان مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى
ۋە بۇ ئالاھىدىلىكلەر بىلەن پەرقلەر ئوخشىمىغان ئۇسلۇبنى شە-
كىللەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

ئومۇمەن، ئەدەبىي ئۇسلۇبقا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىرىنچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئامىل — يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپلىقى بولۇپ، ئۇ يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش يولى، سەرگۈزەشتىسى، مەدەنىيەت ساپاسى ۋە بەدىئىي تەربىيىلىنىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 3. ئەدەبىي ئۇسلۇبنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى

ئۇسلۇب — بىر خىل ئالاھىدە ئەدەبىي ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭ بىرمۇنچە خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى بار. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئاساسلىقى — خاسلىق، كۆپ خىللىق، ئىز-چىللىق ۋە ئۆزگىرىشچانلىقتىن ئىبارەت. ئۇسلۇبنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىش ۋە ئىگىلەش بىر تەرەپتىن، ئەدەبىيات-نىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشىمىزگە، ئەدەبىي بىلىملەرنى بېيىتى-شىمىزغا ياردەم بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، زوقلىنىش ئىقتىدا-رىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوبزور قىلىپ باھالىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

1. خاسلىق

خاسلىق — ئاساسەن يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا روشەن خاسلىق بەلگىسى — ئەدەبىي ئۇسلۇب-نىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچىنىڭ قىم-مىتى ۋە تەسىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سانى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەبەدىي ئىلھامبەخش خاراكتېرگە ئىگە ئىجادىيەت خاسلىقى — ئۇنىڭ پەقەت ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان ئالاھىدىلىكلە-رى بىلەن، شۇ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ كونكرېت ئەسەردە گەۋدىلى-نىشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدە يازغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئىجا-دىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇ يازغان روشەن خاسلىققا ئىگە بەدىئىي ئوب-رازلارنىڭ تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلۇق، كەڭلىك دەرىجىسىدە گەۋدى-لىنىدۇ. دېمەك، يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقىنىڭ گەۋدىلى-نىشى دەل ئۇنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خاسلىق بولمىسا، ئۇسلۇب بولمايدۇ. مۇشۇ مەنە-

ده ئۇسلۇب يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقى، ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى دېگەنلىكتۇر.

نېمە ئۈچۈن ئۇسلۇب خاسلىققا ئىگە بولىدۇ؟

يازغۇچىنىڭ خاسلىقى ئىككى مەنىگە ئىگە. بىرى، يازغۇچىنىڭ پىسخىك ساپا خاسلىقى. يەنە بىرى، يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ساپاسى خاسلىقى. يازغۇچىدىكى مۇشۇ ئىككى خىل خاسلىق خۇسۇسىيەت — ئەدەبىي ئۇسلۇبنىڭ خاسلىققا ئىگە بولۇشىنى بەلگىلىگەن.

بۇلارنى كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بىرىنچىدىن، ئۇسلۇبنىڭ خاسلىققا ئىگە بولۇشى — يازغۇچىنىڭ پىسخىكىلىق ساپا جەھەتتىكى خاس ئالاھىدىلىكلىرىگە باغلىق. خاسلىق — بىر خىل پىسخىكىلىق ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇ يازغۇچىنىڭ مىجەز - خاراكتېرى، قىزىقىشى، ئىقتىدار - قابىلىيىتى، ھېس - تۇيغۇسى، تەربىيىلىنىشى، سەرگۈزەشتىسى، ئىدىيىۋى قارىشى (خاھىشى) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يازغۇچىنىڭ مۇشۇ پىسخىكىلىق ساپاسى جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرى مول ۋە ئالاھىدە بولسا، ئۇنىڭ خاسلىقى روشەن، گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇ ئەدەبىي ئەسەردە ئۇسلۇب بولۇپ شەكىللىنىپ ئىپادىلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، يازغۇچىنىڭ ئىجادچانلىق روھىنىڭ ئالاھىدە بولۇشى، تەبىئىي تالانتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، ئىسلاھات ۋە يېڭىلىق يارىتىش قىزغىنلىقىنىڭ ئۈستۈن بولۇشى — ئۇسلۇبنى روشەن خاسلىققا ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا يېتىلگەن ئۇسلۇب ئۇلۇغ ياكى تالانتلىق يازغۇچىنىڭ پىسخىكىلىق ساپا ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئىجادچانلىق روھى بىلەن تالانت ئۆزگىچىلىكىنىڭ ئەسەردە گەۋدىلىنىشى. مەڭگۈلۈك ئىلھامبەخش روھقا ئىگە ئۇسلۇبلارنى يارىتىش — ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ياخشى گۈللىنىش بەلگىسى ۋە نىشانى. شۇڭا يازغۇچى مۇستەقىل، خاس ئەدەبىي ئۇسلۇبلارنى يارىتىشقا تىرىشىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن پىسخىكىلىق ساپا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جەھەتتە تەرەققىي قىلىشى، ئىجادچانلىق روھى ۋە ئىقتىدار جە-
ھەتتە كامالەتكە يېتىشى لازىم.

2. كۆپ خىللىق

كۆپ خىللىق — ئەدەبىي ئۇسلۇبنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسلۇبنىڭ گۈللەنگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. ھەرخىل ئۇسلۇبلارنىڭ يارىتىلىشى، ئۇسلۇبلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتلىك مۇسابىقىلەرنىڭ پائال قانات يېيىشى — ئەدەبىيات تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ۋە ئۆلچىمى.

نېمە ئۈچۈن ئۇسلۇب كوپ خىللىققا ئىگە بولىدۇ؟

بىرىنچىدىن، ئەدەبىياتنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى بول-غان ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرىنىڭ كەڭلىك، كۆپ مەنبەلىك دەرىجىسى — ئۇسلۇبنىڭ كۆپ خىللىققا ئىگە بولۇشىنى بەلگىلىگەن ئوبيېكتىپ ئامىل. ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئۇنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت قوينى كەڭ، چەكسىز، كۆپ مەنبەلىك. ئۇ ئەدەبىياتنىڭ چەكسىز ۋە مەڭگۈلۈك تېما مەنبە-سى. شۇڭا چەكسىز كەڭلىككە، كۆپ مەنبە قورۇلمىلىرىغا ئىگە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى — يازغۇچىلارغا كۆپ خىل ئۇسلۇب بېغىشلاپ، ئۇسلۇبنى كۆپ خىللىققا ئىگە قىلىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇش قانچىكى موللۇقتا، ئۆزگىرىشچان-لىقتا، رەڭدارلىقتا ۋە ھەرىكەتچانلىقتا ئىگە بولسا، تېما شۇنچە مول، رەڭدار ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس بولىدۇ. بۇ كۆپ خىل ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، يازغۇچىلارنىڭ سۇبيېكتىپ ساپا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ خىلمۇ خىل بولۇشى — ئۇسلۇبنىڭ كۆپ خىللىق ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن ئاساسىي سۇبيېكتىپ ئامىللاردۇر. بىر دەۋردە ياشىغان يازغۇچىلار زامانداشلار بولسى-مۇ، لېكىن ئۇلار سۇبيېكتىپ جەھەتتە، يەنى پسىخىكىلىق ساپا جەھەتتە ھەربىرى خاسلىققا ئىگە. يازغۇچىلاردىكى ئىجادىيەت

ئەھۋالمۇ ئۆزئارا پەرقلىق بولىدۇ. يازغۇچىلاردىكى پسىخىكىلىق ساپا بىلەن ئىجادىيەت روھىي ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ كۆپ خىل بولۇشى ئەسەرلەردە گەۋدىلىنىپ، بىر دەۋردىكى ياكى بىر تارىخىي باسقۇچتىكى ئەدەبىياتتا ئىپادىلىنىپ، كۆپ خىل ئۇسلۇبلارنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ بېيىپ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش تەلىپىنىڭ ئۇزلۇكسىز ئېشىپ بېرىشى، بۇ خىل زوقلىنىش جەھەتتىكى مىللىي پەرقلەر، كەسىپىي پەرقلەر — ئۇسلۇبنىڭ كۆپ خىللىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مەنىۋى ئىلھامبەخش قۇدرەتتىن ئىبارەت. بىر دەۋر كىشىلىرى ھامان كەڭ زېمىندا، مۇقىم ياكى نىسبىي مۇقىم تۇرمۇش ۋەزىيىتى شارائىتىدا ياشايدۇ. ئۇلار ھەرخىل مىللەتكە مەنسۇپ بولىدۇ. ئوخشىمىغان كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ زوقلىنىش پەرقى روشەن ۋە زور بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ زوقلىنىش جەھەتتىكى تەلەپ خاسلىقى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي ئۇسلۇبنىڭ كۆپ خىللىقى مەيدانغا كېلىدۇ. تۇرمۇش تۇرغۇنلۇق ھالەتتە، سۇسلۇقتا بولۇپ، تەرەققىيات ۋەزىيىتى ناچار بولسا، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتى نامرات بولسا، مۇقەررەركى زوقلىنىش تەلىپىمۇ سۇس، ئەدەبىي ئەسەردىن زوقلىنىشمۇ تۆۋەن ھالەتتە بولىدۇ-دە، ئۇسلۇبنىڭ كۆپ خىللىقىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئۇسلۇبنىڭ كۆپ خىللىقىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەنىۋى ھاياتىنى بېيىتىش، ئەدەبىي زوقلىنىش ئىقتىدارىنى تەربىيىلەش لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىجادىيەتنى سان ۋە سۈپەتتە كۆپ خىللاشتۇرۇش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### 3. ئىزچىللىق

ئىزچىللىق — ئەدەبىي ئۇسلۇبنىڭ يەنە بىر ئاساسىي ئالاھىدىلىكى. بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئىزچىللىقى ۋە سىجىللىقى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئادەتتە ئۇسلۇبنىڭ ئىزچىللىقى — بىرەر يازغۇچى ئۇسلۇبىنىڭ ياكى بىرەر مىللەت ئەدەبىياتى، شۇنداقلا بىرەر دەۋر ئەدەبىياتى ئۇسلۇبىنىڭ پىشىپ يېتىلىپ مۇكەممەللەشكەنلىكى بىلەن مەلۇم نىسبىي تۇراقلىققا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەت ۋە ئۆلچەم.

ئۇسلۇب ئىزچىللىققا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن بىر تەرەپتىن، ئۇ پىشىپ يېتىلىشى، مەلۇم مۇكەممەللىك تەلىپىگە يەتكەن بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ پىشىپ يېتىلىپ مۇكەممەللىككە ئىگە بولغاندىن كېيىن خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ نىسبىي مۇقىملىق ھالىتىنى ساقلىيالىشى كېرەك. ئۈچىنچى تەرەپتىن، ئۇسلۇبنىڭ خاسلىق بەلگىسى ناھايىتى روشەن بولۇشى زۆرۈر.

ئەدەبىيات رېئاللىقىدا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى ۋە ئىجادىيەت خاسلىقى بىلەن تەسىر قوزغىغان يازغۇچىلار خېلى بار. ئەگەر يازغۇچى ئۆزى ياراتقان ئۇسلۇب خاسلىقىنى ھەر خىل ئەسەرلىرىدە پەرقلەندۈرۈپ ئىپادىلىيەلىسە، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ئىزچىللىققا ئىگە بولىدۇ. تالانتلىق يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر «ساراڭ» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە «ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتەيدىغان يۇمۇر» ئۇسلۇبىنى ياراتقانىدى. ئۇ بۇ ئۇسلۇبنى كېيىن يازغان «بۇرۇت ماجىراسى»، «قىرلىق ئىستاكان»، «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «چوشقىلار بايرىمى»، «ئوت كەتكەن دەريا» قاتارلىق ھېكايىلىرىدىمۇ ئىزچىل، ئەمما پەرقلىق ھالدا ئىپادىلىدى. شائىر م. سادىقمۇ 1956 - يىلى يازغان «نان»، «يېزا يولىدا» قاتارلىق شېئىرىي ئەسەرلىرىدە «ھېسسىياتنى دولقۇنسىمان ئىپادىلەش»، «مىسرالارنى ھېسسىيات دولقۇنلىرى رىتىمى

ئاساسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش» ئۇسلۇبىنى يارانقانىدى. ئۇ ھازىرغىچە يازغان يۈزلىگەن چاچما شېئىرىدا بۇ ئۇسلۇبنى داۋاملاشتۇردى. دېمەك ئۇسلۇب ئىزچىللىقى — ئۇسلۇب ساپاسى بىلەن مىللىي ۋە زامانىۋى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ۋە شەرتى.

4. ئۆزگىرىشچانلىق

ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنيا ئۆزگىرىش — ھەرىكەت - تەرەققىيات ھالىتىدە بولىدۇ. ئۇسلۇب — بىر خىل ئالاھىدە مەنىۋى ئەدەبىي ھادىسە بولۇپ ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە. شۇڭا ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە بولۇش — ئۇسلۇبنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئەۋزەللىكلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇسلۇب ھامان ئۆزگىرىشچانلىق ئىچىدە تەرەققىي قىلىدۇ، بېيىدۇ ۋە يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۆزگىرىشچانلىق — ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈچۈن ئاكتىپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھېسابلىنىدۇ.

نېمە ئۈچۈن ئۇسلۇب ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە بولىدۇ؟

بىرىنچىدىن، ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى بولغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئۇنىڭ شەكلى ھامان ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. تۇرمۇش ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ھامان يازغۇچىلارنىڭ ئۇسلۇبلىرىدا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشى، دەۋر تەلىپى جەھەتتىكى ئۆزگىرىش، مىللىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن مىللىي پەرقلەر جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر — ئەدەبىياتتا ئەكس ئېتىپ، ئۇسلۇبنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، يازغۇچىلارنىڭ سۇبيېكتىپ ساپاسى جەھەتتە ئۆزگىرىشمۇ تېز ۋە گەۋدىلىك بولىدۇ، شۇنداقلا ئىجادىيەت ۋە ئۇسلۇب ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا باغلىق بولغاچقا، يازغۇچىنىڭ ئۇسلۇبى جەھەتتىكى ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتمۇ ئۇسلۇبنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يازغۇچى مۇھەممەت باغراش «سەپداش»، «ساۋاب»، «ئالمىچى»

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى www.uyghurkitap.com

قاتارلىق ھېكايىلىرىنى ئەنئەنىۋى رېئالىزم ئۇسۇلىنى قوللىنىپ يازغانىدى. ئۇ بۇ ھېكايىلەردە رېئاللىقنى ئۆزپېتىچە ئەكس ئەتتۇرۇشكە تىرىشتى. كېيىن ھازىرقى زاماندىشلىق — مودېرنىزم ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇغىدا قېتىپ قالغان سۈرەت»، «تەنھا ماشىنا» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يېزىپ «مەن»نى گەۋدىلەندۈرۈش، رېئاللىق بىلەن خىيالنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئۇسلۇبىنى ياراتتى. دېمەك، ئۇسلۇبنىڭ ئۆزگىرىشى — بىر خىل تەبىئىي ھادىسە ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈرىيەت.

## 4. ئەدەبىي ئۇسلۇبنىڭ ئىپادىلىنىشى

ئەدەبىي ئىجادىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇسلۇب يازغۇچىغا تەۋە ھادىسە، لېكىن ئۇسلۇب يازغۇچىنىڭ كونكرېت ئەسەرىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇسلۇب ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئالاھىدىلىكى سۈپىتىدە ئەسەرنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل ئامىللىرىدا روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئادەتتە ئۇسلۇب يازغۇچى ئىجادىيەت خاسلىقىنىڭ ئىپادىلىنىشى دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇ يەردە، ئۇنداق بولسا، ئەدەبىي ئۇسلۇب قانداق ئىپادىلىنىدۇ؟

بىرىنچى، ئەدەبىي ئۇسلۇب يازغۇچىنىڭ تېما تاللاشتىكى ئىزچىللىقىدا، باش تېمىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى مۇستەقىللىقىدا، ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىشىدىكى خاسلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ھەر قانداق ئەسەر مەلۇم تېمىنى يورۇتۇپ، مەلۇم باش تېمىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بەزى يازغۇچىلار مەخسۇس تارىخىي تېمىلارنى يېزىپ، تارىخ بىلەن مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بەزى يازغۇچىلار مەخسۇس يېزا تۇرمۇشى تېمىسىنى يېزىپ، دېھقانلار كۆڭۈل بۆلگەن زور مەسىلىلەرنى يورۇتىدۇ. جۇڭگو يازغۇچىسى جياۋشۇلى بىر ئۆمۈر يېزا تۇرمۇ-

شىنى يېزىپ، جۇڭگو دېھقانلىرى كۆڭۈل بۆلگەن مەسىلىلەرنى
ئوتتۇرىغا قويغانىدى. يېزا تېمىسىنى تاللاش، بۇ ئارقىلىق دېھ-
قانلار مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش جياۋشۇلى ئۇسلۇبىنىڭ
ئىزچىللىقى بولدى. ئەرمەنىستان يازغۇچىسى ۋ. گ. يان ئوتتۇرا
ئاسىيا — تۈركىيلەرنىڭ تارىخىي تۇرمۇشىنى ئىزچىل تېما قى-
لىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ، «چىڭگىزخان»، «باتوخان» قاتارلىق
بىر قاتار تارىخىي رومانلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا — تۈركىيلەرگە
مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. گوركىي پۈت-
كۈل ئىجادىيەت جەريانىدا ئىشچىلار سىنىپى ھاياتىنى ئىزچىل
تېما قىلدى ۋە ئىشچىلار ئازادلىقى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا
قويدى. ئۇ مۇشۇ تېمىنى ۋە مۇشۇ باش تېمىنى يورۇتۇشقا
باشتىن - ئاخىر سوتسىيالىستىك رېئالىزم ئۇسۇلىنى قوللى-
نىپ، ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتە ئىزچىللىقنى ساقلاپ كەلدى.
ئۇيغۇر يازغۇچىسى زۇنۇن قادىرى ئۇسلۇبىمۇ خېلى مۇكەممەل
ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ كەلدى. ئۇ «گۈلنىسا»، «يېتىملەر
بېشى»، «توي»، «چېنىقىش» قاتارلىق دراما ۋە ھېكايىلىرىدە
ئىزچىل ھالدا رېئالىزم ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يېزا تۇرمۇشى
تېمىسىنى يېزىپ، دېھقانلارغا ئائىت زور مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا
قويدى. شائىر ئا. ئۆتكۈرمۇ كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا يېڭى رېئا-
لىزم ئۇسۇلىنى قوللىنىپ خەلقنى ئويغىتىدىغان تېمىلارنى يورۇ-
تۇپ، ئىزچىل ھالدا مىللىي ئازادلىق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا
قويۇپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شېئىرلىرى جەڭگىۋار ئۇس-
لۇب ئىزچىللىقىغا ئىگە بولدى. دېمەك، ئۇسلۇب يازغۇچىنىڭ
تېما تاللىشىدىكى ئىزچىللىقىدا، باش تېما مۇستەقىللىقى بىلەن
باش تېمىنى بىر تەرەپ قىلىشىدىكى ئىزچىللىقىدا، قوللانغان
ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئىزچىللىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئىككىنچى،
ئەدەبىي ئۇسلۇب — يازغۇچىنىڭ تىپىكلەشكەن بەدىئىي ئوبراز-
لارنى يارىتىش شەكلى ۋە ئۇسۇلىنىڭ خاسلىقى ۋە ئالاھىدىلىكىدە

ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ناھايىتى مۇھىم تەرەپ. چۈنكى ئەدەبىيات پەقەت ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئوبرازلىرى ۋە غايىلىرى ئارقىلىق رول ئوينايدۇ، تىپىكلەشكەن بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئۈنۈم ۋە قىممەت يارىتىدۇ. شۇڭا يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئوبراز يارىتىشىدىكى شەكىل ۋە ئۇسۇل ئۆزگىچىلىكى ئەسەرنى زور تەسىرچانلىققا ئىگە قىلىدۇ. پېرسوناژ تەسۋىرى پۈتكۈل بەدىئىي تەسۋىرنىڭ مەركىزى. شۇڭا يازغۇچى ئەقىل - پاراسىتىنى پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىشقا سەرپ قىلىدۇ. پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن جانلىق شەكىل تاللاپ، جانلىق ئۇسۇل قوللىنىدۇ. يازغۇچىنىڭ مەنىۋى خاسلىقى پەرقلىق بولغاچقا، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتا قوللانغان شەكىل ۋە ئۇسۇللىرى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى يازغۇچىلار كۆپرەك ھەرىكەتنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق پېرسوناژ ئوبرازىنى ياراتسا، بەزى يازغۇچىلار كۆپرەك ئىچكى دۇنيا ئۆزگىرىشلىرىنى تەسۋىرلەپ پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىدۇ. يەنە بىر خىل يازغۇچىلار باركى، ئۇلار پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىشتا مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك مۇناسىۋەت ھەرىكەت پائالىيەتلىرى بىلەن نازۇك پسىخىك پائالىيەتلەرنى بىرىكتۈرۈپ تەسۋىرلەپ پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىدۇ. جۇڭگو يازغۇچىلىرى پروزا ئەسەرلەردە كۆپرەك ھەرىكەت تەسۋىرى ئارقىلىق ئوبراز يارىتىشقا ئەھمىيەت بەرسە، غەرب يازغۇچىلىرى كۆپرەك نازۇك پسىخىك پائالىيەتلەرنى كۆپرەك تەسۋىرلەپ پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىدۇ. يازغۇچى ز. سابىر تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىش شەكلىدە ۋە ئۇسۇلىدا كۆپرەك ھېسسىياتقا ئەھمىيەت بېرەتتى. پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى زىددىيەتلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئوبرازىنى جانلىق قىلىپ ياراتقانىدى. پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىشتا كومېدىيىلىك شەكلىنى ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوبرازنى يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىش مەتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىنىڭ ئۇسلۇبى. مەتىمىن ھوشۇر

بازارلىق رومانى «قۇم باسقان شەھەر»دە، پېرسوناژلار ئوبرازىنى قويۇق رىۋايەت تۈسىگە ۋە قەدىمىيلىككە ئىگە قىلىپ، يەنە بىر ئۆزگىچە ئۇسلۇب ياراتقان.

ئۇچىنچىسى، ئەدەبىياتنىڭ شەكىل ئامىللىرى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەدەبىي ئۇسلۇب ئالدى بىلەن تىلدا، بەدىئىي قۇرۇلمىنى قۇرۇش ماھىرلىقىدا، ژانىر - تۈرلەرنى تاللاپ قوللىنىشىدىكى چېۋەرلىكتە ئىپادىلىنىدۇ.

ئەدەبىيات — تىل سەنئىتى. تىلنى ئاساسىي ماتېرىيال قىلىپ بەدىئىي ئوبرازنى يارىتىش — تىل سەنئىتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى. شۇڭا ئۇسلۇبنىڭ يارقىن ۋە گەۋدىلىك ھالدا تىلدا ئىپادىلىنىشى ئۇسلۇبنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى. يازغۇچىنىڭ تىل ئۇسلۇبى ئۇ ئىشلەتكەن سۆز - جۈملىلەرنىڭ توغرىلىقىنى، ئېنىقلىقىنى، ئىخچاملىقىنى، ۋە مەنىدارلىقىنى، جاراڭلىقلىقىنى، ئوبرازلىقىنى ۋە گۈزەللىكىنى كۆرسىتىدۇ. شائىر ت. ئېلىيۇپ كلاسسىك ئەدەبىي شېئىرلار تىلى بىلەن خەلق قوشاقلىرى تىلىنى بىر گەۋدە قىلىپ ئىشلىتىپ، جاراڭلىق، يېقىملىق ۋە ھېسسىياتقا تويۇنغان مىسرالار ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلب دۇنيا سۈرىتىنى سىزىپ بەرگەنىدى. ل. مۇتەللىپ بىلەن ئا. ئۇيغۇرلار سەپەرۋەرلىك قىلىش كۈچى زور بولغان سۆز - جۈملىلەرنى كۆپرەك ئىشلىتىپ، شېئىرىي مىسرالارنى ئىنقىلابىي ئاھاڭغا ئىگە قىلغانىدى. دېمەك، ھەر خىل ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنى، ماقال - تەمسىللەرنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇش — يازغۇچىنىڭ تىل ئىشلىتىشىدىكى ئۇسلۇبىنىڭ نامايان بولۇشىدۇر.

ئەدەبىي ئۇسلۇب يازغۇچىنىڭ ژانىر - تۈرلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشىدىكى چېۋەرلىكىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بەزى يازغۇچىلار بىر ئۆمۈر نەسرىي ئەسەر ژانىرىنى تاللاپ ئىشلەتسە، بەزىلىرى دراما ژانىرىنى ياكى ئۇنىڭ بىر تۈرىنى تاللاپ ئىشلىتىدۇ، يەنە بەزىلە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رى شېئىرىيەت ژانىرىنى تاللاپ ئىشلىتىدۇ. ل. تولستوي رو-
مان شەكلىنى قوللىنىپ روسىيە جەمئىيىتىنى ئوپېراتسىيە قى-
لىپ چىققاندى. چېخوپ بولسا ھېكايە شەكلىنى قوللىنىپ رو-
سىيە جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى ماھىرلىق بىلەن سى-
زىپ بەرگەنىدى. دانىيە باللار ئەدەبىياتى يازغۇچىسى ئاندېرسىن
بىر ئۆمۈر باللار چۆچەكلىرى ژانىرىنى قوللىنىپ باللارنىڭ
تۇرمۇشىنى ۋە غايىسىنى ئىپادىلەپ دۇنيا باللار ئەدەبىياتىنىڭ
يول باشلىغۇچىسىغا ئايلانغانىدى.

ئەدەبىي ئۇسلۇب — يازغۇچىنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىنى
قۇرۇش ماھىرلىقىدا ئىپادىلىنىپ ئەسەرگە ھاياتىي كۈچ
بېغىشلايدۇ. يېتىلگەن يازغۇچىنىڭ ئەسەر قۇرۇلمىسى جەھەتتە
خاسلىقى بولىدۇ. بەزى يازغۇچىلار ئەسەر باشلىنىش بىلەنلا باش
تېمىنى كۆرسىتىپ سۇژىت تەرەققىياتىنى ئەۋجىگە چىقىرىدۇ،
بۇنىڭ بىلەن ئوقۇرمەننى ھېكايە ۋەقەسىگە تېزلا مەپتۇن قىلىۋا-
لىدۇ. بەزى يازغۇچىلار ئەسەر باشلىنىش بىلەن تەڭلا سۇژىت
تەرەققىيات ئەۋجىنى ھاسىل قىلىپ باش تېمىنىڭ ئېچىلىشىنى
ئىلگىرى سۈرىدۇ. بەزى يازغۇچى ـ شائىرلار ئەسەر قۇرۇلمىسى-
نى دراماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىپ، ئوقۇرمەننى ئۆتكۈر
زىددىيەتلەر ئىچىگە ئېلىپ كىرىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»،
«پەرھاد ـ شېرىن» قاتارلىق كلاسسىك داستانلارنىڭ قۇرۇلمىسى
دراماتىك يوسۇندا تۈزۈلگەن. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ «قۇتادغۇبى-
لىك» داستانىنى دراماتىك ئېپوس دەپ باھالىشىنىڭ سەۋەبىمۇ
دەل شۇ يەردە.

## 2 § . ئەدەبىي ئېقىم

ئەدەبىي ئېقىم — ئەدەبىيات تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن،
كېيىنلىۋاتقان ئالاھىدە ھەم مۇرەككەپ ئەدەبىي ھادىسە، شۇنداقلا ئۇ

بىر خىل ئىلمىي ئۇقۇم.

ئەدەبىي ئېقىم ئۇسلۇبقا مۇناسىۋەتلىك، ئەمما ئۇسلۇبتىن مۇرەككەپ بولغان، ئۇسلۇبتىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئەدەبىيات ھادىسىسى سۈپىتىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىلمىنىڭ بىر مۇھىم تەتقىقات تېمىسى بولۇپ كەلدى. ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىشىدە يازغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زامانداشلىق مۇناسىۋەت، دۇنيا قاراش، بولۇپمۇ سەنئەت قارىشى، بەدىئىي غايە، بەدىئىي ئىزدىنىش جەھەتتىكى يېقىنلىق، ئۇسلۇب ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى جەھەتتىكى ئوخشاشلىق مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز شەكىللىنىشى ئەدەبىيات تەرەققىياتى ۋەزىيىتىنىڭ بەلگىسى ھەم بۇ خىل تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچ. شۇڭا ئەدەبىي ئېقىمنى تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. ئەدەبىي ئېقىم ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

### ئەدەبىي ئېقىمنىڭ تەبىرى

بىر دەۋردە ياشاپ ياكى بىر مىللەتكە تەۋە بولۇپ ئىجاد قىلغان يازغۇچىلارنىڭ دۇنيا قاراش، سەنئەت ۋە ئېستېتىكا قارىشى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئۇسلۇبلىرى جەھەتتە ئورتاقلىقى ياكى ئوخشاشلىقى بولىدۇ. گەرچە ھەربىر يازغۇچىنىڭ روشەن ئىجادىيەت خاسلىقى بولسىمۇ، لېكىن ھەربىر يازغۇچىدىكى خاسلىق ئورتاقلىقنى چەتكە قاقمايدۇ. XVIII ئەسىرنىڭ 95 ـ يىلى مەيدانغا كەلگەن ۋ. ھىيوگو ۋەكىللىك قىلغان رومانتىزم ئېقىمى، ۋ. ھىيوگو ئەتراپىغا ئۇيۇشقان ياكى ئۇنىڭغا چوقۇنغان نۇرغۇن يازغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى خاھىش ۋە بەدىئىي ئىزدىنىش جەھەتتىكى بىرلىكى ياكى يېقىنلىقى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەندى. جۇڭگو ئەدەبىياتىدا XX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى مەيدانغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلگەن «ئىجادىيەت جەمئىيىتى» مۇ ماۋدۇن ۋەكىللىكىدىكى بىر توپ يازغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى خاھىش ۋە بەدىئىي غايە جەھەتتىكى بىرلىكى ۋە يېقىنلىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ XX ئەسىرنىڭ 80 ـ ، 90 ـ يىللىرىدىكى تەرەققىياتىدا مەمتىمىن ھوشۇر، ئەختەم ئۆمەر، مۇھەممەت باغراش، خالىدە ئىسرائىل قاتارلىق زاماندىش يازغۇچىلارنىڭ ئاڭسىز ھالەتتىكى يېقىنلىق ئېقىمى مەيدانغا كەلدى. بۇ يازغۇچىلارنىڭ سەنئەت ۋە ئېستېتىكا قاراشلىرى بىلەن غايىلىرىدە، قوللانغان ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلىگەن ئۇسلۇبلىرىدا يېقىنلىق ۋە ئورتاقلىقلار مەۋجۇت. ئۇلاردىكى ئورتاقلىق ئۇلاردىكى خاسلىقنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرگەن.

دېمەك، ئەدەبىي ئېقىم — بىر توپ يازغۇچىلاردىكى ئەدەبىي ئورتاقلىقلارنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىش ھادىسىسى. بۇ خىل ھادىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە زاماندىش يازغۇچىلاردىكى مۇنداق ئىككى ـ ئۈچ بىرلىك مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىرى، ماكان، زامان ۋە شارائىت بىرلىكى، شۇ سەۋەبتىن ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتلىرى (تېمىلىرى) نىڭ ماكرولۇق بىرلىكى. يەنە بىرى، دۇچ كەلگەن ئاساسىي مەسىلىلەر، ئاساسىي ئەھۋاللار بىرلىكى، شۇ سەۋەبتىن يورۇتقان باش تېمىلارنىڭ بىرلىكى. ئۈچىنچى بىرى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئەدەبىي ئۇسلۇبى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش جەھەتلەردىكى بىرلىك. بۇ ئادەتتە قىسقارتىلىپ ئىدىيىۋى بىرلىك ۋە بەدىئىي بىرلىك ھادىسىسى دېيىلىدۇ. فرانسىيە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر يازغۇچىلاردىن سارتىرى، كاموس، بوففالار مانا شۇنداق بىرلىكلەر ئاساسىدا بىر ئېقىم بولۇپ ئۇيۇشۇپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش جەھەتتە دۇچ كەلگەن مەۋجۇدىيەتچىلىك ۋە بىمەنىلىك مەسىلىلىرىنى پەلسەپىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ يورۇتۇپ بەرگەن.

دېمەك، مەلۇم يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئورتاقلىقى بولىدۇ. ئۇلار ماكان، زامان، شارائىت بىرلىكى، ئىدىيە بىرلىكى ۋە سەنئەت بىرلىكى ئاساسىدا يا ئاڭلىق، يا ئاڭسىز هالدا گۇرۇھ، تەشكىلات ياكى ئەدەبىي مەكتەپ بولۇپ ئۇيۇشىدۇ. مانا مۇشۇنداق هادىسە — ئەدەبىي ئېقىمدۇر.

ئۇنداق بولسا ئەدەبىي ئېقىم دېگەن نېمە؟

بىر توپ يازغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى خاھىش، بەدىئىي ئىزدىنىش، ئەدەبىي ئۇسلۇب قاتارلىق جەھەتلەردىكى يېقىنلىشىشىدىن ياكى بىرلىشىشىدىن هاسىل بولغان مەزھەپ ياكى تەشكىلاتى — ئەدەبىي ئېقىم دېيىلىدۇ.

يەنە بىر تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئېقىم مەلۇم زامان، ماكان ۋە مۇھىتتا ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرى، سەنئەت ۋە ئېستېتىكا قاراشلىرى، ئىجادىيەت خاسلىقى ئورتاقلىققا ئىگە بولغان يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇب قاتارلىقلارنى بەلگە قىلىپ تۇرۇپ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز هالدا، تەشكىللىك ياكى تەشكىلسىز هالدا شەكىللەندۇرگەن مەزھىپى ياكى تەشكىلاتىدىن ئىبارەت.

ئەدەبىي ئېقىم — كۆپرەك ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئەدەبىي ئۇسلۇب جەھەتتىكى يېقىنلىق ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئەدەبىي هادىسە بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات پىكىر ئېقىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەم پەرقلىقتۇر. ئەدەبىيات ئېقىمى ياكى ئەدەبىيات پىكىر ئېقىمى مەلۇم دەۋر ۋە تارىخىي مەدەنىيەت شارائىتىدىكى ئىجتىمائىي ئېقىم، پەلسەپە ئېقىمى تەسىرى ئاستىدا ئىجادىيەت پىكىر ئېقىمى، ئىجادىيەت ھەرىكىتى، ئېستېتىك نۇقتىئىنەزەرى ۋە غايىسى يېقىنلىققا ياكى ئورتاقلىققا ئىگە بىر توپ يازغۇچىلار شەكىللەندۇرگەن پىكىر ئېقىمىدىن ئىبارەت. ئۇ ناھايىتى مۇقىملىققا ئىگە بولۇپ، ئەدەبىي ئېقىملارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە ئەدەبىيات پىكىر ئېقىمى : 1) ئەدەبىياتنىڭ يېڭى ۋەزىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان يېڭىچە ئەدەبىيات قارىشى، ئەدەبىيات پىكىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىقىمى ۋە تەشەببۇسىدىن ئىبارەت؛ 2) مەلۇم ئەدەبىي پائالىيەت ياكى ئەدەبىيات پىكىر ئىقىمىنى ئىپادىلەيدىغان نەرسە؛ 3) مەلۇم ئەدەبىيات ئىدىيىسىنىڭ بايراقدارى. ئەدەبىيات پىكىر ئىقىمى ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى ۋە تەسىرى بار يازغۇچىلارنى، ئوبزورچىلارنى، ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرىنى ئەمەلىيەت سىنىقى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئومۇمەن، ئەدەبىيات پىكىر ئىقىمى مەقسەتلىك ۋە ئاڭلىق هالدا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي هادىسە بولۇپ، ئەدەبىي ئىقىملاردىن ئۈستۈنرەك تۇرىدۇ. لېكىن ئەدەبىيات پىكىر ئىقىمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەدەبىي ئىقىملارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

## ئەدەبىي ئىقىمنىڭ شەكىللىرى ۋە ئۇنىڭ ناملىرى

ئەدەبىي ئىقىم مۇرەككەپ ئەدەبىي هادىسە، شۇڭا شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى تەكشىسىز هالەتتە بولىدۇ. بىر ئەدەبىي ئىقىمنى تەشكىل قىلغان يازغۇچىلارنىڭ هەم ئورتاقلىقى، هەم ئىجادىيەت خاسلىقى بولىدۇ. بەزىدە ئورتاقلىق گەۋدىلەنمەيمۇ قالىدۇ. ئەمما ئومۇمىي جەهەتتە ئورتاقلىق هامان مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. XVII ئەسىردىكى كلاسسىزم ئەدەبىي ئىقىمىغا تەۋە يازغۇچىلاردىن بوۋالو، كورنىل، موللىېر، پوسار، ئانگىېر قاتارلىقلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆز خاسلىقىنى ناهايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلىدى. لېكىن ئۇلار پادىشاھلىقنى ياقلاش، هوقۇقنى مەركەزلەشتۇرۇش، ئەقىل ـ ئىدراكقا تايىنىشتىن ئىبارەت ئاساسىي سىياسىي مەسىلەكتە چوڭ ئورتاقلىقنى ساقلىدى. ئادەتتە ئەدەبىي ئىقىم ئىككى خىل شەكىلدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىرى، ئاڭسىز هالدا بىرلىشىشتىن هاسىل بولغان ئەدەبىي ئىقىم شەكلى. يەنە بىرى، ئاڭلىق هالدا بىرلىشىشتىن هاسىل بولغان ئەدەبىي ئىقىم شەكلى.

ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ ناملىرىمۇ ئۆزگىچە بولىدۇ. ئاساسلىق
ناملىرى مۇنۇ ئۈچ خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ: 1) بەزى ئېقىمنىڭ
نامى شۇ ئېقىمنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىنى چىقىش نۇقتىسى
قىلىپ قويۇلىدۇ؛ 2) بەزىلىرىنىڭ نامى تەشكىلات ياكى ژۇرنال
نامى بىلەن ئاتىلىدۇ؛ 3) بەزىلىرىنىڭ نامى ۋەكىللىك خاراكتې-
رىگە ئىگە يازغۇچىلار نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.

## 2. ئەدەبىي ئېقىمنىڭ شەكىللىنىشى

ئەدەبىي ئېقىم — تاسادىپىي ياكى سەۋەبسىز ئەدەبىي ھا-
دىسە ئەمەس. ئۇ بىر خىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي ھادىسىنىڭ
ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىيات ۋەزىيىتىدىكى ئەكس ئېتىشى
بولغاچقا، ئۇنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ئىچكى - تاشقى ئامىللار-
نىڭ رول ئوينىشىغا باغلىق بولىدۇ.

ئەدەبىي ئېقىمنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولىدىغان بىرىن-
چى ئامىل — ئىچكى ئامىل بولۇپ، ئۇ، ئەدەبىيات تەرەققىياتى-
نىڭ قانۇنىيىتىگە مەنسۇپ بولغان ئۇسلۇب، ئىجادىيەت ئۇسۇلى
ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتلەردىكى ئورتاقلىق بىلەن يازغۇچى-
لارنىڭ ئېستېتىكىلىق ساپاسى ۋە پسىخىكىلىق ساپاسى جەھەتتى-
كى ئورتاقلىقلاردۇر. مۇبادا مۇشۇ ئامىل بولمىسا ياكى ئەدەبىيات-
نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋە يازغۇچىلارنىڭ سۇبيېكتىپ مەنىۋىي-
تىدىكى مۇشۇ ئامىللار پىشىپ يېتىلمىسە، ئەدەبىي ئېقىم شە-
كىللەنمەيدۇ.

ئەدەبىي ئېقىمنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئىك-
كىنچى ئامىل — تاشقى ئامىل. ئۇ رېئال جەمئىيەتنىڭ ئۆزگى-
رىش تەرەققىياتى، بىر دەۋر ياكى بىر مىللەتتىكى دۇچ كەلگەن
زور مەسىلىلەر ئورتاقلىقى، غايەت زور تەسىرگە ئىگە پەلسەپۋى
ۋە ئەدەبىيات پىكىر ئېقىملىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ
تەسىرى. ئەگەر ئەدەبىياتنىڭ تاشقى ۋەزىيىتىدىكى بۇ ئامىللار

هاسىل بولمايدىغان بولسا، ئەدەبىي ئىقىملارنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا ئەدەبىي ئىقىملارنىڭ شەكىللىنىش جەريانى مۇرەككەپ ۋە ھەرخىل ھالەتتە بولىدۇ.

ئادەتتە ئەدەبىي ئىقىملارنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋال مەۋجۇت:

بىرىنچى، بەزى ئەدەبىي ئىقىملار ئاڭلىق، ئاڭلىق ھالدا شەكىللىنىدۇ. شۇنداق بىر خىل ئەدەبىي ئىقىملار باركى، ئۇلار بىر توپ يازغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى بىرلىك، تېمىلار بىرلىكى، بەدىئىي خاھىش ۋە غايە بىرلىكى ئاساسىدا ئاڭلىق، مەقسەتلىك ھالدا بىرلىشىشىدىن بارلىققا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئورتاق پروگ-راممىسى، ئەمەل قىلىدىغان قائىدە – نىزامى، ھەرىكەت پىلانى ۋە ئىقىم نامى بولىدۇ. جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخىدىكى «ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى»، «ئىجادىيەت جەمئىيىتى» مۇشۇ ئەھۋال-دىكى ۋە مۇشۇ تۈردىكى ئەدەبىي ئىقىم قاتارىغا كىرىدۇ.

ئىككىنچى، بەزى ئەدەبىي ئىقىملار بىر توپ يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى جەھەتتىكى يېقىنلىقىدىن شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل ئىقىمنىڭ ئادەتتە مۇقىم نامى، پروگراممىسى ۋە ھەرىكەت پىلانى بولمايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ بايراقدار يازغۇچىلىرى، چوقۇ-نىدىغان ئەدەبىيات پىكىر ئىقىمى بولىدۇ. فرانسىيە كلاسسىزم ئەدەبىي ئىقىمى مۇشۇ تۈرگە مەنسۇپ بولۇپ، بۇ ئىقىمدىكىلەر بوۋالونى چوقۇنىدىغان بايراقدار، ئۇ يازغان «شېئىرىيەت سەنئى-تى» دېگەن كىتابىنى ۋەكىللىك خاراكتېرلىك ئەسەر دەپ قارى-غان. ئېلىمىزنىڭ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «جياڭشى شېئى-رىيەت ئىقىمى» مۇ مۇشۇ ئەھۋالدىكى ئەدەبىي ئىقىم ھېساب-لىنىدۇ.

ئۈچىنچى، بەزى ئىقىملار بىر توپ يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىيات قارىشىنىڭ ئوخشاشلىقى سەۋەبىدىن ئەسەرلىرىدە ئىپادىلىگەن خا-ھىشىنىڭ بىردەكلىكى ياكى يېقىنلىقى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ.

بۇ بىر - ئىككى مەشھۇر يازغۇچىنى بايراقدار قىلىپ ئاڭسىز هالدا شەكىللىنىپ قالغان ئەدەبىي ئېقىم. ئادەتتە، ئەدەبىيات تارىخىدا مۇنداق ئېقىملار كۆپ ئۇچرايدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شەكىللەنگەن «يۈەن، بەي شېئىرىيەت ئېقىمى» شۇ خىلدىكى ئېقىم تۈرىگە كىرىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى «خەمسەچىلىك ئىجادىيىتى»مۇ مۇشۇ خىلدىكى ئەدەبىي ئېقىم ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى دۇنيادا «خەمسەچىلىك ئىجادىيىتى» بىلەن 1000غا يېقىن يازغۇچى شۇغۇللانغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق غەلىبە قىلـغىنى 18 نەپەر، داھىي يازغۇچى بولغىنى تۆت نەپەر.

بۇ يەردە شۇنى بىلىش كېرەككى، ئەدەبىي ئېقىم — ئۇسلۇب، ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەدەبىي ھادىـسە بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي ئېقىم، ئۇسلۇب ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلى قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. ئۇسـلۇب — يازغۇچىلاردىكى خاسلىقنىڭ كونكرېت ئەسەردە ئىپادىلىـنىشى. ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولسا، يازغۇچى ئىجادىيەت جەريانىدا قوللىنىدىغان ئۇسۇل، ئەمەل قىلىدىغان پرىنسىپتىن ئىبارەت. ئەدەبىي ئېقىم بولسا مەلۇم ئورتاقلىق ئاساسىدا ئاڭسىز ياكى ئاڭلىق ھالدا بىرلىشىش جەريانىدا شەكىللەنگەن مەزھەپ ھادىسىسى.

ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدىكى يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئەھۋال ئىچىدە كۆپرەك ئۇچرايدىغىنى ئىككىنچى خىل ئەھۋال. چۈنكى بەزى مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئۇسلۇبىدىكى ئۆزـگىچىلىك ۋە يېڭىلىقلارنىڭ تەسىرى زور ۋە بەزىدە دەرىجىدىن تاشقىرى بولىدۇ. مودېرنىزملىق ئەدەبىياتقا تەۋە يېڭى پروزىچىـلىق ئېقىمى فرانسىيىدە مەيدانغا كەلگەن. ناتالى، ساررائۇن، ئارلان زوببى كرىلىت، كرو ئىدسىمۇن، مىخائىل بۇنتۇن بۇ ئېقىمنىڭ بايراقدارلىرى. گەرچە ئۇلار ۋەتەنداش، زامانداش بولـسىمۇ، رەسمىي قۇرغان ئەدەبىي تەشكىلاتى يوق، پروگراممىسى

www.uyghurkitap.com

ۋە تەشەببۇسلىرىمۇ يوق. ئۇلار ئۆزلىرىنى بىر ئېقىمدىكىلەر دەپ ھېسابلايدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلار يېقىنلىق يارىتىپ، يېڭى پروزىلارنى شەكىللەندۈرۈش مەقسىتىدە ئاڭسىز يېقىنلىشىپ قال-غانلاردۇر. چۈنكى ئۇلار: 1) ئەنئەنىۋى پروزىچىلىققا قارشى جەڭ ئېلان قىلىپ يېڭى پروزىچىلىقنى تەشەببۇس قىلدى؛ 2) ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈشىدىكى ئادەمنى مەر-كەز قىلىشقا قارشى تۇردى؛ 3) سۆژىت ئادەمنى مەركەز قىلمى-غاچقا قالايمىقان قانات يايدۇرۇلدى؛ 4) يېڭى پروزىچىلىق ئۆز-گىچە قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولدى؛ 5) يېڭى پروزىچىلىق تەسۋىرلەشنى ئاساسلىق ئۇسۇل قىلىپ قوللاندى. يېڭى پروزىچى-لىق ئېقىمى مۇشۇ ئورتاقلىقلار ئاساسىدا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى يېڭىچە بولۇش، مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە بولۇش، ئوبيېكتىپ ھالدا بولۇش، ۋەزنىلىك بولۇشتەك ئۇسلۇبلار ئورتاقلىقىغا ئىگە بولدى.

دېمەك، ئەدەبىي ئېقىم كۆپرەك ئۇسلۇب ئورتاقلىقى ئاسا-سىدا شەكىللەنگەن ئەدەبىي ھادىسىدۇر.

### 3. ئەدەبىي ئېقىمنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى

ئەدەبىيات تارىخىدىكى بىرمۇنچە ئېقىملار ئوخشىمىغان ئا-مىللارنىڭ تەسىرى كۆرسىتىشى ۋە رول ئوينىشى بىلەن پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى كۆپ جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە.

ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ:

1. ئورتاقلىق ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مۇمكىنچى-لىكى — ئەدەبىي ئېقىمنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بى-رى. ئەدەبىي ئېقىمنى بۇ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان ئامىل ئەدەبىي ئېقىمدىكى ئىدىيىۋى خاھىش ئورتاقلىقى بىلەن بەدىئىي

ئىزدىنىش جەھەتتىكى ئورتاقلىقتۇر. دېمەك ئورتاقلىق ۋە ئورتاقلىق ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مۇمكىنچىلىكىگە ئېرىشىش ئەدەبىي ئېقىمنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى. لاتىن ئامېرىكىسى نەچچە يۈز يىل ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىگە ئۇچرىغان رايون. ئۇلار ئۇزاق مۇددەت مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىپ ئاخىر مۇستەقىل ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر بولۇپ تەشكىللەندى. بۇنىڭ بىلەن قەدىمكى مايا مەدەنىيىتى گۈللىنىپ، ئۇ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى بىلەن بىرلىشىپ لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئالاھىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت رېئاللىقىنى پەيدا قىلدى. يېڭى رېئاللىق لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرى ۋە مىللەتلىرى ئەدەبىياتىدا ئىدىيىۋى خاھىش ۋە بەدىئىي ئىزدىنىش جەھەتتە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن يازغۇچىلار ئىدىيىۋى خاھىش ۋە بەدىئىي ئىزدىنىش جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە بولدى. مۇشۇنداق ئورتاقلىق بىلەن لاتىن ئامېرىكىسى ئەدەبىياتىدا سېھرىي رېئالىزم ئېقىمى ۋە سېھرىي رېئالىزملىق ئەدەبىيات بارلىققا كېلىپ پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى. بۇ يەردىكى ئورتاقلىق مۇنداق ئۈچ خىل مەنىگە ئىگە: 1) ئەدەبىي ئېقىمدا ئىدىيىۋى خاھىش ئورتاقلىقى بولىدۇ؛ 2) ئەدەبىي ئېقىمدا بەدىئىي جەھەتتە ئىزدىنىش روھى ئورتاقلىق بولىدۇ؛ 3) ئەدەبىي ئېقىمدا ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئورتاقلىق بولىدۇ. شۇ تۈپەيلىدىن ئەدەبىي ئېقىملار ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ، بىر تەرەپتىن مەلۇم ئېقىمغا تەۋە يازغۇچىلاردىكى خېلى يۇقىرى ئېستېتىك ساپانى نامايان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭىچە سەنئەت ۋە ئېستېتىك قاراشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇنداقلا بۇ قاراشلارنى تەرغىب قىلىش ۋە كېڭەيتىش رولىنى ئوينايدۇ.

2. ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ يەنە بىر گەۋدىلىك خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ئۇيۇشچانلىقىدۇر. ئەدەبىي ئېقىم يازغۇچىلارنىڭ ئاڭلىق

ياكى ئاڭسىز ئۇيۇشۇشىدىن شەكىللەنگەن مەزھەپ بولغاچقا، يازغۇچىلاردىكى ئورتاقلىق ئۇلارنى ئۇيۇشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. نورغۇن جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە بولغان يازغۇچىلار بەزىدە ئۆزلىرى تەشكىللىنىپ بىر ئېقىم بولالىشى ناتايىن. ئۇلارنىڭ ئاڭسىز ئۇيۇشۇپ قېلىشىنى باشقىلار تەتقىق قىلىپ «تەشكىللەش» بىلەن ئېقىم دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. بالزاك، مۇپاسسان، سىتېنداڵ، فلوبېر قاتارلىق ئۇلۇغ يازغۇچىلار ئايرىم - ئايرىم بىر تەنقىدىي رېئالىزم ئېقىمى بولۇپ شەكىللەنگەن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشلىرى، بەدىئىي ئىزدىنىشلىرى، بەدىئىي غايىلىرى كۆپ جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ قالغان. XIX ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا يۈز بەرگەن بۇ خىل ئەدەبىي ھادىسىنى ئا. م. گوركىي تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «تەنقىدىي رېئالىزم» ئاتالغۇسىنى كەشىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەزھىپىنى «تەنقىدىي رېئالىزم ئېقىمى» دەپ ئاتىدى. لېكىن ئايرىم پائالىيەتچى ئۇنسۇرلار تەشكىللەيدىغان ئەدەبىي ئېقىملار كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق ئېقىملار يازغۇچىلارنى بىر مەشھۇر يازغۇچى ياكى ئۇلۇغ بىر نەزەرىيە بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئېقىمنى كۈچلۈك ئۇيۇشچانلىققا ئىگە قىلىدۇ.

3. ئەدەبىي ئېقىملار — ئۆزگىرىشچانلىققا، يېڭىلىنىش ۋە ۋارىسلىق قىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. ھەر قانداق بىر ئېقىم ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى مۇتلەق ئەمەس. ئۇ ھامان شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىپ يېڭىلىنىش ياكى يوقىلىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. چۈنكى بىرىنچىدىن، ھەرقانداق بىر ئېقىم يەنە بىر ئېقىمغا قارشى تۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا تەرەققىي قىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، ھەرقانداق ئېقىم ئىلگىرىكى ئېقىملارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى ئىدىيە ۋە سەنئەت جەھەتتە قۇدرەت تاپقۇزىدۇ. ئۈچىنچىدىن،

ئەدەبىي ئېقىم ئىسلاھ قىلىنىدۇ، ئۆزگىرىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى يوقىلىدۇ. مودېرنىزملىق ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئېپادىچىلىك ئە-دەبىي ئېقىمى ئەنئەنىۋى رېئالىزم ئېقىمىنىڭ «ئوبيېكتىپ رېئال دۇنيانى ھەقىقىي قىياپىتى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش» تىن ئىبارەت ئەدەبىيات قارىشىغا قارىمۇ قارشى ھالدا «ئوبيېكتىپ دۇنيانى يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسى بويىچە قايتىدىن قۇراشتۇرۇش يولى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە مۇشۇ قاراش يېتەكچىلىكىدە ئىجادىيەتنى قانات يايدۇرۇپ بەزى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەدبىي ئېقىملارنىڭ تارىخىي رېئاللىق بە-لەن زىچ باغلىنىشچانلىقىقا ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىمۇ بار.

## 4. ئەدەبىي ئېقىمنىڭ رولى ۋە تارىخىي چەكلىمىسى

ئالاھىدە ۋە مۇرەككەپ ئەدەبىي ھادىسە بولغان ئەدەبىي ئې-قىمنىڭ مىللەتنىڭ ۋە دەۋرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تارىخىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولى بار. بىر تەرەپتىن، ئەدەبىي ئېقىملار ئەدەبىياتنىڭ ئىجادىيەت، نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە پائالىيەت تەرەققى-ياتىنى ئىلگىرى سۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىي ئېقىملار ئەدەبىياتنىڭ مەلۇم تارىخىي دەۋردىكى تەرەققىيات سۈرئىتى بە-لەن تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا:

1. مەلۇم ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ مەيدانغا كېلىپ روناق تېپى-شى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرىدۇ. چۈنكى ئەدەبىي ئېقىم ئورتاقلىقىقا، ئۇيۇشچانلىقىقا ئىگە بولغاچقا، بۇ خىل ئالاھىدىلىك كونكرېت ئەدەبىي ئېقىمدا ئىند-تېرتسىيىلىك قۇدرەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ خىل مەنىۋى قۇدرەت يازغۇچىلارغا يول ئېچىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتنى كەڭ قانات يايدۇرۇشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

2. ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئەدەبىيات تەرەققىياتىدا قايىنام ـ تاشقىنلىق ھالەتنى پەيدا قىلىدۇ ۋە بۇ خىل ياخشى ۋەزىيەتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. چۈنكى بىر ئەدەبىي ئېقىم بىر تەرەپتىن شۇ تارىخىي باسقۇچتىكى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ياراتسا، بۇ خىل ۋەزىيەتنى نامايان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ خىل ياخشى ۋەزىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇستەھكەملەش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ئەدەبىي ئېقىملار ئاكتىپ رول ئويناپ، مىللەتنىڭ ۋە دەۋرنىڭ پۈتكۈل ئەدەبىيات كەيپىياتىغا تەسىر قىلىدۇ. شۇنداقلا ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى بىر مۇنچە يېڭى مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇنازىرە ـ مۇھاكىمىلەرنى قوزغاپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىنىڭ جانلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا مەلۇم بىر ئىلغار ئەدەبىي ئېقىمنىڭ مەيدانغا كېلىشى -- يېڭىچە ئەدەبىيات تەرەققىياتى ۋەزىيىتىنىڭ روشەن بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

3. ئەدەبىي ئېقىمنىڭ يازغۇچىلارنى يېتەكلەش ۋە تەربىيەلەش رولى بار. مەلۇم ئەدەبىي ئېقىم ياراتقان پەلسەپىۋى، ئەدەبىي قاراشلار بىلەن ئەدەبىي ئۇسلۇبلار يازغۇچىلارغا ئاز ـ تولا تەسىر كۆرسەتمەي مۇمكىن ئەمەس. مەلۇم ئېقىمغا تەۋە يازغۇچىلارنىڭ باشقا يازغۇچىلارغا قارىغاندا ئىدىيىۋى سەۋىيە، كەسپىي سەۋىيە، بەدىئىي ماھارەت سەۋىيىسى جەھەتتە تەربىيىلىنىشى ياخشىراق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئانارخىستىك خاھىشلاردىن خالىي بولغاچقا، سۈرئەت جەھەتتە نىسبەتەن تېز ۋە ماس قەدەملىك بولۇپ بەلگىلىك ئۇنۇم يارىتىدۇ.

دېمەك، ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ ئاكتىپ رولى ۋە ئەھمىيىتى بار. لېكىن بۇلار مۇتلەق ئەمەس. ئەدەبىي ئېقىم يالغۇزلا ئەدەبىي ھادىسىلا ئەمەس، يەنە ئۇ بىر خىل تارىخىي ھادىسە. شۇڭا ئۇ مەلۇم چەكلىمىلەردىن خالىي بولالمايدۇ. ئەدەبىي ئېقىمنىڭ چەكلىمىسى مۇنداق ئىككى تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرى، بەزى

ئەدەبىي ئېقىملار ئورتاقلىقنى ھەددىدىن تاشقىرى قوغلىشىپ، يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت جەھەتتىكى خاسلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئاز - تولا پاسسىپ تەسىر كۆرسەتتىدۇ. كلاسسىزم ئەدەبىي ئېقىمى ئۈچ بىرلىكنى — ماكان بىرلىكى، ۋاقىت (زامان) بىرلىكى ۋە ۋەقە بىرلىكىنى بەك قىزغىلىشىپ كەتكەچكە، بۇ ئېقىمغا تەۋە يازغۇچىلاردىكى خاسلىقتا ئاز - تولا تەسىر يەتكەنىدى. شۇڭا ئورتاقلىق بىلەن خاسلىقنىڭ بىرلىككە كاپالەتلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنە بىرى، بەزى ئېقىملار يازغۇچىلارنى ئۆزىگە پرىنسىپسىز ۋە مەجبۇرىي تارتىپ، ياكى باشقا ئېقىملارغا ئورۇنسىز ھۇجۇم قوزغاپ، ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسەتتىدۇ. ئەدەبىي ئېقىملار ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئاكتىپ ھادىسە، ئۇ ئەدەبىيات تەرەققىياتىنى ۋە ئەدەبىيات ئىلمىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتنىڭ مەنىۋى بايلىقىنى بېيىتىدۇ. شۇڭا ئىلغار ئېقىملارنىڭ شەكىللىنىشىگە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى توغرا لىنىيىلىك رىقابەتنىڭ قانات يېيىشىغا ئىمھام بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

## مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. تۆۋەندىكى ئاتالغۇلارغا تەبىر بېرىڭ: ئەدەبىي ئۇسلۇب، ئەدەبىي ئېقىم، ئەدەبىيات پىكىر ئېقىمى.

2. نېمە ئۈچۈن ئۇسلۇبنى تەتقىق قىلىش كېرەك؟

3. ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتىدىغان ئاساسىي ئامىللار قايسى؟

4. بىر - ئىككى نادىر ئەدەبىي ئەسەر مىسالى ئارقىلىق ئۇسلۇبنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بايان قىلىڭ.

5. تۆۋەندىكى سوئاللارغا قىسقىچە جاۋاب بېرىڭ.

(1) نېمە ئۈچۈن ئۇسلۇب خاسلىقتا ئىگە بولىدۇ؟

(2) نېمە ئۈچۈن ئۇسلۇب كۆپ خىللىقتا ئىگە بولىدۇ؟

(3) نېمە ئۈچۈن ئۇسلۇب ئۆزگىرىشچانلىقتا ئىگە بولىدۇ؟
(4) نېمە ئۈچۈن ئۇسلۇب ئىزچىللىقتا ئىگە بولىدۇ؟
6. ئەدەبىي ئۇسلۇب قانداق ئىپادىلىنىدۇ؟
7. ئەدەبىي ئېقىمنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدىكى ئۈچ خىل ئەھۋال قايسى؟
8. ئەدەبىي ئېقىمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بايان قىلىڭ.
9. ئەدەبىي ئېقىمنىڭ رولى ۋە تارىخىي چەكلىمىسى قانداق بولىدۇ؟

# X باب

# ئىجادىيەت ئۇسۇلى

ئەدەبىيات — بىر خەلق مەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئەدەبىي ئىجادىيەت بولسا مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتى. ئەدەبىياتنىڭ سۈپەت - ساپاسى مىللەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ساپاسىنى، جۈملىدىن مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسىنى كۆرسىتىدىغان بەلگە. ئەدەبىياتنىڭ ساپاسى — ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىكتە، مەزمۇن بىلەن شەكىلدە، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىستېتىك ئۈنۈم - قىممەت جەھەتتە تەڭ يۈكسەلگەن نادىر ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ ئىجاد بولۇشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. شۇڭا يازغۇچىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچى ۋە مىللىي مەسئۇلىيىتى نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، مىللەتنى ئۇنىۋېرسال بىلىم، ئەدەپ - ئەخلاق، ئېستېتىك جەھەتتە تەربىيىلەپ، ئۇنىڭ مەنىۋى ساپاسىنىڭ يۇكسىلىشىگە تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت. يازغۇچى نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشتا بىر تەرەپتىن، مول تۇرمۇش بىلىمىگە ۋە كەسپىي بىلىمگە، توغرا ۋە ئىلمىي بولغان ئىدىيە، سەنئەت ۋە ئېستېتىك قاراش يېتەكچىلىكىگە تايىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىدە بار پىسخىكىلىق ئەۋزەللىكلەرگە - ئىقتىدارغا، تالانت - قابىلىيەتكە ۋە تېخنىكىلىق ماھارەتكە تايىنىدۇ. ئۈچىنچى تەرەپتىن، يەنە مەلۇم ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا تايىنىدۇ. ئۇنىڭدا بىرىنچى، ئىككىنچى شەرت ھازىرلىنىپ، ئۈچىنچى شەرت ھازىرلانمىسا، يەنى ئۇ ئىلمىي، توغرا، ئۈنۈملۈك ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى

www.uyghurkitap.com

ئىگىلىمىگەن بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ نادىر ئەسەرلەرنى يازالمىشى
ناتايىن.

ئىجادىيەت ئۇسۇلى — ئەدەبىيات بىلەن تۇرمۇشنىڭ، يازغۇ-
چى بىلەن خەلقنىڭ، ئەسەر بىلەن زوقلانغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى
توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا، يۈكسەك ۋە گۈزەل بەدىئىي ئوبرازلار-
نى يارىتىشتا يازغۇچى ئەمەل قىلىدىغان مۇئەييەن قائىدە ـ پرىن-
سىپلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئەدەبىي ئۇسلۇب، ئەدەبىي پىكىر
ئېقىمى ۋە ئەدەبىي ئېقىملار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئەدە-
بىياتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇسۇلى
ئەدەبىيات ۋە ئېستېتىكا نەزەرىيىسى ئىلمىدىكى قانۇنىيەتلىك مە-
سىلە ۋە ئىلمىي ئۇقۇم. ھەر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ شەكىل-
لىنىش، ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىي قىلىش قانۇنىيەتلىرى بىلەن
ئۇنىڭ باشقا ئەدەبىي ھادىسىلەر بىلەن بولغان باغلىنىشلىق مۇنا-
سىۋىتىنى تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش بىرىنچىدىن، ئەدەبىياتنىڭ
ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئىجادىيەت تەرەققىياتى قانۇنىيەتلىرىنى
تېپىپ چىقىشقا بۇ قانۇنىيەتلەرنى ئىلمىي سىستېمىغا سېلىشقا
پايدىلىق. ئىككىنچىدىن، ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى بى-
لەن زامانىۋى ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنىڭ ئېسىل تەرەپلىرىنى بىر
گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىجادىيەت ئۇچۇن كەڭ يول ئېچىپ،
ھازىرقى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق.
ئۈچىنچىدىن، ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمىنى، بولۇپمۇ ئەدەبىيات
نەزەرىيىسى ئىلمىنى بېيىتىشقا پايدىلىق.

بىز بۇ بابنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئەدەبىيات تارىخىدىكى
ئاساسلىق ئىككى خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى — رېئالىزم بىلەن
رومانتىزمنىڭ قائىدە ـ پرىنسىپلىرى، شۇنداقلا بۇ ئىككىسىنىڭ
تارىختىكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى ئۆزگىرىشى ۋە كېڭىيىشى بول-
غان كلاسسىزم، ناتۇرالىزم، تەسىرچىلىك، ئىپادىچىلىك، مو-
دېرنىزم، سېھرىي رېئالىزم، دەرىجىدىن تاشقىرى رېئالىزم قا-

تارلىق ئۇسۇللارنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرى ھەققىدە بەلگىلىك تونۇشقا ۋە بىلىمگە ئىگە بولىمىز.

## § 1 . ئىجادىيەت ئۇسۇلى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

### 1. ئىجادىيەت ئۇسۇلى دېگەن نېمە؟

ئىجادىيەت ئۇسۇلى — بىرەر نەرسىنى ئىجاد قىلىش ياكى بىرەر قانۇنىيەتنى كەشىپ قىلىش ئۇسۇلى. ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىر خىل كەڭ ئۇقۇم. ئۇسۇل (مېتود) — ئىنسانلارنىڭ رېئاللىقتا ۋە تەبىئەت بىلەن جەمئىيەت ھادىسىلىرىگە مۇئامىلە قىلىش شەكلى. ئىجادىيەت ئۇسۇلى — ئىنسانلارنىڭ ئىجاد قىلىش ۋە كەشىپ قىلىش پائالىيىتىدە قوللىنىدىغان كونكرېت پرىنسىپ ۋە ئۇسۇلىدىن ئىبارەت.

ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولسا، ئۇسۇل، جۈملىدىن ئومۇمىي ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا نىسبەتەن بىر خىل تار مەنىدىكى ئۇقۇم. ئۇنداقتا ئەدەبىياتتىكى ئىجادىيەت ئۇسۇلى دېگەن نېمە؟

ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئادەتتە سەنئەت ئۇسۇلى ياكى ئىجادىيەت پرىنسىپى دېيىلىدۇ. يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدا رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تونۇش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئەمەل قىلىدىغان پرىنسىپى ياكى قوللانغان ئۇسۇلى — ئىجادىيەت ئۇسۇلى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىجادىيەت ئۇسۇلى بەدىئىي بىلىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىنى ۋە يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش پرىنسىپىدۇر. ئۇ تۇرمۇشنى تونۇش، تېما تاللاش، تېمىنى تاۋلاشتىن تارتىپ بەدىئىي ئوبرازنى يارىتىشقىچە بولغان جەرياندا يازغۇچى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئەمەل قىلىدىغان

www.uyghurkitap.com

پرىنسىپ ياكى ئۇسۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەتتە ئوينايدىغان رولى چوڭ بولىدۇ.

ئىجادىيەت ئۇسۇلى ھەرگىز دوگما، تۇرغۇن ھالەتلىك نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۆزگىرىش، تەرەققىيات، يېڭىلىنىش خاراكتېرلىك نەرسە بولغاچقا، بىرمۇنچە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

بىرىنچى، ھەر قانداق بىر ئىجادىيەت ئۇسۇلى ماكان ۋە زامان خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. بۇ خىل خۇسۇسىيەت ئۇنىڭ روشەن ئىجتىمائىيلىق ۋە تارىخىيلىق خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن. XIX ئەسىردە بارلىققا كەلگەن تەنقىدىي رېئالىزم ئۇسۇلى كاپىتالىزم جەمئىيىتى ۋەھشىيلەشكەن، كاپىتالىستلار بىلەن ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۆتكۈرلەشكەن، چىرىكلىك ئىللەتلىرى كۆپىيىپ كەتكەن تارىخىي رېئاللىقنىڭ مەھسۇلى. ئاشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى غەربىي ياۋروپا ۋەزىيىتى تەنقىدىي رېئالىزمنى ياراتقان ماكاندۇر. بالزاك، موپاسسان، دىككىنس قاتارلىق تەنقىدىي رېئالىزمچى يازغۇچىلار مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ «كىشىلىك كومېدىيىسى»، «ھايات»، «مارجان»، «قىزىل ۋە قارا» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەرنى ياراتقان.

ئىككىنچى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە. ئۇ مەلۇم بىر دەۋردىكى ياكى مەلۇم بىر ئەلگە ۋە مىللەتكە تەۋە يازغۇچىلارنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈش، مۇشۇ جەرياندا مەلۇم ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىجادىيەتتە نەتىجە ياراتقان ئەمەلىيىتىنىڭ نەتىجىسى. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى چوڭقۇر تونۇش، ئۇنى سەنئەت پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ قايتا ئىپادىلەش ئەمەلىيىتىنىڭ نەتىجىسى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى م. گوركىي «ئانا» رومانى قاتارلىق ئىشچىلار تۇرمۇشى تېمىلىرىدىكى نادىر ئەسەرلەرنى يېزىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، سوتسىيالىستىك رېئالىزم ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلغانىدى.

سوتسىيالىستىك رېئالىزم 50 ـ يىللاردا جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتىغا تەتبىق قىلىنىشى ئارقىسىدا «ئىككىنى بىرلەشتۈرۈش» ئىجادىيەت پرىنسىپى بولۇپ شەكىللەندى.

ئۈچىنچى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئۆزگىرىشچانلىقتا ئىگە. بۇ خىل ئۆزگىرىشچانلىقنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىش، يېڭىلىنىش قانۇنىيىتى بىلەن ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرىكەت قانۇنىيىتى بارلىققا كەلتۈرگەن.

نېمە ئۈچۈن ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچ تۈرلۈك سەۋەبى بار: بىرى، ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى ئىچىدىكى پارچىلىنىش ۋە ئۆزئارا قوشۇلۇش — ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىلاپ تۇرىدۇ. يەنە بىرى، ھەر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئوتتۇرىسىدا دائىم رىقابەت، مۇسابىقە ۋە خىرىس ۋەزىيىتى شەكىللىنىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل رىقابەت، خىرىس بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتسا، يەنە بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ. ئۈچىنچى بىرى، ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا تەسىرلىنىش ۋە ۋارىسلىق قىلىش بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل قانۇنىيەت سەۋەبىدىن ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە بولىدۇ. مودېرنىزم — ئەنئەنىۋى رېئالىزمنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە كېڭىيىشىدىن بارلىققا كەلگەن. ئۇ ئەنئەنىۋى رېئالىزم — ئۇسۇلىنىڭ بىر مۇنچە تەرەپلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان، ھەتتا ناتۇرالىزمنىڭ بەزى ئەنئەنىلىرىگىمۇ ۋارىسلىق قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلغان.

ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئەدەبىي ئېقىم، ئۇسلۇبلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەمما پەرقلىق ھادىسە. ئەدەبىي ئېقىم — مەلۇم ئورتاقلىق ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ، ئەدەبىي ئۇسلۇب —

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يازغۇچىنىڭ ئۆزىدىكى خاسلىقنى گەۋدىلەندۇرۇش ماھارىتى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. لېكىن ئىجادىيەت ئۇسۇلى يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدا سەنئەت پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەدىئىي ئوبرازنى يارىتىشى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن. دېمەك ئەدەبىي ئىقىم — ئورتاقلىق، ئەدەبىي ئۇسلۇب — خاسلىق، ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولسا سەنئەت پرىنسىپى ۋە مىزاندۇر.

## 2. دۇنيا قاراش بىلەن ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ مۇناسىۋىتى

دۇنيا قاراش — ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە ئىجتىمائىي دۇنيا توغرىسىدىكى ئومۇمىي تونۇشى ۋە توپ نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ يىغىندىسى.

بۇلار ئىچىدە پەلسەپىۋى قاراش يۇكسەك قاراش بولۇپ، بۇ ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل پائالىيىتىنىڭ قىبلىنامىسى ھېسابلىنىدۇ. سىياسىي قاراش بولسا ئادەملەرنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلىرىنى تىزگىنلەش خاراكتېرلىك قاراشتىن ئىبارەت.

ئەدەبىي ئىجادىيەت — مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتى، مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپا قۇرۇلۇشىنىڭ بىر تەرىپى. شۇڭا يازغۇچىلاردىن ئىلغار دۇنيا قاراشقا ئىگە بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ پەلسەپىۋى قارىشى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئېستېتىك قارىشى ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن تەسىر كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى رېئال ئىجتىمائىي دۇنيادىكى تۈرلۈك ئامىللارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللىنىدۇ. شۇڭا يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشىمۇ تارىخىيلىققا، ئەمەلىيەتچانلىققا، نىسبىي تۇراقلىققا ۋە چەكلەش رولىغا ئىگە بولىدۇ. لېكىن شۇنى بىلىش

كېرەككى، يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى-
غىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ.
يازغۇچى دۇنيا قارىشىنىڭ ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا نىس-
بەتەن يېتەكلەش خاراكتېرلىك تەسىرى مۇنداق بولىدۇ:
بىرىنچى، مۇئەييەن ئىجادىيەت ئۇسۇلى مۇئەييەن دۇنيا قا-
راشنىڭ تەسىرى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ، شۇنداقلا مۇئەييەن ئى-
جادىيەت ئۇسۇلى مۇئەييەن دۇنيا قاراشنىڭ تەسىرى ۋە يېتەكچى-
لىكىدە تاللىنىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ. ئالايلى: كلاسسىزم ئىجادى-
يەت ئۇسۇلى سىنتېمېنتالىزم (ئەقىل - ئىدراكقا چوقۇنۇش مە-
سلىكى) قارىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. نۇرغۇن يازغۇچىلار
كلاسسىزم ئۇسۇلىنى مۇشۇ قاراش يېتەكچىلىكىدە تاللاپ ئىشلەت-
كەن. سوتسىيالىستىك رېئالىزم بولسا ماركسىزملىق پەلسەپىۋى
قاراش ۋە جەمئىيەت قارىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. سابىق سو-
ۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو قاتارلىق سوتسىيالىستىك ئەللەردىكى
كۆپلىگەن يازغۇچىلار سوتسىيالىستىك رېئالىزمنى مۇشۇ دۇنيا
قاراش تەسىرى بىلەن تاللاپ ئىشلەتكەن. مودېرنىزملىق ئىجادى-
يەت ئۇسۇلىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى — پراگماتىزمدۇر. ئىك-
كىنچى، دۇنيا قارىشىدىكى ئۆزگىرىش ۋە ئىلگىرىلەش ھامان
ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە تەرەققىياتىغا تەسىر كۆر-
سەتمەي قالمايدۇ. ئېلىمىز ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان
ئەدەبىيات تارىخىدىكى بىر مۇنچە پېشقەدەم يازغۇچىلار ماركسىزم-
لىق دۇنيا قاراشنىڭ تەسىرى بىلەن ئەنئەنىۋى رېئالىزمدىن سوت-
سىيالىستىك رېئالىزمغا ئۆتكەن ۋە مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ
بىرمۇنچە نادىر ئەسەرلەرنى ياراتقان. ئۈچىنچى، دۇنيا قارىشىدى-
كى خىلمۇ خىل زىددىيەتلەر ھامان يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇ-
لىدا ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ل. تولستوي ئۇلۇغ تىل سەنئەتكا-
رى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك
پەللىسى ۋە روسىيە جەمئىيىتىنىڭ ئەينىكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

روسىيە رېئاللىقىنى چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ، رەزىللىكلەرنى تەنقىد قىلدى. رۇس خاراكتېرىنى نامايان قىلدى. لېكىن ئۇ خرىستىئان دىنىنىڭ سادىق مۇخلىسى بولغاچقا، ئۇنىڭ دىنىي قاراشلىرىنىڭ تەسىرى ئىجادىيىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپماي قال-مىدى.

دېمەك، دۇنيا قاراش، بولۇپمۇ يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى بىر تەرەپتىن، يازغۇچىنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى خاھىشىنى بەلگىلەش رولىنى ئويناپ، ئۇنىڭ تېمىنى تۇرغۇزۇش، باش تېمىنى يورۇتۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، يازغۇچى-نىڭ قايسى خىلدىكى ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى تاللاپ قوللىنىشىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئۈچىنچى تەرەپتىن، دۇنيا قارىشىدىكى زىددى-يەت ۋە قايمۇقۇش ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

لېكىن، گەرچە ئىجادىيەت ئۇسۇلى دۇنيا قاراش تەسىرى بىلەن بارلىققا كەلسىمۇ، ئەمما ئۇ نىسبىي مۇستەقىل ھادىسە بولغاچقا، دۇنيا قاراشقا نىسبەتەن بەلگىلىك ئەكس تەسىر كۆر-سىتىدۇ. ئۇنداقتا بۇ خىل تەسىر قانداق بولىدۇ؟

بىرىنچى، ئەگەر يازغۇچى ئىلغار ۋە ئىلمىي ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى تاللاپ قوللانغان بولسا، بۇ خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى يازغۇچى بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش رولىنى ئويناپ، يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشە-نىشىگە ۋە تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا يازغۇچى رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئىپادىلەپ، خەلق ئارزۇ قىلغان بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىش ئۈچۈن ئىلغار ياكى ئىلمىي بولغان ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ئاڭلىق تاللاپ ئىشلە-تىشى لازىم، ئەلۋەتتە.

ئىككىنچى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئۆز نۆۋىتىدە يازغۇچىنىڭ سىياسىي ياكى سەنئەت قارىشىدىكى بەزى سەۋەنلىكلەرنى، ھەتتا خاتالىقلارنى ئىجادىيەت جەريانىدا تونۇۋېلىشىغا ۋە تۈزىتىۋېلىشىغا

ياردەم بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بەدىئىي ئوبرازنى تېخىمۇ چىن، ھەقىقىي، غايىۋى ۋە تەسىرلىك قىلىپ يارىتىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى فادېيېۋنىڭ «تارمار» رومانىنى يېزىش ئەمەلىيىتى قوللانغان سوتسىيالىستىك رېئالىزم ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىدىيەسىنى تۈزىتىۋېلىشىغا ياردەم بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلىغانىدى. فادېيېۋ ئاساسىي قەھرىمان مېچىكنى باشتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇچى قىلىپ تەسۋىرلىمەكچى بولغانىدى. لېكىن فادېيېۋ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا بۇ ئىدىيىسىنى تۈزىتىپ، ئۇنى ئۇنداق ھالەتتە تەسۋىرلىمىدى.

ئۈچىنچى، ئادەتتە دۇنيا قاراشنىڭ ئۆزگىرىشى تېزرەك بولىدۇ، ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاستا بولىدۇ، شۇنداقلا بىر خىل دۇنيا قاراشتىكى يازغۇچىلار ئوخشىمىغان ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى ئىشلىتىپ بىردەك نەتىجە يارىتالايدۇ. ئېلىمىز يازغۇچىسى ماۋدۇن (شىن يەنبىڭ) 30 ـ، 40 ـ يىللاردا ئەنئەنىۋى رېئالىزم ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يىرىك رومانلارنى يېزىپ زور نەتىجە ياراتقان ئۇلۇغ تىل سەنئەتكارى. لېكىن ئۇ ماركسىزمنى ئىگىلەپ ماركسىزمچىغا ئايلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا ئۆزگىرىش بولمىدى. شۇڭا ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن ئەدەبىي ئەسەر يازمىدى. ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىدىن قەييۇم تۇردى، زوردۇن سابىر، ت. ئېلىيوپلار سوتسىيالىستىك رېئالىزم ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ياخشى ئەسەرلەرنى ياراتقان بولسا، مۇھەممەت باغراش، ئەختەم ئۆمەر، خالىدە ئىسرائىللار مودېرنىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپمۇ نادىر ئەسەرلەرنى ياراتالىدى.

### 3. ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى

ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىر ـ بىرى

www.uyghurkitap.com

بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەمما ئۆزئارا پەرقلىق ئۇقۇملاردۇر. شۇڭا
ئۇلارنى بىر نەرسە دەپ قاراشقا، شۇنداقلا مۇناسىۋەتسىز نەرسە
دېيىشكە بولمايدۇ.

ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ مۇناسىۋە-
تى بىلەن پەرقلىرى مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى — توپ پرىنسىپ ۋە مىزاندىن
ئىبارەت. شۇڭا ئۇ تۇرمۇشنى تونۇش، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈ-
رۈش، بەدىئىي ئوبرازنى يارىتىش جەھەتتە يازغۇچى ئەمەل قىلى-
دىغان پرىنسىپ، مىزان ۋە ئۇسۇل. ئۇ ھامان بەدىئىي ئوبرازدا
گەۋدىلىنىدۇ. ئەختەم ئۆمەر «قۇرۇتلاپ كەتكەن كۆل» ناملىق
پوۋېستىدا نۇسرەت بىلەن سىدىقلارنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى مۇۋەپ-
پەقىيەتلىك ياراتتى. بۇ پېرسوناژلار ئويغانغان ھەم زامانىۋىلىققا
ئىنتىلگەن يېڭى دەۋر يېزا ياشلىرىنىڭ ئوبرازى. يازغۇچىنىڭ
ھازىرقى زامان رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى مۇشۇ ئوبرازدا
گەۋدىلىنىپ، مۇشۇ ئوبرازنى زور تەسىرگە ئىگە قىلالىدى.

ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولسا ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا نىسبەتەن تار
ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ بايان، تەسۋىر ۋە خىلمۇ خىل ئىستىلىستىك
ۋاستىلەردىن ئىبارەت. ئۇ بەدىئىي ماھارەت مەسىلىسى، ئۇ
پەقەت ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، خالاس.
«قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستىدا يازغۇچى ھازىرقى زامان
رېئالىزملىق ئۇسۇلنى جانلىق ئىشلىتىپ، تارىم خەلقىنىڭ خا-
راكتېرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنى ما-
ھىرلىق بىلەن قوللىنىپ، نۇسرەت ۋە سىدىقلارنىڭ ئوبرازىنى
يارىتالىدى.

ئىككىنچى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ساپ، تەبىئىي ھالەتلىك
نەرسە بولۇپ ھەممە مىللەت، ھەممە تەبىقە ئەدەبىياتى ئۈچۈن
ئورتاق مەنىۋى بايلىق. شۇڭا بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى
تاللىغان يازغۇچى ھەر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ

نەتىجە يارىتالايدۇ. شۇڭا مەيلى بىر شائىر شېئىرىي ئىجادىيەتتە رېئالىزمنى قوللانغان بولسۇن، مەيلى مودېرنىزمنى قوللانغان بولسۇن، ئوخشاشلا سېلىشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە قاتارلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئۆز ھېسسىياتىنى بىمالال ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

## § 2 . ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ تۈرلىرى

بىز جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىغا نەزەر تاشلىساق، يازغۇچىلار قوللانغان ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى تۈپەيلىدىن، ئەدەبىياتنىڭ رېئالىزملىق ئەدەبىيات، رومانتىزملىق ئەدەبىيات، سىمۋولىزملىق ئەدەبىيات، كلاسسىزملىق ئەدەبىيات، سېنتىمېنتالىزملىق ئەدەبىيات، ئىپادىچىلىك ئەدەبىيات، ناتۇرالىزم ئەدەبىياتى، فورمالىزم ئەدەبىياتى، سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق (يېڭى رېئالىزملىق) ئەدەبىيات، مودېرنىزملىق ئەدەبىيات قاتارلىق خىللارغا بۆلۈنگەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. يۇقىرىقى سۆپەت نامىلىرى مۇنداق تۆت خىل مەنىگە ئىگە: بىرى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى نامى. يەنە بىرى، ئەدەبىي ئېقىم نامى، ئۈچىنچى بىرى، ئەدەبىيات پىكىر ئېقىمى نامى. تۆتىنچى بىرى، مەلۇم تارىخىي دەۋردىكى مەلۇم ۋاقىت دەۋر سۈرگەن بىر خىل ئەدەبىيات نامى. لېكىن بۇ نام ـ ئاتالغۇلارنىڭ ئاساسىي كېلىپ چىقىش مەنبەسى يەنىلا مەلۇم ئەدەبىي ئېقىمغا ياكى ئەدەبىيات پىكىر ئېقىمىغا مەنسۇپ يازغۇچىلار قوللانغان ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ خاراكتېرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇ خىل ئاتالغۇلار ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەدەبىيات تارىخىدا، ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى، شۇ سەۋەبتىن مەلۇم دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ مەلۇم ئىجاد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەت ئۇسۇلى بىلەن ئاتىلىشى مەسلىسى مەۋجۇت ھادىسە. ئىجا-
دىيەت ئۇسۇلىنى تۇرلەرگە بۆلۈشتە بىر نىچچىدىن، يازغۇچىلارنىڭ
بىئاللىقا تۇتقان پوزىتسىيىسى بىلەن خاھىشىنىڭ ئوخشاش بول-
ماسلىقى سەۋەبلىك روھىي جەھەتتىن پەرقلىق بولۇشى ئاساس
قىلىنغان. ئىككىنچىدىن، يازغۇچىلارنىڭ پىسخىك خۇسۇسىيەت-
لىرى، ھېسسىي قابىلىيەت ۋە بەدىئىي ئىزدىنىش جەھەتتىكى
ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك قوللانغان ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنىڭ
پەرقلىق بولۇشى ئاساس قىلىنغان. بالزاك ئەدەبىياتنى «ئوبراز
ئەدەبىياتى، ئۇقۇم ئەدەبىياتى ۋە كېلىشتۇرمىچىلىك ئەدەبىياتى»
دەپ ئۈچكە بۆلگەن بولسا، گوركىي ئەدەبىياتنى ئىككى چوڭ
تۈرگە — رېئالىزملىق ئەدەبىيات ۋە رومانتىزملىق ئەدەبىيات
تۈرلىرىگە بۆلگەنىدى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئەدەبىياتتا ئاساسىي
ئېقىم ۋە گۇرۇھ ئىككىلا: ئۇ بولسىمۇ رومانتىزم ۋە رېئالىزم.
» گوركىينىڭ بۇ قارىشى ھازىرغىچە ئېقىپ كەلمەكتە. XX
ئەسىرنىڭ بېشىدا ئىجادىيەت ئۇسۇلى ماكرو جەھەتتە ئۈچكە بۆ-
لۈندى: رېئالىزم، رومانتىزم ۋە مودېرنىزم.

ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەدەبىيات قاد-
چىگە بۆلۈنۈشىدىن قەتئىينەزەر، رېئالىزم بىلەن رومانتىزم ئە-
دەبىياتتىكى ئاساسلىق ئىككى چوڭ ئېقىم ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلى
بولۇپ، باشقا نۇرغۇن ئۇسۇللار ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش ۋە كېڭە-
يىش ھادىسىسىدىن ئىبارەت. ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ بۇ ئىككىسىد-
نى ھەر قايسى ئەللەر ۋە مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ پاراللېل ھالدى-
كى ئىككى داغدام يولى دەپ ئاتىشىنىڭمۇ سەۋەبى شۇ يەردە.

نېمە ئۈچۈن رېئالىزم بىلەن رومانتىزم ئەدەبىيات تارىخىدى-
كى ئىككى خىل ئاساسلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولىدۇ؟ بىرىند-
چى، رېئاللىق بىلەن غايىنىڭ مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا،
كىشىلىك تۇرمۇشتا رېئالىزم بىلەن رومانتىزم روھلىرى ئۆز ئارا
بىرىكمە ھادىسە سۈپىتىدە مەۋجۇت. كىشىلىك تۇرمۇشقا رېئا-

لىستىك روھىي ئاسىللار بىلەن رومانتىزملىق روھىي ئامىللار
سىڭىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قانۇنىي-
تى، مەنتىقىسى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بۇ خىل قانۇنىيىتى
ۋە مەنتىقىسى رېئالىزم بىلەن رومانتىزمنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدى-
كى ئىككى ئاساسلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى بەلگىلى-
گەن. ئىككىنچى، يازغۇچىدىن ئىبارەت ئىجادىيەت سۇبيېكتىنىڭ
رېئاللىققا تۇتقان ئەمەلىي پوزىتسىيىسى بىلەن ئۇنىڭ پسىخىك
جەھەتتىكى ئاڭ سېزىمى، رېئاللىق بىلەن غايىنىڭ مۇناسىۋىتى
ھەققىدىكى تونۇشى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تۇرمۇشنىڭ كەلگۈسىگە
بولغان ئۈمىدى، ئىشەنچىسى ھامان بىرىكمە ھالەتتە بولىدۇ. ياز-
غۇچىنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە ئاڭ سېزىمى جەھەتتىكى بۇ ئالاھىدى-
لىك رېئالىزم بىلەن رومانتىزمنىڭ ئىككى خىل ئاساسلىق ئىجا-
دىيەت ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. ئۈچىنچىدىن، ئەدەبى-
يات تارىخىدىن ئورۇن ئالغان «ئىلىئادا»، «ئودىسسا»، «ئىلاھ
كومېدىيىسى»، «دونكىخوت»، «فائۇست»، «قۇتادغۇبىلىك»،
«جۇدالىق زارى»، «كىشىلىك كومېدىيىسى»، «ھاملېت»،
«ئوتىللو»، «رابىئە ــ سەئىدىن»، «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمى-
ھالى» قاتارلىق ئۇلۇغ ئەسەرلەردە رېئالىزم ۋە رومانتىزم ئامىل-
لىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن. دېمەك، ئىجادىيەتتە
رېئالىزم بىلەن رومانتىزمنىڭ ئۆزئارا بىر ــ بىرى بىلەن زىچ
باغلىنىپ، كونكرېت ئەسەرلەردە گەۋدىلىنىشى ئەدەبىياتنىڭ تا-
رىخىي ئەنئەنىسى. ئەدەبىيات تارىخىدىكى بۇ ئەنئەنە رېئالىزم
بىلەن رومانتىزمنىڭ ئاساسلىق ئىككى چوڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلى
ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىمۇ رېئا-
لىزم بىلەن رومانتىزم بىر گەۋدە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇشى بىر رېئال ھادىسىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 1. رېئالىزم

### (1) رېئالىزمنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى

رېئالىزمنىڭ تەبىرى ۋە رېئالىزم ئاتالغۇسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

رېئالىزم ئىنسانىيەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخىدىكى ئەنئەنىۋى ئىلغار ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ بىرى. ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىدا چوڭ رول ئوينىدى. رېئالىزم ـ ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمى، ئېستېتىكا ئىلمى قاتارلىق پەنلەردىكى مەركىزىي مەسىلە ۋە تېما ھېسابلىنىدۇ.

رېئالىزم گرېك تىلىدىكى Realism دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى «ئەمەلىيەت» ياكى «ئەمەلىيەتكە يېقىن» دېگەن بولىدۇ.

رېئالىزم بىر خىل مۇرەككەپ ئۇقۇم بولۇپ، بۇ توغرۇلۇق ھەر خىل تەبىرلەر بار. ئۇلۇغ ئەدىب بالزاك «كىشىلىك كومېدىيىسى» گە يازغان كىرىش سۆزىدە مۇنداق دېگەنىدى: «مەن پاكىتلارنى يىغىپ، ئۇنى قىزغىن ھالدا ئاملىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن بۇ پاكىتلارنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ چىقىمەن». ھېكايە ئۇستىسى چېخوپ رېئالىزمنى تەرىپلەپ مۇنداق دېگەنىدى: «رېئالىزملىق ئەدەبىيات تۇرمۇشنى ئەسلى قىياپىتى بويىچە تەسۋىرلىشى كېرەك. چىنلىقنى كۆرسىتىش ئۇنىڭ شەرتسىز ۋەزىپىسىدۇر.» ئا. م. گوركىيمۇ «يېزىقچىلىقنى قانداق ئۆگەنگەنلىكىم توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە: «كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتلىرىنى ھەقىقىي ۋە پەردازسىز تەسۋىرلەش رېئالىزم بولىدۇ». تىل سەنئەتكارى ل. تولستوي رېئالىزم ھەققىدە كۆپ توختالغان. ئۇ «سەنئەت توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «سەنئەتكارنىڭ سەنئەتكار بولالىشى ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئەمەس، بەلكى شەيئىلەرنى ئەسلىدىكى كۆرۈنۈشى بويىچە تەسۋىرلىيەلىشىدە.» فرانسىيە رەسسامى كوربېي

1855 - يىلى «1855 - يىل كۆرگەزمە مۇندەرىجىسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە، رېئالىزم ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىپ مۇنداق دېگەن: «مەن ئاشۇ دەۋرلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، ئىدىيىسىنى ئەسلى قىياپىتى بويىچە ئىپادىلەپ چىقىمەن.» شافىللى (فرانسىيە) ۋە گرانتى، ئالوت، شافو قاتارلىقلارمۇ رېئالىزمغا خىلمۇخىل تەبىرلەرنى بېرىشكەن. ئەدىبلەر ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرىنىڭ رېئالىزم ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىگە ئاساسەن، رېئالىزمغا مۇنداق تەبىر بېرىشكە بولىدۇ: كىشىلىك تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئۆز ئەينى بويىچە تەسۋىرلەش ئۇسۇلى رېئالىزم دېيىلىدۇ.

تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، رېئالىزم - يازغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى ۋە مەنتىقىسى بويىچە ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى چىن - ھەققىي تەسۋىرلەپ، بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىش ئۇسۇلى ياكى پرىنسىپىدىن ئىبارەت.

رېئالىزم — ھەم ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ھەم ئىجادىيەت پرىنسىپى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. رېئالىزم مۇنداق ئىككى مۇھىم ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئەلمىساقتىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان رېئالىستىك روھ. يەنە بىرى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مەلۇم تەرەققىيات باسقۇچىدا شەكىللەنگەن ۋە ئىلمىي سىستېمىغا سېلىنغان ئىجادىيەت ئۇسۇلى.

ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىدا ئەزەلدىن رېئالىستىك ئامىللار مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا 2500 يىلدىن بىرى رېئالىزم ھەققىدە خىلمۇخىل چۈشەنچىلەر، قاراشلار ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كەلدى.

ئەڭ دەسلەپكى رېئالىزم چۈشەنچىسى «تەقلىد قىلىش نەزەرىيىسى»، بۇ نەزەرىيىنى قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ئارستوتېل

www.uyghurkitap.com

«فوئېتىكا» («شېئىرىيەت ئىلمى») دېگەن ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ نەزەرىيە بويىچە ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئەسەر — رېئاللىقنىڭ تەقلىدى ياكى رېئاللىققا قىلىنغان تەقلىد.

خەنزۇ كلاسسىك ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى لىيۇشى «ئەسەر يازماق بەئەينى ئەجدىھاغا نەقىش ئويماق» دېگەن ئەسىرىدە، ئۇيـغۇر ئەدىبى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق داستانىنىڭ «شائىرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت توغرىسىدا» قاتارلىق بابلىرىدا ساددا رېئالىزم نەزەرىيىسىگە ياتىدىغان چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يېقىنقى زامان دۇنيا ئەدەبىياتىدا ۋە ھازىرقى زامان دۇنيا ئەدەبىياتىدا نۇرغۇن ئەدىبلەر، پەيلاسوپلارمۇ رېئالىزم ھەققىدە نۇرغۇن ئىلمىي قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. رېئالىزم ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقات بۈگۈنكى دۇنيادىمۇ قىزغىن داۋاملاشماقتا، رېئالىزمنىڭ دائىرىسى كېڭەيگەنسېرى ئۇنىڭ مەزمۇنىمۇ چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رېئالىزم ھەققىدىكى نەزەرىيەلەر ۋە چۈشەنچىلەرمۇ كېڭىيىدۇ. «رېئالىزم» دېگەن ئاتالغۇنى كەشىپ قىلغان ۋە بۇ ئاتالغۇنى ئىلمىي سىستېمىغا سېلىنىشقا تىرىشقان زات — گېرمانىيە ئەدىبى ۋە شائىرى شىللېردۇر. ئۇ 1795 - يىلى ئېلان قىلغان «ساددا شېئىر ۋە ھەسرەتلىك شېئىر» دېگەن ماقالىسىدە تۇنجى بولۇپ «رېئالىزم» ئاتالغۇسىنى كەشىپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن XIX ئەسىردە رېئالىزم تەتقىقاتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، نۇرغۇن ئەدىبلەر بۇ ھەقتە ئېنىق تەلىمات ۋە چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1850 - يىللارغا كەلگەندە، ماركس بىلەن ئېنگېلس رېئالىزم ھەققىدە تېخىمۇ ئېنىق ئىلمىي چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلۇغ پەيلاسوپلاردىن گېگېل ۋە ئەدىبلەردىن لاسالمۇ رېئالىزم ھەققىدە بەزى قىممەتلىك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. رېئالىزم — ئەدەبىياتنىڭ كەڭ يولى، ئۇ بارغانسېرى ئۇزىراپ ۋە كېڭىيىپ

باردۇ. شۇڭا رېئالىزم نەزەرىيىسىمۇ ئۆزلۈكسىز بېيىپ باردۇ.

## رېئالىزمنىڭ تەرەققىياتى

رېئالىزملىق ئەدەبىيات نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئۇلۇغ مەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئۇنىڭ تەرەققىياتى مۇنداق ئۈچ تارىخىي باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ:

1. ساددا رېئالىزم. بۇ قەدىمكى يىرىك ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن رېئالىزمدىن ئىبارەت. ھومېرنىڭ «ئىلئىادا» ۋە «ئودىسسا» داستانلىرى، ھىندىستاننىڭ «بەشنامە — كەلىلە ۋە دېمنە»، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرى ۋە قوشاقلىرىدا مۇشۇ خىل رېئالىزم گەۋدىلەنگەن.

2. مۇكەممەل رېئالىزم — بۇ ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى رېئالىزم. بۇ خىل رېئالىزمدا ئىجتىمائىي تۇرمۇش خېلى مۇكەممەل ئەكس ئەتتى. پېرسوناژ ئوبرازى خېلى مۇكەممەل يارىتىلدى. مۇكەممەل رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ نامايەندىلىرى دانتى، شېكىسپېر، سېرۋانتىس ۋە پوگاچىيوفلاردىن ئىبارەت.

3. تەنقىدىي رېئالىزم — بۇ 1830 - يىللاردىن 1890 - يىللىغىچە داۋاملاشقان رېئالىزم. بۇ خىل رېئالىزم ئىجتىمائىي تۇرمۇش زىددىيەتلىرىنى تەنقىدىي يول بىلەن پاش قىلىش ۋە سۆكۈش پرىنسىپى بويىچە تەسۋىرلەيدۇ. پېرسوناژلارنىڭ چىنلىق دەرىجىسىگە ئېتىبار بېرىدۇ. بۇ خىل رېئالىزمنىڭ نامايەندىلىرى: بالزاك، دىككىنس، ل. تولستوي، مۇپاسسان قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

4. يېڭى رېئالىزم ياكى سوتسىيالىستىك رېئالىزم. بۇ خىل رېئالىزم — سوتسىيالىستىك جەمئىيەت شارائىتىدىكى رېئالىزم ھېسابلىنىدۇ.

يەنە 1870 - يىلى شەكىللىنىپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا راۋاجلانغان مودېرنىزم — رېئالىزمنىڭ بىر خىل تەرەققىيات

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باسقۇچىدىن ئىبارەت.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، رېئالىزم يەنە تەرەققىي قىلىپ يېڭىچە تارىخىي باسقۇچلارنى يارىتىشى مۇمكىن.

(2) رېئالىزمنىڭ خۇسۇسىيىتى

رېئالىزم مۇرەككەپ ئۇقۇم بولغاچقا، ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە خىلمۇ خىل چۈشەندۈرۈشلەر بار. ماكرو جەھەتتىن ئېيتقاندا، رېئالىزمنىڭ خۇسۇسىيىتى ئىككى تۈرلۈك: بىرىنچى، رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى يازغۇچىلاردىن ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئەسلى قىياپىتى ۋە تۈرمۇشنىڭ ئۆز مەنتىقىسى بويىچە چىن – ھەقىقىي، رېئاللىققا سادىق بولغان ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈشنى، رېئال كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى توغرا تەسۋىرلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما بۇلار يۇكسەك دەرىجىدە خاسلاشتۇرۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىكىنى ئاساس قىلىشى شەرت. ئىككىنچى، رېئالىزم ئۇسۇلى پروزا، دراماتورگىيە قاتارلىق سۆزلىق ئەسەرلەردە «تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك قەھرىمان ئوبرازىنى يارىتىش» نى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ماھىيەتلىك ئىجادىيەت پرىنسىپى ھېسابلىنىدۇ.

رېئالىزملىق روھ، رېئالىستىك ھېسسىيات، رېئالىستىك ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى قاتارلىقلارغا باي بولۇش – رېئالىزمنىڭ يەنە بىر ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى. مىكرو جەھەتتىن ئېيتقاندا، رېئالىزمنىڭ خۇسۇسىيىتى بەش تۈرلۈك:

بىرىنچى، يۇكسەك دەرىجىدىكى تەپسىلاتلار چىنلىقى. يەنى، ئىجتىمائىي تۈرمۇش رېئاللىقىغا سادىق بولغان ھالدا، بۇ خىل رېئاللىقنى ھەر خىل ئۇنۇملۇك بەدىئىي ۋاسىتىلەر ياردىمى بىلەن چىن – ھەقىقىي تەسۋىرلەش. بۇ خىل خۇسۇسىيەتنىڭ يادروسى — «رېئال مۇناسىۋەتلەرنى ھەقىقىي تەسۋىرلەش» تىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازىنى تىپىك مۇھىت

ئىچىگە قويۇپ يارىتىش.

بۇ خىل خۇسۇسىيەت مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

خاراكتېر يارىتىش ۋە خاراكتېر يارىتىش ئۇسۇلى.

تىپىك مۇھىت تەسۋىرى ئۇسۇلى.

لىرىك ئەسەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تىپىك ھېسسىيات، تىپىك كەيپىيات يارىتىش بىلەن تىپىك تەسىراتنىڭ مول بولۇش ئۇسۇلى.

ئۈچىنچى، پېرسوناژ ئوبرازىنى راست ئادەمدەك جانلىق تەسۋىرلەش. بۇ خۇسۇسىيەت مۇنۇ نۇقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

پېرسوناژلار ئۇلۇغ ئادەملەرمۇ، ئاددىي ئادەملەرمۇ بولۇش.

سەلبىي، ناچار كىشىلەرنى پېرسوناژ قىلىش.

ئىجابىي قەھرىمان شەخسلەرنىڭمۇ نورمالسىز روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلەش.

تۆتىنچى، يۈكسەك غايىۋىلىك بولۇش. رېئالىزم قۇرۇق رېئالىزم ئەمەس، بەلكى يۈكسەك غايىۋىلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىجادىيەت پرىنسىپى. شۇڭا ئۇ يازغۇچىلاردىن ئەسەرنى يۈكسەك غايىۋى روھ بىلەن سۇغىرىشنى، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى تەسىرلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا رېئالىستىك يازغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدىنى تۇرمۇش رېئاللىقى ھەقىقىتى بىلەن قوشۇپ تەسۋىرلەيدۇ.

رېئالىستىك ئەدەبىياتتىكى غايىۋىلىك — يازغۇچىنىڭ رېئال تۇرمۇشقا قارىتا باھاسى، قىممەت قارىشى بىلەن يازغۇچىنىڭ بەدىئىي غايىسى ۋە ئىجتىمائىي ئۈمىدىدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بەدىئىي ماراكتېرگە سىڭىپ كەتكەچكە، يۈكسەك بەدىئىي غايە — بەدىئىي خاراكتېرنىڭ مۇھىم بىر بۆلىكى بولىدۇ.

بەشىنچى، كۈچلۈك ئەمەلىيەتچانلىقتا ئىگە رېئالىستىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

روھ. رېئالىستىك روھ — رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ ماھىيەت-لىك خۇسۇسىيىتى ۋە ئوقۇرمەننى تەسىرلەندۈرىدىغان قۇدرەتلىك كۈچىدىن ئىبارەت. بۇ پېرسوناژلار خاراكتېرىدە ئىپادىلەن-گەن چىن - سەمىمىيلىك روھى، راستچىللىق روھى ۋە ئەمەلى-يەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىش روھىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا رېئالىستىك ئەسەرلەردىكى قەھرىمان شەخسلەر (پېرسوناژ-لار) كۆپچىلىكى چىن - سەمىمىي ئادەملەر، ئەمەلىيەتچانلىقتا ئىگە، رېئاللىققا توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغان ئادەملەر بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. لېكىن رېئاللىق ئالدىدا پەرۋاسىز، رېئال ھادىسىلەر قانۇنىيىتىگە قارشى ھەرىكەت قىلىدىغان شەخسلەرمۇ رېئالىستىك ئەسەرلەرنىڭ پېرسوناژلىرى بولالايدۇ. بۇلارنىڭ خا-راكتېرىدە ئىپادىلەنگەن رەزىللىكلەرمۇ رېئالىزم پرىنسىپى بويى-چە ئېچىپ تاشلىنىدۇ.

## 2. رومانتىزم

### رومانتىزمنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى

رومانتىزم — ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. روما-نتىزم — 1795 - يىلى كلاسسىزم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، بىر خىل ئەدەبىي ئېقىم ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولۇپ شەكىللە-نىپ 1830 - يىلىغىچە زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. رومانتىزم ئەدەبىياتىنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە ئۇلۇغ يازغۇچى ۋىكتور ھىيوگو ئىنقىلاب ۋە قورۇلۇش خاراكتېرلىك رول ئوينىدى، شۇنداقلا ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى جەھەتتە رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى ياراتتى. ۋ. ھىيوگونىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا رومانتىزم 30 نەچچە يىل ئىچىدە پۈت-كۈل ياۋروپاغا تارقالدى. بۇنىڭ بىلەن ۋ. ھىيوگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان گېيوتى، شىللېر (گېرمانىيە)، بايرون، شىللى (ئەنگ-

لىيە) ، جورجى سان (فرانسىيە) ، ئا. س. پۇشكىن، لېرمون-
توف (روسىيە) قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە رومانتىزم
ئەدەبىياتى نامايەندىلىرى بارلىققا كەلدى. «پاجىئەلىك دۇنيا» ،
«ئافىنا قىزى» ، «فائۇست» ، «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» «يېۋ-
ۋگېن ـ ئونېگىن» ، «ئالتۇن بېلىق ۋە بېلىقچى بوۋاي ھەققىدە
چۆچەك» قاتارلىق رومانتىزملىق تۇسى قويۇق، رومانتىزملىق
روھى كۈچلۈك نادىر ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. نەزەرىيە تەتقىقا-
تى جەھەتتىمۇ ۋ. ھېيوگو، شىللېر قاتارلىق ئەدىبلەر ئىلمى
سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان نادىر ئىلمىي ئەسەرلەرنى، ماقالىلەرنى
ئېلان قىلىپ، ئىلغار رومانتىزمنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى بارلىققا
كەلتۈردى. رومانتىزملىق خاراكتېرگە ئىگە نادىر ئەسەرلەر ۋە
رومانتىزم چۈشەنچىسىنى شەرھلىگەن ماقالە ـ ئەسەرلەر 2500
نەچچە يىللىق ئەدەبىياتتا كۆپ ئۇچرايدۇ. قەدىمكى يۇنان ئەپسانە-
رىۋايەتلىرى، ھىندىستان خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى، جۇڭگو-
نىڭ «شىرنامە» ، «غەربكە ساياھەت» قاتارلىق كلاسسىك ئەسەر-
لىرىدە ۋە چۈي يۈەننىڭ «تەڭرىگە سوئال» ، «جۇدالىق زارى»
قاتارلىق ئەسەرلىرىدە، لى بەينىڭ ئاجايىپ تەسىرلىك شېئىرلى-
رىدا رومانتىزم ئامىللىرى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئەرەبلەر-
نىڭ «مىڭ بىر كېچە» قاتارلىق يىرىك ئەدەبىياتى، گرۇزىيە
شائىرى شۇتا رۇستاۋىلىنىڭ «يولۋاس تېرىسىگە ئورالغان يىگىت»
ناملىق داستانى، ئۇيغۇرلارنىڭ «گۆر ئوغلى» ، «چاشتانى ئى-
لىكبەگ» ، «ئوغۇزنامە» قاتارلىق قەدىمكى ئەسەرلىرىدە، «قۇ-
تادغۇبىلىك» ، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ، «خەمسە نەۋائى» ، «خەم-
سە نىزارى» ، «مىڭئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» قاتارلىق يازما
ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدە رومانتىزملىق روھ يۇلتۇزلاردەك چاقناپ
تۇرىدۇ. ئارستوتېل، خوللاس، فارابى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ،
لىيۇيى، نەۋائى قاتارلىقلارنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىدىمۇ رومانتىزم
چۈشەنچىسىگە ياتىدىغان بەزى نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئۇچراتقىلى بو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىدۇ.

XIX ئەسىر ۋە XX ئەسىرلەردىمۇ رومانتىزم جۇڭگودا ۋە چەت ئەللەردە زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ھازىرمۇ بۇ ئېقىم شىددەت بىلەن دولقۇنلىماقتا.

گەرچە رومانتىزملىق روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان ئەسەرلەر 2500 نەچچە يىلدىن بۇيان بارلىققا كېلىپ، رومانتىزم نەزەرىيەسىگە ئائىت چۈشەنچىلەر ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن «رومانتىزم» دېگەن بۇ نامنىڭ ئىلمىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى 1795 ـ يىلىدىكى ھادىسە. گېرمانىيە شائىرى شىللىر «ساددا شېئىر ۋە ھەسرەتلىك شېئىر» دېگەن ماقالىسىدە تۇنجى بولۇپ بۇ ئاتالغۇنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇنداقتا رومانتىزم دېگەن نېمە؟

ئومۇمەن، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئاساس قىلىپ، سۇبيېكتىپ ئارزۇ ـ خىيال بويىچە غايىۋى بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىش، مۇشۇنداق غايىۋى بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتلىق شارائىتىنى تەسۋىرلەش ئۇسۇلى ياكى پرىنسىپى، رومانتىزم دەپ ئاتىلىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىياتنىڭ غايىۋى پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش ئۇسۇلى ياكى پرىنسىپى رومانتىزم دەپ ئاتىلىدۇ.

رومانتىزم — گرېكلارنىڭ Romantes دېگەن سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «شېئىرىي پۇراقتا ۋە خىيالىي تۈسكە باي» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. بۇ نام بىر مەزگىل «ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلەر» دېگەن مەنىدىمۇ قوللىنىلغان.

رومانتىزم تارىخىي ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ بىر خىل ئەدەبىيات پىكىر ئېقىمى نامى، بىر خىل ئەدەبىي ئېقىم نامى، بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى نامى، شۇنداقلا رومانتىزم بىر خىل ئەدەبىيات تەركىبى. شۇنىڭ بىلەن بىللە رومانتىزم — ئەدەبىياتتا ئەزەلدىن مەۋجۇت ئىلغار رومانتىك روھ

بىلەن مۇشۇ روھنى ئىپادىلەشتە ئالغلىق ياكى ئالغسىز رەۋىشتە قوللىنىلغان ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ بىرىكمىسى. XVIII ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا رومانتىزمنىڭ بىر خىل ئەدەبىيات پىكىر ئېقىمى، ئەدەبىي ئېقىم ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولۇپ شەكىللىنىشىدە، كانت قاتارلىق گېرمانىيە پەيلاسوپلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزم پەلسەپىسى ئىدىيىۋى ئاساس بولۇپ، چوڭ رول ئوينىغاندى. كېيىن ماركسىزمنىڭ ئۇتوپىستىك روھقا باي پەلسەپىسى رومانتىزمنى تېخىمۇ ئىلغارلىققا باشلاشتا چوڭ رول ئوينىدى.

## رومانتىزمنىڭ خۇسۇسىيىتى

يۇكسەك غايىۋىلىكنى، يەنى يۇكسەك بەدىئىي غايىنى گەۋدىلەندۇرۇش — رومانتىزمنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى غايىۋىلاشتۇرۇپ ئىپادىلەش، غايىۋى قەھرىمانلار ئوبرازىنى يارىتىش — رومانتىزملىق ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي تەلىپى. شۇڭا رومانتىزملىق يازغۇچىلار ھامان ئۆز ئەسىرىنىڭ يۇكسەك غايىسى ئۈستىدە، غايىۋى پېرسوناژلارنى قانداق يارىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە كۆپ ئىزدىنىدۇ.

چوڭ تەبىئەتنى زور كۈچ بىلەن مەدھىيىلەپ، تەبىئەتنىڭ سىرلىقلىقىنى، ئاجايىپلىقىنى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ئىپادىلەش — رومانتىزمنىڭ يەنە بىر گەۋدىلىك خۇسۇسىيىتى. چۈنكى رومانتىزملىق يازغۇچىلار ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ ھەرىكەت پائالىيىتىنى چوڭ تەبىئەت ئىچىدە راۋاجلاندۇرۇپ، خاراكتېرىنى چوڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەت جەريانىدا ئېچىپ بېرىدۇ.

ئوتوپىيىلىك دۇنيانى — خىيالنى ۋە ئاجايىپ مۇبالىغىلەرنى دادىل قوللىنىش رومانتىزمنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىدۇر. چۈنكى رومانتىزملىق ئەدەبىياتتا ئاجايىپ خىيالىي دۇنيا تەسۋىرلىنىدۇ، بۇ خىل دۇنيا مەنزىرىسى مۇبالىغىلىنىپ سىزىپ بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇڭا خىيالنى، مۇبالىغىنى ئەركىن، دادىل قوللىنىش — رومانتىزمنى زور تەسىرگە ئىگە قىلىدۇ. يۇقىرىقىلارنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتساق، رومانتىزم ئۈچ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتكە ئىگە:

بىرىنچى، يۈكسەك دەرىجىدىكى سۇبيېكتىپچانلىق. رومانتىزم ئۇسۇلى يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇ ـ غايىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئورۇن بېرىدۇ. مول تەسەۋۋۇرغا تايىنىش، يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلىش، بۇنىڭ بىلەن غايىۋىلاشتۇرۇلغان تۇرمۇشنى تەسۋىرلەپ، يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنى يورۇتۇپ، ئۇنىڭ غايىسىنى ئىپادىلەش — بۇ خىل خۇسۇسىيەتنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىدىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، يۈكسەك دەرىجىدىكى غايىۋى قەھرىمانلار ئوبرازىنى يارىتىش. رومانتىزم رېئاللىقتىن ياكى تەبىئەتتىن يۇقىرى تۇرىدىغان ئالاھىدە ئەقىل ـ ئىدراكقا، ئىقتىدار ۋە قابىلىيەتكە ئىگە قەھرىمان شەخسلەر ئوبرازىنى يارىتىدۇ. گەرچە بۇ خىل قەھرىمانلار ئاجايىپ پەزىلەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ خاراكتېرى تىپىك مۇھىت تەسۋىرى ئىچىدە يارىتىلىدۇ. «تەڭرىگە سوئال»، «جۇدالىق زارى» قاتارلىق رومانتىزملىق شېئىرىي ئەسەرلەردە ئۇلۇغ شائىر چۈي يۈەننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك غايىۋى ئوبرازى يارىتىلغان. بۇ خىل غايىۋى خاراكتېر — ئۇنىڭ يۇرت ـ ۋەتەننى مۇنەۋۋەرلىكتىن ساقلاشتەك كۈرەش پائالىيىتى مۇھىتىدا يارىتىلغان. «مىڭئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» داستانىدا خوتەنلىك يىگىت پەرھادنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى خاراكتېرى يارىتىلغان. بۇ خىل خاراكتېر ئۇنىڭ شېرىنغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش، يۇرت خەلقىغە سۇ ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت باتۇرلۇق پائالىيىتىدىن ئىبارەت تىپىك مۇھىتتا ئېچىلغان.

ئۈچىنچى، قويۇق خىيالىي تۈس، ئاجايىپ ـ غارايىپ بەدى-

ئىي ۋاستىلەر، سېھىرلىك ۋەقە كۆرۈنۈشلىرى بولۇش — رومانتىزمنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى. يازغۇچى ئۆز ئەسەرلىرىنى بۇ خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن فانتازىيە، سىمۋول ۋە مۇبالىغە قاتارلىق بەدىئىي ۋاستىلەرنى ئەركىن، لېكىن ئۆز يولىدا، دادىل، لېكىن ئىلمىي ئاساستا قوللىنىدۇ. شۇڭا رومانتىك يازغۇچىلار ئىجادىيەتتە فانتازىيە، سىمۋول ۋە مۇبالىغە قاتارلىق بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

## §3 . ئىككى خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە كېڭىيىشى

رېئالىزم بىلەن رومانتىزم — ئىنسانىيەت ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئىككى ئاساسلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇلار زور تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە. مەيلى قايسىبىر ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئەدەبىي تەركىب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ھامان رېئالىزم ۋە رومانتىزم ئامىللىرىدىن خالىي بولالمايدۇ. چۈنكى ھەرىكەتچانلىقتا، ئۆزگىرىشچانلىقتا ۋە تەرەققىيات ھالىتىگە ئىگە بۇ ئىككى ئېقىم ياكى ئىجادىيەت ئۇسۇلى تارىختىن بېرى ئۆزگىرىپ تۇرغان ۋە كېڭىيىپ بارغان. شۇڭا ئۇلار ئاساسىدا كلاسسىزم، سېنتىمېنتالىزم، پراگماتىزم، سىمۋولىزم، ناتۇرالىزم، ئېپادىچىلىك، مودېرنىزم قاتارلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئەدەبىي ئېقىملار بارلىققا كەلگەن، سوتسىيالىزم شارائىتىدا سوتسىيالىستىك رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رېئالىزم ۋە ئىنقىلاۋى رومانتىزمنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى (ئىككىنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى) شەكىللەنگەن.

دېمەك، رېئالىزم بىلەن رومانتىزم خىلمۇخىل ئامىللارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باي، ئۆزگىرىش، يېڭىلىنىش ۋە تەرەققىيات ھالەتلىك بولۇپ ھەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ داغدام يولى. تۆۋەندە ناتۇرالىزم، مودېرنىزم ۋە سوتسىيالىستىك رېئالىزم ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

## 1. ناتۇرالىزم

ناتۇرالىزم — رېئالىزمنىڭ باشقىچە ئۆزگىرىشىدىن شەكىللەنگەن ئىجادىيەت ئۇسۇلى. ئۇنىڭ كەشپىياتچىسى فرانسىيىلىك ئاكا - ئۇكا زولالاردىن ئىبارەت. ئۇلار تەبىئىي پەندىكى تەجرىبە ئېلىپ بېرىش پرىنسىپى بىلەن ئۇسۇلىنى ئەدەبىياتتىكى رېئالىزملىق ئۇسۇل ۋە پرىنسىپلارغا تەتبىقلاپ، ساپ، تەبىئىي ھالەتلىك چىنلىق تەپسىلاتلىرىنى خۇددى ناتۇرال سانلارنى تىزغاندەك تەسۋىرلەشنى تەشەببۇس قىلغان.

ئومۇمەن، كىشىلىك ھايات ھادىسىلىرىنى ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئەخلاقىي ۋە ئېستېتىك نۇقتىدىن كۆزەتمەستىن، تۇرمۇشتىكى ماھىيەتلىك بولمىغان ئايرىم ھادىسىلەرنى، ئۇششاق تەپسىلاتلارنى تەسۋىرلەشكىلا بېرىلىش، تەبىئىي پەنلەرگە مەنسۇپ كىلىدىغان نەزەرىيىۋى پرىنسىپلارنى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈشتىكى قورال قىلىۋېلىش. تەبىئىي پەن تەجرىبىچىلىكى ئۇسۇلى بويىچە چىنلىقنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى قوغلىشىش، بۇنىڭ بىلەن تىپىكلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئەھمىيەت بەرمەسلىكتەك ئىجادىيەت خاھىشى ياكى ئۇسۇلى ناتۇرالىزم دېيىلىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، كۆزىتىش ئاساسىدا، پەننىي ئۇسۇللار بويىچە تۇرمۇش چىنلىقىنى تەسۋىرلەش ئۇسۇلى ناتۇرالىزم دەپ ئاتىلىدۇ.

ناتۇرالىزمنىڭ ۋەكىلى ئېمىل زولا مۇنداق دەيدۇ: «ئەدەبىيات جەھەتتە، ناتۇرالىزم تەبىئەتكە ۋە ئادەمگە قايتىش دېمەكتۇر...» ئۇ يەنە «مېنىڭ بالزاك بىلەن پەرقىم» دېگەن

ماقالىسىدە تېخىمۇ ئېچكىرىلىگەن ھالدا ناتۇرالىزمنى شەرھلەيـ
دۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇچۇن ئەڭ مۇھىمى سېپى ئۆزىـ
دىن بىر ناتۇرالىزمچى ۋە فىزىئولوگىيىچى بولۇش. مەن ھېچقاندـ
داق پرىنسىپقا (خاندانلىققا، كاتولىك دىنىغا) بېقىنمايمەن.
مېنىڭ ئەمەل قىلىدىغىنىم، ئومۇمىي قانۇنىيەت (ئىرسىيەت،
تۇغمىلىق).» ناتۇرالىزم زىددىيەتلەر ئۆتكۈرلەشكەن تارىخىي
دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، جەمئىيەتتىكى رېئال زىددىيەتلەرنى
ئۆز ئەينى بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈش مەقسىتىدە XIX ئەسىرنىڭ
كېيىنكى يېرىمىدا فرانسىيىدە بارلىققا كەلگەن. ئۇ بىر خىل
ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئەدەبىي ئېقىم سۈپىتىدە XIX ئەسىرنىڭ
70 ـ، 80 ـ يىللىرىدا پۈتۈن ياۋروپاغا تارقىلىپ خېلى
ئومۇملاشقان.

ناتۇرالىزمنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى — تەجرىبىچىلىك. ئۇ
مۇشۇ نەزەرىيە ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ئەدەبىي پرىنسىپ، مىزانلىرىـ
نى ئوتتۇرىغا قويۇپ تەرەققىي قىلغان. ئۇ تەرەققىيات جەريانىدا
بىر مۇنچە خۇسۇسىيەتلەرنى ھازىرلىغان. ناتۇرالىزمنىڭ تۈپ خۇـ
سۇسىيىتى فىزىئولوگىيىلىك نەزەرىيە قارىشى ۋە تەجرىبە ئۇسۇـ
لى بويىچە جەمئىيەتنى ۋە تۇرمۇش رېئاللىقىنى كۆزىتىش، ئىپاـ
دىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە تەپسىلاتلارنى مېخانىكىلىق ھالدا خاتىرىـ
لەپ قويۇش.

شۇنداقتىمۇ ناتۇرالىزم رېئالىزمغا بەكرەك يېقىن بولغان
ئىجادىيەت ئۇسۇلى. شۇڭا ئۇ: 1) چىنلىقنى ئاساسىي چىقىش
نۇقتىسى ۋە ئالدىنقى شەرتى قىلىش، چىنلىقنى ئۆزىنىڭ يۈكـ
سەك پەزىلىتى قىلىش؛ 2) ئىجادىيەتتە تەبىئەت ۋە ئادەمنى
ئوبيېكت قىلىپ، ھايات ئۈچۈن ئىزدىنىش روھىغا ئىگە ئادەملەرـ
نى يېزىش؛ 3) تەبىئىي پەن تەجرىبە ئۇسۇلى بويىچە رېئاللىقنى
يېزىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. لېكىن ناتۇرالىزم بەزى
چەكلىملەردىن خالىي ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

بىرىنچى، ئادەم ۋە تۇرمۇشقا تەبىئىي پەن تەجرىبىچىلىكى نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىش، فىزىئولوگىيىلىك ۋە بىئولوگىيىلىك قاراش بويىچە رېئال تۇرمۇشنى كۆزىتىش، ئىجتىمائىيلىقنى چەتكە قېقىش، بۇنىڭ بىلەن رېئال تۇرمۇش پاكىتلىرىنى چىنلىق ماھىيىتى بويىچە تەسۋىرلىمەسلىك، تەبىئىي چىنلىق خىسلىتىنى بىر تەرەپلىمە تەكىتلەپ، تىپىكلەشتۈرۈشنى ئېلىپ بارماسلىق.

ئىككىنچى، يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى چەتكە قېقىش، خاھىشنى چەتكە قېقىپ، ئىدىيىسىزلىكنى تەرغىب قىلىش. بۇ ناتۇرالىزمنىڭ خاتالىقى ۋە تارىخىي چەكلىمىسىدىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى، ئىجادىيەتتە بىر تەرەپلىمىلىكتىن، تېيىزلىقتىن خالىي بولالماسلىق، ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ رولىنى چەتكە قېقىش.

شۇنداقتىمۇ ناتۇرالىزملىق ئەسەرلەردە رېئال تۇرمۇش ئەينەن ئەكس ئەتكەچكە، جەمئىيەتتىكى ئۆتكۈر زىددىيەتلەر خېلى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ناتۇرالىزمنىڭ رېئالىزمغا خاس ئارتۇقچىلىقى ھېسابلىنىدۇ.

## 2. مودېرنىزم

### ئومۇمىي چۈشەنچە

مودېرنىزم غەرب ئەدەبىياتىدىكى ئاساسىي ئىجادىيەت ئۇسۇلى. بۇ خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى 1857 ـ يىلى بايقىلىپ، 1870 ـ يىلى غەربتىكى ئاساسلىق دۆلەتلەر ئەدەبىياتىدا پەيدا بولغان، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا راۋاجلىنىپ كەڭ تارقالغان. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى جەريانىدا تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ گۈللەنگەن. بۈگۈنكى دۇنيادا ئۇ غەربتىكى ئاساسلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئەدەبىي ئېقىمغا ئايلىنىپلا قالماس-

تىن، بەلكى پۈتۈن دۇنياغا شىددەتلىك كېڭىيىپ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ تەسىرى جۇڭگودىكى خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىمۇ ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. بىر مۇنچە يازغۇچىلار مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە ئەسەر يېزىپ، بەزى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، مودېرنىزم — رېئالىزمنىڭ زىددىيەتلەر مۇرەككەپلەشكەن ۋە ئۆتكۈرلەشكەن كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى ئۆزگىرىش ۋە كېڭىيىش ھادىسىسى. 1870 ـ يىلى مودېرنىزمنىڭ رەسمىي باشلىنىش نۇقتىسى، 1890 ـ يىلى شەكىللىنىش ۋاقتى. بۇ خىل ئىجادىيەت ئېقىمىنىڭ خىتابنامىسى 1886 ـ يىلى رەسمىي ئېلان قىلىنغان، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۆز تەرەققىيات يولىنى باشلىغان.

مودېرنىزم ئۆز تەرەققىياتى تارىخىدا بىر قانچە تۈرلەرگە ئۆزگەردى. بۇ تۈرلەرنىڭ ئاساسلىقى: سىمۋولىزم، سۇر رېئالىزم، فۇتۇرىزم، مەۋجۇدىيەتچىلىك، ئاڭ ئېقىمى، قارا يۇمۇر، بىمەنە تىياتىرچىلىق تىياتىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

مودېرنىزم — سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزمنى ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى، پراگماتىزمنى (شەكىلپەرەسلىك) ئىجادىيەت ئۇسۇلى قىلغان. ئۇ ئۆز تەشەببۇسلىرى بىلەن نەزەرىيە قاراشلىرىنى سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزم پەلسەپىسى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مودېرنىزمچىلار پۈتكۈل ئىجادىيەتنى پراگماتىزملىق ئۇسۇل بويىچە ئېلىپ بارىدۇ. مودېرنىزم ناھايىتى مۇرەككەپ ئەدەبىي ئېقىم ۋە ئەدەبىيات پىكىر ئېقىمى. بىرىنچىدىن، ئەنئەنە مەسىلىسىدە، مودېرنىزم ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىدۇ. ئۇ ئىلگىرىكى ئەدەبىيات مىراسلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە نىسبەتەن رەت قىلىش، قوبۇل قىلماسلىق مۇئامىلىسىنى قىلىدۇ. ئەدەبىي ئەنئەنىلەرنى چاكىنا، ئۆلۈك نەرسىلەر دەپ قارايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئەدەبىيات بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىش مەسىلىسىدە، مودېرنىزمچىلار چىنلىق دېگەن سۇبيېك-
تىپ چىنلىق، پسىخىكىلىق چىنلىق دەپ قاراپ، چىنلىقنىڭ
ئوبيېكتىپلىقىنى، ئۇنىڭ يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىدىن
تاشقىرى تۇرىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، پېرسو-
ناژ ئوبرازىنى يارىتىش مەسىلىسىدە، مودېرنىزم خاسلىقىقا، خا-
راكتېرنىڭ تىپىكلىكىگە نىسبەتەن قوشۇلماسلىق پوزىتسىيىسىنى
قوللىنىدۇ.

تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، مودېرنىزمنىڭ ئاساسىي
ئىدىيىسى مۇنداق:

1. ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — دۇنيا ئوبرازىنى
يارىتىش.

2. پۈتكۈل بەدىئىي ئوبراز باشقا نەرسىدە ئەمەس، بەلكى
ئۆزىمىزدە.

3. «مەن»لا ھەقىقىي بەدىئىي ئوبراز.

مۇشۇ ئىدىيە يېتەكچىلىكىدە مودېرنىزمچىلار مۇنۇلارنى تە-
شەببۇس قىلىدۇ:

بىرىنچى، سۇبيېكتىپچانلىقنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆز - ئۆ-
زىنى ئىپادىلەش.

ئىككىنچى، پسىخىكىلىق رېئالىزمنى تەرغىب قىلىش، ھە-
رىكەت رېئالىزمنى ئىنكار قىلىش.

ئۈچىنچى، شەكىلدە يېڭىلىق يارىتىش، تىلغا پىششىق ئىش-
لەش، خاھىش، بەدىئىيلىك ۋە قىممەت جەھەتلەردە بۆسۈش
ھاسىل قىلىش.

بۇ ئۈچ خىل تەشەببۇس كۆپ يازغۇچىلارغا ياققانلىقى ئۈ-
چۈن، مودېرنىزم ئىجادىيەتنىڭ سان ۋە سۈپىتىدە خېلى زور
ئىلگىرىلىدى. ھەتتا مودېرنىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بويىچە
يېزىلغان بىر قىسىم نادىر ئەسەرلەر نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى
قاتارلىق ئالىي مۇكاپاتلارغا ئېرىشەلىدى. شۇڭا مودېرنىزمنى بىر

تەرەپلىمە ئىنكار قىلىشقا ۋە كەلسە ـ كەلمەس تەنقىدلەۋېرىشكە بولمايدۇ.

## مودېرنىزمنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى

مودېرنىزم بىر مۇنچە ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئەدەبىي ئېقىم. ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرىنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ياتلىشىش مەسىلىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئوتتۇرىغا قويۇش — مودېرنىزمنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى. ئەدبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى جەھەتتە، مودېرنىزملىق ئەدەبىيات ئادەم بىلەن جەمئىيەت، جەمئىيەت بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە يۈز بەرگەن ياتلىشىش ھادىسىلىرىنى، بۇ خىل ياتلىشىش جەريانىدا پەيدا بولغان ھەر خىل روھىي زەخىملەرنى، روھىي بۇرۇلۇشلارنى، ئۈمىدسىزلىكلەرنى، تەركىدۇنياچىلىق پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا رېئال جەمئىيەتكە نىسبەتەن چىگىش سوئال پەيدا قىلىدۇ.

ئىككىنچى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە ئېستېتىكا ئىدىيىسى جەھەتتە، مودېرنىزم مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە: 1) سۇبيېكتىپلىقنى كۈچەپ تەكىتلەپ، «ئۆز»نى ياكى «مەن»نى ئوبرازنىڭ يادروسى قىلىپ ئىپادىلەپ، رېئال تۇرمۇشنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ؛ 2) يوشۇرۇن ئاڭ بىلەن بىۋاستە سېزىمنى تەكىتلەپ، ئەقىل ـ ئىدراك رولىنى ئىنكار قىلىدۇ. يەنى ئىجادىيەتتە نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنىڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىغا سەل قارايدۇ؛ 3) مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ، بىر تەرەپلىمە ھالدا شەكىل قوغلىشىپ كېتىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە: 1) پەقەت ئىپادىلەشنىلا ئاساس قىلىپ، ئوبيېكتىپ ئىدىيىنى بۇرمىلايدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى بىر تەرەپلىمە ھالدا كۆپتۈرۈۋېتىدۇ؛ 2) ئەركىن تەسەۋۋۇر بىلەن شەخسىي ھېسسىياتنى ئوبرازلاشتۇ-رۇش ئۇچۇن كۆچەيدۇ؛ 3) تىل ئىشلىتىش جەھەتتە، ئاجايىپ - غارايىپ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىدۇ. ھەتتا بەزى تىنىش بەلگىلىرىنى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالىدۇ؛ 4) يازغۇچىنىڭ بايان قىلىشىغا قارشى تۇرۇپ، ھېسسىيات ۋە غايىنى ئىپادىلەش جەھەتتە ئىما-ئىشارەت ۋاستى-سىنى قوللىنىدۇ؛ 5) ئەسەرلەردە سۇژىت لىنىيىسى تازا ئۇ-چۇق، ئىزچىل بولمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن خاراكتېر ئېنىق ئېچىل-ماي قالىدۇ؛ 6) بەدىئىي قۇرۇلما جەھەتتە، ۋەقەلىكلەردە ۋە پېرسوناژ مۇناسىۋەتلىرىدە ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىش بولۇشىنى قوغلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەسەر مەزمۇنى غۇۋالىشىپ قالىدۇ.

ئومۇمەن، مودېرنىزم تېماتىك مەزمۇن جەھەتتە سۇبيېكتىپ چىنلىقنى ۋە پسىخىكىلىق چىنلىقنى تەكىتلەيدۇ، بەدىئىي ئوب-رازنىڭ روشەنلىكىگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بەدىئىي شەكىل جە-ھەتتە ئاجايىپ - غارايىپ بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن بەدىئىي ۋاستىلەرنى قوللىنىشنى قوغلىشىدۇ.

مودېرنىزمنىڭ يۇقىرىدىكى تۈپ ئالاھىدىلىكلىرى سىمۋو-لىستىك شېئىرىيەتتە، ئاڭ ئېقىمى پروزىسىدا، بىمەنە تىياتىر-لاردا، سۇر رېئالىزملىق ئەسەرلەردە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا مودېرنىزمنىڭ سىمۋولىزم، ئاڭ ئېقىمى، بىمەنە تىياتىرچىلىق، سۇررېئالىزم قاتارلىق تۈرلىرىنىڭمۇ ھەر-بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بار.

مودېرنىزمنىڭ ئاساسلىق نامايەندىلىرى ۋە ۋەكىللىك خا-راكتېرىگە ئىگە ئەسەرلىرى مۇنۇلار: ئىدمۇن ۋىرسىن («ئاك-سار قورغىنى»)، كاپكا («ئۆزگىرىش خاتىرىسى»)، سارترى («دۆملەكلىك ئىشىك - دېرىزىلەر») قاتارلىقلاردۇر.

سەھنە كىتابىنى تۇرسۇنجان لېتىپ يازغان، شىنجاڭ ئۇي-

غۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكى ئوينىغان «قېرى يىگىتنىڭ تويى» مودېرنىزمغا تەۋە بىمەنە تىياتىر ئۇسلۇبىدىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر بىمەنە تىياتىرى. بۇ تىياتىرمۇ بىرىنچىدىن، تىياتىر ۋەقەلىكلىرىنى بىمەنىلەشتۈرگەن. كۆپ ۋەقەلەر ئۇشتۇمتۇتلۇقتا ئىگە. ئىككىنچىدىن، سەھنە ئوبرازىنى يارىتىشتا مۇبالىغىلەشتۈرۈش ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ، پېرسوناژ ئوبرازىنى ئاجايىپ - غارايىپلىقتا ئىگە قىلغان. ئۈچىنچىدىن، بەزى دىئالوگلار تازا ھېكمەتلىك ئەمەس، بەلكى دىئالوگلار، مونولوگلار ئىما-ئىشارەت ۋە گاچا تىياتىرنىڭ ۋاسىتىسىنى ئىشلەتكەن.

## 3. سوتسىيالىستىك رېئالىزم

### 1) سوتسىيالىستىك رېئالىزمنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى

سوتسىيالىستىك رېئالىزم — پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ يېڭىچە ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئۇ ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى يېتەكچىلىكىدە پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى، بۇ خىل يېڭىچە ئەدەبىياتنىڭ نەتىجىلىرى بىلەن تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان.

سوتسىيالىستىك رېئالىزمنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئاساسى بار: بىرى، ئىجتىمائىي - تارىخىي ئاساسى. بۇ 1830 - يىلى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ قوزغىلىپ سىياسىي كۈرەش باشلىغانلىقى، 1848 - يىلى ماركس - ئېنگېلسلارنىڭ «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلىپ، پرولېتارىيات ھەرىكىتى ئۈچۈن ئاڭلىق ئىنقىلاب قىلىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى، 1871 - يىلى 3 - ئايدا «پارىژ كوممۇنىسى»نىڭ قۇرۇلۇپ، پرولېتارىياتنىڭ تۇنجى ھاكىمىيىتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى، شۇنداقلا 1917 - يىلى كونا يىل ھېسابىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

25 ـ ئۆكتەبىردە روسىيە ئىشچىلىرى ۋە ئەمگەكچىلىرىنىڭ روسىيە كومپارتىيىسى (بولشىۋىكلار پارتىيىسى) رەھبەرلىكىدە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنى ئېلىپ بارغانلىقى ۋە روسىيە پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى قۇرغانلىقىدىن ئىبارەت ھەيۋەتلىك تارىخىي جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سوتسىيالىستىك رېئالىزم مۇشۇنداق ئىجتىمائىي ـ تارىخىي ئاساستا تەدرىجىي شەكىللەندى. يەنە بىرى، ئىلمىي نەزەرىيىۋى ئاساسى. ماركس ـ ئېنگېلس، پلېخانوپ، لېنىن قاتارلىق ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت توغرىسىدىكى بىر مۇنچە تەلىماتلىرى ھەمدە بۇ يېڭى تەلىماتلارنىڭ ئىلمىي ـ نەزەرىيىۋى كۈچ ـ قۇدرىتى سوتسىيالىستىك رېئالىزمنىڭ بارلىققا كېلىشىدە كۈچلۈك نەزەرىيىۋى ئاساس بولدى. چۈنكى ماركسىزم كلاسسىكلىرى بىر تەرەپتىن، ئىنسانىيەت ئەدەبىيات ـ سەنئىتى تارىخىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئىلمىي يەكۈنلىدى. ئۇلار قەدىمكى يۇنان ئەدەبىياتىدىكى يۇكسەك ئېستېتىك قىممەتنى، شېكسپىر دراممىلىرىدىكى سۈژىت جانلىقلىقى بىلەن موللۇقلىقىنى، شىللىر سەھنە ئەسەرلىرىدىكى ئۆتكۈر سىياسىي خاھىشنى بايقاپ، يازغۇچىلاردىن تارىخنى، رېئال ھاياتنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەشنى، تىپىك پېرسوناژنى تىپىك يارىتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ خىل ئىدىيىلەر يېڭى ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۈچىنچى بىرى، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار ئەنئەنىسى بىلەن پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرى — سوتسىيالىستىك رېئالىزمنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئەدەبىي ئاساسى (ئىچكى ئاساسى) دىن ئىبارەت. 1848 ـ يىلى «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە ئاساسىي قانۇن ئېقىمىدىكى ئىشچىلارنىڭ جەڭگىۋار شېئىرلىرى، سىلىزىيە توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ ئىنقىلابىي شېئىر ـ قوشاقلىرى، پوتىئېر ۋە-

كىلىدىك قىلغان پارىژ كوممۇنىسى شائىرلىرىنىڭ «ئىنتېرناتسىـ
ئونال» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرى كەينى ـ كەينىدىن
بارلىققا كەلدى. 1905 ـ يىلى ئا. م. گوركىي «ئانا» رومانىـ
نى، ئۇنىڭدىن كېيىن سېرافىموۋىچ «تۆمۈر ئېقىم»، ماياكوـ
ۋىسكى «ياخشى»، «ۋ. ئى. لېنىن» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرـ
نى يېزىپ پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈردى.
پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ مۇشۇ نەتىجىلىرى سوتسىيالىستىك
رېئالىزمنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەدەبىي ئاساس سېلىپ بەردى.
«سوتسىيالىستىك رېئالىزم» ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا ئائىت دەسلەپـ
كى چۈشەنچىلەر تۇنجى قېتىم 1932 ـ يىلى «ئەدەبىيات گېزىـ
تى» (سوۋېت ئىتتىپاقى) دە ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىدە ئوتتۇـ
رىغا قويۇلغان ۋە «سوتسىيالىزم رېئالىزم» دەپ ئاتالغان. شۇ
يىلى كۈزدە ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى
ئى. ۋ. ستالىن بۇ يېڭىچە ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى «سوتسىيالىسـ
تىك رېئالىزم» دەپ ئاتىدى. بۇ ئاتالغۇ 1934 ـ يىلى ئا. م.
گوركىي رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن پۈتۈن ئىتتىپاق سوۋېت
ئىتتىپاقى يازغۇچىلار 1 ـ قۇرۇلتىيىدا رەسمىي ئىلمىي ئاتالغۇ
سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار نىزامـ
نامىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەن.

2. سوتسىيالىستىك رېئالىزمنىڭ تەبىرى ۋە خۇسۇسىيىتى

سوتسىيالىستىك رېئالىزم پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە سوتـ
سىيالىستىك جەمئىيەت تارىخى شارائىتىدىكى يېڭىچە ئىجادىيەت
ئۇسۇلى.

سوتسىيالىستىك رېئالىزم — رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى
تارىخىي چىنلىق ۋە ئېستېتىك يۈكسەكلىك ئۆلچىمى بويىچە
چىن ـ ھەقىقىي، تارىخىي، كونكرېت ھالدا ھەمدە ئىنقىلاب
تەرەققىياتى مەنتىقىسى بويىچە تەسۋىرلەش پرىنسىپلىرىنىڭ يىـ
غىندىسىدىن ئىبارەت.

www.uyghurkitap.com

سوتسىيالىستىك رېئالىزم مۇنداق ئۈچ ئىشنى قىلىشنى ئۆز
ۋەزىپىسى قىلغان: بىرىنچى، خەلق ئاممىسىنى سوتسىيالىستىك
روھ بىلەن تەربىيىلەش؛ ئىككىنچى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ
مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى ئىلمىي ئاساستا
يەكۈنلەش، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئىجادى-
يەت ئۈچۈن ئەينەك قىلىش؛ ئۈچىنچى، ئۆز مىللىتى، ئۆز
دۆلىتى ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەت ياراتقان ئەدەبىيات ـ سەنئەت
مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ھەمدە مىللىي ئەدەبىيات
ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ئىجادىي جارى قىلد-
دۇرۇش. سوتسىيالىستىك رېئالىزم مۇشۇنداق ئۇلۇغ ۋەزىپىلەر-
نى ئىجرا قىلىپ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكىنى ئۈچۈن، بەزى
گەۋدىلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولالىدى. بۇ خۇسۇسىيەتلەر-
نىڭ ئاساسلىقى مۇنۇلار:

1. سوتسىيالىستىك رېئالىزم يۈكسەك چىنلىققا ئىگە. چۈن-
كى سوتسىيالىستىك رېئالىزم تارىخىي تۇرمۇش چىنلىقى ۋە
رېئال تۇرمۇش چىنلىقىغا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى
ۋە مەنتىقىسى نۇقتىسىدىن تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىدۇ ۋە شۇ نۇقتى-
دىن تۇرۇپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تارىخىي، چىن، كونكرېت
ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ ئۆز ماھىيىتى ئېتىبارى بىلەن
رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋەقەلىرى ۋە تارىخىي ۋەقەلەرنى ئىنـ-
قىلاب تەرەققىياتى جەريانىدا تەسۋىرلەيدۇ.

2. سوتسىيالىستىك رېئالىزم يۈكسەك ئىدىيىۋىلىككە ئى-
گە. ئۇ خەلق ئاممىسىنى سوتسىيالىستىك روھتا تەربىيىلەشنى
مەقسەت ۋە ۋەزىپىسى قىلغاچقا، ئەسەرلەرنىڭ ئىلغار ئىدىيىۋى-
لىككە ئىگە بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەيلى كىشىلىك قا-
راش، مەيلى قىممەت قارىشى، مەيلى گۈزەللىك قارىشى جەھەت-
تىن بولسۇن، ئىلغار تەرەپلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا سوت-
سىيالىستىك رېئالىزملىق ئەسەرلەردە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلگى-

رىلىشىگە تۇرتكە بولىدىغان تېمىلار يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.
3. يۇكسەك غايىۋىلىك ــ سوتسىيالىستىك رېئالىزمنىڭ بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتى. سوتسىيالىستىك رېئالىزمدا ھامان رېئاللىقتا ئىگە غايىنىڭ بىر گەۋدە بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. شۇڭا ئەسەرلەردە يۇقىرى رېئالىستىك روھ گەۋدىلىنىپ قالماستىن، يەنە يۇكسەك غايە، ئۈمىد ـ ئىشەنچمۇ جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. بۇ سوتسىيالىستىك رېئالىزمنىڭ ئىلغار رومانتىزمنى ئۆز تەركىبى قىلىپ، ئۇنى بىر خىل چوڭقۇر قاناتقا ئايلاندۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت.
سوتسىيالىستىك رېئالىزم بىر چوڭ تارىخىي ھادىسە. بۇگۈنكى دۇنيا ئەدەبىياتىدا ئۇ بىر چوڭ ئەمەلىي ئېقىم پاكىتى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. شۇڭا ئۇنىڭ ئىلغار ئەنئەنىلىرىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇشقا، ئۇنىڭ بەزى پرىنسىپلىرىنى يېڭى تۇرمۇش تەرەققىياتى ۋەزىيىتىنى ئىپادىلەش مەسىلىسىگە تەتبىقلاشقا، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇسۇلنى جانلىق قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

## مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. ئىجادىيەت ئۇسۇلى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ؟
2. دۇنيا قاراش دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟
3. ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ نىسبىي مۇستەقىللىقى قانداق بولىدۇ؟
4. ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە پەرقىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈڭ.
5. نېمە ئۈچۈن رېئالىزم بىلەن رومانتىزم ئىككى ئاساسلىق

ئىجادىيەت ئۇسۇلى دېيىلىدۇ؟
6. رېئالىزم دېگەن نېمە؟ بىر – ئىككى مۇنەۋۋەر ئەسەر مىسالى ئارقىلىق رېئالىزمنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بايان قىلىڭ.
7. رېئالىزمنىڭ تەرەققىياتى قانداق باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ؟
8. رومانتىزمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى سۆزلەڭ.
9. رومانتىزمنىڭ خۇسۇسىيىتىنى كونكرېت مىساللار ئارقىلىق بايان قىلىڭ.
10. تۆۋەندىكى ئاتالغۇلارنى چۈشەندۈرۈڭ: ناتۇرالىزم، مودېرنىزم، سوتسىيالىستىك رېئالىزم.
11. مودېرنىزم قانداق پەيدا بولغان؟ ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

## XI باب

# ئەدەبىي ۋارىسلىق، ئەدەبىي يېڭىلاش، ئىجاد قىلىش

ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلاش ۋە ئىجاد قىلىش — مەدەنىيەت، جۈملىدىن مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى. ھەر قانداق بىر دەۋرنىڭ مەدەنىيىتى شۇ دەۋر ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ تەلەپ - تەقەززاسى بويىچە، ئىلگىرىكى دەۋرلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى بىلەن ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، يېڭى مەدەنىيەتنى يارىتىش جەريانىدا بارلىققا كېلىدۇ. شۇنداقلا يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن مەلۇم دەۋر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن مەلۇم مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىيات جەريانىدا بىر ئەزىم، ئەلۋەك ئېقىنغا ئايلىنىپ، كېيىنكى دەۋرلەر مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئاساس يارىتىدۇ، كېيىنكى ئەۋلادلار ۋارىسلىق قىلىدىغان ئېسىل ۋارىسلارغا ئايلىنىدۇ. ئىنسانىيەت مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ چوڭ بىر قىسمى بولغان ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىمۇ بۇ قانۇنىيەت ئاساسىدا بولىدۇ.

جۇڭگو ۋە چەت ئەللەر ئەدەبىياتىدىكى مەڭگۈلۈك تەسىرلەندۈرۈش قۇدرىتىگە ۋە قىممىتىگە ئىگە نادىر ئەسەرلەر ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەبىي مىراسلار ھېسابلىنىدۇ. ھەر قانداق ئەل ۋە مىللەتنىڭ يېڭى ئەدەبىياتى مۇشۇ ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش، مۇناسىپ قائىدە - پرىنسىپلار بويىچە ئەدەبىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېڭىلاش ئېلىپ بېرىش، ئەڭ مۇھىمى يېڭىلىقلىرىنى ئىجاد قىلىش ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ۋارىسلىق، ئەدەبىي يېڭىلاش، يېڭىلىقلىرىنى ئىجاد قىلىش — بىر تەرەپتىن، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بىر ئەمەلىي مەسىلە. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ نەزەرىيە مەسىلىسى. بۇ مەسىلىنى ئىلمىي نەزەرىيە جەھەتتىن يورۇتۇپ بېرىش كېرەك.

## 1 § . ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ۋارىسچانلىقى

ھەر قايسى ئەل، ھەر قايسى مىللەت ئەدەبىياتى ئۇزاق تارىخقا، پارلاق ئەنئەنىگە ئىگە. ئۇ ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان ئېقىن، يىلتىزى قۇرۇماس گىگانت دەرەخ. شۇڭا بۇ ئېقىنلار قۇرۇماسلىقى، بۇ دەرەخلەر يوقالماسلىقى، بۇ ئەنئەنە مەڭگۈ پارلاپ تۇرۇشى كېرەك.

### 1 . ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى

1 . يېڭى ـ كونا ئەدەبىياتنىڭ ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى

يېڭى ـ كونا ئەدەبىياتنىڭ ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى — ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى. بۇ خىل قانۇنىيەت ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى ئىنېرتسىيىلىك كۈچى. ھەر قانداق بىر يېڭى ئەدەبىيات مۇشۇ قانۇنىيەت ئارقىلىق كونا ئەدەبىيات بىلەن باغلىنىدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەيمىز؟ بىرىنچى، ھەر قانداق بىر دەۋر يازغۇچىلىرى قايسى مىللەت-

كە ياكى قايسى ئىجتىمائىي ـ سىياسىي گۇرۇھلارغا مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر ئەدەبىياتىنى ئىلگىرىكى دەۋرلەرنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، بۇ مىراسلارنى يېڭىلاش، يېڭىلىرىنى ئىجاد قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرىدۇ. كلاسسىك تراگېدىيىنىڭ ئاتىسى ھېسابلانغان قەدىمكى يۇنان دراماتورگلىرىدىن ئېسخىل (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 456 ـ 525)، سوفىكىل (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 406 ـ 496) ئېۋرېپىد (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 406 ـ 485) لار ئۆز زامانىسىدا تراگېدىيىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە «قەھرىمانلىق دەۋر» دىكى گۈزەل ئەپسانە ـ رىۋايەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان، ئۇلاردىن تېما ۋە شەكىل قوبۇل قىلغان. ئۇلۇغ ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» نى ئىجاد قىلىشتا قەدىمكى ئۇيغۇر ئېپوسلىرىغا، پارس كلاسسىك شائىرى پىردەۋسىنىڭ يىرىك داستانى «شاھنامە» نىڭ ئۇسلۇب ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان. مەۋلانە ئەلىشىر نەۋائىمۇ «خەمسە» نى ئىجاد قىلىشتا نىزامى كەنجىۋى، خىسراۋ دېھلىۋىلەرنىڭ «خەمسە» سىدىكى ئەنئەنىلەرنى ئۆگەنگەن ۋە بۇ ئەنئەنىلەرگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغان.

ئىككىنچى، ئەدەبىياتنىڭ تارىخىي ۋارىسلىقى مەلۇم ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئالاھىدىلىكى، مەلۇم ئىجتىمائىي ـ سىياسىي كۈچنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىدا يۈز بېرىدىغان ئەدەبىي ھادىسە. ماركس ئېيتقاندەك، كىشىلەر ئۆز تارىخىنى ئۆزى يارىتىدۇ، لېكىن ئۆز تارىخىنى ئۆزى يارىتىش ئىشى كىشىلەر ئۆزلىرى بېكىتكەن شارائىت ئاستىدا بولىدىغان ھادىسە. ئەدەبىيات تارىخىمۇ بىر مىللەت يازغۇچىلىرى ئۆزلىرى ياراتقان تارىخ. بۇ تارىخمۇ مەلۇم دەۋردىكى ئىقتىسادىي بازىس خاراكتېرى ئاستىدا، مەلۇم سىياسىي ـ ئىجتىمائىي تەبىقىنىڭ تىزگىنلىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن. چۈنكى بىر تەرەپتىن، ھەر قانداق بىر كونا ئەدەبىيات

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھامان يېڭى تارىخىي دەۋرنىڭ تەلىپى ۋە ۋەزىيىتى چەكلىمىسىدىن خالىي بولالمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، كونا دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىل، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى ئاستا بولغاچقا، ئۇ مەلۇم ۋاقىتقىچە ئۆزىنىڭ نىسبىي مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالىدۇ. رۇبائىي، غەزەل، مۇستەھزات، تۇيۇق ۋە باشقا ئارۇز ۋەزنىلىك كلاسسىك ئۇيغۇر شېئىرىي شەكىللەر — كونا ئەدەبىياتقا مەنسۇپ. لېكىن ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ بۇ شەكىللەر قائىدە - مىزانلىرى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى جەھەتتە ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلىماقتا.

ئۈچىنچى، قەدىمكى ئەسەرلەر، بولۇپمۇ كلاسسىك قىممىتى بار قەدىمكى ئەسەرلەر ياراتقان بەدىئىي ئوبرازلار گۈزەل - كۆركەم بولۇپ، بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي زوقلاندۇرۇش قۇدرىتى زور، مەھلىيا قىلىش سېھرىي كۈچى مول. كونا ئەدەبىياتنىڭ سەنئەت ۋە ئېستېتىك جەھەتتىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكى — ئۇلارنىڭ كونا ئەدەبىياتنى يېڭى ئەدەبىياتقا تۇتاشتۇرۇشتا مەڭگۈلۈك «ئالتۇن كۆۋرۈك»لۈك رول ئوينىشىنى بەلگىلىگەن. خەنزۇ شائىرى گومورونىڭ «سۇمۇرغلار پاراغىتى» قاتارلىق قويۇق رومانتىك شېئىرلىرىدىكى روھ، ئۇسلۇب چۈي يۈەن، لى بەي قاتارلىقلارنىڭ مەڭگۈلۈك زوقلاندۇرۇش قۇدرىتىگە ئىگە رومانتىك شېئىرلىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن. نىزارى، نىمشېھىت قاتارلىقلارنىڭ «پەرھاد - شېرىن»لىرى نەۋائىينىڭ «پەرھاد - شېرىن» ى بىلەن چىڭ باغلىنىپ كەلگەن.

2. نېمە ئۈچۈن ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىنىدۇ؟

ئەدەبىيات تەرەققىياتى پاكىتلىرى ئىسپاتلىغان ھەقىقەت شۇكى، ئەدەبىيات شەكىللەنگەندىن كېيىنكى ئۇزاق تارىخىي مۇساپىدە ھەر بىر دەۋر ئەدەبىياتى، ھەر بىر يازغۇچى ھەممىسى دېگۈدەك ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئىلگىرىكى دەۋرلەر ئەدەبىياتىدىن تەربىيە - ئوزۇق ئالدى، ئىلگىرىكى ئەدەبىيات بىلەن يازغۇ-

چىلارنى ئۈلگە قىلدى. بۇنداق ۋارىسلىق قىلىش، ئۆگىنىش،
ئۆزلەشتۈرۈش ھەر تەرەپلىمە بولۇپ، مۇھىمى ئىلغار ئىدىيىۋى
مەزمۇن، ئېسىل بەدىئىي شەكىللەر ۋە ئەنئەنىلەر، ئىلغار ئىجا-
دىيەت ئۇسۇلى، بەدىئىي ئوبراز يارىتىش، سۇژىت لىنىيىسىنى
قۇرۇش، تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ. سىماچيەن يازغان «تارىخنامە» — كېيىنكى نەسر يازغۇ-
چىلار ئۈچۈن ئۆرنەك بولغان بولسا، «شېئىرنامە» كېيىنكى
شائىرلار ئۈچۈن ئۆرنەك بولغانىدى. X – XI ئەسىرلەردىكى
قاراخانىيلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ روناق تېپىشىدا مۇنداق
ئىككى – ئۈچ سەۋەب بار. بىرى، بۇ دەۋر يازغۇچىلىرى ئەزەلدىن
كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مىراسلىرىدىن زوق ۋە ئىلھام ئال-
غان. ئۇلارنى بۇلاق ۋە يىلتىز قىلغان. يەنە بىرى، جۇڭگو،
يۇنان، پارس، ئەرەب ۋە ھىندى ئەدەبىياتىنىڭ نادىر مىراسلىرى-
نى ئۆرنەك قىلغان. ئۈچىنچى بىرى، پەلسەپە، سەنئەت ۋە
ئېستېتىكا نەزەرىيىسى جەھەتتىن سوقرات، ئەپلاتون، ئارستو-
تىل، فارابى قاتارلىقلارنىڭ نەزەرىيىلىرىنى ئىلمىي ئاساس قىل-
غان. شۇنداقلا بۇ دەۋردىكى يازغۇچىلار ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ
تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان.

دېمەك، ئەدەبىيات ۋارىسلىق بىلەن شەكىللىنىدۇ، تەرەققىي
قىلىدۇ. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ئەدەبىيات مىراسلىرىغا ۋارىسلىق
قىلىنىدۇ؟

ماكرو جەھەتتىن ئالغاندا، بۇنىڭ مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك سە-
ۋەبى بار:

1. ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش — ئەدەبىيات
تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەرلىكى، بۇ بىر خىل مەڭگۈلۈك يۈزلى-
نىش. ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ بۇ خىل مۇقەررەر قانۇنىيىتىنى
بىرىنچىدىن، يېڭى ئەدەبىياتنىڭ كونا ئەدەبىيات ئىزىدا ئۇنۇپ،
چېچەكلەپ، مېۋە بەرگەنلىك ماھىيىتى، ئىككىنچىدىن، كونا

ئەدەبىياتنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋرنىڭ تەلىپىگە، يېڭى ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ خاراكتېرىگە ۋە يېڭى مەدەنىيەت ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشى، ئۇچىنچىدىن، ئەدەبىياتنىڭ، بولۇپمۇ مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقى ۋە خاسلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكى قاتارلىق ئامىللار بەلگىلىگەن.

2. قەدىمكى ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش — يېڭى ئەدەبىياتنى بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى. بىر يېڭى ئەدەبىيات كونا ئەدەبىياتنى يېڭىلاش ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. ھەتتا بۈگۈنكى شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك بولغان جۇڭخوا مىللەتلىرى ئەدەبىياتىمۇ مۇشۇ زۆرۈر شەرت ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن. چۈنكى كونا ئەدەبىياتتىكى نۇرغۇن دېموكراتىك روھىي مەزمۇن ئامىللىرى، بەدىئىي جەھەتتە ئۈرنەك بولالايدىغان ئەۋزەل ئامىللار، ئەنئەنىۋى رېئالىزم ۋە رومانتىزم روھى بىلەن ئۇسۇللىرى يېڭى ئەدەبىياتنى قۇرۇشتا ھامان زۆرۈر شەرت بولالايدۇ.

3. ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، قەھرىمانلىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك روھى قاتارلىق مەنىۋى مەدەنىيەت پەزىلەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ زۆرۈر ۋاستىسى ۋە شەرتى. چۈنكى بىرىنچىدىن، كونا ئەدەبىي مىراسلاردا نۇرغۇن تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە مەنىۋى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى بار. ئىككىنچىدىن، كونا ئەدەبىياتنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە دانىشمەنلىكىنى مەدھىيىلەيدىغان ئېسىل مەزمۇنلىرى بىر ياخشى دەرسلىك رولىنى ئوينايدۇ. ئۈچىنچىدىن، كونا ئەدەبىياتتا ئەجدادلارنىڭ گۈزەل، ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلىرى مەدھىيەلەنگەن. ئەخلاقىي ئادەتلىرى بىلەن چۈشەنچىلىرى بەدىئىي ئوبرازلاردا روشەن ئىپادىلەنگەن. «قۇتادغۇبىلىك»تە ئىپادىلەنگەن بىلىملىكلەر ئەلنى باشقۇرۇش، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئەلنى

ئادالەت ۋە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتەك ئېسىل مەزمۇنلار ھېلىمۇ بىزگە ئۆرنەك ۋە ئىلھام بولالايدۇ. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تە ئىپادىلەنگەن پاك مۇھەببەت روھى، «سۇ بويىدا» دا ئىپادىلەنگەن قەھرىمانلىق روھى، «پەرھاد ـ شېرىن» دا ئىپادىلەنگەن ئىنسانپەرۋەرلىك، مەرىپەتچىلىك ۋە قەھرىمانلىق روھى خەلق ئاممىسىنى تەربىيىلەش ۋە مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىدا مەڭگۈلۈك ئىلھاملاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

## 2. ۋارىسلىق قىلىشنىڭ پرىنسىپى

تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش — ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئاساسى ئىلمىي پرىنسىپى. بۇ ماكرولۇق پرىنسىپ بولۇپ، ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلىك باشقا پرىنسىپلار مۇشۇ پرىنسىپنى يېتەكچى قىلىپ تۈزۈلىدۇ. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ كونكرېت پرىنسىپى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

بىرىنچى، ئەدەبىي مىراسلارغا قارىتا پەرقلەندۈرۈش، تاللاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش — تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ مۇھىم ئاساسىي پرىنسىپى. ماركسىزملىق مىللەت قارىشى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بىر مىللەت مەدەنىيىتى ئىچىدە ئىككى خىل تەركىب بولىدۇ. بىرى، شۇ مىللەتنىڭ 95% نوپۇسى بولغان ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ دېموكراتىك مەزمۇندىكى مەدەنىيەت. يەنە بىرى، چاكىنا خاھىش، چاكىنا ئىدىيىۋى مەزمۇندىكى ساغلام بولمىغان مەدەنىيەت. بىرىنچى خىل مەدەنىي تەركىب خۇش پۇراق گۈل، مېغىز ھېسابلىنىدۇ. ھۆكۈمران گۇرۇھقا تەۋە ئەدىبلەر ئىجاد قىلغان ئەدەبىي مىراسلارغا قارىتا پەرقلەندۈرۈش پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. چۈنكى بەزى يازغۇچىلار گەرچە ئۆزلىرى ھۆكۈمران سىياسىي كۈچ-

www.uyghurkitap.com

لەرگە تەۋە بولسىمۇ، لېكىن بەزى ئەسەرلىرىدە خەلققە ھېسداش-
لىق قىلىدىغان مەزمۇنلارنى، ۋەتەننى، مىللەتنى سۆيۈش روھى-
نى، ئىلىمنى قەدىرلەش پەزىلىتىنى ئىپادىلىگەن. بۇنداق ئەسەر-
لەرگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشقا بولىدۇ. يەنە شۇنداق يازغۇچى-
لار باركى، ئۇلار مەخسۇس تەبىئەت ھەققىدە ئەسەر يېزىپ تەبى-
ئەتنى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى مەدھىيىلىگەن. بۇنداق ئەسەرلەر-
نىڭ ئېستېتىك قۇدرىتى يۇقىرى. بۇ خىل ئەسەرلەرگىمۇ تەنقى-
دىي ۋارىسلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، پەرقلەندۈرۈش،
تاللاش ئارقىلىق قوبۇل قىلىش ئادەتتە، پەرقلەندۈرۈش، تاللاش
پرىنسىپى ياكى شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قى-
لىش پرىنسىپى دېيىلىدۇ. بۇ پرىنسىپنى ئىجرا قىلغاندا جىددىي
بولۇش، ئەستايىدىل بولۇش، ئىلمىي بولۇشنى بىر گەۋدىگە
ئايلاندۇرۇش لازىم.

ئەگەر بۇ ئۈچ تەرەپنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت
بېرىلمىسە، ئاسانلىقچە يا ھەممىنى قوبۇل قىلىش ياكى ھەممىنى
ئىنكار قىلىشتەك ئىككى خىل خاتا خاھىش كېلىپ چىقىدۇ.
ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشتا ھەممىنى قوبۇل قىلىشمۇ
ياكى ھەممىنى ئىنكار قىلىشمۇ مىللىي مەدەنىيەتنى ۋەيران قى-
لىش، زامانىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلالماسلىقتەك ناچار ۋەزىيەت-
نى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ.

ئىككىنچى، قەدىمكى يازغۇچىلارغا ۋە قەدىمىي ئەسەرلەرگە
قارىتا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئۇسۇلنى قوللىنىپ باھا بېرىش
پرىنسىپى. بۇ پرىنسىپ تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزەرىنى
يېتەكچى قىلىشنى، قەدىمكى يازغۇچىلار ۋە ئەسەرلەرنى ئوبيېك-
تىپ تەھلىل قىلىشنى ۋە باھالاشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىدۇ.
بۇ پرىنسىپ بويىچە مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلغاندا بىر
تەرەپتىن، يازغۇچى ياشىغان دەۋرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى
بىلەن ئۇ يازغان ئەسەرنىڭ ئومۇمىي خاھىشىنى بىرلەشتۈرۈپ

تەھلىل قىلىش لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، يازغۇچى يازغان كونكرېت ئەسەرنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئوبيېكتىپ رولىغا ۋە تەسىرىگە نىسبەتەن ئوبيېكتىپ باھا بېرىش كېرەك. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئۇلۇغ نادىر ئەسەر. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدا بەزى ساغلام بولمىغان قاراشلارمۇ بار. لېكىن ئەسەر ئۆز زامانىسىدا ئىنتايىن ئاكتىپ رول ئوينىدى ۋە 1000 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتمىدى. شۇڭا بۇ ئەسەر مىللىتىمىز ئەبەدىي ۋارىسلىق قىلىدىغان نادىر مەدەنىيەت مىراسى ھېسابلىنىدۇ. «مەشرەپ شېئىر- غەزەللىرى» ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى بەدىئىيلىكى يۇقىرى نادىر ئەسەر. گەرچە ئەسەردە ئاز - تولا پېسسىمىستىك (ئۈمىدسىزلىك، تەركىدۇنياچىلىق) خاھىشلىرى ئىپادىلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئومۇمىي ۋە ئاساسىي خاھىش ئەمەس. چىن مۇھەببەت ئىدىيىسى، يۇرتقا بولغان پاك ئەقىدە، زۇلمەتنى سۆكۈش ئاساسىي خاھىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا «مەشرەپ شېئىر - غەزەللىرى» نادىر مىراس سۈپىتىدە قەدىرلىنىدۇ. ئۇچىنچى، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى ئۆز ئېلىمىز ۋە مىللىتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش — ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشتىكى ئۇنۇملۇك پرىنسىپ ھېسابلىنىدۇ. يالغۇز قەدىمكى دەۋرلەر ئەدەبىياتىدا ئېسىل مىراسلار بولۇپ قالماستىن، يەنە چەت ئەللەرنىڭ ئەدەبىياتىدا، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا بىزگە ئۆرنەك بولىدىغان، بىز ۋارىسلىق قىلىدىغان ئېسىل مەدەنىي - ئەدەبىي مىراسلار ھەددى ھېسابسىز. بۇلارغا ۋارىسلىق قىلىش، بۇلارنى ئۆرنەك قىلىش، بۇلارنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈش يېڭى مىللىي ئەدەبىياتنى بەرپا قىلىشنىڭ داغدام يولىدىن بىرى. مودېرنىزم ئەدەبىياتى — غەرب ئەللىرىنىڭ يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدىكى تەسىرى ۋە تۆھپىسى مول ئەدەبىيات. گەرچە بۇ بۇرژۇئازىيە ئەدەبىياتى بولسىمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لېكىن ئۇنىڭ بىر مۇنچە ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ئەۋزەللىكلىرى بىز ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەردۇر. خەنزۇ، ئۇيغۇر، مانجۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ بەزى يازغۇچىلىرى مودېرنىزمغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق بىر مۇنچە نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. ۋارىسلىق قىلىشنىڭ بۇ پرىنسىپىنى ئىجرا قىلغاندا بىر تەرەپتىن، نېگىلىزم (مىللىي ئىنكارچىلىق) خاھىشىنىڭ، يەنە بىر تەرەپتىن، تار مىللىي بېكىنمىچىلىك خاھىشىنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ھەر ئىككىسىلا ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشقا زىيانلىقتۇر. چۈنكى نېگىلىزم (مىللىي ئىنكارچىلىق) خاھىشىدىكىلەر ئەجنەبىيلەرگە خوراپىيلارچە چوقۇنۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىلا مەدەنىيەتلىرىنى ئېسىل، بىباھا دەپ بىر تەرەپلىمە باھالاپ، ئۆز مىللىتى، ئۆز ئېلىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇ خىل خاھىشتىكىلەرنىڭ ھەرىكىتى مىللىي مەدەنىيەتنى، جۈملىدىن مىللىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ۋەيران قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. مىللىي بېكىنمىچىلىك خاھىشىدىكىلەر ئۆز مىللىتىنىڭ ۋە ئېلىنىڭ ھەممىلا مەدەنىيەت مىراسلىرى بىلەن ئەنئەنىلىرىنى پرىنسىپسىز ئۇلۇغلايدۇ، باشقا دۆلەتلەر، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مىراسلىرىنى قوبۇل قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ. بۇ خىل خاھىشتىكىلەرنىڭ ھەرىكىتى — مىللىي مەدەنىيەتنىڭ، جۈملىدىن مىللىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئاستىلىتىش، ھەتتا بىر ئىزدا توختىتىپ، ئارقىغا چېكىندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. بۇنداق بولسا، مىللىي مەدەنىيەت ـ ئەدەبىياتتا يۇكسەك سەۋىيە يارىتىلمايدۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ دۇنياۋى يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇڭا ئىقتىساد، مەدەنىيەت يەر شارىلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان يېڭى تارىخىي شارائىتتا مىللىي بېكىنمىچىلىك خاھىشى سەلبىي ئوينايدۇ.

نېمە ئۈچۈن ئەدەبىي مىراسلارغا قارىتا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ؟ بۇنىڭدا مۇنداق ئۈچ سەۋەب بار: بىرى، ئەدەبىي مىراسلار ئۆتكەن دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ھامان تارىخىي چەكلىمىلىكتىن، سىنىپىي چەكلىمىلىكتىن، خاھىش چەكلىمىلىكىدىن خالىي ئەمەس. ئۇلاردا خۇش پۇراق گۈللەر بىلەن زەھەرلىك چۆپلەر ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. پەقەت تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپى يولغا قويۇلغاندا، ئەدەبىي مىراسلاردىكى خۇش پۇراق گۈللەر بىلەن زەھەرلىك چۆپلەرنى پەرقلەندۈرۈشكە، مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ، شاكىلىنى تاشلىۋېتىشكە بولىدۇ. يەنە بىرى، ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش — ھازىرقى ئەدەبىيات - سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش، ھازىرقى كىشىلەرنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىشتە پەقەت تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپىنى قوللىنىش زور ئۈنۈم بېرىدۇ. تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپىنى قوللانغاندا، ياخشى - يامىنىنى ئايرىپ، ھازىرقى كىشىلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەردىن ساغلام بەھىر ئېلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچى بىرى، بۇ پرىنسىپنى قوللانغاندا، ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشتىكى مىللىي ئىنكارچىلىق خاھىشى بىلەن مىللىي بىكىنمىچىلىك خاھىشىنىڭ يامراپ كېتىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ قالغىلى، كونا ئەدەبىيات بىلەن يېڭى ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، يېڭى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە داغدام يول ئاچقىلى بولىدۇ. دېمەك، تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش — ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ تۈپ پرىنسىپى، ئىلمىي ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## § 2 . تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ مەزمۇنلىرى

دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر، مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىگە يارىشا مول تارىخىي مەدەنىيەت ئىزنالىرى، مىراسلىرى بار. ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرى شۇ مەدەنىيەت ئىزنالىرى ئىچىدىكى يارقىن ئىزنالار، شۇ مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدىكى مول ۋە قىممەتلىك نەرسىلەر ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى يۇنان، رىم ھەمدە قەدىمكى ياۋروپانىڭ مەدەنىي - ئەدەبىي مىراسلىرى، قەدىمكى مىسىر، پەلەستىن، ھىندىستان، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىي - ئەدەبىي مىراسلىرى، قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىي - ئەدەبىي مىراسلىرى، قەدىمكى ئامېرىكا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىنىڭ مايا مەدەنىيىتى مىراسلىرى — مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە مەنىۋى بايلىقلاردۇر.

جۇڭگو — خەنزۇ مىللىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، موڭغۇل، زاڭزۇ (تىبەت)، ئۇيغۇر، مانجۇ، جۇاڭزۇ، خۇيزۇ مىللەتلىرىنى ئاساس قىلغان 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئۇلۇغ مەملىكەت. ئۇنىڭ 9 مىليون 600 مىڭ كۇۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىنىدا خەنزۇ مىللىتى ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر 5000 يىلدىن بېرى ياراتقان مول ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلار گۆھەردەك جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئاشۇ جۇلالىق گۆھەرلەردىن ئەڭ چوڭى — جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى قان - تەرى بىلەن ياراتقان ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىدۇر. بۇ مىراسلار خۇددى چاڭجياڭ، خۇاڭخې ۋە تارىم دەريالىرىدەك بۇ ئەلۋەك زېمىندا تارىختىن بېرى ئۇلۇغ ئېقىن بولۇپ ئېقىپ كەلدى. بۇ ئەلۋەك ئېقىن داۋاملىق ئېقىپ تۇرۇۋشى كېرەك، ئەلۋەتتە. يولداش ماۋ-

زىدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «كۇڭزىدىن تارتىپ تاكى
سۇن جۇڭشەنگىچە بولغان قىممەت باھالىق مىراسلارنى يەكۇنلەپ
چىقىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم. بۇلار ھازىر
ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇلۇغ ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىشىغا مۇ-
ھىم ياردەم بېرىدۇ.»
جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىياتى تۇنجى شېئىرلار توپلىمى —
«شېئىرنامە»دىن ھېسابلىغاندا 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە. مىلا-
دىيىدىن ئىلگىرىلا كۇڭزى، مىڭزى ۋە جۇاڭزىلەر ياشاپ ئۆتكەن
بولۇپ، ئۇلار «مۇھاكىمە ۋە بايان»، «مىڭزى، جۇاڭزى» قاتار-
لىق مۇقەددەس كىتابلارنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇ ئەسەر دەسلەپ-
كى ئەدەبىياتنىڭ ئۇندۇرمىلىرى ھېسابلىنىدۇ. مىلادىيىدىن ئىل-
گىرى ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر شائىر چۈي يۈەن ياشاپ ئۆتكەن بولۇپ،
ئۇ «جۇدالىق زارى»، «توققۇز قوشاق»، «تەڭرىگە سوئال»،
«توققۇز نىزام»، «جۇيزىگە مەدھىيە» قاتارلىق ئېسىل ئەسەر-
لەرنى يېزىپ قالدۇردى. يەنە مىلادىيىدىن بۇرۇن ئۇلۇغ تارىخشۇ-
ناس سىماچيەن «تارىخنامە» ناملىق يىرىك ئەسەرنى مىراس قال-
دۇردى. بۇ ئەسەر ھەم تارىخىي قىممەتكە، ھەم ئەدەبىي قىممەتكە
ئىگە ئۇلۇغ ئىلمىي ئەدەبىي يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ.
خەن سۇلالىسى ئەدەبىياتىدا «يۆفو قوشاقلىرى» گەۋدىلىك
ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. گۈللەنگەن تاڭ ئەدەبىياتى تارىخىدا روماز-
تىك شائىر لى بەي، رېئالىستىك شائىر دۇفۇ يېڭى «يۆفۇ
قوشاقلىرى» ھەرىكىتىنىڭ پېشۋاسى بەي جۈيى پەخىرلىك ئو-
رۇن ئىگىلەيدۇ.
مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىسى ئەدەبىياتلىرىدا يېڭى سەۋىيە يارىتى-
لىپ، رومانچىلىق ئىجادىيىتى تەرەققىي قىلدى. بۇ دەۋرلەردە
لوگۇەنجۇڭ، ۋۇچىڭئېن، ساۋشۆچىن، پوسۇڭلىن قاتارلىق ئۇ-
لۇغ ئەدىبلەر ياشاپ، «غەربكە ساياھەت»، «ئۈچ پادىشاھلىق
ھەققىدە قىسسە»، «سۇ بويىدا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»،

www.uyghurkitap.com

«رايىش موللىنىڭ غەيرىي رەسمىي تارىخى» ، «لياۋ جەي رىۋايەتلىرى» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنى مىراس قالدۇرۇپ، جۇڭگونىڭ نەسرىي ئەسەرلەر تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئۇيغۇرلار — جۇڭگودىكى، شۇنداقلا ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمىي، مەدەنىيەت تارىخى ئۇزۇن مىللەت. بۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن باشلىنىدۇ. بۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا جىۋا خېنىم، كاماراجىۋا، سۇجىۋا، پىرخويلان، ئاپرىنچورتىگىن، فارابى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقىرى، ئەھمەد يۈكنەكى، سەككاكى، لۇتفى، رابغوزى، نەۋائى، نىزارى، نازىمى، ناقىس، موللا مۇسا سايرامى قاتارلىق يۈزلىگەن ئەدىبلەر پەخىرلىك ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇلار ناھايىتى كۆپ ۋە سۈپەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ، جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ خەزىنىسىنى مەڭگۈ جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ئەدەبىي گۆھەرلەر بىلەن تولدۇردى.

ئېلىمىز ئەدەبىيات تارىخىدا يەنە موڭغۇللار، زاڭزۇلار، جۇاڭزۇلار، خۇيزۇلار، مانجۇلار ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىمۇ پەخىرلىك ئورۇن تۇتىدۇ.

دېمەك، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئەۋلادلارغا ئېسىل ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ مىراسلارنىڭ كۆپچىلىكى سىياسىي ئىدىيە جەھەتتە، ئەدەبىي قىممەت جەھەتتە ۋە ئېستېتىك تەربىيە جەھەتتە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى بۇ ئەدەبىي مىراسلارنىڭ مەزمۇنى مول، ماتېرىيال ۋە پايدىلىنىش قىممىتى زور. شۇڭا بىز ئەجدادلار قالدۇرۇپ كەتكەن ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى كۆپلىگەن ئەدەبىي مىراسلاردا بىر تەرەپتىن، دېھقانلار قوزغىلىڭى، ۋەتەننى ۋە مىللەتنى ئازاد قىلىش ۋە قوغداش يولىدىكى ھەققانىي ئۇرۇشلار، فېئوداللىق نەسەب تۈزۈمى بىلەن نىكاھ قائىدىسىگە قارشى ئەر-

كىنلىك روھى مەدھىيىلەنگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ھۆكۈمران
گۇرۇھ ئىچىدىكى ياخشى زاتلارنىڭ خەلققە ھېسداشلىقى، ئادالەت-
نى ياقلاش ئىدىيىسى تەسۋىرلەنگەن. ئۈچىنچى تەرەپتىن، تەبى-
ئەت مەدھىيىلەنگەن، كىشىلەرنىڭ زوق - شوخى كۈيلەنگەن،
تەبىئەت بىلەن ئىنسان مۇناسىۋىتى ئىپادىلەنگەن. ماكرو جەھەت-
تىن قارىغاندا، ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ
مەزمۇنلىرىنى تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈشكە بولى-
دۇ:

## 1. يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خەلق ئەدەبىياتى، يازغۇچىلار ئەدەبى-
ياتى ۋە ئاممىباب ئەدەبىي مىراسلىرى ئىچىدە يۈكسەك ۋەتەنپەر-
ۋەرلىك مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر كۆپ ۋە سەرخىل. بۇ خىل ئە-
سەرلەردە ئالىيجاناب ۋەتەنپەرۋەرلىك (بۇ مىللەتپەرۋەرلىكنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ) روھ قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. چۈنكى مەيلى
نامسىز خەلق ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرى بولسۇن، مەيلى كلاسسىك
ئەدەبىيات يازغۇچىلىرى بولسۇن، ئۆز تەقدىرىنى، ھېس - تۇيغۇ-
لىرىنى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ۋەتەن، دۆلەت، مىللەت تەقدى-
رى بىلەن، ھېسسىياتى بىلەن، غايىسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈر-
گەن. ئۇلار ھامان ۋەتەننى، دۆلەت ۋە مىللەتنى ھەممىدىن ئەلا
بىلگەن. ۋەتەننى ۋە مىللەتنى مەدھىيىلەشنى ئۆزلىرىنىڭ ۋىجدا-
نىي بۇرچى دەپ ھېسابلىغان. شۇڭا ھەر مىللەت ئەدەبىي مىراس-
لىرىدا يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك پۈتكۈل مەزمۇنىنىڭ ئاساسىنى
تەشكىل قىلىدۇ. ئەدەبىي مىراسلاردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇ-
نىنىڭ ئىپادىسى مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك:

بىرىنچى، ئۆز تەقدىرىنى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ۋە پۈت-
كۈل ھاياتىنى ۋەتەن، مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرى، ئومۇمىي
كەيپىياتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ھەممىدە ۋەتەننى، دۆلەتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە مىللەتنى ئويلاش — يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنىنىڭ ئىپادىسى ۋە چوڭ بىر قىسمى. ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر شائىر چۈي يۈەن ۋەتەن ئۈچۈن، دۆلەت ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جان تىكىپ خىزمەت قىلغان ئۇلۇغ زات ئىدى. ئۇنىڭ «جۇدالىق زارى» داستانىدا شائىرنىڭ بۇ يۈكسەك پەزىلىتى لىرىك ئىپادىلەنگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ — قاراخانىيلار پادىشاھلىقىدا يۇقىرى مەنسەپ تۇتقان ئەرباب ئىدى. ئۇ مىللەت، دۆلەت، ۋەتەن مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەن. شۇڭا دۆلەتنى بىلىم قۇدرىتى بىلەن، قانۇن كۈچى بىلەن ئادىل باشقۇرۇش تەدبىرى توغرىسىدا كۆپ ئىزدەنگەن. ئۇنىڭ بۇ خىل ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا يارقىن ئىپادىلەنگەن.

ئىككىنچى، ۋەتەننى، دۆلەتنى، مىللەتنى قوغداشقا، گۈللەندۈرۈشكە جان پىدا قىلىش — ئەدەبىي مىراسلاردا ئىپادىلەنگەن يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنىڭ بىر يارقىن ئىپادىسى ۋە مەزمۇنى. بۇ خىل مەزمۇن نۇرغۇن كلاسسىك ئەسەرلەرنى يۇقىرى تەربىيە قىممىتىگە ئىگە قىلغان. بۇ خىل مەزمۇندىكى كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلاردا ۋەتەن ئۈچۈن جانپىدالىق كۆرسەتكەن قەھرىمانلار قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. بۇ خىل ئەسەرلەر ئەۋلادلارنىڭ قەھرىمانلىق روھىنى تەربىيىلەشتە مۇھىم ئوقۇش دەستۇرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، ۋەتەن، دۆلەت، مىللەت ئۈچۈن تۆھپە يارىتىش، ئەل - يۇرتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئەل - يۇرتنى قانۇن بويىچە ئادىل باشقۇرۇش روھى — ئەدەبىي مىراسلارنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل روھمۇ مەڭگۈلۈك قىممەتكە ۋە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە.

### 2. روشەن خەلقچىللىق

ھەر مىللەت ئەدەبىي مىراسلىرىدىكى چوڭ بىر مەزمۇن —

كۆپلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن خەلقچىللىق - دې-
موكراتىيە روھىدۇر. بۇ روھ مەڭگۈلۈك جەلپ قىلىش قۇدرىتىد-
گە ئىگە مەزمۇن بولغاچقا، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئەھمى-
يىتى زور. ئەدەبىي مىراسلاردا ئىپادىلەنگەن روشەن خەلقچىللىق
- دېموكراتىيە روھى مەزمۇنىنىڭ ئاساسىي بەلگىلىرى مۇنداق:

بىرىنچى، خەلق مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلق مەنپەئەتىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش، خەلق تەقدىرى ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىدە گە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ ئورتاقلىشىش. ئىسپانىيە كلاسسىك يازغۇچىسى سېرۋانتېسنىڭ «دونكىخوت» رومانىدا رېتسارلىق روھى قاتتىق تەنقىدلەنگەن. رېتسارلىققا قارشى تۇرۇپ، ئىسپانىيىنى مىللىي بېكىنمىچىلىكتىن ئازاد قىلىش ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش — پۈتكۈل ئىسپان خەلقى كۆڭۈل بۆلگەن ئورتاق مەسىلىلەر ئىدى. رومانىدا مۇشۇ ئورتاق زور مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە يورۇتۇپ بېرىلگەن. شۇڭا بۇ رومان ھېلىمۇ ئۆز قىممىتىنى ھەمدە ئەھمىيىتىنى يوقاتقىنى يوق.

ئىككىنچى، خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمىنىنى، ئىدىيىۋى ھېس-سىياتىنى قىزغىن مەدھىيىلەش — ئەدەبىي مىراسلاردا ئىپادىلەن-گەن يارقىن خەلقچىللىقنىڭ يەنە بىر بەلگىسى. خەلق ئاممىسى-نىڭ ئارزۇ - ئارمىنى — يازغۇچىنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ ھېسسىياتى — يازغۇچىنىڭ ھېسسىياتى. نۇرغۇن ئەدەبىي مىراسلاردا خەلق ئارزۇسى بىلەن يازغۇچىنىڭ ئارزۇسى، خەلقنىڭ ھېسسىياتى بىلەن يازغۇچىنىڭ ھېسسىياتى بىرىكىپ كەتكەن. شۇڭا بۇ خىل مەزمۇندىكى ئەسەرلەر خەلق كۆڭلىگە يېقىپ، خەلقنى تەربىيىلەپ كەلگەچكە، ئۆز رولىنى مەڭگۈ جارى قىلدۇرالايدۇ.

ئۈچىنچى، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ، ئەركىنلىكنى، دېموك-راتىيىنى ياقلاش، فېئوداللىق نەسەبچىلىككە قارشى تۇرۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىكاھ ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىش — خەلقچىللىق مەزمۇنىـ
غا ياتىدىغان قىممەتلىك روھ. ئا. نىزارىنىڭ «رابىئە ـ سەئىـ
دىن» داستانىدا ئەركىسىزلىككە قارشى تۇرۇپ، ئەركىن مۇھەبـ
بەت، ئەركىن نىكاھنى ياقلاش روھى ئىپادىلەنگەن. رابىئە بىلەن
سەئىدىن قاتارلىق فېئودالىزىملىق نەسەب تۇزۇمىگە، نىكاھ قائىدىسىـ
گە قارشى ئىسيانكار قەھرىمانلار مەدھىيىلەنگەن. بۇنداق روھ
ھازىرمۇ مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە.

4. ئالىيجاناب ئىنسانپەرۋەرلىك

ئىنسانپەرۋەرلىك — ئىنسانىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيە تەرەققىـ
يات تارىخىدىكى قىممەتلىك روھ ۋە ئاساسىي خىسلەتلەردىن بىـ
رى. بۇ خىل روھ، بۇ خىل خىسلەت ھەر مىللەت خەلقىگە
ئورتاق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا ئوخشىمىـ
غان دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن. ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ۋە ئىنسانـ
پەرۋەرلىك پائالىيىتى — ئۇلۇغ ئىدېئولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي
ئىنقىلاب سۈپىتىدە تارىختىن بىرى ئەدەبىياتقا كۈچلۈك تەسىر
كۆرسىتىپ، ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىغا ئايلىنىپ كەتـ
كەن. ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرى نەۋائىنىڭ ئۇلۇغ پەزىلىتى ۋە
ئالىيجاناب روھى ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدى. نەۋائىنىڭ بۇ خىل
پەزىلىتى ۋە روھى ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەسەرلىرىگە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ
«خەمسە» سىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. نەۋائى ۋۇجۇدىدىكى ۋە
ئەسەرلىرىدىكى يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك روھى نەۋائىينىڭ دۇنـ
ياۋى ئەدىب بولۇشىغا ئاساس يارىتىپ بەرگەن. ئۇ ياراتقان پەرـ
ھاد خاراكتېرىنىڭ نېگىزىمۇ دەل يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك روـ
ھىدۇر. بۇ روھ ئىپسىل ئىدىيە مىراسى سۈپىتىدە .نىزارى،
نىمشېھىتلەرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئەدەبىي مىراسـ
لاردا ئىپادىلەنگەن ئالىيجاناب ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ئاساسىي بەلـ
گىلىرى مۇنداق:

بىرىنچى، چىن ـ ھەقىقىي ئىنسانىي مۇھەببەت، ئىنسانـ

نىڭ ئىنسانغا بولغان مۇھەببىتى، ئىنسانى كۆيۈنۈش ھېسسىيا-
تى. فرانسىيە تەنقىدىي رېئالىست يازغۇچىسى مۇپاسساننىڭ ھېكا-
يە - پوۋېستلىرىدا مۇشۇ خىل مەزمۇن ناھايىتى جەلپكار بەدىئىي
ئوبرازلاردا تولۇق ئىپادىلەنگەن. روسىيە كلاسسىك يازغۇچىسى
ل. تولستوينىڭ ئەسەرلىرىدىكى بىر چوڭ مەزمۇن ئالىيجاناب
ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر.

ئىككىنچى، چىن مۇھەببەت، ۋاپادارلىق خىسلەتلىرى ۋە
باشقا پىسخىك ساغلاملىقلار. ئۇيغۇر «خەمسە» لىرىگە كىرگۈزۈل-
گەن «پەرھاد - شېرىن» داستانىدا مۇشۇ خىل روھ جۇلالىنىپ
تۇرىدۇ. پەرھاد بىلەن شېرىندىن ئىبارەت مۇقەددەس بەدىئىي
ئوبرازغا مۇجەسسەملەشكەن چىن مۇھەببەت، ۋاپادارلىقتىن ئىبا-
رەت ساغلام روھىي خىسلەتلەر — ياش يىگىت - قىزلارنى مەڭگۈ
تەسىرلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىنسان ئازادلىقى بىلەن ئەركىنلىكى — ئەدەبىي
مىراسلاردىكى ئەبەدىي تەسىر كۈچىگە ئىگە مەزمۇندۇر. ئىتالىيە
يازغۇچىسى رافىللونىڭ «سپارتاك» ناملىق رومانىدا سپارتاك-
تىن ئىبارەت ئۇلۇغ قۇللار قوزغىلىڭى قەھرىمانىنىڭ ئوبرازى
يارىتىلغان. بۇ ئوبرازدا ئىنسان ئازادلىقى ۋە ئىنسان ئەركىنلى-
كى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش روھى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن.

ئالىيجاناب ئىنسانپەرۋەرلىك ھەر قايسى مىللەت كلاسسىك
ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئەدەبىياتى مىراسلىرىدا ئىپادىلەنگەن ئاساسىي
مەزمۇن ۋە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قىلىپ داۋاملىشىۋاتقان
پارلاق ئەنئەنە. بۇ مەزمۇن ۋە بۇ ئەنئەنە ئەدەبىياتقا يۈكسەكلىك،
قىممەت، شەرەپ ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى كېڭەي-
تىپ ۋە كۈچەيتىپ كەلمەكتە. ھېلىمۇ يۈكسەك ئىنسانپەرۋەر-
لىك ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە روھىدۇر. چۈنكى ئەدەبى-
يات مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ روھىي تۈۋرۈكىنىڭ
بىرىگە ئايلانغاندا، ئاندىن ئۇ كىشىلىك تۇرمۇشتا ھاياتبەخش رول
ئوينايدۇ.

www.uyghurkitap.com

### 3. پىشقان بەدىئىي ماھارەت ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى

ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئېسىل ئەدەبىي مىراسلىرى بەدىئىي ماھارەت، بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتلەردە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر — تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ بىر مەزمۇنى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشكە، كلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي ماھارەت، بەدىئىي تېخنىكا ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

مەلۇمكى، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ماھارەت، بەدىئىي تېخنىكا ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى يېتىلگەن ئىقتىدارى ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ سۇبيېكتىپ ئاساسى. بۇ جەھەتلەردىكى يۇكسەكلىك — ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىك جەھەتتە، بولۇپمۇ بەدىئىيلىك جەھەتتە يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. دېمەك، پىشقان بەدىئىي ماھارەت، بەدىئىي تېخنىكا، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى — ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ چوڭ بىر مەزمۇنى. بۇ مەزمۇننى مۇنداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

بىرىنچى، يۇكسەك بەدىئىي ماھارەت — مەڭگۈ ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك تەرەپ. يۇكسەك بەدىئىي ماھارەت — ئەدەبىي مىراسلارنىڭ ئېسىل خىسلىتى. بۇ خىسلەت كلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ بەدىئى ئوبرازنى، بەدىئىي ئوبرازنىڭ جىنى ۋە روھى بولغان بەدىئىي خاراكتېرنى يارىتىشتىكى چېۋەرلىكىنى، پېرسوناژ، سۇژېت، مۇھىت تەسۋىرىدىكى چېۋەرلىكىنى، جۈملىدىن يازغۇچىلارنىڭ پېرسوناژنىڭ نازۇك، مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان پسىخىك ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ تاشقى ھەرىكەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىنى، خىيالىنى، تەسەۋۋۇرىنى، ئىچكى ۋە تاشقى گەپ ـ سۆزلىرىنى تەسۋىرلەشتىكى ۋە بايان قىلىشتىكى چېۋەرلىكى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى، يۇكسەك بەدىئىي تېخنىكا — تەنقىدىي ۋارىسلىق

قىلىپ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىر مۇھىم تەرەپ. كلاسسىك
ئەسەرلەرنىڭ يۇقىرى قىممىتى، ئۇنۇمى ۋە مەڭگۈلۈك ئېستېتىك
لەززەت ئاتا قىلالىشى — يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تېخنىكىسىنىڭ
يۇقىرى بولغانلىقىدىن ئايرىلمايدۇ. كلاسسىك ئەسەرلەردە ئىپادى-
لەنگەن يۈكسەك بەدىئىي تېخنىكا — يازغۇچىنىڭ سۇژېت لىنى-
يىسىنى مەنتىقىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى باغلىنىشلىق هالدا
قانات يايدۇرۇش جەھەتتىكى ئۇستىلىقىنى، بەدىئىي قۇرۇلمىنى
(كومپوزىتسىيىسىنى) قۇرۇشىدىكى ۋە بەدىئىي قۇرۇلمىنىڭ
ھەر قايسى بۆلەكلىرىنى جاي - جايىغا سەپلىشىدىكى ئۇستىلىقى-
نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۈچىنچى، پىششىپ يېتىلگەن بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى —
ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقا تېگىشلىك مەزمۇن ۋە
خىسلەت. بىر بەدىئىي ئەسەرنىڭ نادىر ئەسەرگە ئايلىنىپ مىللەت-
نىڭ مەنىۋى بايلىقى بولۇپ قېلىشى — يازغۇچىنىڭ ئىلغار
ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى، جۈملىدىن ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ بىر
تەركىبى بولغان ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشىدىكى چېۋەرلى-
كى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. نۇرغۇن كلاسسىك يازغۇچىلار ۋە
نامەلۇم خەلق يازغۇچىلىرى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئۇستىلىق بى-
لەن ئىشلەتكەن. كلاسسىك ئەسەرلەردىكى ئىپادىلەش ئۇسۇلى
بىر تەرەپتىن، يازغۇچىلارنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ما-
ھىرلىقىنى، ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنى-
شىدىكى ماھىرلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، كلاسسىك
ئەدەبىي مىراسلارنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا باي ئىكەنلىكىنى كۆر-
سىتىدۇ.

يەنە ئەدەبىي مىراسلاردا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىش-
لىك بىر نەچچە مەزمۇنلار بار. ئۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرى، ئەدەبىي
مىراسلاردا ساقلانغان ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، يېزىقچىلىق ئىلمى،
ئەدەبىيات تارىخى بىلەن ئەدەبىيات تەزكىرىچىلىكىگە ئائىت قىم-

www.uyghurkitap.com

مەتلىك مەزمۇنلاردۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بابلىرىدا، فارابىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ئەسەرلىرىدە، نىزارىنىڭ «دۇرۇلنەجات» ناملىق ئىلمىي ئەسىرىدە، شۇنداقلا باشقا كلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، يېزىقچىلىق ئىلمى ۋە يېزىقچىلىق ماھارىتى، ئەدەبىيات تارىخىغا ۋە ئەدەبىيات تەزكىرىچىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن. بۇ مەزمۇنلار يېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىلمىي سىستېمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە نەزەرىيىۋى، تارىخىي ئاساس بولۇش رولىنى ئوينايدۇ.

## 3 § . يېڭىلاش ۋە ئىجاد قىلىش

### 1 . ۋارىسلىق قىلىشنىڭ مەقسىتى

تارىختىكى ھەر قايسى دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئېسىل ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش — مەدەنىيەت، جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەددەس قانۇنىيىتى. مۇشۇ قانۇنىيەت — ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ مەقسىتىنى بەلگىلىگەن. كونا ئەدەبىيات مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشتىكى مەقسەت يېڭىچە ئەدەبىياتنى بەرپا قىلىش، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. جۇڭگو ـ سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىكى دۆلەت. شۇڭا ئۇنىڭ ئەدەبىياتى سوتسىيالىستىك خاراكتېرگە ئىگە. جۇڭخوا مىللەتلىرىنىڭ تارىختىكى ئەدەبىي مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش — ھەر قايسى مىللەتنىڭ مەزمۇنى سوتسىيالىستىك، شەكلى مىللىي بولغان ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش-

نىڭ مەقسىتى ئۈچ تۈرلۈك:

بىرىنچى، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئەدەبىيات تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى سۈپەت، يېڭى بۆرۈلۈش يارىتىش — ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ تۈپكى مەقسىتى. چۈنكى كونا ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش — ھەرگىزمۇ ئاشۇ كونا نەرسىلەرنى دوراش، ئۇلارغا تەقلىد قىلىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئەدەبىيات ۋەزىيىتىنى يېڭىلاش، يېڭى كۆز قاراش بىلەن يېڭى بۆرۈلۈش ھاسىل قىلىپ، يېپيېڭى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ. ۋارىسلىق قىلىش مۇشۇ تۈپكى مەقسەت بويىچە بولغاندا، مىللىي ئەدەبىيات تەرەققىياتى چوقۇم يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى سۈپەت، يېڭى يۈزلىنىش ھاسىل قىلالايدۇ.

ئىككىنچى، ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ يەنە بىر مەقسىتى — كونا ئەدەبىياتنىڭ ئېسىل مىراسلىرى ۋە ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىيات تارىخى، ئەدەبىي تەنقىد ئىلىملىرىنى تارىخىي ماتېرىياللار، ئىلمىي ئاساسلار، دەلىل - پاكىتلار بىلەن تەمىنلەپ، بۇ ئىلىملەرنى تېخىمۇ بېيىتقىلى، ئۇلارنى تېخىمۇ مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىلارغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئۆگىنىشنى، ئۆزلەشتۈرۈشنى، شۇنداقلا بۇ ئەنئەنىلەرنى قوغداشنى، داۋاملاشتۇرۇشنى، ئەدەبىياتنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرى بىلەن ژانىرلىرىدا قانات يايدۇرۇشنى مۇھىم مەقسەت قىلىدۇ. مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى — ساغلام مىللىي روھ يادرو قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك خىسلەتنىڭ مەنىۋى ئاساسى. ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشمۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ۋە ئېڭىنى تەربىيىلەشتە

www.uyghurkitap.com

مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇلۇغ ئەدىب لۇشۈننىڭ «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» — جۇڭگو خەلقىنىڭ روھىي غالىبىيەتچىلىك ئىللەتلىرىنى تۈگىتىش، ئۆز ئۆزىگە ئىشىنىش، ساغلام مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىگە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ كەلدى. ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئەدىبى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ «بىلىم — بەخت كەلتۈرگۈچىدۇر» دېگەن ئىدىيىسى ۋە مۇشۇ ئىدىيە يېتەكچىلىكىدە مەيدانغا كەلگەن بىلىمنى ئۇلۇغلاش، بىلىملىكلەرنى ھۆرمەت قىلىش، بىلىملىكلەر ئەل ـ يۇرتنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئەنئەنىۋى قاراشلار ھېلىمۇ ئۆز رولى بىلەن قىممىتىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ.

نېمە ئۈچۈن يۇقىرىقى ئۈچ تەرەپ ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ مەقسىتى قىلىنىدۇ؟

بىرىنچى، ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى، جۈملىدىن كونا ئەدەبىيات بىلەن يېڭى ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋەت دىئالېكتىكىسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ۋارىسلىق بىلەن يېڭىلاش مۇستەھكەم بىرلىككە ئىگە. ۋارىسلىق قىلىش — يېڭىلاشنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى، يېڭىلاش — مەقسەت ۋە تەلەپتىن ئىبارەت. خەمسەچىلىك — شەرق ئەدەبىياتىدىكى چوڭ بىر ئېقىم. بۇ ئېقىم كلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىر تارىخىي يۈزلىنىشى بولغانىدى. نەۋائى، نىزارى ۋە نىمشېھىتلەر ئوخشاشلا «پەرھاد ـ شىرىن» داستانلىرىنى يېزىشقان. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ داستانىغا ۋارىسلىق قىلغان. ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق سۇژېت قۇرۇلمىسى، پېرسوناژلار خاراكتېرى، مۇھىت تەسۋىرى ھەم ئۇسلۇب جەھەتلەردە يېڭىلاش ئېلىپ بارغان. شۇڭا يۇقىرىدىكى ئۈچ يازغۇچىنىڭ ئۈچ ئەسىرى بىر خىل ماۋزۇدا، بىر خىل ژانىر ـ تۈردە يېزىلغان بولسىمۇ، ئۈچ خىل خىسلەتكە ئىگە بولغان.

ئىككىنچى، يازغۇچىنىڭ كونكرېت ئىجادىيەت ئەھۋالىدىن

قارىغاندا، ئىجادىيەت يازغۇچىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋە نىشانى. شۇڭا ۋارىسلىق، يېڭىلاش، ئىجادىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئىجادىيەت چىقىش نۇقتا ۋە تۈپكى نىشان. چۈنكى كونكرېت ئىجادىيەت ۋەزىپىسى شەكىللەنمىسە، يېڭى ئەدەبىيات مەيدانغا كېلەلمەيدۇ. كونكرېت ئىجادىيەت ۋەزىپىسى كەڭ دائىرىلىك، جۇشقۇن ۋە چوڭقۇر بولسا، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى تېز بولۇپ، گۈللىنىش مەنزىرىسى ھاسىل بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشتا، ئىجادىيەت مۇھىم چىقىش نۇقتا ۋە تۈپكى نىشان قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، كونكرېت ژانىر - تۈرلەرنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى ۋە قانۇنىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش — ژانىر - تۈرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، مۇكەممەللىشىشى جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. بۇ خىل ئاكتىپ رول ئويناش — يازغۇچىلارنىڭ ئۆزى تاللىغان ژانىر - تۈرلەر ئىجادىيىتىدە يېڭى سەۋىيە يارىتىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال مەۋجۇت: بىرى، ۋارىسلىق قىلىش ئىلگىرىكى ژانىر - تۈرلەرنى داۋاملاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ - دە، ھازىرقى يازغۇچىلارنىڭ شۇ ژانىرلار، شۇ شەكىللەرنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ يېڭى ئەسەر يارىتىشىغا ياردەم بېرىدۇ. نەۋائى - نىزامى گەنجىۋى، خىسراۋ دېھلىۋىلەرنىڭ خەمسە داستانچىلىق شەكلىنى قوللىنىپ، يېڭى مەزمۇندىكى «خەمسە»نى ياراتقان بولسا، نىزارى نەۋائىغا ۋارىسلىق قىلىپ «مۇھەببەت داستانلىرى»نى ئىجاد قىلدى. ئەھمەد زىيائى نىزارىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، يېڭىچە ئۇسلۇبتىكى «رابىئە - سەئىدىن»نى يورۇققا چىقاردى. يەنە بىرى، ۋارىسلىق قىلىش — ئىلگىرىكى ژانىرلارغا مەنسۇپ ئەسەرلەرنى يېڭىچە ژانىردىكى ياكى باشقا ژانىردىكى ئەسەرلەرگە ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىدۇ. «غېرىب - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە»، «پەرھاد-شېرىن»،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«رابىئە ـ سەئىدىن»، «نۇزۇگۇم قىسسىسى»، «چىن تۆمۈر باتۇر»، «نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەر ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى داستانلار، رىۋايەتلەر ۋە چۆچەكلەردۇر. ھازىرقى زامان ۋە مۇشۇ زامان يازغۇچىلىرىدىن ل. مۇتەللىپ، مەمتىلى زۇنۇن، تۇرسۇن يۇنۇس، مەمتىمىن ھوشۇر، ئېلى ئىزىز قاتارلىقلار بۇ خىل ئەسەرلەرنى ئىجادىي ئۆزگەرتىپ تىياتىر كىتابىغا، كىنو ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرى، سىنارىيىسى قاتارلىقلارغا ئايلاندۇرۇپ خېلى ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى.

دېمەك، تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش توغرا مەقسەت ۋە نىشان بويىچە قانات يايدۇرۇلسا، كونا ئەدەبىيات بىلەن يېڭى ئەدەبىيات مۇكەممەل ۋە مەقسەتلىك باغلىنىدۇ، كونا ئەدەبىيات يېڭى دەۋر ئۈچۈن، يېڭى ئەدەبىياتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئەدەبىياتى مىراسلىرى ئىچىدىكى داۋاملىق ئاكتىپ رول ئويناۋاتقان، ئىلگىرى بىر مەزگىل ئاكتىپ رول ئوينىغان، لېكىن كېيىن رولىنى يوقىتىپ قويغان، تارىختا ئانچە رولى يوق، ئەمما كىشىلەرگە ئاز ـ تولا بەدىئىي لەززەت بېرىدىغان ئۈچ خىل ئەسەرلەرگە قارىتا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق پرىنسىپ بويىچە توغرا ۋە ئىلمىي مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم.

## 2. ھازىرقى زامان غەرب پروزىچىلىقىدىكى يېڭىلاش ۋە ئىجاد قىلىش

ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى — ھامان ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلاش، ئىجاد قىلىش قانۇنىيىتى بويىچە بولىدۇ. ھەر قانداق مىللەت، دەۋر، دۆلەت ۋە رايون ئەدەبىياتىمۇ شۇ تەرتىپتە بارلىققا كېلىدۇ. XVIII ئەسىردە بارلىققا كەلگەن، نورغۇن جاپالىق ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتكەن، تەرەققىي قىلىپ بۇ-

گۈنكى دۇنياۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن هازىرقى زامان ۋە بۈگۈن-
كى زامان غەرب پروزا ئەدەبىياتىمۇ مۇشۇ قانۇنىيەت بىلەن بار-
لىققا كېلىپ داۋاملىشىپ كەلدى. نەچچە مىڭ يىللىق دۇنيا
ئەدەبىيات تارىخىدا بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك تەرەققىيات دەۋرىنى
بارلىققا كەلتۈرۈپ، هەر قايسى مىللەتلەر، دۆلەتلەر ئەدەبىياتىغا
مىسلىسىز زور تەسىر كۆرسەتكەن غەرب پروزا ئەدەبىياتى ئۆز
تەرەققىيات تارىخىدا بەش باسقۇچنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ بەش
باسقۇچلۇق تەرەققىياتنى بەش ئەۋلاد دېيىشكە بولىدۇ.

بىرىنچى ئەۋلاد — مەرىپەتپەرۋەرلىك پروزىچىلىقى، بۇ ئەۋ-
لاد پروزىچىلىق ئەدەبىياتى XVIII ئەسىردە غەربىي ياۋروپادا مەيدانغا
كەلگەن. شۇ قۇرۇقلۇقتا تەرەققىي قىلىپ هەر قايسى ئەللەر،
مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا تەسىر قىلىپ كېڭەيگەن. بۇ ئەۋلاد پروزى-
چىلىقى ئىلگىرىكى دەۋرلەر ئەدەبىياتىدىكى مەرىپەتپەرۋەرلىك
مەزمۇنلىرىغا، ئەخلاقىي ئويغىنىش ۋە ئەدەپ - ئەخلاق چۈشەنچى-
لىرىگە ۋارىسلىق قىلدى. بۇ خىل ئەنئەنىنى يېڭى بىر تارىخىي
دەۋردە — بۇرژۇئازىيە (شەهەرلىكلەر تەبىقىسى) جەمئىيىتى
دەۋرىدە شۇ دەۋرنىڭ خاراكتېرى بىلەن زىچ باغلاپ، ئىجادىي
راۋاجلاندۇردى. مەرىپەتپەرۋەرلىك پروزىچىلىقى — مەرىپەت ئى-
دىيىسىنى تەشۋىق قىلغاچقا، كۈچلۈك دەرىجىدە مەرىپەتپەرۋەر-
لىك خاھىشىغا ئىگە بولدى. بۇ خىل پروزىچىلىقنىڭ ئاساسىي
ئالاهىدىلىكى ئۈچ تۈرلۈك: 1) ئاقارتىش، ئەخلاقىي ئويغىنىش،
ئەخلاقىي چۈشەنچىلەر ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقنى پۈتكۈل ئەسەرلەر-
نىڭ تېماتىك مەزمۇنى قىلىپ يورۇتۇپ بېرىش؛ 2) ئاپتور باياني-
دا، پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگ، مونولوگلىرىدا پەلسەپىۋى پىكىر-
لەر مول ۋە گەۋدىلىك بولۇش، ئاپتور ياكى ئاساسىي پېرسو-
ناژلار دانىشمەن سۈپىتىدە پىكىر قىلىش ۋە سۆزلەش؛ 3) پېر-
سوناژ، سۇژېت، مۇهىت تەسۋىرلىرى مۇپەسسەل، ئىنچىكە،
لىرىك بولۇش. لىرىك چېكىنىش ئەركىن بولۇپ هېكايە ۋەقە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىكلىرى لەتىپە تۇسنى ئالغان بولۇش. مەرىپەتپەرۋەرلىك پروزىچىلىقى ئەسەرلىرى گۈزەل، ھەيۋەتلىك، لەتىپە تۇسنى ئالغاچقا جەلپ قىلىش قۇدرىتى يۇقىرى.

ئىككىنچى ئەۋلاد — تەنقىدىي رېئالىزم پروزىچىلىقى. بۇ ئەۋلاد پروزىچىلىقى ئادەتتە بۇرژۇئازىيە قىسسىچىلىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تەنقىدىي رېئالىزم پروزىچىلىقى — بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىنىڭ زىددىيەتلىرى ئۆتكۈرلەشكەن، چىرىكلىشىش ئەۋجىگە چىققان، سىياسىي بوھران بىلەن ئىقتىسادىي بوھران بىرلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ئىجتىمائىي شارائىتتا 1830 - يىلى بارلىققا كەلگەن. بۇ ئەۋلاد پروزىچىلىقنىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرى بالزاك، دىككىنس، موپاسسان قاتارلىقلاردۇر. بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىدىكى ئۆتكۈر ۋە چىگىش زىددىيەتلەرنى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى قارىمۇ قارشىلىقلارنى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش — بۇ ئەۋلاد پروزا ئەدەبىياتىنىڭ تۈپكى ماھىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى. بۇ ئەۋلاد پروزىچىلىقنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكى مۇنداق: 1) يازغۇچى مەۋجۇت رېئاللىقنى، رېئاللىقتىكى مەۋجۇت مەسىلىلەرنى سوغۇق قانلىق بىلەن ئوبيېكتىپ، شۇنداقلا تەنقىدىي پوزىتسىيە بىلەن ئىپادىلەيدۇ. بۇ مەۋجۇت رېئاللىقنى ۋە رېئاللىقتىكى زىددىيەت، كۈرەش ۋە مەسىلىلەرنى سۈژەت (ۋەقەلىك) ۋە كۆرۈنۈش مەنتىقىسى بويىچە شەرھلەيدۇ؛ 2) تەنقىدىي رېئالىزم ئەسەرلىرى رېئاللىقنى چىن، ئوبيېكتىپ ھالدا ئەكس ئەتتۈرگەچكە، چىنلىق ۋە تىپىكلىك دەرىجىسى يۇقىرى؛ 3) تەنقىدىي رېئالىزم ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلاردىكىدەك شەخسىي قەھرىمان شەخسلەر، ھېكايە ۋەقەلىكلىرى مەۋجۇت جەمئىيەت رېئاللىقى بىلەن ئاشۇ قەھرىمانلارنىڭ غايىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ۋە زىددىيەت توقۇنۇشىنى ئېچىپ بېرىشنى ئاساس قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەنقىدىي رېئالىزم پروزا ئەسەرلىرى ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئىدىيىۋى يۈكسەك-

لىككە كۆتۈرۈلگەن، بەدىئىي جەھەتتىمۇ يۇقىرى زوقلاندۇرۇش قۇدرىتىگە ئىگە. «كىشلىك كومېدىيىسى»، «قىزىل ۋە قارا»، «هايات»، «مارجان» قاتارلىق تەنقىدىي رېئالىزم ئەسەرلىرىنىڭ هازىرغىچە ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل شۇ يەردە.

ئۈچىنچى ئەۋلاد — مودېرنىزم (هازىرقى زامانچىلىق) پروزىچىلىقى. بۇ ئەۋلاد پروزىچىلىقنىڭ دەسلەپكى ئىزناسى 1857 - يىلى بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل پروزىچىلىق 1870 - يىللىرى رەسمىي شەكىللىنىپ، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە تەرەققىي قىلغان. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ۋە دىپلوماتىيىسى مەزگىلىدە ۋايىغا يېتىپ، دۇنياغا كەڭ تارقىلىپ، هازىرقى زامان دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ئاساسىي ئەدەبىي ئېقىمغا، چوڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا، تەسىرى كەڭ ئەدەبىيات شەكلىگە ئايلانغان. مودېرنىزم پروزىچىلىقىنىڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكى مۇنداق: 1) مودېرنىزمچىلار ئەنئەنىنى ئىنكار قىلىدۇ. يېڭىلاش بىلەن ئىجاد قىلىشنى بىر تەرەپلىمە هالدا تەكىتلەيدۇ؛ 2) مودېرنىزم «سەنئەت — رېئال دۇنيانىڭ تەقلىدى ياكى ئىنكاسى ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر مۇستەقىل بەدىئىي دۇنيا» دېگەن ئەدەبىي قاراشنى تەرغىب قىلىدۇ؛ 3) پېرسوناژ، سۇژېت، مۇهىت تەسۋىرىنى ئەركىن باشقۇرىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى كۈچەيتىپ، ئوبيېكتىپ بايانغا ئورۇن بەرمەيدۇ. شۇڭا مودېرنىزم ئەسەرلىرىدە گەۋدىلىنىدىغىنى «مەن» دىن ئىبارەت، خالاس.

تۆتىنچى ئەۋلاد — كېيىنكى رېئالىزم پروزىچىلىقى. XX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا غەرب ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن. بۇ ئەۋلاد رېئالىزم ئەنئەنىۋى رېئالىزم بىلەن مودېرنىزمنىڭ بەزى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغا قانائەت قىلمىدى، بەلكى بەدىئىي ئوبرازنى يارىتىشنىڭ باشقىچە ئۇسۇلىنى ئىزدەشكە تىرىشتى. شۇڭا بۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەۋلاد پروزىچىلىق مودېرنىزمدىن پەرقلىق هالدا كېيىنكى رېئالىزم دەپ ئاتالدى. بۇ خىل پروزىچىلىقنىڭ ئاساسىي نامايەندىلىرى: پائول سارترى (1905 — 1980) ۋە ئۇنىڭ «بىر گىنىش» ناملىق ئەسىرى، جامس جويس (1882 — 1941) ۋە ئۇنىڭ «يولىشس» ناملىق ئەسىرى، ۋېرگىنىيە ۋۇلپ (1882 — 1941) ۋە ئۇنىڭ «چىراغ مۇنارىغا بېرىش» ناملىق ئەسىرى، توماس ئېلئوت (1888 — 1965) ۋە ئۇنىڭ «كۆل رەڭ چارشەنبە» ناملىق ئەسىرى قاتارلىقلار. كېيىنكى رېئالىزم پروزىچىلىقىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى مۇنداق: 1) دادىل تەسۋىرلەش، قاتلاملىق قۇرۇلما قۇرۇش؛ 2) سەنئەتنىڭ ئابستراكتلىقىنى (مەۋھۇملۇقىنى) تەكىتلەش، تۇقۇلمىغا زىيادە ئەھمىيەت بېرىش؛ 3) نەزەرىيە جەھەتتە، سىمۋوللۇق بىلەن ھېس - تۇيغۇنىڭ بىرلىكىنى تەكىتلەش، ئەمەلىي ئىجادىيەتتە، ھەر خىل سىمۋوللۇق ۋاستىلەر بىلەن پېرسوناژنىڭ ھېس - تۇيغۇ، كەيپىياتىنى بىرلەشتۇرۇپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش. بۇ ئەۋلاد پروزىچىلىقىنىڭ ئۆگىنىشكە ۋە ئۆزلەشتۇرۇشكە تېگىشلىك ئەۋزەللىكلىرى ئاز ئەمەس.

بەشىنچى ئەۋلاد — سېھرىي رېئالىزم پروزىچىلىقى. بۇ ئەۋلاد پروزىچىلىقى مودېرنىزمنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە كېڭىيىشى ئارقىسىدا XX ئەسىرنىڭ 60 - ، 70 - يىللىرىدا لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرى ۋە مىللەتلىرى ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلدى. سېھرىي رېئالىزم ئەدەبىياتى ئەدەبىياتنىڭ ھەر خىل ژانىرلىرىدا زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. بۇ خىل ئەدەبىيات ھازىرقى زامان غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنە ۋە ئىدىيىلىرى بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ يەرلىك قەدىمىي خەلقى ھىندىئانلار ياراتقان مايا مەدەنىيىتى ئەنئەنىلىرى ۋە ئىدىيىلىرىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى تارىخىي شارائىتتا بارلىققا كېلىپ، رېئالىزمنىڭ سېھرىي قۇدرىتىنى نامايان قىلدى. بۇ ئەۋلاد پروزىچىلىق-

نىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرىدىن گۋاتېمالا يازغۇچىسى ئاستۇلىياس بىلەن كولومبىيە يازغۇچىسى گارسىيە ماركۇس نوبېل ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ ئۆز مەملىكىتى، خەلقى ئۈچۈن، شۇنداقلا پۈتكۈل لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرى ۋە خەلقلىرى ئۈچۈن شان - شەرەپ قازاندى. گارسىيە ماركۇسنىڭ «يۈز يىللىق غېرىبلىق» ناملىق رومانى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى باھالىغۇچىلىرى ۋە دۇنيادىكى مەشھۇر ئوبزورچىلار تەرىپىدىن: «سېرۋانتېسنىڭ ‹دونكىخوت›، رومانىدىن كېيىن ئىسپان تىلىدا يېزىلغان ئەڭ ياخشى ئەسەر»، «لاتىن ئامېرىكىسىدا پەيدا بولغان بىر قېتىملىق ئەدەبىيات يەر تەۋرىشى» دەپ باھالاندى. سېھرىي رېئالىزم پروزىچىلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئەۋزەللىكلىرى كۆپ. ئاساسلىقى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ: 1) سېھرىي رېئالىزم پروزىچىلىقىدا رېئالىزم سېھىرلاشتۇرۇلۇپ، رېئاللىق بىلەن خىيال بىرلەشتۈرۈلۈپ كوللېكتىپ ئاڭ مەدھىيىلىنىدۇ. بۇ مەنىدە بەزى يىرىك سېھرىي رېئالىزم پروزا ئەسەرلىرى مەلۇم تارىخىي شارائىتتىكى مەلۇم مىللەتنىڭ كوللېكتىپ ئېڭىنىڭ ئوبرازى بولالايدۇ؛ 2) سېھرىي رېئالىزم پروزا ئەسەرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ، شەكلى ئۆزگىچە بولۇپ، قۇرۇلمىدا ۋە شەكىلدە بىر خىل سېھرىي قۇدرەت نامايان بولۇپ تۇرىدۇ؛ 3) پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىدا ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ئامىللار مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا نەزەرىيە جەھەتتە پېرسوناژ خاراكتېرىنى يارىتىشتا، بۇ ئىككى ئامىلنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىش تەكىتلىنىدۇ. ئەمەلىي ئىجادىيەتتە، بۇ ئىككى ئامىلنىڭ رولىنى تەڭ نىسبەتتە جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، بۇ ئامىللارنىڭ رولى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بەش ئەۋلاد پروزا ئەدەبىياتىنىڭ جۇڭگو ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن ۋە كۆرسىتىۋاتقان تەسىرى خېلى چوڭقۇر ۋە كەڭ. بولۇپمۇ مودېرنىزم ئەدەبىياتى پروزىچىلىقى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېيىنكى رېئالىزم ئەدەبىياتى پروزىچىلىقى ۋە سېھرىي رېئالىزم ئەدەبىياتى پروزىچىلىقى جۇڭگودىكى خەنزۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، زاڭزۇ، جۇاڭزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ پروزا ئەدەبىياتىغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىدىن م. باغراش، خ. ئىسرائىل، ئە. ئۆمەر، ت. ئايۇپ، ت. لېتىپ، ق. ئارسلان، غ. ئاسىم قاتارلىق ھېكايە ۋە سەھنە ئەسەرلىرى يازغۇچىلىرى ئۆز ئىجادىيىتىدە ئۇچ ئەۋلاد پروزىچىلىقنىڭ تەسىرىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۇچرىدى. ئىقتىساد، مەدەنىيەت يەر شارىلىشىۋاتقان يېڭى تارىخىي شارائىتتا، غەرب ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ۋارىسلىق قىلىشنىڭ نەتىجىلىرى بولغان يۇقىرىدىكى بەش ئەۋلاد پروزىچىلىق ئەنئەنىلىرى ھەر قايسى ئەللەردىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا داۋاملىق تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

## مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. كونا ئەدەبىيات بىلەن يېڭى ئەدەبىياتنىڭ تارىخىي ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟
2. نېمە ئۈچۈن ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىنىدۇ؟
3. ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى قايسىلار؟
4. نېمە ئۈچۈن ئەدەبىي مىراسلارغا قارىتا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ؟
5. تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.
6. تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ مەقسىتى نېمە؟ ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلاش، ئىجاد قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

7. ھازىرقى زامان غەرب پروزىچىلىقىدىكى يېڭىلاش ۋە ئىجاد قىلىش ئىسلاھاتىدا بارلىققا كەلگەن بەش ئەۋلاد پروزىچىلىقىنى بايان قىلىڭ.

8. تۆۋەندىكى ئاتالغۇلارنى چۈشەندۈرۈڭ: «ئىككى خىل مەدەنىيەت تەلىماتى» ، «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» ، «كونىلىرىدىن يېڭىلىرىنى يارىتىش» .

9. ئۆزىڭىز ئوقۇغان كلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدە ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك قانداق مەزمۇنلار بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# XII باب

# ئەدەبىي زوق ۋە ئەدەبىي تەنقىد

## 1§ . ئەدەبىي زوق

### 1. ئەدەبىي زوقنىڭ خاراكتېرى ۋە ئەھمىيىتى

1) ئەدەبىي زوقنىڭ خاراكتېرى

ئەدەبىي زوق كىشىلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ھەمدە بەدىئىي ئوبرازلار بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا سەزگۈ، ئىدراك، تەسەۋۋۇر ۋە چۈشىنىش قاتارلىق بىرقاتار پسىخىكىلىق ئىقتىدارىنىڭ ھەرىكىتىدىن شەكىللىنىدىغان بىر خىل لەززەت ئېلىش پائالىيىتى، يەنى كىتابخاننىڭ بەدىئىي ئەسەرلەردىن ھۇزۇرلىنىش، تەسىرلىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مەنىۋى پائالىيىتىدۇر. ئەدەبىي زوقنىڭ خاراكتېرىنى تۆۋەندە ئىككى جەھەتتىن ئىزاھلاپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى، ئەدەبىي زوق — بىر خىل گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىنىش پائالىيىتى.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىش بىر خىل گۈزەللىكتىن ھۇزۇر ئېلىش، لەززەتلىنىش پائالىيىتى بولۇپ، ئۇنى ئادەتتىكى كىتاب ئوقۇش بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. بەلكى گۈزەللىكتىن لەززەتلەنگەن كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىدىلا ئاندىن ئەدەبىي زوقلىنىش مەۋجۇت بولالايدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، گۈزەللىكتىن لەززەتلىنىش ئەدەبىي زوقنىڭ ماھىيەتلىك

خۇسۇسىيىتىنىڭ بىرى. بىز تەبىئىي يەن ياكى ئىجتىمائىي پەن-نىڭ باشقا تارماقلىرىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەرنى ئوقۇغىنىمىز-دا، ئۇنىڭ روشەن، توغرا نۇقتىئىنەزەرلىرى، تولۇق، كۈچلۈك بولغان نەزەرىيىۋى ئاساسلىرى ۋە پۇختا، ئەتراپلىق بولغان دە-لىللەشلىرىدىن قايىل بولىمىز. لېكىن ئۇ، ئومۇمەن بىزنى ھېس - ھاياجانغا چۆمدۈرەلمەيدۇ، زوقلاندۇرالمايدۇ. گەرچە ئۇنىڭدا ھېسسىيات بولغان تەقدىردىمۇ، بۇنداق ھېسسىيات ھەم جانلىق تەسىرلىنىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرمايدۇ. پەقەت ئەدەبى-يات - سەنئەت ئەسەرلىرىلا كىشىلەردە ئېستېتىك زوق قوزغىيا-لايدۇ. بىر پارچە رومان كىشىنى ئۇيقۇدىن، تاماقتىن ۋاز كەچ-كۈزىدۇ. بىر پارچە رەسىم كۆرگۈچىنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىۋالىدۇ، بىر پەدە ساز كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالىدۇ، بىر مەيدان ياخشى ئويۇن تاماشىبىنلارنى ئىختىيارسىز تۇردە ئاپىرىن ئېيتقۇزىدۇ. ئەدەبىي زوقلىنىش جەريانىدا زوقلانغۇچى-نىڭ ھېسسىياتى ھەمىشە ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا ئەگەشكەن ھالدا ئۆزگىرىپ ماڭىدۇ، بورۇلۇش ياسايدۇ. دېمەك، ئەدەبىي زوق، زوقلاندۇرغۇچى ئوبيېكت كىتابخانلاردا پەيدا قىلىدىغان بىر خىل گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنىش پائالىيىتىدۇر.

گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنىش دېگەن نېمە؟ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنىش بىر خىل روھىي شادلىق-تىن ئىبارەت. يەنى مەنىۋى ئەركىنلىك، مەنىۋى قانائەتلىنىش، مەنىۋى شاد - خۇراملىقتىن ئىبارەت. مەلۇم كىتابخان كىتاب ئوقۇش جەريانىدا سەزگۈ، ئىدراك، تەسەۋۋۇر، چۈشىنىش قاتار-لىق كۆپلىگەن پسىخىك ئىقتىدارىنىڭ قوزغىتىشى بىلەن ھېچقان-داق توسالغۇغا ئۇچرىماي، مەنىۋى جەھەتتە كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشكەن، شادلىققا چۆمگەن بولسا، قانائەت ھاسىل قىلغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ گۈزەللىكتىن لەززەتلەنگەن بولىدۇ. يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق ھېكايىسىدىكى مۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نۇ پارچىنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

«مەن ئات بېقىشنى باھانە قىلىپ، تولا ۋاقىتلاردا كېچىلەرنى ئېتىزدا ئۆتكۈزۈۋېتىمەن، ئېتىزنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرى قانداق سىرلىق، قانچىلىك چىرايلىق دېگىنە؛ بىر - بىرىگە تۇتىشىپ سوزۇلۇپ كەتكەن ئېتىز - ئېرىقلار، تاختا بولغان بوغدايلار، ياپيېشىل يەلپۈنگەن بېدىلىكلەردە مەست بولۇپ «ۋىتتۇۋالداق— ۋىخ···ۋىخ» قىلىپ سايرىغان بۆدۈنىلەرنىڭ ئاۋازى كۆڭۈلنى ئاللىقاياقلارغا ئېلىپ قاچىدۇ. غۇيۇلداپ ئۇچۇۋاتقان شامالدا يىراقتىن كېلىۋاتقان قۇشلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاش قانداق كۆڭۈللۈك. ئەنە كۆز يەتكۈسىز يەرلەردە ئابرال تېغى چوخچىيىپ تۇرىدۇ. ئەنە شۇ ئابرال تېغى باغرىدا مېنىڭ گۈزەل باھارىم ئۇيقۇغا كەتكەندۇ. مەن شۇ تەرەپكە قاراپ تاڭ ئاتقۇچە تويماي ناخشا ئېيتىپ چىقىمەن، ئوھو! ···بۇ قانداق ناخشىلار··· يۈرەكنى يېرىپ چىقىدۇ. مەن ئۆمرۈمدە سېغىنىشنىڭ مۇنداق لەززەتلىك خۇمارىنى سەزمىگەنىدىم».

مۇنداق كونكرېت، جانلىق، رەڭدار تەسۋىرلىنىۋاتقان يېزىنىڭ ئايدىڭ كېچىسى كىتابخاننى ئۆزىگە ئىختىيارسىز مەپتۇن قىلىۋالىدۇ-دە، ئۇنىڭ قەلبىدە يېڭىدىن - يېڭى ھېسلارنى ئويغىتىدۇ، تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرىدۇ. كىتابخان گويا ئۆزىنىمۇ ئاشۇ مۇھىتتا سېزىپ، ئايدىڭ كېچىدىكى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئېتىزلارنى، چوخچىيىپ تۇرغان ئابرال تېغىنى «كۆرىدۇ»، ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھلارنىڭ پۇرىقىنى «سېزىدۇ»، بۆدۈنىلەرنىڭ سايراشلىرىنى «ئاڭلاپ تۇرىدۇ»؛ سېغىنىش ئوتىدا ئېيتىۋاتقان مۇڭلۇق ناخشىغا «جۆر بولىدۇ». دېمەك، كىتابخان كىتاب ئوقۇش جەريانىدا پېسخىك ئىقتىدارىنىڭ قوزغىتىشى بىلەن مەنىۋى گۈزەللىككە ئېرىشىدۇ. لېكىن بەزى كىتابخانلاردا كىتاب ئوقۇش جەريانىدىكى تەسىرات ئانچە چوڭقۇر بولمايدۇ. ئىدراك، تەسەۋۋۇر، ئەسلىمە، باغلاشتۇرۇپ تەسەۋ-

ۋۇر قىلىشتەك پسخىك ئىقتىدارنىڭ پائالىيىتى كۆرۈنەرلىك بولمايدۇ. دەرۋەقە ئۇ مەلۇم بىلىمگە، تەربىيىگە ئىگە بولغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق ئۇنىڭدا مەنىۋى جەھەتتىكى ئەركىن ـ ئازادىلىك ۋە شادلىنىش بولمايدىكەن، ئۇنداقتا بەدىئىي زوقلىنىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئەدەبىي زوقنىڭ بۇ خىل گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنىش خاراكتېرى نېمە تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ؟ بۇ ئالدى بىلەن زوقلانغۇچى ئوبيېكتنىڭ گۈزەللىك ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. گەرچە ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلىم، ئەخلاق، تەلىم ـ تەربىيە، ئىدىيە، سىياسىي قاتارلىق تۈرلۈك ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، بىراق بۇ خىل ئامىللار يەككە ـ يېگانە، يالغۇز ھالدا ئىپادىلەنمەستىن، گۈزەللىك ئامىللىرىغا سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ. زوقلانغۇچىنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى قانداقتۇر تۇتۇرۇقسىز سۆز ـ ئىبارىلەر بولماستىن، بەلكى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك خاراكتېرىگە ئىگە بەدىئىي ئوبراز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ زوقلانغۇچىنىڭ گۈزەللىك پسخىكىسىنى قوزغايدۇ. تەبىئىيكى مۇنداق گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنىش بىلىش ۋە ئىدىيىۋى جەھەتتىكى يۈكسىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، ھالقىلىق مەسىلە يەنىلا كىتاب ئوقۇشتا زوقلىنىشنىڭ، بەھرە ئېلىشنىڭ مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكىدە. چۈنكى ئۇ ئەدەبىي زوق ئېلىش ۋە ئىدىيىۋى تەربىيە ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئادەتتىكى بىلىش ۋە تەربىيە ئېلىش بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ تۈپ ماھىيىتى گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنىشتۇر.

ئىككىنچى، ئەدەبىي زوق — بىر خىل تەكرار ئىجادىي پائالىيەت.

ئەدەبىي زوقلىنىش پاسسىپ ھالدىكى ھېس قىلىش بولماستىن، بەلكى تەشەببۇسكار، ئاكتىپ ھالدىكى تەكرار ئىجادىي

www.uyghurkitap.com

پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئەدەبىي زوقلىنىش يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت پائالىيىتىنىڭ كىتابخانلار تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلۇشى ۋە كېڭەيتىلىشىدىن ئىبارەت. ئەدەبىي زوقلىنىش جەريانىدا ئەسەردە يارىتىلغان ئوبرازلار بىر تەرەپتىن، كىتابخاننى ئالاھىدە، كونكرېت بەدىئىي مۇھىتقا باشلاپ كىرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، كىتابخان ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ئەسەرلەردىكى ئوبرازلارنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىدۇ ۋە تولۇقلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىتابخاننىڭ ئەدەبىي ئەسەردىن زوقلىنىشى روشەن ھالدا بەدىئىي تەكرار ئىجادىيەت خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، كىتابخاننىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىشى ساپ ئوبيېكتىپ، پاسسىپ ھالەتتىكى ئىنكاس بولماستىن، بەلكى قويۇق سۇبيېكتىپ تۈس ئالغان تەشەببۇسكار ھالدىكى تەكرار ئىجادىي پائالىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يازغۇچىنىڭ ئەسەرنى يېزىپ چىقىشى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. يازغۇچى يېزىپ چىققان ئەسەر پەقەت كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىشى ئارقىلىقلا ئاندىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالايدۇ. يازغۇچىنىڭ ئەسەر يېزىپ چىقىشى ئىجادىيەت بولغىنىدەك، كىتابخاننىڭ ئەسەردىن زوقلىنىشىمۇ بىر خىل ئىجادىيەت. يەنى كىتابخاننىڭ ئىجادىيىتى يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتى ئاساسىغا تايانغان بولۇپ، كىتابخان ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلانغاندا ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى، تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى، تەجرىبىسى ئارقىلىق بەدىئىي ئوبرازنى بېيىتىدۇ، تولۇقلايدۇ؛ ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىكرى، تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق بەدىئىي ئوبرازنى قايتا ئىجاد قىلىدۇ. لۇشۈن مۇشۇ ھەقتە چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەنىدى: «يازغۇچى دىئالوگ شەكلى بىلەن پېرسوناژلارنى ئىپادىلىگەن چېغىدا، ئېھتىمال كۆڭلىدە شۇ پېر-

سوناژلارنىڭ سىياقى ساقلىنىپ تۇرغان بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن
ئۇنى كىتابخانلارغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىمۇ شۇ پېرسو-
ناژلارنىڭ سىياقىنى شەكىللەندۈرىدۇ. لېكىن كىتابخان كۆز
ئالدىغا كەلتۈرگەن پېرسوناژ يازغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى پېر-
سوناژ بىلەن ئوخشاش بولۇشى ناتايىن»①. دەرۋەقە كىتابخان
بىلەن يازغۇچىنىڭ كۆڭلىدىكى ئوبراز ئوخشىمايلا قالماستىن،
بەلكى يەنە ئوخشاشمىغان كىتابخانلارنىڭ ئوخشاش بىر ئوبرازنى
تەسەۋۋۇر قىلىشى ۋە چۈشىنىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. دېمەك،
كىتابخان ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلانغان چاغدا يازغۇچىنىڭ
تەسۋىرلىگىنى بويىچە ئوبرازنى ساپ ئوبيېكتىپ ھالەتتە قوبۇل
قىلمايدۇ، بەلكى سۇبيېكتىپ خاھىشىغا تايانغان ھالدا تەكرار
ئىجاد قىلىدۇ. مۇنداق سۇبيېكتىپ خاھىش ئاساسەن كىتابخا-
نىڭ مەيدانى، كۆز قارىشى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، تۇرمۇش
تەجرىبىسى ۋە مەدەنىيەت تەربىيىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.
ئەدەبىي زوقنىڭ ئۆزىدىن قارىغاندىمۇ ئۇنىڭ تەكرار ئىجادىيەت
خاراكتېرى ناھايىتى روشەن. ئۇ ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپ-
نىڭ ئورگانىك رول ئوينىشىنىڭ پائال جەريانىدىن ئىبارەت.
يەنى زوقلانغۇچى سۇبيېكت، زوقلاندۇرغۇچى ئوبيېكت تارقاتقان
ئۇچۇرلارنى قارا - قويۇق قوبۇل قىلىۋەرمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭدا
ئاكتىپ تاللاش ۋە ئۆزگەرتىش بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كىتابخا-
نىڭ ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇپ چىقىشتىن ئىلگىرى ئاڭلىق ياكى
ئاڭسىز ھالدىكى تەييارلىقى بولىدۇ. مەسىلەن، گۈزەللىك تەج-
رىبىسى، تۇرمۇش تەجرىبىسى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ھۇزۇر-
لىنىش ئىقتىدارى قاتارلىقلار. زوقلىنىش سۇبيېكتىدىكى مۇنداق
يوشۇرۇن ئىنكاس ھالىتىدىكى گۈزەللىك قاراشلىرى زوقلاندۇر-
غۇچى ئوبيېكتقا قارىتا تاللاش ئېلىپ بارىدۇ.

---

① لۇشۈن: «ئوقۇغان كىتابلىرىمدىن پارچە خاتىرىلەر»، «لۇشۈن ئەسەرلىرى»، 1934 - يىل خەنزۇچە نەشرى، ٧ توم، 429 - بەت.

www.uyghurkitap.com

زوقلانغۇچىلارنىڭ تەكرار ئىجادىيەت ئارقىلىق زوقلىنىش ئوبيېكتىنى تولۇقلىشى ۋە بېيىتىشى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئەسەر تەمىنلىگەن ئوبرازنى چوڭقۇر چۈشىنىشى ۋە بىلىشى ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندىمۇ، ئومۇمەن زوقلانغۇچىنىڭ بەدىئىي ئوبرازلار ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزگەن ھەم ئۇلارنى تولۇقلىغان ۋە بېيىتقاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدىيىۋى مەزمۇنى تولۇق ئېچىلىدۇ، ئۇنىڭدا ئۇنتۇلغۇسىز بەدىئىي كۈچ پەيدا بولىدۇ. بۇ ئەدەبىي زوقنىڭ تەكرار ئىجادچانلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر خىل مەنىۋى پائالىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەدەبىي زوقتىكى تەكرار ئىجادچانلىق مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالدا ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، زوقلانغۇچى سۇبيېكتىنىڭ ئەسەردىكى ئوبرازغا قارىتا تولۇقلاش، بېيىتىش، ئۆزگەرتىشى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. يەنى ئەدەبىي زوقلىنىش جەريانىدا زوقلىنىش سۇبيېكتى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى قاتارلىقلارغا ئاساسەن باغلاشتۇرۇپ ئويلاش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق ئەسەردىكى ئوبرازغا قارىتا تولۇقلاش، بېيىتىش، كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ خۇددى «كىتابخان مىڭ بولسا ھاملېتمۇ مىڭ بولىدۇ» دېگەندەك ئەھۋال. ئىككىنچىدىن، زوقلانغۇچى سۇبيېكتىنىڭ ئەسەر ئوبرازىدىكى يوشۇرۇن مەنىلەرنى قېزىپ چىقىرالىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئەسەر ئوبرازىدا ئىپادىلەنگەن «مەنە»نى ئىزدەش زوقلانغۇچى سۇبيېكتىنىڭ پائالىيەتچانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى.

ئەدەبىي زوقلىنىشتىكى تەكرار ئىجادىيەت زوقلاندۇرغۇچى ئوبيېكتىنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ. كىتابخان پەقەت ئوبيېكتنى مۇۋاپىق تۈردە «تولۇقلايدۇ ۋە بېيىتىدۇ»، تەسەۋۋۇر قىلىدۇ ۋە باغلاشتۇرۇپ ئويلايدۇ. ئەكسىچە، خالىغانچە باش - ئايىغى

يوق خىيالغا بېرىلمەيدۇ ياكى ئاساسسىز ھالدا ئويدۇرۇپ چىقمايدۇ. ئەلۋەتتە يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، زوقلانغۇچى سۇبيېكتنىڭ پائالىيەتچان، تەكرار ئىجادچانلىقى بولغانلىقتىن، ئەسەردىكى ئوبرازغا ئاساسەن ھېس قىلغان مەنە بىلەن يازغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇرى ئوتتۇرىسىدا پەرق بولىسمۇ، لېكىن خۇددى لۇشۈن ئېيتقاندەك زوقلانغۇچىنىڭ مېڭىسىدە قايتا ئىپادىلەنگەن ئوبرازنىڭ «مىجەز ـ خاراكتېرى، سۆز ـ ھەرىكىتىدە ئومۇمەن ئوخشاشلىقى بولىدۇ»①. بۇ، زوقلانغۇچىنىڭ مېڭىسىدىكى ئوبراز پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ۋە ئۆزگەرتىلگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەسەردىكى ئوبراز بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. گەرچە «كىتابخان مىڭ بولسا، ھاملېتمۇ مىڭ بولىدۇ»غان بولىسمۇ، يەنىلا ھاملېت بولىدۇكى، باشقا بىرسى بولۇپ قالمايدۇ. قىسقىسى، ئەدەبىي ئەسەردە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز ياكى تۇرمۇش كارتىنىسى كىتابخاننىڭ زوقلىنىش داۋامىدا تەسىرات، چۈشەنچە ۋە تونۇشقا ئىگە بولۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى بولۇپ، ئۇ ھەم كىتابخاننىڭ باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىشىنى ۋە تەسەۋۋۇرىنى قوزغايدۇ، ھەم كىتابخاننىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى چەكلەيدۇ. يەنى كىتابخاننىڭ سۇبيېكتىپ ئىنكاسى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەسەرنى ئاساس قىلىدۇ.

ئەدەبىي زوقلىنىشتىكى تەكرار ئىجادىيەت زوقلانغۇچى سۇبيېكتنىڭ چەكلىنىشكە ئۇچرايدۇ. زوقلانغۇچى سۇبيېكتنىڭ تەكرار ئىجادىي پائالىيىتى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە ئىدىيەۋى سەۋىيىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. تۇرمۇش تەجرىبىسى مول بولمىغان، بىلىمى چوڭقۇر بولمىغان كىتابخانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەزمۇنى مۇرەككەپ بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى چۈشىنىش ۋە تەكرار ئىجادىيەتتىن، باھا بېرىشتىن سۆز ئاچقىلى

① لۇشۈن: «ئوقۇغان كىتابلىرىدىن پارچە خاتىرىلەر»، «لۇشۈن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، ٧ توم، 430 ـ بەت.

تۇغفۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ. ئەكسىچە تورمۇش تەجرىبىسى مول بولغان، بىلىملىك كىتابخانغا قارىتا ئېيتقاندا ئەھۋال باشقىچە بولىدۇ. ئۇ ئەسەردىكى بەدىئىي ئوبرازنى ياخشى چۈشىنىپ، ئىگىلەپ قالماي، بەلكى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇنى بېيىتىدۇ، تەكرار ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە ئېرىشەلەيدۇ. گومورو مۇنداق دېگەنىدى: «ئوخشاشلا بىر پارچە «جۇدالىق زارى» دىن بالىلىق چاغلىرىمىزدا ھېچقانداق تەسىرات ئالالمىغانىدۇق. ئەمدىلىكتە بولسا چوڭ يوەن ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى تۇنجى تالانتلىق يازغۇچى دەۋاتىمىز»[1]. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى تورمۇش تەجرىبىسىنىڭ تەكرار ئىجادىيەتتە ئوينايدىغان رولىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، كىتابخاننىڭ تورمۇش تەجرىبىسى بېيىغانسېرى، ئىجتىمائىي بىلىمى چوڭقۇرلاشقانسېرى، ئىدىيىۋى سەۋىيىسى ئۆسكەنسېرى، ئۇنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش ئىقتىدارى ئېشىپ ماڭىدۇ. شۇڭا ماركس مۇشۇ مەنىدە «ئەگەر سەنئەتتىن زوق ئالىمەن دېسەڭ، جەزمەن بەدىئىي تەربىيە كۆرگەن ئادەملەردىن بولۇشۇڭ كېرەك» دېگەنىدى.

2) ئەدەبىي زوقنىڭ ئەھمىيىتى

ئەدەبىي زوقلىنىش بىر خىل مەنىۋى پائالىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتىدە تۇتقان ئورنى ۋە رولى ئىنتايىن مۇھىم. بۇ مەسىلىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتىن شەرھلەپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى، ئەدەبىياتنىڭ رولى ئەدەبىي زوقلىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەر پەقەت كىتابخانلارنى زوقلاندۇرۇش ئارقىلىقلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ؛ پەقەت ئېستېتىك رولى ئارقىلىقلا كەڭ تارقىلالايدۇ، ئۇزاققىچە ئەستىن چىقمايدىغان

[1] «سەنئەتنى باھالاش»، «گومورو ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، X توم، 79 ـ بەت.

تەسىراتنى بېزەلەيدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىققانلىقى
ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ۋە رولىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ئىمكا-
نىيىتىنىڭ هازىرلانغانلىقى بولسا، بۇ ئىمكانىيەتنى رېئاللىققا
ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كەڭ كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىشىغا تايىنىش-
قا، كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوبۇل قىلىشىنى قولغا كەلتۈ-
رۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر بىر پارچە ئەسەر هەرقانداق ياخشى
يېزىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن زوقلىنىدىغان ئادەم چىقمىسا،
بەربىر ئۇنىڭ هېچقانداق ئەهمىيىتى بولمايدۇ. بۇ، ئەدەبىي
ئەسەرنىڭ گۈزەللىك قىممىتى ۋە ئىجتىمائىي رولى ئۆزلۈكىدىن
ئەمەلگە ئاشمايدۇ، بەلكى زوقلىنىش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ،
دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

كىتابخان ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىش جەريانىدا، ئە-
سەر ۋەقەلىكىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭدا ئىپادىلىنى-
ۋاتقان ئىدىيىۋى مەزمۇننى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇن - تىنسىز هالدا
تەربىيىگە ئىگە بولىدۇ. ئاتاقلىق پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى
گېئورگى دېمتىروف: «مەن تېخى بىر ئىشچى، شۇنداقلا بولغا-
رىيىنىڭ ئىنقىلابىي هەرىكەتلىرىدە ئەمدىلا بىر نەچچە قەدەم باس-
قان چېغىمدا، (نېمە قىلىش كېرەك؟ ) دېگەن رومان ماڭا ئىنتا-
يىن چوڭقۇر، قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تەسىر كۆر-
سەتكەنىدى. مەن يەنە شۇنىمۇ ئېيتىشىم كېرەككى، مەيلى ئۇنىڭ-
دىن ئاۋۋال ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن بولسۇن، هېچقانداق بىر
ئەدەبىي ئەسەر مېنىڭ ئىنقىلابىي جەهەتتىكى تەربىيىلىنىشىمگە
ن. گ. چېرنىشۋىسكىينىڭ بۇ رومانىدەك كۈچلۈك تەسىر كۆر-
سەتكەن ئەمەس»[1] دېگەنىدى. بۇنىڭدىن ئەدەبىي زوقلىنىشنىڭ
سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئىجتىمائىي ئەهمىيەتكە ئىگە ئىكەنلى-
كىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

---

[1] ماكسىم گوركىي: «روسىيە ئەدەبىيات تارىخى» خەنزۇچە نەشرى، 1 توم، 902 -
بەت.

www.uyghurkitap.com

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بىلىش رولى، تەربىيىۋى رولى پەقەت زوقلىنىش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ؛ زوقلىنىشتىن ئايرىلغاندا ئەدەبىي ئەسەر ئىجتىمائىي رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. كىتابخانلار زوقلىنىش جەريانىدا ھەمىشە ھېسسىيات جەھەتتىن قانائەت ھاسىل قىلىش، بىلىش جەھەتتە ئىلگىرىلەش ھەمدە ئېستېتىكا جەھەتتە ھۇزۇر ئېلىشنى ئىستەيدۇ. مانا مۇشۇ جەرياندا، ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۆزىنىڭ كىشىلەرنىڭ ھېسسىيات ۋە خاراكتېرىنى تاۋلاش، روھىي دۇنياسىنى ئۆزگەرتىش رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئەدەبىي زوقلىنىش بىر خىل ئېستېتىك پائالىيەت بولغانلىقتىن، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىپادىلىنىدىغان گۈزەللىك ئالاھىدىلىكلىرىمۇ پەقەت زوقلىنىش ئارقىلىقلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. مەسىلەن، ئەدەبىي ئەسەردىكى مەلۇم بىر گۈزەل شەيئى، گۈزەل سۆز ـ ھەرىكەت، گۈزەل پەزىلەتتىن تەسىرلەنگەن چېغىمىزدا، بىزدە ھاياجانلىنىش، شادلىنىش ۋە قانائەتلىنىش پەيدا بولىدۇ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، ئۇ بىزدە گۈزەل تۇرمۇش بىلەن ئالىيجاناب پەزىلەتكە تەلپۈنۈش ۋە ئىنتىلىش غايىسىنى ھەم ئارزۇسىنى ئويغىتىدۇ. بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەردە بىۋاسىتە تۈردە گۈزەل شەيئىلەر ۋە گۈزەل پەزىلەتلەر يېزىلماستىن، بەلكى گۈزەل شەيئىلەر، گۈزەل پەزىلەتلەرنىڭ بۇلغىنىشى، ۋەيران قىلىنغانلىقى يېزىلىپ، رەزىل كۈچلەر، رەزىل روھىي دۇنيا پاش قىلىنغان ۋە قامچىلانغان بولىدۇ. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرمۇ ئوخشاشلا بىزنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ، ھاياجانلاندۇرالايدۇ ۋە قانائەتلەندۈرەلەيدۇ، شۇنداقلا بىزدە رەزىل شەيئىلەرنى تارمار قىلىش، گۈزەل تۇرمۇشنى قولغا كەلتۈرۈش، ئالىيجاناب پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش ئارزۇسىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئەدەبىي زوقلىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىش مەيلى ئاپتور ياكى كىتابخانغا بولسۇن، ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. قەدىمكى رىم شائىرى ھوراتىئوس: «شا-

ئىرنىڭ ئارزۇسى كىشىلەرگە شان - شەرەپ تۇيغۇسى بېغىشلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ياردەم بېرىشى لازىم»، «تەربىيە كۆڭۈل ئېچىش ئىچىدە بولىدۇ، يەنى ھەم كىتابخانغا نەسىھەت قىلىنىدۇ، ھەم ئۇنىڭ ھەۋىسى قوزغىتىلىدۇ»[1] دېگەنىدى. دېمەك ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك قىممىتى ۋە ئىجتىمائىي رولى پەقەت زوقلىنىش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئىككىنچى، ئەدەبىي زوق — ئەدەبىي ئىجادىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى كۈچ.

ئەدەبىي زوقنىڭ ئەھمىيىتى يەنە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. ماركس ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختالغاندا، ھەرقانداق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجغا ئاساسلىنىدىغانلىقىنى، «ئېھتىياج بولمىسا، ئىشلەپچىقىرىش بولمايدۇ» غانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى. ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئەدەبىي زوقلىنىشمۇ خۇددى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالغا ئوخشاشلا بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئەدەبىي زوقلىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئەدەبىي زوقلىنىش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ. شۇڭلاشقا يازغۇچى يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا، ئەسىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئويلىشىپلا قالماستىن يەنە زوقلانغۇچىلارنىڭمۇ تەلەپ ۋە ئۈمىدىنى ئويلىشىدۇ؛ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا بولسۇن، يازغۇچى كۆڭلىدە ھامان زوقلانغۇچى بولىدۇ. تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن يازغۇچى - سەنئەتكارلار ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتچىلىرى ئەسەرنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ كۆپ كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان قىلىش ۋە

---

① «ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىگە ئائىت تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى»، 2 - سان، 63 - بەت.

www.uyghurkitap.com

كىتابخانلارنى ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلاندۇرۇشنىڭ ئومۇمىي
قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. ئىلمىزنىڭ قەدىمكى دەۋر-
دىكى ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىلىرىدە «تىلسىملىق بو-
لۇش»، «چوڭقۇر مەنىلىك بولۇش»، «گەپنىڭ تېگىدە گەپ
بولۇش» قاتارلىقلارغا ئەھمىيەت بېرىلگەن. بۇ گەپلەرنىڭ قانداق
ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلاردا كۆزدە تۇتۇلغىنى
زوقلىنىش بولۇپ، كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا، تەكرار ئىجادى-
يىتىگە كەڭ زېمىن هازىرلاپ بېرىش مەقسەت قىلىنغان. گېگىل
ئۆزىنىڭ «ئېستېتىكا ئىلمى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنۇلارنى تەكىت-
لىگەن: «كۆرگۈچىلەرنىڭ زوقلىنىشى ئۈچۈن يارىتىلغان بەدى-
ئىي ئەسەرلەر، يەنى ئامما ئۈچۈن يارىتىلغان بەدىئىي ئەسەرلەر-
دىن، ئاممىا ئۆزىنىڭ ئېتىقادى، ھېسسىياتى ۋە ئىدىيىسى بويى-
چە، ئۆزىنى بەدىئىي ئەسەردىن يېڭىۋاشتىن كۆرۈپ بېقىشنى
تەلەپ قىلىشقا ھەقلىق، شۇنىڭدەك ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئوب-
يېكت بىلەن بىرلىكتە ئەكس سادا قوزغاشقا قادىر»[①]. بۇ يەردە-
مۇ تەكىتلەنگىنى كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىشى بولۇپ، ئەدەبىي
ئىجادىيەت بىلەن ئەدەبىي زوقلىنىشنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى كۆر-
سىتىپ بېرىلگەن. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي
ئىجادىيەتتە كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىشىنى نەزەرگە ئېلىش تەكىت-
لەنگەن. يازغۇچى ياراتقان بەدىئىي ئوبراز ئەگەر كىتابخانلارنىڭ
ئاكتىپ پىكىر يۈرگۈزۈش پائالىيىتىنى قوزغىيالمىسا، كىتابخان-
لارنىڭ تەجرىبىسىنى پەقەت نەزەرگە ئالمىسا، ئۇنداق ئوبراز
قۇرۇق، بىمەززە، چۈشەنگىلى بولمايدىغان نەرسە بولۇپ قالىدۇ.
ئۇ ھالدا چىنلىقتىن ۋە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇشتىن
سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيەتتە
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى كەڭ ئاممىنىڭ زوقلىنىشتىكى تەلەپ -

① «ئېستېتىكا ئىلمى»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1958 - يىل خەنزۇچە نەشرى،
1 توم، 306 - بەت.

ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتقانلىقى، ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ پايدىلىق تەنقىد - تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئۇزلۇكسىز يەكۈنلىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دېمەك ئەدەبىي زوق ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. بۈگۈنكى كۈندە ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك تەلەپ - ئېھتىياجىمۇ ئۇزلۇكسىز ئېشىپ بارماقتا، شۇڭا يازغۇچى - سەنئەتكارلار كىتابخانلارنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىشى، ئىجادىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشى، كىتابخانلارنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېستېتىك تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي زوق — ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئاساسى.

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى بىلەن بەدىئىيلىكىنى تەھلىل قىلىش، باھالاشتىن ئىبارەت. ئۇنداقتا مۇنداق تەھلىل ۋە باھا قانداق قولغا كېلىدۇ؟ بۇ پەقەت ئەدەبىي زوقلىنىش ئارقىلىقلا قولغا كېلىدۇ. چۈنكى ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى ئابستراكت ئۇقۇملار بولماستىن، بەلكى كونكرېت، جانلىق يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازدىن ئىبارەت. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى بولسۇن، بەدىئىيلىكى بولسۇن، ئەنە شۇ بەدىئىي ئوبرازغا سىڭىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئەدەبىي تەنقىدچى زوقلىنىش ئاساسىدىلا ئىدىيىۋىلىك ھەم بەدىئىيلىك ھەققىدە تەھلىل ۋە تەنقىد ئېلىپ بارالايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىي زوق ئەدەبىي تەنقىدنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئاساسى دېيىشكە بولىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد زوقلىنىشنى ئاساس قىلغان، باھا بېرىشنى قورال قىلغان ئېستېتىكلىق ئىلمىي پائالىيەت. ئۇ ئەدەبىي زوقنىڭ داۋامى ۋە چوڭقۇرلىشىشى. ئەدەبىي تەنقىد پەقەت ئەدەبىي زوقلىنىش ئاساسىغا قۇرۇلغاندىلا، ئاندىن بەدىئىي ئوبرازدىكى ئىدىيىۋىلىك بىلەن ئۇنىڭدى-

كى جانلىقلىق، چىنلىق، تىپىكلىك قاتارلىقلار توغرىسىدا توغ-
را، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، لايىقىدا باھا بەرگىلى بولىدۇ ۋە مۇ-
شۇنداق تەنقىدنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتىغا مەنپەئىتى تېگىدۇ.
فرېدرىخ ئېنگېلس 1859 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى
«فېردىناند لاسسالغا يازغان خەت»تە، پۈتۈن بىر ئابزاس ئارقى-
لىق ئەدەبىي زوقلىنىش بىلەن ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مۇناسىۋىتىنى
كونكرېت بايان قىلغان. بۇ بىزنى ئەدەبىي زوق بىلەن ئەدەبىي
تەنقىدنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەت-
تى. خەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىتتىقىچە خەت يازمىغانلىقىمدىن بەلكىم
ئەجەبلەنگەنسىز، بولۇپمۇ، ‹زىجىنگىن، ئگىزگە بولغان باھايىم-
نى ھېلىغىچە بىلدۈرمىگەنلىكىم سىزنى تېخىمۇ ئەجەبلەندۈرگەن-
لىكى تۇرغان گەپ. ئەمما بۇ دەل مېنىڭ خەت يېزىشنى مۇشۇن-
داق ئۇزۇن كېچىكتۈرۈشۈمدىكى سەۋەبتۇر. ھازىر يارامىلىق ئە-
دەبىياتنىڭ ھەممىلا يەردە كەمچىللىكى سەۋەبىدىن بۇنداق ئەسەر-
لەرنى كەمدىن ـ كەم ئوقۇۋاتىمەن، بەلكى نەچچە يىلدىن بىرى
مۇنداق ئەسەرلەرنى بۇنچىلىك ئوقۇمىغان، ئوقۇغاندىن كېيىن
تەپسىلىي باھا ۋە ئېنىق پىكىرىمنى بەرمىگەنىدىم دېسەممۇ بولى-
دۇ. قىممىتى يوق نەرسىلەر بۇنداق كۈچ سەرپ قىلىشقا ئەرزى-
مەيدۇ. ھەتتا مەن ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئوقۇپ باققان نىسبەتەن
ياخشى بىرنەچچە پارچە ئەنگلىيە رومانى، مەسىلەن، تاسكېرېينىڭ
رومانلىرى رەت قىلغىلى بولمايدىغان ئەدەبىي ۋە مەدەنىي تارىخىي
ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مېنى ھېچقاچان بۇن-
چىلىك جەلپ قىلالمىغانىدى. ئەمما مېنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىق-
تىدارىم مۇشۇنداق ئۇزاق ئىشلىتىلمىگەنلىكتىن ناھايىتى گاللى-
شىپ كېتىپتۇ، شۇڭا ئۆز پىكىرىمنى بايان قىلىش ئۈچۈن خېلى
ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كەلدى. ئەمما ھېلىقىدەك
نەرسىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سىزنىڭ ‹زىجىنگىن، ئگىز

باشقىچىرەك قاراپ مۇئامىلە قىلىشقا ئەرزىيدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭغا
نىسبەتەن ۋاقىت جەھەتتىن بېخىللىق قىلمايمەن. ئەسىرىڭىزنى
بىر ـ ئىككى قېتىم ئوقۇپ تېما ۋە بىر ياقلىق قىلىش جەھەتلەر-
دىن نېمىس مىللىي دراممىسىنىڭ ئۆزىلا قىلىپ قويغانلىقىڭىزنى
ھېس قىلىپ، كەيپىيات جەھەتتىن شۇنچىلىك ھاياجانلاندىمكى،
ھەتتا ئۇنى بىر پەس قويۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم، بولۇپمۇ
بۇ نامراتلىق مەزگىل بولغانلىقتىن، زوقلىنىش قۇۋۋىتىم ئاجىز-
لاپ شۇنچىلىك ھالغا يېتىپتۇ (ئۇيالساممۇ، ئېيتىشقا مەجبۇر-
مەن) كى: گاھىدا ھەتتا قىممىتى يوق دېيەرلىك نەرسىمۇ بىرىن-
چى قېتىم ئوقۇغاندا ماڭا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى،
تامامەن ئادىل ۋە پۇتۇنلەي «تەنقىدىي» پوزىتسىيىگە كېلىش
ئۈچۈن «زىچىنگىن»نى قويۇپ قويدۇم... سىزگە شۇنى ئېيتايكى،
مەن ئۇنى ئۈچىنچى، تۆتىنچى قېتىم ئوقۇپ چىققان ۋاقتىمدىمۇ
تەسىراتىمدا ئۆزگىرىش بولمىدى، بەلكى ‹زىچىنگىن› ىڭىزنىڭ
تەنقىدكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر بىلدىم. شۇڭا
مەن ئەمدى سىزگە ئۆز پىكىرلىرىمنى بايان قىلىمەن»[1].

بىز ئېنگېلسنىڭ بۇ بايانلىرىدىن زوقلىنىشنىڭ تەنقىدنىڭ
ئاساسى ئىكەنلىكىنى، زوقلىنىش بىلەن تەنقىدنىڭ مۇناسىۋىتى-
نىڭ زىچلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىر مۇنەۋۋەر تەنقىدچى بولۇش
ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىر ياخشى زوقلانغۇچى بولۇش لازىم. ئەدە-
بىيات تەنقىدىي ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، بىر قىسىم زوقلىنىش
ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان تەنقىدچىلەر سەنئەتكە قارىتا كۆزىتىش-
تە، ھېس قىلىشتا سەزگۈر بولغان. ئۇلار تەسەۋۋۇرغا، ھېسسى-
ياتقا ئىنتايىن باي بولۇپ، سەنئەتنى چۈشىنىش ئىقتىدارى چوڭ-
قۇر بولغان. ئۇلار بەدىئىي ئوبرازدىكى گۈزەللىكتىن زوقلانغاندا
پىسخىك ئىقتىدارى تېز قوزغىلىپ، ئوبرازنى چوڭقۇر چۈشەن-

---

[1] ف. ئېنگېلس: «فېردىناند لاسسالغا خەت»، «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»
، خەنزۇچە نەشرى، Ⅳ توم، 342 ـ ، 343 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

گەن، توغرا ئىگىلىگەن. مۇشۇنداق بولغاچقا ئۇلارنىڭ تەنقىدى بىر قەدەر ئادىل ۋە دەل بولۇپ، ئۆزگىچە پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالىغان. ھەقىقىي تەنقىدچى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ھەۋىسىنى تار دائىرە ئىچىدە چەكلەپ قويمايدۇ. ئۇ ھەرخىل بەدىئىي ھادىسى-لەرنى كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئورتاق قانۇ-نىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئۇنىڭ تەنقى-دى ئاندىن توغرا، ئادىل تەنقىد بولۇشى، شۇنداقلا بىر خىل مۇكەممەل زوقلىنىش مېۋىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مەيلى ئىجادىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتا بولسۇن ياكى ئاممىنىڭ زوقلىنىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىشتە بولسۇن، ناھايىتى زور پايدىسى بولىدۇ. ئەمما زوقلى-نىش ئىقتىدارى تۆۋەن بىر قىسىم ئاتالمىش «تەنقىدچى»لەرنىڭ تەنقىدى ئەدەبىي ئىجادىيەت تەرەققىياتىغا پايدىسىز بولۇپلا قالماس-تىن بەلكى زىيانلىقتۇر.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئەدەبىي زوقلىنىش سەۋى-يىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ئەدەبىي تەنقىد سۈپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەدەبىي تەنقىد سۈپە-تىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى پۈتكۈل ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا ئەدەبىي تەنقىدچىلەر زوقلىنىش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى، كەڭ كىتابخانلارنىڭ توغ-را ھالدا زوقلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشى زۆرۈر. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئاساسى مۇستەھكەم بولىدۇ.

## 2. ئەدەبىي زوقنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى

### 1) ئەدەبىي زوقنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى

ئەدەبىي زوق — بىر تۈرلۈك گۈزەللىكتىن لەززەتلىنىش پائالىيىتى، سەنئەتنى قوبۇل قىلىش پائالىيىتى بولۇپ، گۈزەل-لىكتىن لەززەتلىنىش ۋە تەكرار ئىجادىيەت بولسا، ئۇنىڭ توپ

ئالاھىدىلىكى. شۇڭلاشقا ئەدەبىي زوقلىنىش جەريانىدا زوقلانغۇچى سۇبىيېكتىنىڭ پسىخىك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى شەكسىز ھالدا توپ ئالاھىدىلىكلەرنى ئاساس قىلىدۇ.

ئەدەبىي زوقنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى تۆۋەندىكى مەزمۇنلار بويىچە بايان قىلىمىز:

1. ئەدەبىي زوق پائالىيىتىدىكى ھېسسىياتقا باي بولغان باغلاشتۇرۇب ئويلاش ۋە تەسەۋۋۇر

ئەدەبىي زوقلىنىش جەريانىدا زوقلانغۇچى سۇبىيېكتىنىڭ تۇرلۇك پسىخىك ئىقتىدارى قوزغىتىلىدۇ، جانلاندۇرۇلىدۇ. بولۇپمۇ بەدىئىي ئوبرازنى ھېس قىلىشتىن ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشقىچە، ئەسەر دۇنياسىدىن قەلب دۇنياسىغىچە قايتا ـ قايتا، چوڭقۇر چۈشىنىش جەريانىدا باغلاشتۇرۇپ ئويلاش بىلەن تەسەۋۋۇرنىڭ جانلاندۇرۇلۇشى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. باغلاشتۇرۇپ ئويلاش بىر تۈرلۈك ئەسلىمە شەكلى بولۇپ، ئەينى ئىدراك قىلىنىۋاتقان شەيئى ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا بىر شەيئىنى ئەسلەشتىن ئىبارەت. باغلاشتۇرۇپ ئويلاشتىن ئىبارەت بۇ خىل پسىخىك ئىقتىدار ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئادەم تەپەككۇرىدىكى ئىنكاسى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ئەدەبىي زوقلىنىش جەريانىدا ئۇنىڭ رولى ئاساسلىقى مۇنۇ تەرەپلەردىن كۆرۈلىدۇ:

بىرىنچىدىن، ئوبرازلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئوبرازلار بىلەن ئوبرازلار ئارىسىدىكى يۆتكىلىشنى، ئۆتكۈنچى ھالەتنى، سەكرەشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. چۈنكى بىر پۈتۈن بەدىئىي ئوبراز كۆپلىگەن يەككە ئوبرازلاردىن شەكىللەنگەن بولغاچقا، ئۇلار ئارىسىدا تۈرلۈك باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتلەر ساقلانغان بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئوبرازلار بىلەن ئوبرازلار ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر بولسا، يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدا، باغلاشتۇرۇپ ئويلاشتىن ئىبا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رەت پسىخىك ئىقتىدارنى تولۇق جارى قىلدۇرغانلىقىنىڭ نەتىجە-
سى. شۇنداق ئىكەن، زوقلانغۇچى سۇبيېكتمۇ زوقلىنىش جەريا-
نىدا ئۆزىنىڭ باغلاشتۇرۇپ ئويلاشتىن ئىبارەت پسىخىك ئىقتىدا-
رىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى زۆرۈر. مۇشۇنداق بولغاندىلا
ئاندىن ئوبرازلار بىلەن ئوبرازلار ئارىسىدىكى باغلىنىشنى، يۈت-
كىلىشنى، ئۆتكۈنچى ھالەتنى، سەكرەشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى
بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئەسەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان ئوبرازدىن تۈر-
مۇشتىكى مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەر تەسەۋۋۇر قىلىنغاندا ئاندىن
گۈزەللىك تۇيغۇسىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەدەبىي زوقلىنىشنىڭ
پۈتكۈل جەريانىدا، ئوبرازنى ھېس قىلىشتىن تاكى بىلىش، لەز-
زەتلىنىش باسقۇچلىرىغىچە ھەممىسىدە باغلاشتۇرۇپ ئويلاشتىن
ئايرىلىشقا بولمايدۇ. دېمەك، باغلاشتۇرۇپ ئويلاش ئەدەبىي زوق-
لىنىشتىكى مۇھىم پسىخىك ئىقتىدارنىڭ بىرى. بىراق زوقلى-
نىشتىكى چوڭقۇرلۇق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مۇشۇ سەۋىيىدە
توختاپ قېلىش كۇپايىلەنمەيدۇ. زوقلانغۇچى سۇبيېكتنىڭ تەكرار
ئىجادچانلىقىدىن ئىبارەت پسىخىك ئىقتىدارنى ئەڭ يۇقىرى دەرى-
جىدە، ئەڭ ئۇنۇملۇك ھالدا جارى قىلدۇرىدىغىنى تەسەۋۋۇر-
دۇر.

تەسەۋۋۇر بىر تۈرلۈك ئالاھىدە تەپەككۇر پائالىيىتى. ئۇ
بىرەر نەرسىنىڭ سۈرىتىنى ئويلاپ زېھنىدە گەۋدىلەندۈرۈش ياكى
بۇرۇن ئىدراك قىلىنغان مەلۇم ھادىسە ياكى نەرسىنىڭ كىشىلەر
مېڭىسىدىكى ئوبرازلىنىشىدۇر. يازغۇچى ــ سەنئەتكارلار ئىجادى-
يەتتە باي تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولىدۇ. تەسەۋۋۇرسىز ئەدەبىي ئىجا-
دىيەت بولمايدۇ. شۇڭا تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت مۇنداق پسىخىك
ئىقتىدار ئادەمنىڭ بارلىق ئىجادچانلىق پائالىيىتىنىڭ جارى قى-
لىنىشىدىكى ئالدىنقى ۋە ئاساسلىق شەرتتۇر. گۈزەللىكتىن
زوقلىنىش جەريانىدا تەسەۋۋۇرنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم. شۇن-

داق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇ گۈزەللىكنى ئىنكاس قىلىشنىڭ
تۈگۈنى بولۇپ، زوقلىنىشتىكى تەسىرات، لەززەتلىنىش باسقۇچ-
لىرىدا ئىجادچانلىقتا ئىگە تەسەۋۋۇر مۇھىم رول ئوينايدۇ. ماك-
سىم گوركىي: «پەقەت يازغۇچى ئۆزى تەسۋىرلىگەن ھەممە نەر-
سىنى، يەنى مەنزىرە، ئوبراز، تەقى - تۇرقى ۋە چىراي، خاراك-
تېر قاتارلىقلارنى كىتابخانلار كۆز ئالدىدا ئېنىق گەۋدىلەندۇ-
رۇپ، كىتابخانلارنىڭ ئۇلارنى ھەر خىل - ھەر ياڭزا (تەسەۋ-
ۋۇر) قىلىشى، شۇنداقلا كىتابخانلارنىڭ ئۆز تەجرىبىسى، تەسى-
راتى ھەمدە بىلىم جۇغلانمىسى ئارقىلىق ئۇلارنى تولۇقلىشى ۋە
بېيىتىشىغا ئىمكان بېرەلىگەن چاغدىلا، يازغۇچىنىڭ ئەسىرى
كىتابخانلارنىڭ قەلبىنى خېلى كۈچلۈك تەسىرلەندۈرەلەيدۇ. ياز-
غۇچىنىڭ تەجرىبىسى بىلەن كىتابخانلارنىڭ تەجرىبىسىنىڭ بىر-
لىشىشى ۋە بىردەك بولۇشىدىن بەدىئىي ھەقىقەت، يەنى سۆز
سەنئىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە قايىل قىلىش كۈچى بارلىققا كېلىدۇ.
ئەدەبىياتنىڭ ئادەملەرگە تەسىر كۆرسىتىش كۈچىمۇ ئەنە شۇنىڭ-
دىندۇر» دېگەنىدى. ① ماكسىم گوركىينىڭ بۇ بىر ئابزاس
چوڭقۇر بايانى يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندا، زوق-
لانغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىشى ھەمدە ئۇيغۇن-
لىشىشى، مۇئەييەن بەدىئىي ئوبرازلاردىن پايدىلىنىپ، كىتابخان-
لارنىڭ باغلاشتۇرۇپ ئويلىشى ۋە تەسەۋۋۇرىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ
زوقلىنىش ئوبيېكتىنى «ئۆز تەجرىبىسى، تەسىراتى ھەمدە بىلىم
جۇغلانمىسى» ئارقىلىق «تولۇقلىشى ۋە بېيىتىشى» غا ئىمكان
بېرىشى لازىملىقىنى، مانا مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئەسەر «كىتاب-
خانلارنىڭ قەلبىنى كۈچلۈك تەسىرلەندۈرەلەيدۇ» غانلىقى، «پەۋ-
قۇلئاددە قايىل قىلىش كۈچى» پەيدا قىلالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈ-
رۇپ بېرىدۇ. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ناملىق رومانىنىڭ يە-

① «ھەۋەسكار يازغۇچىلارغا مەكتۇپ». «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، خەنزۇچە نەشرى. 71 - بەت.

گىرمە ئۈچىنچى بابى — «غەربىي ھۆجرا خاتىرىسى» نىڭ گۈ-
زەل ئىبارىلىرىدىن بەرنانىڭ نەقىل كەلتۈرگەنلىكى، «مودەنگۈل
شىپىگى» نىڭ ئېسىل نەغمىلىرى رەنانىڭ دىلىنى ئويغاتقانلىقى»
دا، لىن دەيىيۈينىڭ «مودەنگۈل شىپىگى» دىكى شېئىر - نەزمە-
لەرنى ۋە نەغمىلەرنى ئاڭلىغان چاغدىكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرى
تەسۋىرلەنگەن بىر ئابزاس بولۇپ، بۇ ئابراستا يازغۇچى لىن
دەيىيۈينىڭ ئەدەبىي زوقلىنىش جەريانلىرىنى كونكرېت ۋە تەپسى-
لىي تەسۋىرلەپ بەرگەن. تۆۋەندە بۇ ئابزاسنى كۆرۈپ باقايلى:

ئۇ، ئۆز ھۆجرىسىغا قايتماقچى بولۇپ، نەشپۈتلۈك ھويلى-
نىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، ئىچكىرىدىن لەرزان چېلىنىۋاتقان
نەي ۋە مۇڭلۇق ئېيتىلىۋاتقان ناخشا ئاڭلاندى. دەيىيۈي ھېلىقى
ئون ئىككى نەپەر ئويۇنچى قىز مەشىق قىلىۋاتقانلىقىنى پەملىدى.
ئۇ ئەتەي قۇلاق سېلىپ ئاڭلىمىغان بولسىمۇ، ئەمما:

ئەسلى تولغانتى چىرايلىق گۈل چىمەنگە بۇ ماكان،
ئەمدى بولدى ئۆي - ئىمارەت خانىۋەيران، باغ خازان...

دېگەن مىسرالار ئۈپئۈچۈق ۋە دانە - دانە بولۇپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا
ئۇچۇپ كىردى. دەيىيۈي بۇ مىسرالارنىڭ ئىنتايىن مۇڭلۇق ۋە
ھېسسىياتقا باي ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدى - دە، قەدىمىنى توختى-
تىپ، قۇلاق سېلىپ سىنچىلاپ تىڭشاشقا باشلىدى:

ۋاھ دەرىخا، نە ئاجايىپ مەنزىرە بۇ خۇش زامان،
قايسى ھويلا دىل ئازارسىز شادلىنىپ توي ئوينىغان؟...

دەيىيۈي بۇ ئىككى مىسرانى ئاڭلاپ، بېشىنى ئىختىيارسىز لىڭشى-
تىپ تۇرۇپ، ئۇلۇغ كىچىك تىنىدى ۋە: «ئويۇنلاردىمۇ مۇشۇن-
داق ياخشى گەپلەر بولىدىكەن - ھە! ئېسىت، كىشىلەر ئويۇن

كۆرۈشنىلا بىلىپ، ئۇنىڭ مېغىزىنى چېقىشنى بىلمەي كەلگەن ئىكەن!» دېگەن ئويغا كەتتى. ئەمما ھېلىقىدەك خىياللاردا بو-لۇپ، ناخشىلارنى ئاڭلىيالماي قالغانلىقىدىن ئۆكۈندى، ئۇ قولاق سېلىپ يەنە تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئاڭلىدى:

ۋاھ دەرىخ، گۈلدەك جامال بولغان ئىكەن ساڭا نېسىپ،
ئۆتتى بىكار ئۆمرۈڭ بىراق سۇدەك ئېقىپ...

دەيىوي بۇ ئىككى مىسرانى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇددى ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويغاندەك بولۇپ، ئۆزىنى تېخىمۇ تۇتالماي قالدى - دە، يېنىدا تۇرغان تاش ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى ۋە «ۋاھ دەرىخ، گۈلدەك جامال بولغان ئىكەن ساڭا نېسىپ، ئۆتتى بىكار ئۆمرۈڭ بىراق سۇدەك ئېقىپ» دېگەن مىسرانىڭ مەنىسىنى تەپسىلىي چۈشىنىشكە ئىز-لەندى. شۇ چاغدا، قەدىمكى شائىرلارنىڭ شېئىر - نەزمىلىرىنى ئوقۇغاندا يادىدا قالغان تۆۋەندىكى مىسرالار بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىـ-گە كەلدى:

سۇ ئېقىپ، گۈللەر توزۇپ كەتكەي ساڭا قىلماي ۋاپا،
يەنە:
سۇ ئېقىپ، گۈللەر توزۇپ كەتتى باھار خازان بولۇپ،
باشقىچە جاھان بولۇپ.

شۇنداقلا ئۇ بايا كۆرۈپ ئۆتكەن «غەربىي ھۇجرا خاتىرىسى» دېگەن كىتابتىكى:

توزىغان گۈل بەرگىدىن قىزاردى سۇ كەتتى يىراق،
قالدۇرۇپ يۈرەكتە كۆپ دەردى پىراق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېگەن مىسرالارمۇ ئۇنىڭ يادىغا تەڭلا كېلىپ، كۆز ئالدىغا توپلى-
نىشقا باشلىدى، ئۇ يۇقىرىقى مىسرالار ئۇستىدە تەپسىلىي ئويلى-
نىپ كۆڭلى ئىختىيارسىز بۇزۇلدى ـ دە، كۆزلىرىدىن ياش تام-
چىلاشقا باشلىدى»①.

بۇ بەدىئىي تەسۋىرلەردە لىن دەييۈيىنىڭ ھېسسىياتى «ئەتەي
قۇلاق سېلىپ ئاڭلىمىغان بولسىمۇ، ئەمما: ... دېگەن مىسرالار
... قۇلىقىغا ئۇچۇپ كىرىش»تىن «قەدىمىنى توختىتىپ، قۇلاق
سېلىپ سىنچىلاپ تىڭشاش»قا ئۆتىدۇ؛ «بېشىنى ئىختىيارسىز
لىڭشىتىپ تۇرۇپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىش»تىن تاكى «كۆڭلى
ئىختىيارسىز بۇزۇلۇپ، كۆزلىرىدىن ياش تامچىلاش» قىچە تە-
رەققىي قىلىدۇ. كىتابخانمۇ مۇشۇ جەرياندا ئوبرازنى پائالىيەتچان-
لىق بىلەن «تولۇقلاپ ۋە بېيىتىپ» باغلاشتۇرۇپ ئويلاش ۋە
تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت پسىخىك ئىقتىدارنى جانلاندۇرۇپ، زوق-
لىنىش ئاساسىدا كۈچلۈك تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ. مۇنەۋۋەر
ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئۆزىدە زوقلانغۇچىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا
يېتەكلەيدىغان ئىقتىدار بار يەنى ئەدەبىي ئەسەردىكى ئوبراز
كىتابخانىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ، تويدۇرماي بەدىئىي مۇ-
ھىتنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا جانلىق، كونكرېت
تەسىرات بېغىشلايدۇ. يەنە كېلىپ مۇنداق تەسىرات كىتابخانىنىڭ
خاتىرىسىدە ساقلىنىپ قالغان مۇناسىۋەتلىك تەسىرات، تەجرىبى-
لىرىگە بېرىپ تاقىلىپ، ئەسلەش، باغلاشتۇرۇپ ئويلاش، تە-
سەۋۋۇر قاتارلىق پسىخىك ئىقتىدارنى قوزغايدۇ. دېمەك، ئەدە-
بىي زوقلىنىش جەريانى ھېسسىياتقا باي بولغان باغلاشتۇرۇپ
ئويلاش بىلەن تەسەۋۋۇرغا تولغان بولىدۇ.

2. ئەدەبىي زوق پائالىيىتىدىكى بىلىش جەريانى

ئەدەبىي زوقلىنىش پائالىيىتى بەدىئىي ئوبرازنى ھېس قى-

① «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ـ كىتاب، 231 ـ، 233 ـ بەتلەر.

لىشتىن چۈشىنىشكىچە، شەكىلدىن مەزمۇنغىچە، تېيىزلىقتىن
چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىدىغان بىر خىل بىلىش جەرياند-
دىن ئىبارەت. بۇ جەرياندا كىشىلەر ئېستېتىك لەززەت ئېلىش
بىلەن بىرگە بىلىش جەھەتتىن تەربىيىگە ئېرىشىدۇ. دېمەك
ئەدەبىي زوقلىنىش ھېسسىيات بىلەن ئەقىل بىرلەشكەن بىر خىل
ئېستېتىك پائالىيەتتۇر.

ئەدەبىي زوقلىنىش ئالدى بىلەن بەدىئىي ئوبرازغا قارىتا
كونكرېت تەسىرلىنىشتىن باشلىنىدۇ. مەسىلەن، ئەدەبىي ئە-
سەرلەردىكى گۈزەل مەنزىرە تەسۋىرلىرى، خاسلاشتۇرۇلغان پېر-
سوناژ تىلى، جانلىق ۋەقەلىكلەر ۋە ئەينەن تەپسىلات تەسۋىرلە-
رى؛ مۇزىكىدىكى مېلودىيە، رىتىم؛ ئۇسسۇلدىكى ھەرىكەت،
بەدەن شەكلى ۋە ھالىتى؛ ھەيكەلتىراشلىقتىكى چىراي - قىياپەت
ۋە تاشقى ئالاھىدىلىكلەر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن
ئادەملەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان، زوقلانغۇ-
چىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان بىرىنچى شەرتلەر ھېسابلىنىدۇ.
لېكىن زوقلىنىش جەريانىدىكى پسىخىك پائالىيەت بۇنىڭ بىلەن
توختاپ قالماستىن يەنە داۋاملىشىدۇ. يەنى زوقلانغۇچى ئۆز تە-
سىراتلىرىنى شەكىلدىن مەزمۇنغا چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۇقىرىقى
ھەرخىل ئامىللاردىن تۈزۈلگەن تۇرمۇش مەنزىرىلىرى، بەدىئىي
ئوبرازلار ۋە ئۇلارغا سىڭدۈرۈلگەن ئىدىيىۋى ھېسسىياتلاردىن
ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بەدىئىي مۇھىتىغا كىرىپ، كونكرېت، ئوب-
رازلىق تۇرمۇش تەسىراتلىرىغا ئېرىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا زوقلانغۇ-
چىنىڭ بىلىش سەۋىيىسى ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە
قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. يەنى زوقلانغۇچىنىڭ ئالغان تەسىراتى
چىن ۋە تۇرمۇشتىن كەلگەن تەسىرات بولسا، ئۇ زوقلانغۇچىنىڭ
بۇرۇنقى خاتىرىلىرى، كەيپىياتلىرىنى ئويغىتىپ ھەمدە ئۇلارنى
مەلۇم تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەشكە سېلىپ، ئۇلارنىڭ
باغلاشتۇرۇپ ئويلاش ۋە تەسەۋۋۇرىنى قوزغاپ، بىلىم ئېلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارزۇسىنى كۈچەيتىدۇ. زوقلىنىشنىڭ ئەقلىي بىلىش باسقۇچى تەھلىل قىلىش، تاللاش، پەرق ئېتىش باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ھېسسىي بىلىش باسقۇچىنىڭ داۋاملىشىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشى ھېسابلىنىدۇ. زوقلانغۇچى ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، تۇرمۇش تەجرىبىسى، بەدىئىي تەربىيىلىنىشىگە ئاساسەن، يازغۇچىنىڭ ھاياتى، ئىدىيىسى ۋە ئىجادىيەت يولىغا بىرلەشتۈرۈپ، زوقلاندۇرغۇچى ئوبيېكتقا قارىتا سېلىشتۇرۇش، تەھلىل قىلىش، پەرقلەندۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋاقتىدىلا، زوقلىنىشنىڭ ئەقلىي بىلىش باسقۇچىغا كىرگەن بولىدۇ. بۇ باسقۇچتا، زوقلانغۇچى بەدىئىي مۇھىتتىكى بىۋاستە سېزىم ئارقىلىق ئۇچراشقان پېرسوناژلار، ۋەقەلىكلەر، مۇھىت ۋە كۆرۈنۈشلەردىن قانائەت ھاسىل قىلماستىن، بەلكى بەدىئىي ئوبرازدا يوشۇرۇنغان ئىدىيىۋى مەزمۇنلارنى چۈشىنىشكە كىرىشىدۇ. بىر قاتار «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ئارقىلىق ھەرخىل پېرسوناژلارنى، ۋەقەلىكلەرنى سېلىشتۇرىدۇ، ھەتتا ئۆز تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىگە سېلىشتۇرۇپ مۇئەييەن ھۆكۈم چىقىرىپ باھالايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئەدەبىي زوقلىنىش جەريانىدىكى بۇ ئىككى باسقۇچنىڭ دائىرىسىنى ئاجرىتىش ناھايىتى قىيىن. چۈنكى ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن ئەقىل ـ ئىدراك ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ تۇرىدۇ. ھېسسىياتنىڭ ئارقىسىدا ئەقلىيلىك بولىدۇ، ئەقلىيلىك ھېسسىياتنى چەتكە قاقمايدۇ. ماۋزېدۇڭ: «ھېسسىيلىق بىلەن ئەقلىيلىك سۈپەت جەھەتتىن پەرقلىق، لېكىن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ئەمەس، ئۇلار ئەمەلىيەت ئاساسىدا بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ. بىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىز: ھېس قىلغان نەرسىلەرنى دەرھال چۈشىنەلمەيدىغانلىقىمىزنى، پەقەت چۈشەنگەن نەرسىلەرنىلا تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىدىغان-

لىقىمىزنى ئىسپاتلايدۇ»[1] دېمەك، ئەدەبىي زوقلىنىش جەريانىدىكى ھېسسىي بىلىش بىلەن ئەقلىي بىلىش ئەمەلـيەتتە بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆزلۈكـسىز تۈردە قايتىلىنىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلىدۇ. يەنى ئەدەبىي زوقلىنىش ھېسسىياتتىن ئەقىل ـ ئىدراكقىچە، ئوبرازدىن مەنـتىقىغىچە گىرەلەشكەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل مۇـرەككەپ جەريان.

ئەدەبىي زوقلىنىش ئاخىرقى ھېسابتا ئەدەبىي ئەسەردە ئىپاـدىلەنگەن چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭـغا باھا بېرىشتىن ئىبارەت. شۇنداق بولغاچقا بۇ ۋەزىپىنى ھېسـسىي بىلىش باسقۇچىدا ئورۇندىغىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا زوقلانـغۇچى سۇبيېكت بەدىئىي ئوبرازدىن ئالغان ھېس ـ تۇيغۇ ئاساسىـدا تىرىشىپ چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىككە باھا بېرىش سەۋىـيىسىگە ئىنتىلىشى لازىم. بەدىئىي ئوبرازنى چىنلىق، ياخشىـلىق، گۈزەللىك سەۋىيىسىدە تونۇپ چۈشىنىش، ئىگىلەش — ئوبرازنى بىلىش قىممىتى، ئەخلاق قىممىتى ۋە گۈزەللىك قىمـمىتى نۇقتىسىدىن چۈشىنىش ۋە ئىگىلەشتۇر. ھەقىقىي بەدىئىي ئىجادىيەت چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ بىرلىكىگە ئىنتىـلىدۇ، شۇنداقلا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان بەدىئىي ئوبرازنىڭ ھەرقاندىقى بۇ خىل ئىنتىلىشنى ئوخشاشمىغان سەۋىيىدە ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. دېمەك، ئەدەبىي زوقلىنىش جەريانى بىر خىل بىلىش جەريانى، چۈشىنىش، ئىگىلەش، چوڭقۇر چۆكۈش جەريانى. كەڭ كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيىسىنى ئۆسـتۈرۈش ئۈچۈن، زوقلىنىش قانۇنىيىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ھەم ئىگىلەش لازىم.

---

① «ئەمەلىيەت توغرىسىدا»، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە (كونا يېزىق) نەشرى، I توم، 543 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

### 2) ئەدەبىي زوقنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ شەرتلەر

ئەدەبىي زوقلىنىش پائالىيىتى كىتابخاندا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق پەيدا بولىدىغان ئالاھىدە مەنىۋى پائالىيەت. بۇنداق مەنىۋى پائالىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن زوقلاندۇرغۇچى ئوبيېكت بىلەن زوقلانغۇچى سۇبيېكتتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىكى شەرت ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك. ئەدەبىي زوقنىڭ خاراكتېرىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن، ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ تەرەپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەم ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

#### 1. ئوبيېكتىپ شەرت

ئەدەبىي زوقلىنىشنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن زوقلاندۇرغۇچى ئوبيېكت بولۇشى كېرەك. يەنى بىرقەدەر باي مەزمۇن بىلەن بىرقەدەر يۇقىرى گۈزەل شەكىلگە ئىگە بەدىئىي ئوبرازلار بولۇشى كېرەك. ئەگەر مۇنداق بەدىئىي ئوبرازلار بولمايدىكەن، ئەدەبىي زوقلىنىش پائالىيىتى مەۋجۇت بولمايدۇ. كىتابخانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەردىكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ مېۋىسى—بەدىئىي ئەسەرنى ئوقۇشقا ھەم ئۇنىڭدىن زوق ئېلىش باسقۇچىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. خۇددى ليۇشى ئېيتقاندەك: «ماقالە يازغۇچى ئاۋۋال تەسىرلىنىدۇ، ئاندىن سۆز بىلەن بايان قىلىدۇ، ماقالىنى ئوقۇغۇچى ئاۋۋال مۇلاھىزە قىلىپ، ئاندىن تەسىرات ئالىدۇ، بۇ خۇددى ئېقىن سۈنى بويلاپ ماڭغاندا، ئۇنىڭ باشلىنىش مەنبەسىنى بىر پىنھان چوڭقۇرلۇقتىن تاپقىلى بولغانغا ئوخشايدۇ»①. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى:

① «ئەسەر يازماق—بەئەينى ئەجدىھاغا نەقىش ئويماق. رىتىملىق مۇزىكا كۈيلىرىنى پەرق ئېتىش» . «‹ئەسەر يازماق—بەئەينى ئەجدىھاغا نەقىش ئويماق› قا ئىزاھلار» ، خەنزۇچە نەشرى، 2 - قىسىم، 715 - بەت.

يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتى هامان تاشقىرىدىن ئىچكىرىگە كىرىش
بىلەن بولىدۇ، يەنى ئاۋۋال ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن تەسىرلىنى-
دۇ، ئاندىن ئىچكى ھېسسىيات ( مەزمۇن) ھاسىل قىلىدۇ،
ئۇنىڭدىن كېيىن مۇئەييەن سۆز - ئىبارە (شەكلى) ئارقىلىق
ئىپادىلەيدۇ؛ كىتابخانمۇ ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇغاندا، تاشقىرىدىن
ئىچكىرىگە كىرىدۇ، يەنى ئاۋۋال تىل ۋاستىسى ۋە ئەسەرنىڭ
تاشقى بەدىئىي شەكلى ئارقىلىق ئېقىن سۇ (سۆز - ئىبارىلەر)
نى بويلاپ مېڭىپ، مەنبە( ھېسسىيات)نى تاپىدۇ ۋە بارا - بارا
ئوبرازدىن كونكرېت تەسىرات ئالىدۇ ھەم چۈشەنچە ھاسىل قىلى-
دۇ. يەنى كىتابخانغا ئالدى بىلەن تەسىر قىلىدىغىنى بىۋاستە
سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان تاشقى ماددىي شەكىل،
ئاندىن بۇ خىل ماددىي شەكىل يېتەكلەپ كىرىدىغان ئىچكى
مەنىدارلىق بولىدۇ. دېمەك، زوقلىنىشنىڭ مەيدانغا كېلىشى
ئۇچۇن زوقلاندۇرغۇچى ئوبېكتنىڭ بولۇشى ئالدىنقى ۋە ئاساسلىق
شەرتتۇر. ئادەتتە باشقا ئىجتىمائىي پەن ۋە پەن - تېخنىكا ئەسەر-
لىرى توغرا نەزەرىيىۋى ئاساسلىرى بىلەن كىشىلەرنى قايىل
قىلىدۇ. لېكىن ئۇلاردا كونكرېت ھېسسىي مۇھىتقا تولغان بەدى-
ئىي ئوبرازلار بولمىغاچقا، ئۇلار كىشىلەرنى باغلاشتۇرۇپ ئويلاشقا
ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشقا يېتەكلەپ، مەنىۋى جەھەتتىن لەززەتلەندۇ-
رەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار زوقلاندۇرغۇچى ئوبيېكت بولالمايدۇ.
ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بەزى سۇپىتى ناچار ئە-
سەرلەرمۇ ئومۇمەن زوقلىنىش ئوبيېكتى بولالمايدۇ. چۈنكى بۇن-
داق ئەسەرلەر كىتابخانلارنى ئالاھىدە بەدىئىي مۇھىتقا باشلاپ
كىرىپ، كونكرېت، جانلىق، ھېسسىي مۇھىتتىن لەززەتلەندۇ-
رەلىشى ناتايىن. خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: «پەقەت مۇزىكىلا
كىشىنىڭ مۇزىكا تۇيغۇسىنى قوزغىيالايدۇ»[1]. دېمەك، تەسىر-

[1] ماركس: «1844 - يىلىدىكى ئىقتىسادشۇناسلىق- پەلسەپە قوليازمىلىرى»، خەلق نەشرىياتى، 1979 - يىل نەشرى. 79 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىنىش ـ زوقمەنلىك بەلگىلىك ئوبيېكتتىن ھاسىل بولىدۇ. ئوبيېكتسىز تەسىرلىنىش — زوقمەنلىك بولمايدۇ. شۇنداق ئېكەن، تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر بولغاندىلا، ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ھېسسىياتىنى، ئەدەبىي زوقىنى قوزغىغىلى بولىدۇ.

2. سۇبيېكتىپ شەرت

ئەگەر زوقلاندۇرغۇچى ئوبيېكت بولۇپ، گۈزەللىكتىن زوقلانغۇچى سۇبيېكت بولمىسا، ئوخشاشلا زوقلىنىش پائالىيىتى مەيدانغا كەلمەيدۇ. زوقلىنىشنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن زوقلانغۇچى سۇبيېكتتا تۆۋەندىكىدەك شەرتلەر ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك:

بىرىنچى، كىتابخاننىڭ مەيدانى، كۆزقارىشى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىسىدىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ تىل ـ يېزىقنى ئىگىلىشىگە ۋە مەلۇم دەرىجىدە مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە بولۇشىغا توغرا كېلىدۇ. لۇشۈن بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى: ئەدەبىي زوقلىنىشتا «كىتابخاندىمۇ شۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان سەۋىيە بولۇشى كېرەك. يەنى بىرىنچىدىن، ساۋاتلىق بولغان بولۇشى، ئىككىنچىدىن، ئادەتتىكى ئومۇمىي بىلىمگە ئىگە بولغان بولۇشى؛ ئىدىيە ۋە ھېسسىياتىمۇ ئومۇمەن شۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك سەۋىيەگە يەتكەن بولۇشى لازىم.»①

ئىككىنچى، تەسىرلىنىش، چۈشىنىش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ئىبارەت ئېستېتىك تەربىيەگە ۋە قابىلىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. يەنى ئېستېتىك ئىقتىدار ـ ئېستېتىك سەزگۈرلۈك ئىقتىدارى، ئېستېتىك تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى، ئېستېتىك چۈشىنىش ئىقتىدارى، شۇنداقلا بەلگىلىك ئېستېتىك ھېسسىيات، ئېستېتىك تەسىرلىنىش ھەۋىسى بولۇشى لازىم. ماركس: «ئە-

① «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئاممىۋىلاشتۇرۇش»، «لۇشۈن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، VI توم، 579 ـ بەت.

گەر سەنئەتتىن زوق ئالىمەن دېسەڭ، جەزمەن بەدىئىي تەربىيە
كۆرگەن ئادەملەردىن بولۇشۇڭ كېرەك». ① «مۇزىكا خۇشياقمايـ
دىغان قۇلاق ئۈچۈن، ئەڭ يېقىملىق مۇزىكىمۇ ئەھمىيەتسىز» ②
دېگەنىدى. بۇ سۆزلەر زوقلانغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ شەرتىنىڭ
مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھەرقانچە ياخشى بەدىئىي
ئەسەرمۇ، ھېچقانداق بەدىئىي تەربىيە ئالمىغان ۋە بەدىئىي ھەۋەـ
سى بولمىغان كىشىدە زوق ـ ھەۋەس قوزغىيالمايدۇ. بەدىئىي
ئەسەرلەردىن زوقلىنىش ئۈچۈن، شۇ خىل سەنئەتنىڭ خاراكـ
تېر ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە نىسبەتەن مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە
بولۇش، شۇ خىل سەنئەتتىن زوقلىنىشنىڭ بەلگىلىك تەجرىبىـ
سىگە ئىگە بولۇش، بۇ جەھەتتە بەلگىلىك خاس زوقلىنىش ئىقتىـ
دارىغا ئىگە بولۇش لازىم، «كالىنىڭ قۇلىقىغا غىجەك چېلىش»
دېگەن بۇ ئىبارە بەدىئىي تەپەككۇر ئىقتىدارى بولمىغان زوقلانغۇـ
چىدا ھېچقانداق تەسىر پەيدا بولمايدىغانلىقى، نەتىجىدە ئۇنىڭدا
بەدىئىي زوقلىنىش پائالىيىتى ھاسىل بولمايدىغانلىقىنى ئوبرازـ
لىق ھالدا چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. لېۇشى «ئەسەر يازماق —
بەئەينى ئەجدىھاغا نەقىش ئويماق» ناملىق ئەسىرىنىڭ «توغرا
چۈشىنىش» دېگەن مەخسۇس قىسمىدا: «خىلمۇخىل مۇزىكىلارـ
نى چالغاندا، ئاندىن ئۇنىڭ مۇڭىنى بىلگىلى بولىدۇ، خىلمۇ
خىل شەمشەر ـ قىلىچلارنى كۆزەتكەندە، ئاندىن ئۇلارنىڭ خىسـ
لىتىنى بىلگىلى بولىدۇ. شۇڭا ھەرخىل ئەسەرلەرنىڭ خۇسۇسىـ
يىتىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن نۇرغۇن ئەسەرلەرنى
كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ» دېگەنىدى. بۇ ئارقىلىق ئۇزۇن مۇددەتـ
لىك تەكرار ئېلىپ بېرىلغان بەدىئىي ئەمەلىيەت جەريانىدا، بەدىـ
ئىي ھەۋەسنى يېتىلدۈرۈپ، بەدىئىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشنى
يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. بۇ نۇقتا مەيلى ئەدەـ

① «ماركس، ئېنگېلس سەنئەت توغرىسىدا»، خەنزۇچە نەشرى، I توم، 244 ـ بەت.
② «ماركس، ئېنگېلس سەنئەت توغرىسىدا»، خەنزۇچە نەشرى، I توم، 204 ـ بەت.

بىي زوق ياكى ئەدەبىي تەنقىد ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ، ئىنتايىن
مۇھىمدۇر. قىسقىسى، ئەدەبىي ئەسەردىن زوقلىنىش ئۈچۈن
مەلۇم مەدەنىيەت، سەنئەت تەربىيىسى بولۇشى، ئەدەبىي ئەسەردە
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئۇيغۇن ھالدىكى بىۋا-
سىتە تەجرىبە ۋە ۋاسىتىلىك تەجرىبە بولۇشى لازىم.

ئەدەبىي زوقلىنىشنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن ئوبيېكتىپ
ۋە سۇبيېكتىپ شەرتلەرنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى
زوقلاندۇرغۇچى ئوبيېكت بىلەن زوقلانغۇچى سۇبيېكت ئۆزئارا
ماسلىشىشقا ۋە باغلىنىشقا ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك. يەنى
بىرىنچىدىن، زوقلانغۇچى سۇبيېكتنىڭ زوقلاندۇرغۇچى ئوبيېكت-
قا قارىتا ھەۋەس - ئىشتىياقىنىڭ بولۇشى، زوقلاندۇرغۇچى
ئوبيېكتنىڭمۇ زوقلانغۇچى سۇبيېكتنىڭ لەززەت ئېلىشىغا ماس-
لاشقان بولۇشى؛ ئومۇمەن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ھېسسىيات
جەھەتتە بەلگىلىك باغلىنىش بولۇشى كېرەك. شۇندىلا زوقلىنىش
پائالىيىتى مەيدانغا كېلىدۇ. ئىككىنچىدىن، پەقەت زوقلانغۇچى
سۇبيېكت ئۆزىنى مۇۋاپىق كەيپىيات ئىچىگە قويغاندىلا، ئاندىن
زوقلانغۇچى سۇبيېكت بىلەن زوقلاندۇرغۇچى ئوبيېكت ئارىسىدا
بەلگىلىك باغلىنىش بارلىققا كېلىدۇ ۋە شۇندىلا زوقلىنىش پائا-
لىيىتى تۇغۇلىدۇ. كەيپىيات — ئادەمنىڭ ھېس - تۇيغۇسىدىكى
بىر خىل ئاساسىي ھالەت بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ ھەرىكىتىگە
بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە زوقلانغۇ-
چى سۇبيېكتنىڭ كەيپىياتى زوقلىنىش پائالىيىتىگە ماسلاشمىسا
ھەم زوقلاندۇرغۇچى ئوبيېكت بىلەن باغلىنىشى بولمىسا، زوقلى-
نىش پائالىيىتى يۈز بەرمەيدۇ. ھالبۇكى ئوبيېكتقا قارىتا خىيال-
نى قاناتلاندۇرغاندا، تەسەۋۋۇرنى كېڭەيتكەندە ۋە ئۇنىڭغا زوقمەن-
لىك بىلەن تەلپۈنگەندە، ئاندىن زوقلىنىش پائالىيىتى بارلىققا
كېلىدۇ. شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «كۆكلەم ئىشقى» دېگەن
شېئىرىدىكى مۇنۇ مىسرالارنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

يېشىل كۆكلەم، سەن پەسىللەر ئەركىسى،
سېغىندىم، سېغىنغاندۇ سېنى ھەر كىشى.
يەنە گۈللەر، بۇلبۇل ۋە سۇمبۇللار،
سېنىڭ نەقش زىنىنتىڭدۇر بۇلار ھەممىسى.
يەنە سۇلار، شارقىراتمىلار، شوخ شامالدار،
ئەركىلەپ، سۆيۈپ باغرىڭدا جەۋلان قىلغۇسى.
سۇزۇك تاڭ، سۇزۇك كەچ، ئايدىڭ تۈنلىرىڭ،
ئەمگەك كۈنلىرىڭ سىردىشىدۇر دېھقان بالىسى.
ئېتىز چىرايلىق، ئېتىز قايناق، ئېتىز يېقىملىق،
ئېتىز ئەمگەكنىڭ كەڭتاشا، ئەركىن سەھنىسى.
قۇش - قۇرتلار سازەندە، تورغايلار داپچى،
ئۇرغۇپ جاراڭلار ھەر يەردە ئەمگەك نەغمىسى.
.............................................
.............................................

يۇقىرىدىكى مىسرالارنى ئوقۇغىنىمىزدا، كۆز ئالدىمىزدا شېئىرىدىكى بەدىئىي مۇھىت — كۆكلەم مەۋسۇمى نامايان بولىدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا بىزدە گۈزەل تەبىئەتكە، كەڭ دالاغا، ئەركىن دېھقان تۇرمۇشىغا قارىتا سۆيۈنۈش، تەلپۈنۈش، مايىللىق بولغاندىلا، قاراڭغۇ قىشتىن باھارغا تەلپۈنگەن، ئەركىنلىك تۇيغۇسىغا تۇتىشىپ كەتكەن ئالاھىدە روھىي كەيپىيات بولغاندىلا، شېئىرىي مۇھىت بىلەن بىرلىشىپ كېتەلەيدىغان تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ۋە تەجرىبە بولغاندىلا، ئاندىن زوقلىنىش بارلىققا كېلىدۇ.

## 3. ئەدەبىي زوقتىكى پەرق ۋە ئومۇملۇق

### 1) ئەدەبىي زوقتىكى پەرق

ئەدەبىي زوقلىنىشنىڭ ھاسىل بولۇشى زوقلانغۇچى سۇبـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېكتىنىڭ شارائىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يەنى زوقلانغۇچى
سۇبيېكت ياشىغان دەۋرنىڭ ئوخشىماسلىقى، مىللىتىنىڭ ئوخ-
شىماسلىقى، تەۋە بولغان سىنىپىنىڭ ئوخشىماسلىقى، تۇرمۇش
سەرگۈزەشتىسى، مەدەنىيەت تەربىيىسى، ئىدىيىۋى خاراكتېرى،
ھەۋەس - ئىشتىياقى ۋە زوقلىنىشىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى-
دىن، ئۇ ئوخشاش بولمىغان گۈزەللىك خاھىشىنى، ئىقتىدارىنى
ۋە قىممەت قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئوخشاشمىغان
زوقلانغۇچىلارنىڭ زوقلاندۇرغۇچى ئوبيېكتنىڭ مەزمۇنىنى ۋە
خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشىنىشتە، زوقلىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش
ۋە كېڭەيتىش قاتارلىق تەرەپلەردە مەلۇم ئوخشىماسلىق كېلىپ
چىقىدۇ. مانا بۇ ئەدەبىي زوقلىنىشتىكى پەرق. ئەدەبىي زوقلى-
نىشتىكى مۇنداق پەرق — دەۋر پەرقى، مىللىي پەرق، سىنىپىي
پەرق ۋە شەخسىي پەرق قاتارلىق كونكرېت تەرەپلەردە ئىپادىلىنى-
دۇ.

دەۋر پەرقى — ئەدەبىي زوقلىنىشتا ئىپادىلىنىدىغان دەۋر
پەرقى ناھايىتى گەۋدىلىك بولىدۇ. چۈنكى دەۋرنىڭ تەرەققىياتى
كىشىلەرنىڭ زوقلىنىش پائالىيىتىدىمۇ ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈ-
رۈپ چىقىرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىكى زوقلانغۇچىلار بىلەن بىرقانچە
يىللار ئىلگىرىكى زوقلانغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئەلۋەتتە پەرق بولى-
دۇ. دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ تۇرمۇشنىڭ
مەزمۇنى تېخىمۇ رەڭگارەڭ بولماقتا، تۇرمۇش رىتىمى تېخىمۇ
تېزلەشمەكتە. بۇ خىل رېئاللىق كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك خاھى-
شىنى، زوقلىنىش قابىلىيىتىنى ۋە قىممەت قارىشىنى ئۆزگەر-
تىپ، بۇرۇن قوبۇل قىلالمايدىغان بەزى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلا-
لايدىغانغا يېتەكلىمەكتە. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، زوقلى-
نىشتىكى دەۋر پەرقى ئوخشاشمىغان دەۋردىكى زوقلانغۇچىلارنىڭ
زوقلىنىشتىكى پەرقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدىكى سە-
ۋەب، ئوخشاشمىغان دەۋردىكى زوقلانغۇچىلار ئوخشىمايدىغان ماد-

دىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنى باشتىن كۆچۈرىدىغانلىقتىن ۋە ئوخشاشمىغان دەۋر كەيپىياتىغا ئىگە بولغانلىقىدىن بولىدۇ. ئەدەبىي زوقلىنىشتىكى دەۋر پەرقى، ئادەتتە ئوخشاش بىر ئەسەرگە ئوخشاشمىغان دەۋردە بېرىلگەن باھانىڭ پەرقىدە گەۋدىلىك بولىدۇ. مەسىلەن، فرانسىيىنىڭ XIX ئەسىردىكى مۇنەۋۋەر تەنقىدىي رېئالىزمچى يازغۇچىسى ستېندال ھايات ۋاقتىدا، ئاز ساندىكى قەددانلىرى ئۇنىڭ ئەدەبىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوللىغاندىن سىرت، فرانسىيە جەمئىيىتى، فرانسىيە ئەدەبىيات ساھەسى ئۇنى چۈشەنمەيتتى. پارىژدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت سالونىدا، كىشىلەر ئۇنى گەرچە يېزىشقا قىزىقىسمۇ تالانتى يوق، غايىگە باي ئەمەس، ئۇنىڭ يازغانلىرى ھېچكىمنى زوقلاندۇرالمايدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ «قىزىل ۋە قارا» رومانىمۇ ئەينى ۋاقىتتا ھېچقانچە تەسىر قوزغىيالمىغانىدى. لېكىن ستېندال ۋاپات بولغاندىن كېيىن كىشىلەر ئاندىن ئۇنى بايقىدى. ئۇ سەنئەتكارغا خاس ماھارەت بىلەن، سىياسىي پائالىيەتچىگە خاس چېچەنلىك بىلەن، تارىخچىغا خاس سەممىيەتلىك بىلەن XIX ئەسىردىكى فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەپ بەرگەنىدى. XX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە مەيلى فرانسىيىدە بولسۇن ياكى باشقا دۆلەتلەردە بولسۇن، ستېندالنىڭ «قىزىل ۋە قارا» قاتارلىق ئەسەرلىرى كىشىلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئەسەرلىرىگە ئايلاندى. يەنە ئالايلۇق، شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «تۇگىمەس ناخشا» ناملىق شېئىرى بىلەن باشقا ئاپتورلارنىڭ بەزى ئەسەرلىرىگە بېرىلگەن ئەينى ۋاقىتتىكى باھا بىلەن بۈگۈنكى زوقلانغۇچىلارنىڭ باھاسى ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق بار. مۇنداق ئەھۋالنىڭ تۇغۇلۇشى باشقا تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئوخشاش بولمىغان دەۋردىكى زوقلانغۇچىلارنىڭ گۈزەللىك خاھىشى، زوقلىنىش قابىلىيىتى، قىممەت قارىشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، شۈبھىسىزكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

مىللىي پەرق — ئەدەبىي زوقلىنىش پائالىيىتىدە مىللىي پەرقنىڭ ئىپادىلىنىشىمۇ ناھايىتى روشەن بولىدۇ. ئادەتتە ھەر-قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرى ياقتۇرىدىغان بەدىئىي ئۇسلۇبى ۋە بەدىئىي شەكىللىرى بولىدۇ. زوقلانغۇچى پەقەت ئۆز مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە زوقلاندۇرغۇچى ئوبيېكت بىلەن ئۇچراشقان چاغدىلا ھېسسىياتى قىزغىن، قىزىقىشى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئوخشاشمىغان مىللەتتىن بولغان زوقلانغۇچى-لار ئوخشاش بولمىغان سىياسىي تۇرمۇش، ئىقتىسادىي ۋە مەدە-نىي تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكتىن، ئۇزاق مەزگىللىك ئوخشاشمى-غان مەدەنىيەت — سەنئەت ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىق-تىن ئۇلارنىڭ گۈزەللىك خاھىشى، زوقلىنىش قابىلىيىتى، قىممەت قارىشىدا ئوخشىماسلىقلار بولىدۇ. ئەدەبىي زوقلىنىش جەريانىدا مىللىي پەرقنى كۆپ تەرەپتىن كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، مىللىي تىلنى قوللىنىش، سۆزنىڭ قۇرۇلمىسى، تىل - جۈملە قۇرۇلمىسى، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنىڭ قوللىنىلىشى، ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوبرازلىق كۆرۈنۈش-لەردىكى مىللىي تۇسنىڭ ئۆزگىچىلىكى، سىمۋوللۇق چۈشەنچىلەر، ئۆرپ - ئادەت ئۆزگىچىلىكى، مىللىي رايونلار-نىڭ تەبىئىي مەنزىرىلىرى، ئومۇمەن مىللىي تۇرمۇش زېمىنىد-كى ئوخشىماسلىقلارنىڭ زوقلاندۇرغۇچى ئوبيېكتتىكى ئىنكاسى زوقلىنىشتىكى مىللىي پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، مىللىي پەرق ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس. مىللىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسىمۇ كۈچىيىپ ماڭىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مىللىي پەرقلەر ئازىيىپ مېڭىشى مۇم-كىن. لېكىن دۇنيادا كىشىلەر مىللەتكە بۆلۈنۈپ تۇرغاچقا، ئەدەبىي زوقلىنىشتىكى مىللىي پەرقنى تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

شەخسىي پەرق — ئەدەبىي زوقلىنىشتا شەخسىي پەرق ئىنتا-

يىن روشەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر تەرەپلىمە بولىدۇ. مەيلى رېئال تۇرمۇشتا بولسۇن، مەيلى ئەدەبىي ئەسەرلەردە بول-سۇن، بۇ ھەقتە نۇرغۇن جانلىق مىساللار بار. «كەيپىياتى كۆتۈ-رەڭگۈ ئادەم مەردانە مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، ئۆزلۈكىدىن قولىنى بىر نەرسىگە ئۇرۇپ مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىدۇ، مىجەزى ئېغىر ئادەم مەزمۇنى چوڭقۇر ئەسەرنى ئوقۇغاندا، جىم تۇرالماي قالىدۇ، كۆرۈنۈشتە ئەقىللىق ئادەم بىر كۆركەم ئەسەرنى ئۇچ-راتسا، خۇشاللىنىپ كېتىدۇ، غەلىتە - غەيرىيلىككە قىزىقىدى-غان ئادەم بىمەنە شېئىر - ماقالىلەر بارلىقىنى ئاڭلاپ قالسا، يۈرىكى ئوينايپ خۇدىنى يوقىتىپ قويىدۇ»[1] دېگەن سۆزلەر مى-جەز - خاراكتېرى ۋە ئادىتى ئوخشاشمىغان ئادەملەرنىڭ زوقلى-نىشتا ئوخشاشمىغان ھەۋەسلىرى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈر-دۇ. ئەدەبىي زوقلىنىشتىكى شەخسىي پەرقنىڭ بولۇشىنى سىيا-سىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى سەۋەبلەر، شۇنداقلا كەسىپ، جىنس، ياش قۇرامى جەھەتتىكى پەرقلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئادەملەرنىڭ زوقلىنىشتىكى تەلەپ - ئېھتىياجىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىمۇ زوقلىنىشتىكى پەرق-لەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەنى ئادەملەر ياش قۇرامىنىڭ چو-ڭىيىشىغا، ئىدىيىۋى تونۇشى ۋە بىلىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ زوق - ھەۋىسىنى ئۆزگەرتىپ بارىدۇ. بەزىدە ئوخشاش بىر مەزگىل-دىمۇ كەچمىش - كەچۈرمىشلىرىنىڭ، كۆڭۈل - كەيپىياتىنىڭ بىر خىل بولماسلىقى بىلەنمۇ بەدىئىي زوقلىنىش تەلىپىدە ئۆز-گىرىش بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن تاشقىرى سەنئەتنىڭ ئايرىم تۈرىنى ياخشى كۆرۈش (مەسىلەن، بەزىلەرنىڭ ھېكايە - رومانىنى

---

[1] لىۋشى: «ئەسەر يازماق— بەئەينى ئەجدىھاغا نەقىش ئويماق. توغرا چۈشىنىش»، فەن ۋېنلەن: «‹ئەسەر يازماق— بەئەينى ئەجدىھاغا نەقىش ئويماق›قا ئىزاھلار». خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 74 - بەت.

www.uyghurkitap.com

ياخشى كۆرۈشى، بەزىلەرنىڭ مۇزىكىنى ياخشى كۆرۈشى، بەزىلەرنىڭ دىرامىنى ياخشى كۆرۈشى، بەزىلەرنىڭ شېئىر ـ نەزمىنى ياخشى كۆرۈشى) مۇ كىشىلەرنىڭ زوقلىنىشتىكى شەخسىي پەرقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىي زوقلىنىش جەريانىدىكى شەخسىي پەرق، زوقلانغۇچىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان گۈزەللىك خاھىشىدا، بەدىئىي زوق ـ ھەۋەسىدە ۋە قىممەت قارىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. زوقلىنىشتىكى بۇنداق شەخسىي پەرق ئومۇمەن كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنىڭ كۆپ خىللىقىنىڭ ئىنكاسىدۇر.

2) ئەدەبىي زوقتىكى ئومۇملۇق

ئەدەبىي زوقلىنىش پائالىيىتى شەخسنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل ئاڭلىق پائالىيەت. شۇنداق بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ زوقلىنىشىدا خىلمۇ خىل پەرقلەر كېلىپ چىقىدۇ. لېكىن مۇنداق پەرقلەر ئىچىدە يەنە بىر دەكلىكمۇ ساقلانغان بولىدۇ. يەنى ئوخشاش بولمىغان دەۋر، ئوخشاش بولمىغان مىللەت، ئوخشاش بولمىغان تەبىقىنىڭ زوقلانغۇچىلىرىدا زوقلىنىش پەرقى مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوخشاش بىر دەۋر، ئوخشاش بىر مىللەت، ئوخشاش بىر تەبىقىنىڭ زوقلانغۇچىلىرىدا زوقلىنىشتىكى ئومۇملۇق ساقلانغان بولىدۇ. چۈنكى ئوخشاش دەۋر، ئوخشاش مىللەت، ئوخشاش تەبىقىنىڭ زوقلانغۇچىلىرى سىياسىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە مەدەنىي تۇرمۇشتا ئومۇمەن ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار گۈزەللىك خاھىشى، بەدىئىي ھەۋەس ۋە زوقلىنىش ئادىتى جەھەتتە مەلۇم ئوخشاشلىققا ئىگە. ئەدەبىي زوقلىنىشتا ئومۇملۇقنىڭ ئىپادىلىنىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، زوقلانغۇچىلار زوقلىنىش جەريانىدا بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئوبيېكتىپ بەلگىلىنىشچانلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، بۇمۇ زوقلانغۇچىلارنىڭ ئومۇمەن بىرلىككە كەلگەن زوقلىنىشىنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئەدەبىي زوقلىنىش پائالىيىتىدىكى پەرق بىلەن ئومۇملۇقنى

چۈشىنىشتە ئۇلار ئارىسىدىكى ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك، يەنى پەرق بولىدىكەن، ئومۇملۇقنىڭ بولىدىغانلىقىنى، ئومۇملۇق ئىچىدە پەرقنىڭ بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىش كېرەك. مەسىلەن، بىر مىللەتكە تەۋە بولغان زوقلانغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەربىر زوقلانغۇچىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوخشاش بولمىغان زوقلىنىش ئېھتىياجى بولىدۇ ھەم باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىدىغان مىللىي بىردەكلىككە ئىگە بولغان زوقلىنىش تەلىپى بولىدۇ. مۇنداق بىردەكلىك ھەر بىر زوقلانغۇچىنىڭ خىلمۇ خىل زوقلىنىش ئېھتىياجلىرىدا كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. ئەدەبىي زوقلىنىشتىكى ئومۇملۇق، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئوخشاش بىر دەۋر، ئوخشاش بىر مىللەت، ئوخشاش بىر تەبىقىنىڭ زوقلانغۇچىلىرىدا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، يەنە پەۋقۇلئاددە شارائىتتا ئىپادىلىنىدىغان ئالاھىدە بىر خىل ئومۇملۇقمۇ بار بولۇپ، بۇنداق ئومۇملۇقنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى — ئەدەبىي زوقلىنىشتىكى «ئورتاق ھېسسىيات» ھادىسىسىدۇر.

«ئورتاق ھېسسىيات» ھادىسىسى — ئەدەبىي زوقلىنىش جەريانىدا زوقلاندۇرغۇچى ئوبيېكت بىلەن زوقلانغۇچى سۇبيېكتتىن تۇغۇلىدىغان تەسىرلىنىش مۇناسىۋىتى، يەنى ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپ ئارىسىدا ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بىر خىل پىسخىك ھادىسە. «ئورتاق ھېسسىيات» ئارقىلىق زوقلاندۇرغۇچى ئوبيېكت (بەدىئىي ئەسەر) ئۆزىنىڭ گۈزەللىك تەربىيىسى ئىقتىدارىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، زوقلانغۇچى سۇبيېكت گۈزەللىكتىن بەھرىلىنىدۇ. ئەگەر «ئورتاق ھېسسىيات» ھادىسىسى تۇغۇلمىسا ياكى زوقلانغۇچى سۇبيېكت بىلەن زوقلاندۇرغۇچى ئوبيېكت ئارىسىدا تەسىرلىنىش، ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش بولمايدىكەن، ئۇنداقتا ئەدەبىي زوقلىنىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. «ئورتاق ھېسسىيات» ھادى-

www.uyghurkitap.com

سىسى تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل مەزمۇنغا ئىگە:

بىرى، زوقلىنىش پائالىيىتى جەريانىدا زوقلانغۇچى بىلەن ئاپتور ئوتتۇرىسىدا بەزى تەرەپلەردە ياكى مەلۇم دەرىجىدە ئىدىيە جەھەتتە بىردەكلىك، ھېسسىيات جەھەتتە ھەمنەپەسلىك بولۇش توپەيلىدىن، بەدىئىي ئوبراز زوقلانغۇچىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل كۈچلۈك بەدىئىي ئۇنۇمدىن ئىبارەت. مۇنداق «ئورتاق ھېسسىيات»نىڭ پەيدا بولۇشى زوقلانغۇچىلارنىڭ زوقلىنىش ئوبيېكتىدىن شەخسەن ئۆزلىرى بېشىدىن كۆچۈرگەن سەرگۈزەشت، تەجرىبە ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتقا ئوخشاپ كېتىدىغان سەرگۈزەشت، تەجرىبە ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتلارنى ھېس قىلغانلىقىدىن بولىدۇ، ياكى زوقلانغۇچىلارنىڭ ئۆزى قەدىرلەيدىغان ۋە ئىنتىلىدىغان گۈزەل شەيئىلەر، گۈزەل پەزىلەتلەرگە بولغان مۇھەببىتىدىن بولىدۇ، ياكى زوقلانغۇچىلارنىڭ ئۆزى نەپرەتلىنىدىغان نەرسىلەرنى ئەيىبلىشىدىن بولىدۇ. مانا بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھاياجانلىنىش، ئوخشاپ كېتىدىغان ۋە بىرلىككە يۈزلەنگەن روھىي پائالىيەت بارلىققا كېلىدۇ.

يەنە بىرى، ئوخشاشمىغان دەۋر، ئوخشاشمىغان مىللەت، ئوخشاشمىغان تەبىقىگە تەۋە بولغان كىتابخانلار ئوخشاش بىر ئەسەردىن زوقلانغاندا، ئۇلاردا ئومۇمەن ئوخشاش ياكى ئوخشاپراق كېتىدىغان ئىدىيىۋى ھېسسىيات تۇغۇلىدۇ. بۇنداق «ئورتاق ھېسسىيات» ھادىسىسى، ئەدەبىي زوقلىنىشنىڭ ئومۇملۇقىدىكى بىر قەدەر گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ خىل «ئورتاق ھېسسىيات» ھادىسىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. كارل ماركس يۇنان ئەپسانىلىرىنى «مەڭگۈلۈك سېھرىي كۈچ»نى نامايان قىلىدۇ[1] دەپ ماختىغاندا

[1] «〈سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدى〉گە سۆز بېشى». «ماركس ــ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە (يېڭى يېزىق) نەشرى، I توم، 195 ــ، 196 ــ بەتلەر.

دى. ماركس، ئېنگېلس يەنە شېكسپېر، بالزاكلارنىڭ ئەسەرلە-
رىگە ئالاھىدە قىزىققانىدى. نېمە ئۈچۈن لى بەينىڭ شېئىرلىرى
شۇنچە زامانلاردىن بېرى كىشىلەرنى ھاياجانغا سالالايدۇ؟ نېمە
ئۈچۈن «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانى ئېلان قىلىنغاندىن
بۇيان ئوخشاشمىغان دەۋر، ئوخشاشمىغان مىللەت، ئوخشاشمىغان
تەبىقە كىشىلىرى شۇنچە ياخشى كۆرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۆمەر
ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرى دۇنياغا شۇنچە كەڭ تارقىلىدۇ؟ نېمە
ئۈچۈن كىشىلەر بابارەھىم مەشرەپكە ئوخشاش شائىرلارنىڭ شې-
ئىرلىرىنى ئۈزاق يىللاردىن بېرى زوقمەنلىك بىلەن ناخشا قى-
لىپ ئېيتىپ كېلىدۇ؟ مۇنداق ئەھۋاللار دەل زوقلىنىشتىكى
«ئورتاق ھېسسىيات» ھادىسىسىدۇر. «ئورتاق ھېسسىيات» نىڭ
يۈز بېرىش سەۋەبى مۇرەككەپ ھەم كۆپ تەرەپلىمىلىك بولىدۇ.
تۆۋەندە بۇ خىل ھادىسىنىڭ بەزى كونكرېت ئىپادىلىرىنى بايان
قىلىمىز:

مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر دائىم دېگۈدەك دەۋر، مىللەت
چېگرىسىنى بۆزۈپ تاشلاپ، كىشىلەرنىڭ مەلۇم ئىدىيىۋى ھېس-
سىياتىنى ئىپادىلەيدۇ، ئوخشاش بولمىغان دەۋر، ئوخشاش بول-
مىغان مىللەت، ئوخشاش بولمىغان تەبىقىنىڭ «ئورتاق گۈزەل-
لىك» نى ئىپادىلەيدۇ. مۇنداق ئەسەرلەر گەرچە مۇئەييەن بوش-
لۇق ۋە شارائىتنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئالاھىدە
بوشلۇقتىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئومۇملۇققا ۋە مەڭگۈلۈك
سېھرىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، يۇنان ئەپسانىلىرى ۋە
ياۋروپانىڭ بەزى تەنقىدىي رېئالىستىك رومانلىرى، ئېلىمىزنىڭ
كىلاسسىك رومانى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، ئۇيغۇرلارنىڭ
«غېرىب - سەنەم»، «پەرھاد - شېرىن» داستانلىرى ۋە باشقا
مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مانا شۇنداق ئەسەرلەردۇر.

مەنزىرە شېئىرلىرى، مەنزىرە رەسىملىرىگە ئوخشاش ئە-
سەرلەردە ئىپادىلەنگەن ،ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان,تەبىئىي مەن-

www.uyghurkitap.com

ـزىرىلەر بولۇپ، ئۇلار ياكى ھەقىقىي، تەسىرلىك، خۇددى مەنـ
ـزىرىلەر رەسىمىگە كۆچۈرۈپ قويۇلغاندەك تۇيۇلىدۇ، ياكى
ئۇلاردا تەبىئەت مەنزىرىلىرى بەدىئىي جەھەتتىن تاۋلىنىپ، بىر
خىل شېئىرىي مەنىۋى مۇھىت يارىتىلغان بولىدۇ. مۇنداق ئە-
سەرلەرمۇ دەۋر، مىللەت ئايرىماي «ئورتاق ھېسسىيات»نى قوز-
غايدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ «ئورتاق ھېسسىيات»نى قوزغاش ـ
قوزغىيالماسلىقى، ئاساسەن زوقلانغۇچىلارنىڭ تەبىئەت گۈزەللى-
كىنى چۈشىنىش ۋە ئۇلاردىن تەسىرلىنىش دەرىجىسى ھەمدە
زوقلانغۇچىلارنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى ۋە زوقلى-
نىش ھەۋىسىگە باغلىقتۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبى-
لىك» داستانىدىكى باھار مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن پارچىدا مۇن-
داق مىسرالار بار:

72 قاز ئۆردەك قۇغۇقىل قالىقىغ تۇدى،
قاقىلا يۇ قايىنار يوقارۇ قودى.

73 قايۇسى قوپار كۆر قايۇسى قونار،
قايۇسى چاپار كۆر قايۇ سۇۋ ئىچەر.

74 كۆكىش تۇرنا كۆكتە ئۈنۈن ياڭقۇلار،
تىزىلمىش تىتىرتەگ ئۇچار يەلكۈرەر.

75 ئۇلار قۇش ئۈنىن تۇزدى ئۈندەر ئەشىن،
سىلىگ قىز ئوقىرتەگ كۆڭۈل بەرمىشىن.

76 ئۈنىن ئۆتتى كەكلىك كۈلەر قاتغۇرا،
قىزىل ئاغزى قان تەگ قاشى قاپقارا.

نەزمىي يەشمىسى:

غاز، ئۆردەك، قىل،[1] ئاقچۇ خۇشاللىق بىلەن،
قاقىلداپ ئۇچۇشار يۇقىرى - تۆۋەن.
ئەنە كۆر، بىرى قونسا، ئۇچار ئۇ بىرى،
بىرى ئۈزسە ئويناپ، ئىچەر سۇ بىرى.
تىزىلغان تۆگىدەك كۆكىش[2] تۇرنىلار،
ئۇچار، يەلپۈنەر ھەم ئۈنىنى ياڭرىتار.
ئۇلاي قۇش سايرىدى ئۈندەپ يولدىشىن،
گۈزەل قىز قىچىرغان كەبى سۆيمىشىن.
قاقىلدادى كەكلىك، كۈلۈپ قاتقارا،
قىزىل[3] ئاغزى قاندەك، قېشى قاپقارا.

يۇقىرىدىكى مىسرالارنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىشى كۆڭ-رىيت، جانلىق تەسۋىرلىنىۋاتقان باھارنىڭ گۈزەل كارتىنىسىدىن سۆيۈنۈش ھېس قىلماي قالمايدۇ.

يەنە ئادەملەردە ئادەتتە بولىدىغان ئىنسانىي ھېس - تۇيغۇلار-نى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەر كىشىلەردە «ئورتاق ھېسسىيات» قوزغايدۇ. مەسىلەن، ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتنىڭ مېھرى، ئەر - ئاياللارنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشى، ئۆز ۋەتەن ۋە مىللىتىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى، يۇرتى ۋە دوست - بۇرا-دەرلەردىن مېھرىنى ئۈزەلمەسلىك قاتارلىقلار...

---

① قىل— (قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز) بىر خىل قۇش. «قىل قۇيرۇق» دېمۇ ئاتىلىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»، 1360 - بەت، [29] - ئىزاھات.

② كۆكىش— (قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز) بىر خىل قۇش. «قۇتادغۇبىلىك»، 1360 - بەت، [30] - ئىزاھات.

③ قاتقارا— (قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز) قاقاقلىماق. يۇقىرىقى كىتاب، 1360 - بەت [31] - ئىزاھات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ گۈلتەك يۈزۈڭ جان پارە ـ پارە،
جىگەر ھەم قىلدى ئول جان پارە ـ پارە.
جانىم كۆرگەن جەفانىڭ مىڭدە بىرىن،
بولۇر گەر كۆرسە سەندان پارە ـ پارە.
........................................
باغىر قان قىلدى ئېرىندىنۇ بولدى،
كۆزۈمدە لەئلۇ مارجان پارە ـ پارە.
كۆڭۈل سەككاكىتەك جان بىرلە رازى،
جىگەرنى قىلسا ئول جان پارە ـ پارە.

(گۈلدەك يۈزۈڭنى كۆرگەندە كۆڭلۈم پارە ـ پارە بولدى، سەن سۆيۈملۈك يار جىگەرنىمۇ پارە ـ پارە قىلدىڭ، ئەگەر تۆمۈرچىنىڭ سەندىلى مەن كۆرگەن جاپانىڭ مىڭدىن بىرىنى كۆرسە، بەرداشلىق بېرەلمەي پارە ـ پارە بولۇپ كېتىدۇ.
........................................
ئۇنىڭ قىپقىزىل لېۋىنى كۆرۈپ باغرىم قان بولدى، كۆزۈمدىن ياش لەئلى مارجاندەك تۆكۈلدى، باغرىنى سۆيۈملۈك يار پارە ـ پارە قىلسا، سەككاكى جان ـ دىلى بىلەن رازى بولىدۇ.)

شائىر سەككاكىنىڭ بۇ لىرىك مىسرالىرىدا، يار ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن تارتقان ھەرقانداق جاپانى يارنى بىر كۆرۈشكە تەڭ قىلماسلىقتەك چوڭقۇر ھېسسىيات ئىزھار قىلىنغان. ئىنسانلاردا بولىدىغان مۇنداق سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، ۋاپادارلىق تۇيغۇسى مەيلى قايسى دەۋر، قايسى مىللەت، قايسى تەبىقىنىڭ كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ «ئورتاق ھېسسىيات»نى قوزغىماي قالمايدۇ.

تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قارشى تۇرغان، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى

تەشۋىق قىلغان، مىللىي جاسارەتنى مەدھىيىلىگەن بەدىئىي ئە-
سەرلەر ئوخشاشمىغان دەۋر، ئوخشاشمىغان مىللەت، ئوخشاشمى-
غان تەبىقىگە تەۋە كىتابخانلاردا كۈچلۈك «ئورتاق ھېسسىيات»
قوزغايدۇ. فرانسىيە يازغۇچىسى ئالفۇنس داۋدېتنىڭ «ئاخىرقى
دەرس» ناملىق ھېكايىسى ئەنە شۇنداق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ
بىرىدۇر.

ئەدەبىي زوقلىنىشتا ئوخشاشمىغان دەۋر، ئوخشاشمىغان مىللەت، ئوخشاشمىغان تەبىقىنىڭ زوقلانغۇچىلىرىدا «ئورتاق ھېسسىيات» نىڭ يۈز بېرىشى ئىنسانىيەتنىڭ تۈپ تەلىپى ۋە ئورتاق مەنىۋى سوپىتى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. گەرچە ئادەملەر دەۋر، مىللەتكە مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئادەم ھامان ئورتاقلىق ئىچىدە مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بولمايدۇ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتى ھەققىدە سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. دېمەك، ئىنسانىيەتنىڭ تۈپ تەلىپىنى ۋە ئورتاق مەنىۋى سۈپەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بەدىئىي ئەسەرلەرمۇ كىشىلەردە «ئورتاق ھېسسىيات» قوزغايدۇ.

## § 2 . ئەدەبىي تەنقىد

### 1. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرى ۋە رولى

#### 1) ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرى

ئەدەبىي تەنقىد دېگەن نېمە؟ ئەدەبىي تەنقىد— ھەر خىل ئەدەبىي ھادىسىلەرگە قارىتا ئەدەبىي زوقلىنىش ئاساسىدا ئېستېتىك ۋە تارىخىي نۇقتىئىنەزەر بويىچە تەھلىل يۈرگۈزىدىغان ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىدىغان ئىلمىي پائالىيەت.

ئۇيغۇر تىلىدا «تەنقىد» سۆزى مەلۇم شەخسنى، گۇرۇھنى

www.uyghurkitap.com

ياكى ئىش - ھەرىكەتنى ئەيىبلەش مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنىپ
كەلگەن بولۇپ، «ئەدەبىي تەنقىد» دېگەن بۇ ئۇقۇم ئەدەبىيات
ھادىسىلىرىگە قارىتا نوقۇل ھالدىكى ئەيىبلەش مەنىسىنىلا ئە-
مەس، بەلكى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ھەم ئىنكار قىلىش، تەقدىرلەش
ھەم تەنقىد قىلىشتىن ئىبارەت ھەر ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ. شۇڭا «ئەدەبىي تەنقىد» سۆزىنىڭ ئىلمىي مەنىسىنى
«ئەدەبىي باھا» دەپ چۈشىنىش لازىم. مەشھۇر تەنقىدچى بېلىنس-
كىي «تەنقىد ھەققىدە نۇتۇق» ناملىق ئەسىرىدە ئەدەبىي تەنقىدنى
«پىكىر يۈرگۈزۈش»، «ھۆكۈم چىقىرىش» دەپ ئىزاھلىغان.
دېمەك، ئەدەبىي تەنقىد، ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ھەققىدە ئەتراپ-
لىق، چوڭقۇر، كونكرېت تەھلىل - تەتقىق ئېلىپ بېرىش،
ئۇلارنى ئىلمىي، توغرا باھالاشنى ئاساس قىلىدىغان بىر خىل
ئىلمىي پائالىيەت.

ئۇنداق بولسا «ئەدەبىي تەنقىد» بىلەن «ئەدەبىي ئوبزور»
نىڭ پەرقى قەيەردە؟

«ئەدەبىي ئوبزور» ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ بىر تەركىبىي
قىسمى بولۇپ، ئۇ مەلۇم ئەدەبىيات ھادىسىسى، جۈملىدىن مەلۇم
ئەدەبىي ئەسەر ھەققىدىكى باھالاش، تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىنى
ئالغان ئەدەبىي ماقالىلەرنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە ئۇ ئەدەبىي تەن-
قىدچىلىك ماقالىلىرىنىڭ بىر تۈرى بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقىي
مەنىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ماقالىلىرىدىن تەتقىقات تۈسىنىڭ
ئاجىزلىقى، ھازىر جاۋابلىقى، سۇبيېكتىپ قاراشنىڭ گەۋدىلىك
بولۇشى، ئەسەرنىڭ ياخشى - يامان تەرەپلىرىنى ئاساسىي ئوب-
يېكت قىلىشى...قاتارلىق جەھەتلەردە روشەن پەرقلىنىپ تۇر-
دۇ. ئەدەبىي ئوبزور ئەدەبىي تەنقىدتىن سەۋىيە، دائىرە، ئوب-
يېكت، ھەجىم...قاتارلىق جەھەتلەردە تۆۋەن تۇرىدۇ. بۇ مەن-
دىن ئالغاندا، ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئوبزورنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ. لېكىن ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تەتقىقات خاراكتېرى گەۋدىلىك

بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىلمىيلىكى، نەزەرىيىۋى سەۋىيىسى كۈچلۈك بولىدۇ.

(1) ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرىدىن ئالغاندا، ئۇ بىر خىل ئىلمىي پائالىيەت.

ئەدەبىي تەنقىدنى نېمە ئۈچۈن بىر خىل ئىلمىي پائالىيەت دەيمىز؟

بىرىنچىدىن، بۇ، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ رولى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئەدەبىي تەنقىد، ئەدەبىي پائالىيەتتىكى بىر ھالقا بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ رولى ئەدەبىي ئىجادىيەتكىمۇ ھەم ئەدەبىي زوقىمۇ ئوخشىمايدۇ. يەنى ئۇ يازغۇچى، ئەسەر ۋە باشقا ئەدەبىي ھادىسىلەرنى تەنقىد قىلىش، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى بايقاپ ۋە يەكۈنلەپ، ئۇنى نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئەدەبىي زوق قاتارلىق ئەدەبىي پائالىيەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت. دېمەك، ئەدەبىي تەنقىد بەدىئىي ئوبرازلارنى ئىدراك قىلىش، چۈشىنىش ھەمدە ئېستېتىك جەھەتتە ئىگىلەش زۆرۈر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ھېسسىي بىلىش ئامىللىرىنى، شۇنداقلا ئىدراكىي بىلىش ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. روسىيىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى پۇشكىن: «تەنقىد — پەن. ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى گۈزەللىكنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ چىقىدىغان پەن. ئۇ سەنئەتكار ۋە يازغۇچىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەمەل قىلغان قائىدە، چوڭقۇر تەنقىد قىلىنغان تىپلارنىڭ رولى ۋە زامانىمىزدىكى ئاكتىپلىق بىلەن كۆزىتىلگەن ھادىسىلەرنى ئاساس قىلىدۇ ... قەيەردە سەنئەتكە مۇھەببەت بولمىسا، شۇ يەردە تەنقىد بولمايدۇ.»[1] دېگەن. دېمەك، ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى باھالاپ، سەنئەتنىڭ قانۇنىيىتى

---

① پۇشكىن: «تەنقىد ھەققىدە»، «غەرب ئاللانما ماقالىلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 1 توم 373 ـ بەت.

ئۇستىدە ئىزدىنىشتۇر. شۇڭا ئەدەبىي تەنقىدنى بىر خىل ئىلمىي پائالىيەت دەيمىز.

ئىككىنچىدىن، تەنقىدچى ئەدەبىي تەنقىد ئارقىلىق بەدىئىي قانۇنىيەتلەر ھەققىدە ئىزدىنىدۇ. شۇڭا تەنقىدچى ياخشى ـ يامان ئويلىرى بىلەن بىر تەرەپلىمە قىزىقىشلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، تەنقىد ئوبيېكتىغا ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا ئىلمىيلىك ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەڭ مۇھىم خىسلىتى. بېلىنسكىي: «ئېھتىمال كىشىلەر تەنقىدنى كۆرگەنلا نەرسىنى سۆكۈش ياكى ھادىسىلەر ئىچىدىكى ياقتۇرىدىغان ۋە ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەرنى ئايرىش دەپ چۈشەنسە كېرەك، بۇ ئەدەبىي تەنقىدكە نىسبەتەن ئىنتايىن بىلمىسىزلەرچە قاراشتۇر. شەخسنىڭ ياقتۇرۇشى، ئېتىقادى ۋە بىۋاستە سېزىملىرىگە تايىنىپ ھەرقانداق نەرسىنى ئىنكار قىلىش ياكى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ھۆكۈم ئەقلىي بىلىشكە موھتاج، ئۇ شەخسكە موھتاج ئەمەس. شەخس ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىگە ۋەكىللىك قىلىشى كېرەك، ھەرگىزمۇ ئۆزىگە تايىنىپ ھۆكۈم چىقارماسلىقى لازىم»[1] دەيدۇ. پلېخانوف بېلىنسكىينىڭ بۇ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تەنقىدنىڭ ئوبيېكتىپلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكىتلەپ، ئەدەبىي تەنقىد — ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتۇر، تەنقىدتە ئەسەر بىلەن جەمئىيەت تارىخى ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى قانچىكى ئوبيېكتىپ يورۇتۇپ بېرىلسە، تەنقىد شۇنچە كۈچلۈك ئىلمىيلىككە ئىگە بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. دېمەك، ئەدەبىي تەنقىد ئوبيېكتىپ، ئادىل بولۇشنى، تەنقىدچىنىڭ بىر تەرەپلىمە قىزىقىشلىرى شەخسىي ھېسسىياتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ.

---

[1] بېلىنسكىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، 257 ـ بەت.

(2) ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئوبيېكتى — ھەرخىل ئەدەبىيات ھا-دىسىلىرى

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئوبيېكتى ئەدەبىي ئەسەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئەدەبىيات ھادىسىلىرىدۇر. يەنى ئەدەبىي ئەسەر، يازغۇچى، ئىجادىيەت، كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىشى، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي ئۇنۇمى، ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر فاكتېن - سىياسەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئوبيېك-تىدۇر. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ كەڭ ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىش خاراكتېرى ئۇنىڭ سەنئەتتىكى قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى بايقاپ، ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىگە تېخىمۇ ياخشى يېتەكچىلىك قى-لىشىغا پايدىلىق. ئەدەبىي تەنقىد كونكرېت يازغۇچىلارنىڭ ئە-سەرلىرى، ئەدەبىيات - سەنئەت پىكىر ئېقىملىرى ۋە باشقا ئەدە-بىي ھادىسىلەرنى تەنقىد قىلغاندا، ھەرخىل ئەدەبىي ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، ئۇلار-نى يەككە ھالدا تەنقىد قىلىشتىن ساقلىنىشى زۆرۈر.

(3) ئەدەبىي تەنقىد ئەمەلىيەتتە ئىستېتىك تەنقىد

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئوبيېكتى ھەرخىل ئەدەبىيات ھادىسىلى-رى. گەرچە ئەدەبىي تەنقىد تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە چېتىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئىستېتىك تەنقىد ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەر تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىجتىما-ئىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى، ئۇنىڭغا يازغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي تۇر-مۇشقا بولغان چۈشەنچىسى، تەھلىلى، باھاسى سىڭگەن بولۇپ، ئۇ ھەرخىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەر بىلەن باغلانغان بولىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق دەۋردىكى ئەدەبىي ئەسەر ھامان چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ ھەم مۇئەييەن بىر ئىجتىما-ئىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئەدەبىي تەن-قىدنىڭ ئىجتىمائىي تەنقىد ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، ئەدەبىي تەنقىد

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نوقۇل ھالدىكى ئىجتىمائىي تەنقىد ئەمەس، ئەدەبىي ئەسەرلەردە بولسا خىلمۇ خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تەسۋىرلەنسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەر گۈزەللىك ئامىللىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، كونكرېت ئوبراز ئارقىلىق نامايان بولىدۇ. شۇڭا بەدىئىي ئەدەبىياتتا ئېستېتىك ئامىل مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ تۇرمۇشتىكى رېئال گۈزەللىكنى سەنئەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، ئېستېتىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بەدىئىي ئەسەرنى ئاساسىي ئوبيېكت قىلغان ئەدەبىي تەنقىد ئۆز نۆۋىتىدە ئېستېتىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولمىسا، مۇئەييەن ئېستېتىك قاراشلارغا ئاساسلانمىسا، ئۇنى ئىلمىي ۋە توغرا قانات يايدۇرغىلى بولمايدۇ ھەم ئۇنى ھەقىقىي مەنىدىن ئەدەبىي تەنقىد دېگىلى بولمايدۇ.

(4) ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە نىسبىي مۇستەقىللىقى

ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەر ئارقىلىق ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەمراھلىق خاراكتېرىگە ئىگە. يەنى ئالدى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت بولىدۇ، ئاندىن ئەدەبىي تەنقىد بولىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. ئەدەبىي تەنقىد، ئەدەبىي ئىجادىيەت تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەندە، كىشىلەرنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلىگەنلىكى ۋە ئىجادىيەت سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەن بىر قاتار باشقا ھادىسىلەرنى ئىنچىكە كۆزدىن كۆچۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىش داۋامىدا، بىر - بىرىنى تولۇقلاش، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ راۋاجلىنىشى، تەرەققىي قىلىشى،

مۇقەررەر هالدا ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەسىلەن، روسىيىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئەنە شۇنداق بولغاندى. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تەنقىدىي رېئالىزم شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە بولسا بېلىنسكىي، دوبروليوبوف، چېرنىشۋىسكىي ۋەكىللىكىدىكى جەڭگىۋار ئەدەبىي تەنقىد رۇس ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى ئاچتى. ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مۇشۇنداق زور نەتىجىلىرى ئۇلارنىڭ ئۆز ـ ئارا تولۇقلىنىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىر ـ بىرىگە هەمراھ بولۇش، تولۇقلاش خاراكتېرىگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا نىسبىي مۇستەقىللىققا ئىگە ھەمدە ھەربىرى ئۆز ئەنئەنىسى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىمۇ بىردەك بولۇشى ناتايىن. دېمەك، ئۇلار بىر تەرەپتىن بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە تەرەققىي قىلىدىغان نىسبىي مۇستەقىللىققا ئىگە.

(5) ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئەدەبىي زوقنىڭ مۇناسىۋىتى ھەم ئەدەبىي تەنقىدنىڭ چوڭقۇرلۇقى.

ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئەدەبىي زوقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاش، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرىنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم تەرەپ. ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئەدەبىي زوقنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئالدى بىلەن ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي زوقنى ئاساس قىلىدۇ. چۈنكى ئەدەبىي تەنقىد زوقلىنىشنى ئاساس قىلغان، باھا بېرىشنى قورال قىلغان ئېستېتىكىلىق ئىلمىي پائالىيەت بولۇپ، ئەدەبىي زوق ئاساسىدىن ئايرىلغان ھەقىقىي مەنىدىكى ئەدەبىي تەنقىد بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەدەبىي زوق بىر خىل ئېستېتىك ھوزۇرلىنىش پائالىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆپرەك شەخسىي بىر تەرەپلىمە قاراش بولىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدتە بولسا بەدىئىي ئوبرازنى ۋە باشقا ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئانالىز قىلىش ئاساسىدا قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى بايقاش ۋە خۇلاسىلەش ھەمدە ئۇنى نەزەرىيىۋى يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، ئاندىن قايتىدىن ئەدەبىي زوقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئەدەبىياتنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا، ئەدەبىي تەنقىد گەرچە ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قارىتا ھېسسىي بىلىشتىن باشلانسىمۇ، لېكىن ئۇ ماھىيەتتە بىر خىل ئەقلىي بىلىش پائالىيىتىدۇر. بۇ دەل تەنقىدچىلەردىن سوغۇق قان بولۇپ، ئەتراپلىق، سىستېمىلىق تەھلىل، تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى، ھۆكۈم، خۇلاسىلىرىدە ئادىل، ئوبيېكتىپ بولۇشنى، مۇمكىنقەدەر شەخسىي ھەۋەسنىڭ چەكلىمىلىرىدىن قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇنداق بولغاچقا ئۇ نەزەرىيىۋى چوڭقۇرلۇق جەھەتتە ئەدەبىي زوقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

(6) ئەدەبىي تەنقىد خاھىشچانلىققا ۋە ئىجادچانلىققا ئىگە.

ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى مېخانىك ھالدا پاسسىپ ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ. بەلكى تەنقىدچىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد تەنقىدچىنىڭ ھەرخىل ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى تەھلىل ـ تەنقىد قىلىشى بولغانىكەن، ئۇنداقتا تەنقىدچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيىۋى خاھىشى زور رول ئوينايدۇ. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاھىشچانلىقى — ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاھىشچانلىقى بىلەن ئوبيېكتىپلىقى، ئىلمىيلىكىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ـ كەلتۈرمەسلىكتە. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ قىممىتى ھەممە بىلىدىغان مەلۇم ئۇقۇم، پرىنسىپلارنى تەكرارلاشتا ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي ئەسەرلەردىن كىشىلەر دىق-

قەت قىلمىغان ئىدىيىۋى مەزمۇننى، بەدىئىي شەكىلدىكى ئالاھى-
دىلىكلەرنى بايقاشتا. تۇرلۇك ئەدەبىي ھادىسىلەر ئىچىدىن قانۇ-
نىيەتلىك نەرسىلەرنى بايقاپ ئېلىشتا. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندى-
لا، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولى-
دۇ. پەقەت سەنئەت قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، ئىجتىما-
ئىي تۇرمۇش بىلەن سىڭىشىپ كەتكەن، بەدىئىي ماھارەت ۋە
سەنئەتكە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان تەنقىدچىلا
مۇشۇنداق يۇكسەكلىككە يېتەلەيدۇ.

## 2) ئەدەبىي تەنقىدنىڭ رولى

ئەدەبىي تەنقىد تۆۋەندىكىدەك ئۇچ تەرەپلىمە رولغا ئىگە:
بىرىنچى، ئەدەبىي تەنقىد يازغۇچىنىڭ ئۆز ئەسىرىنى توغرا
تونۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە
ياردەم بېرىدۇ.

مۇنەۋۋەر تەنقىدچىلەر بىلىم ساپاسى ۋە نەزەرىيىۋى تەربىيە-
لىنىشىنىڭ يۇقىرىلىقى تۇپەيلىدىن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى چوڭقۇر
چۈشىنىپ، ئورۇنلۇق تەنقىد بېرىدۇ. بۇ يازغۇچىنىڭ ئۆز ئەسى-
رىنى توغرا تونۇشىغا، ئىجادىي قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى-
گە ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا يازغۇچى ئۆز ئەسىرىنى توغرا تونۇپ،
ئۆز تالانتىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشىدا، تەنقىدچىنىڭ
ياردىمىگە موھتاج بولىدۇ. فرانسىيىلىك مەرىپەتپەرۋەر ئەدىب
ۋە نەزەرىيىچى دىدېرو: «بىر دراماتورگ مەيلى قانچىلىك تالانتى-
نى ئۆزىدە ھازىرلىغان بولسۇن، ئۇ يەنىلا بىر تەنقىدچىگە موھتاج
بولىدۇ… ئەگەر ئۆزىدىن تېخىمۇ تالانتلىقراق، ئىسمى ـ جىسمى-
غا لايىق بىر تەنقىدچىگە يولۇقسا، ئۇ نەقەدەر بەختلىك بولغان
بولار ئىدى ـ ھە!»[1] دېگەنىدى.

تەنقىدچى ئۆز تەنقىدى ئارقىلىق يازغۇچىنىڭ ئەسىرىنى توغ-

---

(1) «ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىن تەرجىمىلەر»، خەنزۇچە نەشرى، 1958 ـ يىل 1 ـ سان، 183ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

را تونۇشتا ياردەم بەرسە، يازغۇچى ئۆز ئىجادىيىتىدىكى ئارتۇقچىلىق، ئالاھىدىلىك، كەمچىلىكلەرنى چۈشىنىپ يېتىپ، شۇ ئارقىلىق ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمچىلىكنى تۈگىتىپ، ئىجادىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ. مەسىلەن، گوگولنىڭ روسىيە يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ جىنايەتلىرىنى ئېچىپ بەرگەن ئەسىرى «مېرگورود»، «فېلىيەتونلار» ھەر تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا، بېلىنسكىي كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، گوگولنى ئاقلىدى ۋە قوغدىدى. ئۇ گوگولنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتىنى توغرا شەرھلەپ، گوگولغا ئىلھام بەردى ۋە يېتەكلىدى. نەتىجىدە ئۇ يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ جىنايەتلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېچىپ تاشلاش ئۈچۈن «رېۋىزور» ۋە «ئۆلۈك جانلار» قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يازدى. دېمەك، ئەدەبىي تەنقىد يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەتتە يۈكسىلىشىگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچى، ئەدەبىي تەنقىد كىتابخانلارنىڭ ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە بەدىئىي قىممىتىنى توغرا چۈشىنىپ، زوقلىنىش قابىلىيىتى ۋە ئېستېتىك قىزىقىشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىگە ياردەم بېرىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى پەقەت كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش ئاساسىدىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما ھەممە كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىش سەۋىيىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى كىتابخانلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسى، بەدىئىي تەربىيىلىنىشى، ھەۋەس - ئىشتىياقىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بەدىئىي ئوبرازدىكى نەپىسلىكنى، مەزمۇندىكى ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇقنى تولۇق چۈشىنىپ كېتىشى ناتايىن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ رولى ئالاھىدە بولىدۇ. يەنى كىشىلەر ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ياردىمى ئارقىلىقلا ئەدەبىي زوقلىنىش ئەمەلىيىتى ئاساسىدا، بەدىئىي تەربىيىلىنىش ۋە زوقلىنىش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈ-

رەلەيدۇ. شۇنداقلا مۇشۇ ئاساستا بەدىئىي ئەسەرلەردىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئېستېتىك لەززەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئەسەر ۋە باشقا ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى تەتقىق ۋە تەھلىل قىلغاندا، مۇقەررەر ھالدا بىر قاتار ئۇقۇم، كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئۇقۇم، كۆزقاراشلار ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىش، تۈزىتىلىش ئارقىلىق نىسبەتەن سىستېمىلاشقان نەزەرىيىگە ئايلىنىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد قانچىكى جانلانسا، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىياتى شۇنچە ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ ئەدەبىيات قانۇنىيەتلىرىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دېمەك، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ راۋاجلىنىشى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى قانۇنىيەتلىك مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىشتا، جۈملىدىن ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

## 2. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى

### 1) ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدا چۈشەنچە

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىش ۋە باھالاشتا چەتلەپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان مەركىزىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى. چۈنكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىش ھەم باھالاشتا بەلگىلىك ئۆلچەم ياكى مىزان بولمايدىكەن، بىرەر ئەسەردىكى ياخشى بىلەن ياماننى، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنى پەرقلەندۈر-

www.uyghurkitap.com

گىلى بولمايدۇ. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى ھەر خىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىش، باھالاش ۋە ئۇلارغا ھۆكۈم قىلىشتا ئاساسلىنىدىغان ئاساس، مىزان ياكى تارازا.

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى لىيۇشى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە باھا بېرىشتە ئۆز دەۋرىنىڭ «ئالتە ئۆلچىمى» نى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئالتە ئۆلچەم ① سۇژىت مۇكەممەل بولۇش، ساختا بولماسلىق؛ ② ئۇسلۇب روشەن بولۇش، داشقايناق بولماسلىق؛ ③ ۋەقە ئىشەنچلىك بولۇش، يوقنى بار قىلماسلىق؛ ④ ئادالەتلىك بولۇش، ئارقىغا قايتماسلىق؛ ⑤ تېما ئىخچام بولۇش، قۇرۇق بولماسلىق؛ ⑥ كۆركەم بولۇش، چاكىنا بولماسلىقتىن ئىبارەت. ئەدەبىي تەنقىد تارىخىدا، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى بولۇش، كېرەكمۇ ياكى بولماسلىقى كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىدە تالاش ـ تارتىش بولۇپ كەلگەن. غەربتە بەزى ئەدەبىيات ئېقىمىدىكىلەر ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى بولماسلىقى كېرەك، دېگەننى تەرغىب قىلغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا، ئېلىمىز ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ بىر قىسىم كىشىلەر ئەدەبىي تەنقىدتە ئۆلچەم بولماسلىقى كېرەك، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئۇلار ئۆلچەم دېگىنىمىز، ئەمەلىيەتتە بىر سۇنئىي «رامكا»، ئەدەبىي تەنقىدتە ئۆلچەم بولۇشنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەر ھەممىشە مۇئەييەن بىر رامكىنى ئەسەرگە كىيگۈزۈپ باقىدۇ. رامكىغا چۈشكەننى ياخشى، چۈشمىگەننى ناچار دەيدۇ، بۇنداق بىلىش بەك ئەخمىقانىلىك، دېيىشتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ خىل قاراشقا لۇشۈن كۈچلۈك رەددىيە بەرگەنىدى، ئۇ: «بىز ئەدەبىي تەنقىد تارىخىدا مۇئەييەن بىر رامكىسى بولمىغان تەنقىدچىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ ھەممىسىنىڭ رامكىسى بار، ياكى گۈزەللىك رامكىسى، ياكى چىنلىق رامكىسى ۋە ياكى ئالغا بېسىش رامكىسى بار، بۇ يەردە مۇئەييەن رامكىسى بولمىغان تەنقىدچىنى راستىنلا

غەلىتە ئادەم دېيىش كېرەك... بىز ئۇنىڭ رامكىسىنى ئەيىبلىمەي، ئۇنىڭ رامكىسىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى تەنقىد قىلىشىمىز كېرەك»① دېگەنىدى. ئەدەبىي تەنقىد ئىلمىي پائالىيەت، تەنقىدچىنىڭ تەنقىدى ھەرگىزمۇ خىيالىي يوسۇندا ئېلىپ بېرىلماستىن، بەلكى ئۇ ئەدەبىي ئەسەر قاتارلىق ئەدەبىي ھادىسىلەرنى تەھلىل قىلىش، باھالاشتا، دائىم مۇئەييەن ئىدىيىۋى كۆزقاراش ۋە ئېستېتىك غايىلەرگە ئاساسلىنىدۇ. تەنقىد ئوبيېكتىنى باھالايدىغان بۇ ئىدىيىۋى كۆزقاراش ۋە ئېستېتىك غايىلەر دەل تەنقىدنىڭ ئۆلچىمىدۇر.

روشەنكى، ھەرقانداق بىر ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مۇئەييەن ئۆلچىمى بولىدۇ. لېكىن ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان قېلىپ ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەدەبىيات ئەمەلىيىتى جەريانىدا بارلىققا كېلىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدمۇ مۇئەييەن ماكان، زاماندىن ئايرىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلمايدۇ. شۇڭلاشقا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى مۇقەررەر ھالدا ئۆزگىرىشچان بولىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىش جەريانىدا، ئاساسەن ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى؛ ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ سىياسىي كۆزقارىشى، ئېستېتىك زوق، ھەۋىسى؛ يازغۇچى، تەنقىدچى، كىتابخانلارنىڭ ئىجتىمائىي غايىسى ۋە ئېستېتىك كۆزقارىشى قاتارلىق ئۈچ تەرەپتىكى ئامىلنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.

بىرىنچى، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى ئەدەبىي تەنقىد ئەمەلىيىتى جەريانىدا بارلىققا كېلىدۇ، ئەدەبىي تەنقىد — پۈتكۈل ئەدەبىي پائالىيەتلەر ئىچىدىكى بىر ھال-

---

① لۇشۈن: «تەنقىدچىنىڭ تەنقىدچىسى»، «لۇشۈن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، ۷ توم، 348 ـ 349 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىدىن ئىبارەت. شۇڭا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئالاھىدە زامان، ماكان شارائىتىدىكى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. مۇنداق دېگەنلىك مۇئەييەن زامان، ماكان شارائىتىدىكى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى ھامان ئاشۇ زامان، ماكان شارائىتىدىكى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى، ئالاھىدىلىكى بىلەن ماسلىشىشى كېرەك، دېگەنلىك. مەسىلەن، كۆڭزى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئاقمۇتى ھەققىدە «پاك نىيەتلىك بولۇش»، «يېقىملىق، كەڭ قورساق بولۇش»، «تولۇق، مۇكەممەل بولۇش» قاتارلىق ئۆلچەملەرنىلا ئوتتۇرىغا قويالىغان. ئۇنىڭ ھازىرقى كۈندە قوللىنىۋاتقان ئۆلچەملەرنى ئوتتۇرىغا قويالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويغان ئۆلچىمى ئاشۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆزدە تۇتقان.

ئىككىنچى، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ سىياسىي كۆزقارىشى، ئېستېتىك زوق ـ ھەۋەسلىرىنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ.

ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ياخشى ـ يامان، يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان، ئەدەبىي ھادىسىلەرگە ھۆكۈم قىلىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي مىزاندۇر. شۇنداق ئىكەن، ئۇ جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ سىياسىي قارىشى، ئېستېتىك ھەۋەسلىرىنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. مەسىلەن، لۇئىس XIV دەۋرىدە فرانسىيە پادىشاھلىق ھاكىمىيىتى مۇقىم تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقاچقا، يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ سەنئەتتە قوغلىشىدىغىنى يۈكسەكلىك ۋە ئىززەت ـ ئابرۇي ئۇسلۇبى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئىشەنچىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەندى. بۇ چاغدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىد ئۆلچىمىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى يۈك-

سەكلىك، ئىززەت ـ ئابرۇيدىن ئىبارەت بولدى. لۇئىس XV دەۋرىگە كەلگەندە، پادىشاھلىق ھاكىمىيىتى خارابلىششقا قاراپ يۈزلەندى. يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تۇرمۇشى كۈنسايىن شاللاقلىشىپ، ھەدەپ ئىنچىكە سەزگۈ ئارقىلىق زوقلىنىشنى قوغلىششقا باشلىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارنىڭ سەنئەت غايىسى يۈكسەكلىك، ئىززەت ـ ئابرۇيدىن سىلىقلىق، ھەشەمەتچىلىككە ئۆزگەردى. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىد ئۆلچىمىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىمۇ سىلىقلىق، ھەشەمەتچىلىك بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ سىياسىي قارىشى، ئېستېتىك ھەۋەسلىرىنىڭ ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمىگە بولغان چەكلىمىسىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمى يازغۇچى، تەنقىدچى، كىتابخانلارنىڭ ئىجتىمائىي غايىسى ۋە گۈزەللىك قارىشىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. يازغۇچى، تەنقىدچى، كىتابخانلار ئەدەبىيات پائالىيىتىنىڭ ئوخشاشمىغان ھالقىلىرىدىكى قاتناشقۇچىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئوخشىمايدۇ. لېكىن پۈتكۈل ئەدەبىي پائالىيەتتە ئۇلار ھامان بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي تەنقىد يالغۇز تەنقىدچىنىڭلا ئىجتىمائىي غايىسى ۋە گۈزەللىك قاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قالماستىن، يەنە يازغۇچى ۋە كىتابخانلارنىڭمۇ ئېستېتىك قاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئەمەلىيەتتە تەنقىدچى، يازغۇچى، كىتابخانلارنىڭ مەلۇم زامان، ماكاندىكى ئىجتىمائىي قاراشلىرى، ھەۋەس ـ ئىشتىياقى، ئېستېتىك قارىشى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭا ئوخشاش بىر دەۋر كىشىلىرىدە ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمى بولۇشى تەبىئىي ھادىسىدۇر.

2) ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىدىيىۋىلىك ئۆلچىمى

ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەردە بەلگىلىك ئىدىيىۋىلىك بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

چۈنكى ئەدەبىي ئەسەرلەر رېئال تۇرمۇشنىڭ يازغۇچى مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭغا يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، ئىجابىي پىكرى ۋە باھاسى سىڭگەن بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەردە ئىپادىلىنىدىغان ئىدىيىۋىلىك خېلى كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ بەزى ئەسەرلەردە روشەن ئىپادىلەنسە، بەزى ئەسەرلەردە ئەگىتىپ ياكى يوشۇرۇن ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىدىيىۋى مەزمۇن بولغانىكەن، ئەدەبىي تەنقىدتە چوقۇم ئىدىيىۋى ئۆلچەم بولۇشى كېرەك.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى دېگىنىمىز — ئەدەبىي ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن، تۇرمۇشقا بىرلەشتۈرۈلگەن ئىدىيىۋى مەنە ۋە يازغۇچىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان پوزىتسىيىسى، باھاسىنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكىنى تەھلىل قىلغاندا، باھالىغاندا، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتىنى چىقىش قىلغان ئاساستا يازغۇچى ياشىغان دەۋر، يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسى ۋە خاسلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش لازىم.

قەدىمكى زامان ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى قىممىتىگە باھا بېرىشتە، ئاساسەن ئۇلارنىڭ خەلققە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ قانداقلىقىغا قاراش، تارىختا ئىلغارلىق ئەھمىيىتى بار - يوقلۇقى، ئەدەبىيات تەرەققىياتىنى قانچىلىك قىممەتكە ئىگە ئىدىيىۋى مەزمۇنلار بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە قاراش كېرەك. يېڭى كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلاردا ئىپادىلەنگەن خەلقچىللىق ئىدىيىسى، تارىخىي رولى، ماتېرىياللىق قىممىتى قاتارلىقلارغا قاراش كېرەك.

ھازىرقى زامان ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋىلىكىنى باھالاشتا، خەلقنىڭ ھېسسىياتى ۋە غايىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، يېڭىلىق يارىتىش تەلىپى، شۇنىڭدەك، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىنىڭ قانداقلىقىغا، رېئال زىددىيەتلەرگە قارىتا ئۆزىگە

خاس چوڭقۇر تونۇشنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا قاراش كېرەك.

بۈگۈنكى زاماندىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكىنى باھالاشتا، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىدىكى رېئال يۈزلىنىشلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىنىشى كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە، يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويۇۋاتقان ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت، قىممەت قارىشى، ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى، ئىنسان تەقدىرى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئۆزگىچە بولماقتا. شۇڭا ئەسەر ئىدىيىۋىلىكىنى باھالىغاندا، كىشىلىك تۇرمۇش، ئىنسان تەقدىرىگە نىسبەتەن چوڭقۇر مۇلاھىزىنىڭ بار ـ يوقلۇقى، ئىنسانپەرۋەرلىك پرىنسىپلىرىنى مەدھىيىلىگەن ـ مەدھىيىلىمىگەنلىكىگە قاراش كېرەك. ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەشنىڭ مەركىزىدە تۇرىدىغان ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىش ئۈچۈن ئادەمنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىنىشى كېرەك. يازغۇچى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۇرمۇشتىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى ئېچىپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالىدىمۇ ـ يوق؟ كىتابخانلارغا يېڭى كۆزقاراش، يېڭى ئىدىيە، يېڭىچە تۇرمۇش قاراشلىرىنى تەقدىم قىلالىدىمۇ ـ يوق؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئېتىبار بېرىلىشى، ئەدەبىي ئەسەر ئىدىيىۋىلىكىنى باھالاشنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى قىلىنىشى كېرەك.

3) ئەدەبىي تەنقىدنىڭ بەدىئىيلىك ئۆلچىمى

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بەدىئىيلىك ئەدەبىي ئەسەرنىڭ كىتابخانلاردا پەيدا قىلىدىغان بىر خىل تەسىرلەندۈرۈش كۈچى بولۇپ، ئەسەرنىڭ شەكلى، بەدىئىي ماھارەت، يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك تەربىيىلىنىشى ۋە ئېستېتىك ھەۋىسى قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىپادىلىنىشىدۇر. ئۇنداقتا، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكى دېگەن نېمە؟ بۇ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىدىيىنى ئىپادە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەشتە يەتكەن مۇكەممەللىك دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئۆلچەشتە تۆۋەندىكىدەك كونكرېت مەزمۇنلارنى كۆزدە تۇتىمىز:

بىرىنچى، بەدىئىي ئوبرازنىڭ جانلىقلىقى، چىنلىقى

ئەدەبىيات ئوبراز يارىتىش سەنئىتى. ئەدەبىياتتا يارىتىلغان ئوبراز تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدەك جانلىق، تەسىرلىك بولۇشى، ئۇلار-دىن قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى چىقىپ تۇرۇشى كېرەك. بولۇپمۇ بەدىئىي ئوبرازنىڭ يادروسى بولغان ئادەم ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى جانلىق، روشەن يارىتىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ئوبرازنىڭ چىنلىق دەرىجىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. چىنلىق بولغاندىلا ئاندىن كىشىنى قايىل قىلغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ گۈزەل-لىك بەخش ئېتىش، تونۇش ۋە تەربىيىۋى رولىنى جارى قىلدۇر-غىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، بەدىئىي ئوبرازنىڭ تىپىكلىكى

ئەدەبىي ئەسەردە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز جانلىق، چىن بولۇشتىن تاشقىرى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. مۇنداق ئوبرازلار ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىق بىلەن مەلۇم دائىرىدىكى ئورتاقلىقنى ئىپادىلىگەن. تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى ئەكس ئەتتۇرگەن، بىرقەدەر يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولغان ئوبرازدۇر. تىپىكلەشكەن ئوبراز ئادەتتىكى ئوبرازغا قارىغاندا كۈچلۈك تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولالايدۇ. شۇڭلاشقا بەدىئىي ئوبرازنىڭ تىپىكلىكى ئەدەبىي ئەسەر بەدىئىيلىكىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەسەرنىڭ پۈتۈنلۈكى ۋە كۈچلۈك تەسىرلەندۈ-رۈش كۈچى.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى باھالاشتا، بەدىئىي شەكىلنىڭ ھەرقايسى ئامىللىرىنىڭ، يەنى ئەسەر كومپوزىتسىيىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، سۆزىتىنىڭ

پىششىقلىنىشى، پېرسوناژلارنىڭ سۆرەتلىنىشى، شارائىتنىڭ تەسۋىرلىنىشى، بەدىئىي تىلنىڭ قوللىنىلىشى... قاتارلىق ھەرقايسى ئامىللارنىڭ بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلالىغان - قىلالمىغانلىقى يەنە بىر مۇھىم ئۆلچەم ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئورگانىك پۈتۈنلۈكى يالغۇز ئەسەرنىڭ تاشقى جەھەتتىكى قۇرۇلمىسىنىلا كۆرسىتىپ قالماستىن، مۇھىمى ئەسەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرقايسى ئامىللار ئوتتۇرىسىدىكى ئورگانىك باغلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چىن، سەممىي ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان بەدىئىي ئوبرازنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچى كۈچلۈك بولىدۇ. دېمەك، كىشىلەرنى ساغلام، سەممىي ھېسسىيات بىلەن چوڭقۇر ھاياجانغا سېلىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئۈنۈم پەيدا قىلىشمۇ ئەدەبىي ئەسەر بەدىئىيلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسىدۇر.

## تۆتىنچى، ئۆزگىچە بەدىئىي ئىجادچانلىق

يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇبى ئۇنىڭ ئىجادچانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئىجادچانلىقتا ئىگە بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەرلا كىتابخانلارغا يېڭى نەرسىلەرنى، يېڭى ئوبراز، يېڭى ئىدىيە، يېڭى تېما، يېڭى قۇرۇلما قاتارلىقلارنى بېرەلەيدۇ ھەم شۇندىلا كىتابخانلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولالايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەدەبىي ئەسەردە قوللانغان تىلنىڭ يېڭىلىقى، ئوبرازلىق ئالاھىدىلىكى، ئومۇمەن تىلدىكى ماھىرلىق ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى باھالاشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم مەسىلە. بۇلاردىن باشقا ئىجادىيلىق يەنە ئەدەبىي ئەسەر شەكلىدىكى باشقا ئامىللارنىڭ يېڭىلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەسىلەن، ئەدەبىي ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ يېڭىلىقى، ئىپادىلەش ئۇسۇل - ۋاسىتىلىرىدىكى يېڭىلىق قاتارلىقلار. ئومۇمەن ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى باھالاشتا ئۇنىڭدىكى يېڭىلىق — ئىجادىيلىقنى مۇھىم دەپ بىلىش كېرەك.

www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى، مىللىي ئالاھىدىلىك

ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇبقا ۋە مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە مىللىي پۇراق كۈچلۈك بولسا ئۇنىڭ جەلپكارلىقىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن مىللىيلىك مىللىي تۇرمۇش زېمىنىدىن ئېلىنغان ۋە مىللىي شەكىللەر بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ باشقا مىللەت كىتابخانلىرى ئۈچۈنمۇ غايەت زور جەلپ قىلىش كۈچى بولىدۇ. چۈنكى باشقا مىللەت كىتابخانلىرى ئۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزىدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە، باشقا مىللەتلەر ياشاۋاتقان جۇغراپىيىلىك شارائىتلار بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەرلەردە مىللىي پۇراقنىڭ بار - يوقلۇقىمۇ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئۆلچەشنىڭ بىر ئامىلى بولۇپ، ئۇمۇ ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمىنىڭ بىر كونكرېت مەزمۇنىدۇر.

يۇقىرىدا، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسىنى ئېنىق چۈشىنىش ئۈچۈن، ئىدىيىۋىلىك ئۆلچىمى بىلەن بەدىئىيلىك ئۆلچىمىنى ئايرىم - ئايرىم شەرھلىدۇق. لېكىن بۇ ھەرگىز ئەدەبىي ئەسەرلەرگە باھا بەرگەندە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيىۋىلىكىنى بىر ئۆلچىۋېلىپ ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئۆلچەش كېرەك، دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى بىلەن بەدىئىي شەكلى بىرگەۋدە بولىدۇ. شۇنداقلا ئەدەبىي ئەسەرگە باھا بەرگەندە ئەسەرنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ھەرخىل ئۆلچەملەرنى مېخانىكىلىق ھالدا زورمۇ زور ئەسەرگە تاڭماسلىقىمىز لازىم.

## 3. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ پرىنسىپى، ئۇسۇلى ۋە تەن- قىدچىنىڭ تەربىيىلىنىشى

### 1) ئەدەبىي تەنقىدنىڭ پرىنسىپى

ئەدەبىي تەنقىدنى توغرا، ساغلام ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، توغرا تەنقىد پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. شۇندىلا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىلمىيلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدتە چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىك بىرقانچە مۇھىم پرىنسىپلار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، ئەدەبىي تەنقىدتە ئەدەبىي زوقنى ئاساس قىلىش

ئەدەبىي تەنقىد جەزمەن ئەدەبىي زوقلىنىش ئاساسىغا تۇرغۇ- زۇلۇشى كېرەك. چۈنكى تەنقىدچى باھا بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەدەبىي ئەسەردىكى بىر پۈتۈن ئوبرازدا ئىپادىلەنگەن ئومۇ- مىي مەزمۇن ۋە ئەسەرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن مۇئەييەن ئېستېتىك تەسىراتقا ئىگە بولغان بولۇشى لازىم. شۇندىلا ئۇ ئەدەبىي ئەسەر ھەققىدە تەنقىد يۈرگۈزەلەيدۇ. بىر مۇنەۋۋەر تەن- قىدچى بولۇش ئۈچۈن، بىر مۇنەۋۋەر زوقلانغۇچى بولۇش لازىم. ئەدەبىي تەنقىد تارىخىدا بىر قىسىم تەنقىدچىلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەر ھەققىدىكى ناھايىتى ئىلمىي، توغرا باھا، يەكۈنلىرىدىن، بولۇپ- مۇ بەدىئىي ئوبراز ھەققىدىكى كونكرېت تەھلىللىرىدىن قايىل بولىمىز. بۇ، تەنقىدچىنىڭ ئاشۇ ئەسەر ھەققىدىكى ئېستېتىك چۈشەنچىسىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇرلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دېمەك، ئەدەبىي تەنقىد چوقۇم ئەدەبىي زوقلىنىش ئاساسىدا ئې- لىپ بېرىلىشى لازىم. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنى — تەنقىدچىنىڭ زوقلىنىشتىن ئىبارەت تۈپ ئاساسىنىڭ بولماسلى- قى. بۇنداق بولغاندا، ئەسەر ئۈستىدىكى تەنقىد ياكى باھا باشقىلار نېمە دېسە شۇنى دەۋېرىدىغان، ئۆزىنىڭ ئىلمىي باھاسى بولمىغان قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئىككىنچى، ئەدەبىي تەنقىدنى بەدىئىي ئوبرازنى تەھلىل قى-

لىشتىن باشلاش

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى ئەدەبىي ئەسەر. ئەدەبىي ئەسەر بولسا رېئال دۇنيانىڭ ئوبرازلىق ئىنكاسى. ئۇ رېئاللىقتىكى تۈرلۈك شەيئىلەرنى ئەسلى ھالىتى بىلەن كونكرېت، جانلىق، ھېسسىي ھالەتتە ئەكس ئەتتۈرۈپ كىشىلەرگە قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ، شۇنىڭدەك ئەدەبىي ئەسەرگە يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى سىڭگەن بولىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي تەنقىد ئېلىپ بارغاندا، بەدىئىي ئوبرازنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش كېرەك. بەدىئىي ئوبرازنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش — ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى ئەسەردىكى بەدىئىي ئوبرازدىن ئايرىلىپ، خالىغانچە، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئىلمىي بولمىغان بىر خىل تەنقىد ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. لۇشۈن بۇ ھەقتە: «تېمە ئىش بولسا، شۇ ئىش ئۈستىدە توختىلىش»نى، يەنى «ئوبراز بولسا، ئوبراز ئۈستىدىلا توختىلىش»نى، ئوبراز ئۈستىدىكى تەھلىللەردىن چەتنەپ، خالىغانچە تەلەپ قويماسلىقنى، مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن قالايمىقان ئەيىبلىمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي تەنقىدتە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش

ئەدەبىي تەنقىد بىر خىل ئىلمىي پائالىيەت ئىكەن، ئۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. كونكرېت ئېيتقاندا، يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، كونكرېت ئەسەرگە ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ياخشىنى ياخشى، ياماننى يامان دېيىش، «ئۇچۇرۇپ ئەرشكە چىقىرىۋەتمەسلىك» ياكى «چۆكۈرۈپ تەھتىسساراغا كىرگۈزۈۋەتمەسلىك» لازىم. ئەمما ئەدەبىي تەنقىد ئەمەلىيىتىدە تەنقىدچىنىڭ تامامەن مۇشۇنداق قىلا-

لىشى ناتايىن. مۇتلەق كۆپ ساندىكى تەنقىدچىلەرنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ بەزى چاغلاردا ياخشىنى ياخشى، ياماننى يامان دېيەلمەسلىكى — تونۇشىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكى ياكى ئۇسۇلىنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدۇ. لېكىن بىر قىسىم تەنقىدچىلەرنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان قاراشلىرى ھەمىشە ئۇلارنىڭ يامان غەرەزلىرى بىلەن باغلىنىپ كېتىدۇ. ئېنگېلس تىلغا ئېلىپ، تەنقىد قىلىپ ئۆتكەن ئەدەبىياتتىكى «ماختاپ ئۇچۇرۇش» ماھىيەتتە لۇشۇن تەنقىد قىلغان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىكى «ماختاپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش» نىڭ دەل ئۆزى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىكى «ماختاپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش» ياكى «تىللاپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش» نىڭ ھەر ئىككىلىسى ئەدەبىي تەنقىد پرىنسىپىغا خىلاپ بولۇپ، ئەدەبىيات تەرەققىياتىغا زور زىيان كەلتۈرىدۇ. لۇشۇن: «ئېھتىمال تەنقىدچى بولغان ئادەمنىڭ نەزەرى ئۇستۇن بولسا كېرەك، شۇڭا ياش يازغۇچىلارغا كېلىشتۈرۈپ زەربە بەرگەنلىكىنى، ئۇلارغا سوغۇق كۆلۈپ، ئۇلارنى ئىنكار قىلغانلىقىنى كۆردۈم»[①] دېگەنىدى. لۇشۇن «تىللاپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش» نى «يۇمران مايسىلار ئۈستىدە ئات چاپتۇرۇش» قا ئوخشاتقان. ئومۇمەن، ئەدەبىي تەنقىد بىر خىل ئىلمىي پائالىيەت بولغاچقا، ئەدەبىي تەنقىدچى كونكرېت مەسىلىگە كونكرېت مۇئامىلە قىلىشى، ياكى پۈتۈنلەي ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇۋېتىشتىن، ياكى پۈتۈنلەي سۆكۈپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. مەنىۋى دۇنيادىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئەسلىدىلا ئالاھىدە سالماق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن ئىبارەت بۇ مەنىۋى پائالىيەت ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇڭا ئۇنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىپ، كونكرېت ئەسەرلەرگە قارىتا كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزۈش كېرەك.

---

① «لۇشۇن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، Ⅱ توم، 115 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### تۆتىنچى، ئەدەبىي تەنقىدتە ئومۇملۇق ۋە پۈتۈنلۈك نۇقتىئىنەزەرى بولۇش

ئومۇملۇق ۋە پۈتۈنلۈك كۆزقارىشىدا چىڭ تۇرۇش، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىلمىيلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇھىم شەرتى. ئەگەر تەنقىدچى مۇرەككەپ ئەدەبىي ئەسەر ياكى ئەدەبىي ھادىسىگە دۇچ كەلگەندە، نەزەر دائىرىسىنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا قىسمەنلىك بىلەن چەكلەپ قويۇپ، ئىلمىي پەرەزلەرنى بىر تەرەپلىمە چۈشەنچە ۋە تونۇش ئاساسىغا تۇرغۇزسا، ئۇ چاغدا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىلمىيلىكىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. قانداق قىلغاندا ئەدەبىي تەنقىدتە ئومۇملۇق ۋە پۈتۈنلۈك كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ھەم تارىخىي، ھەم ئېستېتىك نۇقتىدىن باھالاش كېرەك. ياكى يالغۇز ئىجتىمائىي تەنقىد نۇقتىسىدىنلا باھا بەرمەسلىك، ياكى ئېستېتىك نۇقتىدىنلا باھا بەرمەسلىك، بەلكى ھەر ئىككى تەرەپتىن ئومۇملاشتۇرۇپ باھا بېرىش لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن ئاپتور بىلەن ئەسەرنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىش لازىم. ئاپتورنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىش دېگىنىمىز، مەلۇم ئەسەرنى باھالىغاندا، نوقۇل ھالدا ئەسەر ھەققىدىلا سۆزلەپ كەتمەي، بەلكى «ئاپتورنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى، ئۇ ياشىغان جەمئىيەتنىڭ ھالىتىنى نەزەرگە ئېلىش» دېگەنلىكتۇر. ئەسەرنى ئاپتور يازىدۇ، ئاپتور ئومۇمەن مۇئەييەن «جەمئىيەت ھالىتى» ئىچىدە ياشايدۇ. ئاپتورنى، ئاپتور ياشىغان جەمئىيەت ھالىتىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئەسەرنى توغرا چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا تەنقىد جەريانىدا ئاپتور ياشىغان دەۋرنى جەزمەن مۇھاكىمە قىلىش كېرەك. ئەسەرنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىنى نەزەرگە ئېلىش دېگىنىمىز، مەلۇم بىر ئەسەرنى باھالىغاندا، ئەسەرنى پارچىلىۋەتمەي، پەقەت ئايرىم باب، ئايرىم جۈملىلەر ئۈستىدىلا باھالاش ئېلىپ بارماي، بەلكى ئەسەرنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىنى نەزەرگە ئې-

لىنىش دېگەنلىكتۇر. يەنە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئومۇمىي خاھىشىغا، بىر پۈتۈن قىممىتىگە قاراش كېرەك. ئارتۇقچىلىق، كەمچىلىكلىرىنى كۆرسەتكەندە، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ۋە سالمىقى ئۈستىدە ئەستايىدىل تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئەسەرنىڭ ئومۇمىي خاھىشى بىلەن ئومۇمىي قىممىتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

بەشىنچى، ئەدەبىي تەنقىدتە «قوش فاڭجېن» نى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇش

ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشى، ئىلمىيلىكىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ، ئىقتىدارنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشى، ئاخىرقى ھېسابتا «قوش فاڭجېن» (بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش) نى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك. ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى بەزى تۈپ مەسىلىلەردىن تارتىپ، بىر پارچە ئەسەرنى باھالاش، تەنقىدچىنىڭ باراۋەر پوزىتسىيىدە تۇرۇپ پىكىر ۋە كۆز قارىشىنى بايان قىلىش، ئوخشاشمىغان پىكىر - كۆزقاراشلارنى ئەركىن مۇزاكىرە قىلىپ، ئېچىلىپ - سايراشنى تولۇق قانات يايدۇرۇش، تەنقىدلەشكە يول قويۇش، تەنقىدكە قارشى تەنقىدكىمۇ يول قويۇش، ئەدەبىي تەنقىد نەزەرىيىسى، ئۇسۇلىنىڭ خىلمۇ خىل بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي توغرا ئىشلەنسە، ئۇ چاغدا ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتى يۈكسىلىشكە ئىگە بولىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتىنىڭ ئىلمىي، نورمال ئېلىپ بېرىلىشى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەتنى مەركەز قىلغان بارلىق ئەدەبىيات پائالىيەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

2) ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۇسۇلى

ئەدەبىي تەنقىد ئۇسۇلى ئۆزىگە خاس روشەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرىنچى، ئەدەبىي تەنقىد ئۇسۇلىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە خىلمۇخىللىقى

ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتى خۇددى باشقا ھادىسىلەرگە ئوخشاش بىر خىل تارىخىي تەرەققىيات جەريانىغا ئىگە. دەسلەپكى ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشتىن ھاسىل بولغان ئادەتتىكى زوقلىنىش تەسىراتلىرىدىن باشلىنىپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىر قەدەر ئىلمىي، سىستېمىلىق پەنگە ئايلاندى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭ تەنقىدچىلىك ئۇسۇلىدىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. مەسىلەن، يېقىنقى دەۋرگە كەلگەندە، غەرب ئىلمىي ئىدىيىلىرىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى بىلەن ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئۇسۇلىدىمۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەنقىدچىلىك ئۇسۇلى، جەمئىيەتشۇناسلىق تەنقىد ئۇسۇلى، فورمالىزملىق تەنقىد ئۇسۇلى، پوزىتىۋىزملىق تەنقىد ئۇسۇلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قوللىنىلدى. XX ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن 70 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىغىچە «سولچىل» ئىدىيىنىڭ تەسىرى بىلەن ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدى. ھەددىسىلا چاكىنا جەمئىيەتشۇناسلىق تەنقىدچىلىكى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. مول ئېستېتىك مەزمۇن بىلەن يۇغۇرۇلغان، جانلىق، كونكرېت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھادىسىلىرى ئەدەبىياتنىڭ ئۆز قانۇنىيىتىدىن چەتنىگەن ھالدا، بۇرمىلانغان ئابستراكت تەنقىدچىلىكنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتتى. پەقەت 80 ـ يىللارغا كەلگەندە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياستى يولغا قويۇلۇپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك باي، رەڭدار يېڭى قىياپەت بىلەن تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. جەمئىيەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، ئىنسانشۇناسلىق، قۇرۇلمىچىلىق، سىستېما ئىلمى، كىبېرنېتىكا (باشقۇرۇشقا ئائىت نەزەرىيىۋى بىلىم) ئىلمى، ئىنفورماتسىيە

نەزەرىيىسى قاتارلىقلارنىڭ تەتقىقات ۋە تەنقىد ئۇسۇللىرى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە قوللىنىلىشقا باشلىدى.

غەربتە ئەدەبىي تەنقىد يۇنان پەيلاسوپلىرى پلاتون، ئارستوتىلدىن تارتىپ ھېسابلىغاندا، ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە بولدى. پلاتون، ئارستوتىلدىن يېڭى كلاسسىزمغىچە پىسخولوگىيە، تارىخشۇناسلىق تەنقىد ئۇسۇللىرىنىڭ بىخلىرى مەيدانغا كەلدى. ئەمما تەقلىدچىلىك تەنقىد ئۇسۇلى يېتەكچى ئورۇندا ئىدى. بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ توپ ئالاھىدىلىكى — سەنئەتنى رېئال دۇنيانىڭ تەقلىدى دەپ قاراشتىن ئىبارەت. XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XVIII ئەسىرگىچە بولغان ئىككى يۈز نەچچە يىل ئىچىدە، پراگماتىزملىق تەنقىد ئۇسۇلى تەدرىجىي ھالدا تەقلىدچىلىك تەنقىد ئۇسۇلىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. بۇ خىل تەنقىد ئۇسۇلىنىڭ ۋەكىلى ئەنگلىيە ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنىڭ تەنقىدچىسى سىدنى ئىدى. XX ئەسىر غەرب ئەدەبىيات مۇنبىرىدە خىلمۇ خىل تەنقىد ئۇسۇللىرى — ئەنگلىيە، ئامېرىكا يېڭى تەنقىدى، قۇرۇلمىچىلىق تەنقىدى، سىماسئولوگىيە تەنقىدى، ئېستېتىك تەنقىدنى قوبۇل قىلىش قاتارلىقلار بەس - بەس بىلەن ئۆز ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىپ، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ كۆپ خىللىق ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى.

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئەدەبىي تەنقىد ئۇسۇللىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تېز بولۇۋاتقانلىقىنى، بىر خىللا ئەدەبىي تەنقىد ئۇسۇلىنىڭ ئەدەبىي تەنقىد ساھەسىنى تەنھا ئىگىلەپ تۇرىدىغان ھادىسىنىڭ ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلانغانلىقىنى، ئەدەبىي تەنقىد ئۇسۇلىنىڭ كۆپ خىللىقى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان پاكىتقا ئايلانغانلىقىنى روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىز مۇشۇنداق قانۇنىيەتنى چۈشەنگەنىكەنمىز، مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلىشىمىز، ئەدەبىي تەنقىد ئۇسۇلىنىڭ كۆپ خىللىقىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز كېرەك.

www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى، ئەدەبىي تەنقىد ئۇسۇلىنىڭ قاتلاملارغا بۆلۈنۈشى

ئەدەبىي تەنقىد ئۇسۇللىرىنى ئۈچ قاتلامغا بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچى قاتلامدىكىسى — پەلسەپىۋى ئۇسۇل؛ ئىككىنچى قاتلامدىكىسى — سىستېما نەزەرىيىسى، كىبېرنېتىكا ئىلمى، ئىنفورماتسىيە نەزەرىيىسىنىڭ ئۇسۇللىرى؛ ئۈچىنچى قاتلامدىكىسى — باشقا كونكرېت ئۇسۇللار. مەسىلەن، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ، پسىخولوگىيىنىڭ، تارىخشۇناسلىقنىڭ، مەدەنىيەتشۇناسلىقنىڭ، ئىنسانشۇناسلىقنىڭ، قۇرۇلمىچىلىقنىڭ، سىلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ ئۇسۇللىرى شۇبھىسىزكى، پەلسەپىۋى ئۇسۇل يۇقىرى قاتلامدىكى ئۇسۇل، سىستېما نەزەرىيىسى، كىبېرنېتىكا ئىلمى، ئىنفورماتسىيە نەزەرىيىسىنىڭ ئۇسۇللىرى بولسا، پەلسەپىۋى ئۇسۇل بىلەن باشقا كونكرېت ئۇسۇللار ئىچىدىكى بىر ھالقىدىن ئىبارەت. ئەدەبىي تەنقىد ئۇسۇلىنىڭ قاتلاملىق مۇناسىۋىتىدىن بىلىش مۇمكىنكى، ئەدەبىي تەنقىد ئۇسۇلىدىكى ھەرقايسى قاتلاملارنىڭ ئۆزىگە خاس رولى بولۇشتىن سىرت، ئۆزئارا تولۇقلاش مۇناسىۋىتىگە ئىگە. پەلسەپىنى ئالساق، پەلسەپە دۇنيا قاراش بولۇپلا قالماستىن، يەنە مېتودولوگىيە. تەنقىدچى قانداقلا بىرخىل كونكرېت تەنقىد ئۇسۇلىنى قوللانسۇن، ھامان پەلسەپىۋى ئۇسۇلنى چەتكە قاقمايدۇ. چۈنكى پەلسەپىۋى ئۇسۇل ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە يېتەكچىلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە. سىستېما نەزەرىيىسىنى ئەدەبىي تەنقىد ئۇسۇلىغا تەتبىقلىغاندا، ئەدەبىي ئەسەرنى باشقا شەيئىلەردىكى ھەرقايسى ئامىللارنىڭ ئۆزئارا رول ئوينىشى، بىر - بىرىنى تولۇقلىشى بىلەن مەلۇم تەرتىپتىن شەكىللەنگەن بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئوخشىتىش مۇمكىن. دېمەك، ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنىڭ ئۆزى بىر چوڭ سىستېما. ئۇنىڭ سىستېما قۇرۇلمىسىدا مۇرەككەپ ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى، مۇرەككەپ تەرتىپ قۇرۇلمىسى، ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ تەرەپلەردىكى دىئالېكتىك مۇناسىۋەتلەر،

ئەدەبىيات ھادىسىلىرىدىكى ماكرولۇق مۇناسىۋەتلەر، ئەدەبىياتنىڭ ئادەتتىكىچە ۋە ئالاھىدە قانۇنىيەتلىرىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەر مەۋجۇت بولىدۇ. دېمەك، ئەدەبىي تەنقىد ئۇسۇلىدا سىستېما نەزەرىيىسىدىكى قائىدىلەرنى قوللىنىپ، تەتبىقلاپ، ئەدەبىيات ھادىسىلىرىدىكى بۇنداق مۇرەككەپ سىستېمىنى تەھلىل قىلىش، قانۇنىيەتلىك مەسىلىلەرنى بايقاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. يەنە باشقا ئۇسۇللارنىڭ قائىدىلىرىدىنمۇ پايدىلىنىش مۇمكىن. بىز ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە مۇمكىنقەدەر كۆپرەك كونكرېت ئۇسۇللارنى توغرا قوللىنىپ، ئەدەبىياتىمىزغا نىسبەتەن كۆپ نۇقتىلىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى قوۋۋەتلەيمىز.

3) تەنقىدچىنىڭ تەربىيىلىنىشى

ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتىدىكى ئاساسىي گەۋدە تەنقىدچىدىن ئىبارەت. شۇڭا تەنقىدچىنىڭ ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى تەنقىدنىڭ سۈپىتىدە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ھالقا — تەنقىدچىنىڭ تەربىيىلىنىشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە. ئۇنداقتا، تەنقىدچى قايسى جەھەتلەردە ياخشى تەربىيىلىنىشى كېرەك؟

بىرىنچى، مول تۇرمۇش تەجرىبىسىگە، كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولۇش.

مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر مول تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە چوڭقۇر بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، باشقا ئەدەبىيات ھادىسىلىرىمۇ جەمئىيەت بىلەن كەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. شۇنداق ئىكەن، ئەدەبىي ئەسەر ۋە ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئەدەبىي تەنقىدچى مول تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ۋە ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇش كېرەك. ئەگەر تەنقىدچىدە مۇشۇنداق شەرتلەر ھازىرلانمىسا، مۇرەككەپ ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە قارىتا توغرا ۋە ئىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مي باها بېرەلمەيدۇ. بېلىنسكىي، دوبرولىيوبوف قاتارلىق تەن-
قىدچىلەرنىڭ روسىيىنىڭ XIX ئەسىردىكى تەنقىدىي رېئالىستىك
ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن بەرگەن باھالىرىنىڭ شۇنچە چوڭقۇر ۋە
ئالاھىدە بولۇشىنىڭ مۇھىم سەۋەبى — ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتى-
كى روسىيە جەمئىيىتىگە بولغان تونۇشى ۋە چۈشىنىشىنىڭ چوڭ-
قۇر بولغانلىقىدا. دېمەك، ئەدەبىي تەنقىدچىدە تارىخ ۋە رېئال-
لىق، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى چوڭقۇر بىلىم بولماي
تۇرۇپ، ئۆزى ياشاۋاتقان رېئاللىقنى ئوپېراتسىيە قىلالايدىغان
ئىقتىدار بولماي تۇرۇپ، مۇرەككەپ ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە
توغرا باھا بېرىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەدەبىي تەنقىد ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، تەنقىدچىنىڭ
تۇرمۇش تەجرىبىسى قانچىكى مول، بىلىمى چوڭقۇر ۋە كەڭ
بولسا، ئۇنىڭ تەنقىد سەۋىيىسى شۇنچە يۇقىرى ۋە چوڭقۇر بولى-
دۇ.

ئىككىنچى، يۇقىرى نەزەرىيىۋى سەۋىيىگە ئىگە بولۇش

ئەدەبىي تەنقىد — ئەدەبىي ھادىسىلەرنى ھېسسىي بىلىشتىن
ئەقلىي بىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرىدىغان بىر خىل نەزەرىيىۋى
پائالىيەت. شۇڭا تەنقىدچى نەرەرىيە جەھەتتىكى سەۋىيىسىنى تى-
رىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك. شۇندىلا ئۇنىڭ مەسىلىلەرگە
قارىتا تونۇشى بىرقەدەر چوڭقۇرراق بولىدۇ. ئەدەبىيات ھادىسى-
لىرىنى ئىلمىي چۈشىنىش، بولۇپمۇ ئەدەبىي ئوبرازلاردىن ئالغان
ھېسسىي تەسىرلىنىشنى ئەقلىي بىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشتە
ۋە بۇنى نەزەرىيە يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئىپادىلەپ بېرىشتە تەنقىد-
چىنىڭ نەزەرىيىۋى بىلىم سەۋىيىسى ئالاھىدە رول ئوينايدۇ.

ئۈچىنچى، مۇكەممەل بەدىئىي تەربىيىلىنىشكە ئىگە بولۇش

ئەدەبىي تەنقىدچى ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى نوقۇل تارىخىي
ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىنلا باھالىمايدۇ ياكى نوقۇل پەل-
سەپىۋى، سىياسىي نۇقتىدىنلا شەرھلىمەيدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچى-

نىڭ ئاساسلىق تەنقىد ئوبيېكتى بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەر سەنئەت كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغان بەدىئىي مەھسۇلاتتىن ئىبارەت. شۇڭا مۇنداق بەدىئىي ھادىسىلەرگە باھا بېرىدىغان تەنقىدچى بەدىئىي تەربىيىلىنىشكە تولىمۇ موھتاج. ئۇنىڭدا ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىش تەجرىبىسى، زوقلىنىش ئىقتىدارى، بەدىئىي ھادىسىلەرنى چۈشىنىش تەجرىبىسى بولۇش لازىم. ئەدەبىي تەنقىد ئاساسى — ئەدەبىي زوقلىنىشتۇر. شۇڭا ئەدەبىي تەنقىدچى ئالدى بىلەن بىر ياخشى زوقلانغۇچى بولۇشى، ياخشى بىر زوقلانغۇچى بولۇش ئۈچۈن چوقۇم بىرقەدەر مول بەدىئىي زوقلىنىش تەجرىبىسى ۋە ئۆتكۈر بەدىئىي تەسىرلىنىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىشى كېرەك. بەدىئىي تەسىرلىنىش ئىقتىدارى قاشاڭ ئادەملەر ھەرگىز ياخشى بىر ئەدەبىي تەنقىدچى بولالمايدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ ئۆتكۈر بەدىئىي تەسىرلىنىش ئىقتىدارى بىلەن ئۇنىڭ بىرقەدەر مول زوقلىنىش تەجرىبىسى زىچ باغلانغان بولىدۇ. بۇ ھال ئۇنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسىدىن ۋە سەنئەتكە بولغان مۇھەببىتىدىن ئايرىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تەنقىدچى بولغان ئادەم، ئەدەبىي تەنقىد قانۇنىيەتلىرىنى پىششىق ئىگىلىشى زۆرۈر، ئەلۋەتتە. ئەدەبىي تەنقىد قانۇنىيەتلىرىنى پىششىق بىلىش دېگىنىمىز، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرىنى چوڭقۇر چۈشىنىشنى، ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمىنى توغرا ئىگىلەشنى، ئەدەبىي تەنقىد ئۇسۇلىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ئارقىلىق ئەدەبىي تەنقىد ماھارىتىدە تاۋلىنىپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ.

### تۆتىنچى، يۈكسەك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە نەزەرىيىۋى جاسارەتكە ئىگە بولۇش

ئەدەبىي تەنقىدچىنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھادىسىلىرى ھەققىدىكى جامائەت پىكرى تەييارلىغۇچى، شۇنداقلا ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇشتا دائىم بىرەر پارچە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تەنقىدچىنىڭ تەنقىدى ئارقىلىق كەلڭ

www.uyghurkitap.com

كىتابخانىلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغانلىقىنى كۆرىمىز؛ يەنە بەزىدە تەنقىدچىنىڭ يېتەكچىلىكىنىڭ توغرا ۋە ئۈنۈملۈك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، جەمئىيەتتە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە زوقلىنىش پائالىيىتىنىڭ نورمالسىزلاشقانلىقىنى، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بۇزۇلۇش يۈز بېرىپ، ئىجتىمائىي پىكىر سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، تەنقىدچى چوقۇم يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا، كەڭ كىتابخانىلار كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە نىسبەتەن تولۇپ تاشقان ئىزدىنىش قىزغىنلىقىغا ئىگە بولۇشى، يېڭى نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنى جۈرئەتلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قارىشىنى ئىپادىلەپ، ئەدەبىي تەنقىدنى بىر خىل مۇقەددەس ئىجتىمائىي، تارىخىي ۋەزىپە دەپ مۇئامىلە قىلىشى لازىم.

ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى جەمئىيەتكە، كەڭ كىتابخانىلارغا مەسئۇل بولۇشنىلا كۆزدە تۇتقان بولماستىن، بەلكى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىجادچىسى بولغان يازغۇچىنىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى بولۇشنى، ئۇنىڭغا كۆيۈنۈشنى، ئۇنىڭ سىرداش دوستى بولۇشنىمۇ كۆزدە تۇتقان. تەنقىدچىنىڭ مەلۇم ئەسەر ھەققىدىكى ئۆزگىچە باھاسى، تەھلىلى شۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورىغا قارىتا مەسلىھەت بېرىش، يېتەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. ئەدەبىيات تارىخىدا، مەلۇم تەنقىدچىنىڭ مەلۇم يازغۇچىغا كۆرسەتكەن تەسىرى، ئۇ يازغۇچىنىڭ تەنقىدچىنىڭ يېتەكلىشى، مەسلىھەت بىلەن ئىجادىيەتتە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ھەققىدە ئاجايىپ تەسىرلىك ھېكايىلەر مەيدانغا كەلگەن. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان، سەممىي، ئىقتىدارلىق ئەدەبىي تەنقىدچى ھەقىقەتەن يازغۇچى ئۈچۈن قىممەتلىك دوستتۇر. شۇڭا تەنقىدچىنىڭ تەربىيىلىنىشى مۇھىم دەپ قارىلىدىغان يەنە بىر تەرەپ تەنقىدچى بىلەن يازغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى

ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت. يەنى تەنقىدچى ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھۆكۈم چىقارغۇچى دەپ قارىماي، يازغۇچى بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى تىكلىيەلەيدىغان، سەمىمىيلىك بىلەن توغرا ـ خاتانى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان روھقا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەمما مۇنداق دېگەنلىك ھەرگىز مۇجمەل تەنقىدنى، مۇرەسسەچى تەنقىدنى، مەسئۇلىيەتسىز تەنقىدنى تەشەببۇس قىلغانلىق ئەمەس.

## مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. ئەدەبىي زوق دېگەن نېمە؟ گۈزەللىكنى ھۇزۇرلىنىش دېگەن نېمە؟

2. ئەدەبىي زوقنىڭ گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىنىش خاراكتېرى نېمە تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ؟

3. ئەدەبىي زوقتىكى تەكرار ئىجادىيەت قانداق بولىدۇ؟ قىسقىچە چۈشەندۈرۈڭ.

4. ئەدەبىي زوقنىڭ ئەھمىيىتى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

5. ئەدەبىي زوقنىڭ رولىنى بايان قىلىڭ.

6. ئەدەبىي زوقنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىڭ.

7. ئەدەبىي زوقنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ شەرتلەر قايسىلار؟ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

8. ئەدەبىي زوقتىكى پەرق ۋە ئومۇملۇقنى چۈشەندۈرۈڭ.

9. ئەدەبىي زوقتىكى «ئورتاق ھېسسىيات» ھادىسىسى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق مەزمۇنلارغا ئىگە؟

10. ئەدەبىي تەنقىد دېگەن نېمە؟ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرىدىكى مۇھىم نۇقتىلار قايسىلار؟

www.uyghurkitap.com

11. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ قانداق رولى بار؟ قىسقىچە چۈشەندۈرۈڭ.

12. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدىكى چۈشەنچىڭىزنى بايان قىلىڭ.

13. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىدىيىۋىلىك ئۆلچىمى نېمىدىن ئىبارەت؟ بەدىئىيلىك ئۆلچىمى ئاساسلىقى ئەسەرنىڭ قايسى تەرەپلىرىگە ھۆكۈم قىلىدۇ؟

14. ئەدەبىي تەنقىد ئېلىپ بارغاندا، قايسى پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش كېرەك؟

15. ئەدەبىي تەنقىد ئۇسۇلى ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىزنى بايان قىلىڭ؟

16. ئەدەبىي تەنقىدچى قايسى تەرەپلەردىكى ئاساسلىق تەربىيىلىنىشكە ئىگە بولۇشى كېرەك؟

مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلشات سۇلتان، زىلەيخا
مەسئۇل كوررېكتورى: زىلەيخا
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى

ھەسەنجان سادىق قاتارلىقلار

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى 17.5 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2001 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2005 ـ يىل 1 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1—3000
ISBN7—228—06543—3/I. 2416
**باھاسى:** 27.50 يۈەن